

AltunOq

# بۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بولاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 13 - سان)

Altunoq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1984 - يىل ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە

«مائىترى سىمىت» دىن پارچە ..............................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيۇم خوجا ......................................... 120

مەنتىقۇتتەيىر (داۋامى) .............................................ئەلىشىر ناۋايى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى ........................................ 150

ئەرزىيەت ...................................................................... موللا توختى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس ........................................ 229

كەلكۈن ............................................................. سالىھ داموللا ھاجىم
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت سالىھ ........................................ 238

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

گۆر ئوغلى (خەلق داستانى) ..................................................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ۋاھاپ قادىر.................................................. 1

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ..................................................
توپلىغۇچىلار: مۇختەر مەخسۇت، ئەخمەت ھۆسەيىن ........................................ 245

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# گورئوغلى

قەدىمقى زامان ۋەقەلىرىدىن ھېكايەت قىلغۇچىلار سۆز كانلىرىدىن دۇردانىلەرنى ئېلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

سەرخىن دىۋانە، شاھزادە ئېلى ئىبىن زەمچىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، جاھانگىر خارەزىمنىڭ قىزى، مەلىكە خەدىچەدىن تۇغۇلغان ئىدى.

سەرخىن: «ئاتا - بوۋامغا ۋاپا قىلمىغان بۇ دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلارمۇ، نەچچە كۈنلۈك پادىشالىقنى دەپلا دۇنيادىن ئۆتسەم، قىيامەت كۈنى ھالىم نە كەچكەي؟» دەپ پادىشالىقتىن ۋاز كېچىپ، تەركى دۇنيا بولۇپ يۈرگەن ئىدى.

سەرخىننىڭ رەپىقىسى مەھمۇد كۈن سىرىخ داۋامەندىنىڭ قىزى مەلىكە زەبىرە ئىدى. سەرخىننىڭ قەدىمى شەھىرى بەلخقە يېتىپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە كەپە تىكىپ ئولتۇردى. بىر كۈنى شاھ مەھمۇرخان شىكارغا چىققان ئىدى. سەرخىن بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قەلەندەرلىك جەندە كۇلاسىنى كىيىپ، خوتۇنى مەلىكە زەبىرەنى كەپىدە قويۇپ، بەلخ شەھىرىگە راۋان بولدى. ئۇ شاھ مەھمۇرخان بىلەن دەل كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۇچراشتى ۋە شاھقا ئالدىراپ سالام قىلدى. سەرخىننىڭ قاپاق - قاپچۇقلىرىنىڭ شاراق-شۇرۇق قىلغان ئاۋازىدىن ئۈركۈگەن شاش ئات ئىككى پۇتى بىلەن كەينىگە داجىپ پادىشا بىلەن بىرگە دەرياغا يىقىلدى. شاھ مەھمۇرخان ئاتتىن ئاجراپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىن قاشقا چىقىشقا ھەركەت قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەھرەم يىگىتلەر قوللىرىغا كەمەنلىرىنى ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشىغا، شاھ مەھمۇرخان قىرغاققا چىقتى. سىپاھلار خاننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ يەنە بىر ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە قايتىشتى. شاھ مەھمۇرخان ھەپتە، ئون كۈندىن كېيىن ئوبدان ئوڭلىنىپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ: «قەلەندەرلىكى بولسا تۇتۇپ ئەكىلىڭلار! مەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىمەن. مېنىڭ دەۋرىمدە قەلەندەرلەرگە ئورۇن يوق!» دەپ پەرمان قىلدى، خوشامەتچىلەر شاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ تۆت يۈز نەپەر قەلەندەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ مەھمۇرخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. خان ئۇلارنى زىندان-

غا سېلىشقا بۇيرۇدى. قازايى تەقدىر بىلەن بىر كۈنى سەرخىن شەھەرگە كىرىپ تىلەپ يۈرگەندە، خاننىڭ ئەمىرلىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە قوللىرىنى مەھكەم باغلاپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. سەرخىن كۆڭلىدە: «بۇ زالىملار مېنى بۇ تەرىقە باغلاپ ئالدى، خاننىڭ ئالدىغا كىرگەندە ناھەق ئۆلۈمگە مۇپتىلا بولىدىغان بوالدۇم»، دەپ ئويلىدى ۋە خاننىڭ قەھرى - غەزىۋىدىن ئەندىشە قىلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەرىخا، مەن بۇ كۈن قاتتىغ،
قۇتۇلماس بىر بالا كۆردۈم.
قويۇپ بەرمەس مېنى سانجىغ،
پانا بولماس ئادا كۆردۈم.

مەنۇ زايىئە بولۇپ كەتتىم،
زەنۇ فەرزەندىم يېتىم ئەتتىم،
جاھاندىن بى نىشان كەتتىم،
شىپا بولماس داۋا كۆردۈم.

ئەجەل يەتتى ماڭا ئەمدى،
تۇشۇپ باشقا قازا ئەمدى،
تاپالماسمەن شىپا ئەمدى،
باشىم تۇرماس راۋا كۆردۈم.

كېلۇر جاالالەت ماڭا ھەر رەڭ،
قولىدا تىغى خۇن ئانىڭ،
كېسەر باشىم ئالىپ بى جەڭ،
ھەما بولماس گۇۋا كۆردۈم.

ئەلەم ئۇزرە ئەلەم قىلغاي،
تۇتۇپ زىندان مېنى سالغاي،
ئۆلۈمنىڭ دارىغە ئاسقاي،
ۋاپا بولماس جاپا كۆردۈم.

غېرىپ سەرخىننى تۇتتىلەر،
باشىمنى ئاندا ئۈزگەيلەر،
تىنىم ئۇچۇەدا قاالغايلەر،
راۋا بولماس سافا كۆردۈم.

خاننىڭ ئادەملىرى سەرخىننى ئوردىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خوشامەتچىلەر ئۇنى ئوردىغا ئەكىرىپ خانغا توغرا قىلدى. خان كۆرۈۋكتە بولغان ئىشلارنى قەھرى - غەزەپ بىلەن تەگەپ، ئۇنى سوراق قىلدى. سەرخىن ئۆزىنىڭ گۇناسىزلىغىنى ئېيتتى. خان سەرخىننىڭ جاۋۇبنى ئاڭلاپ، ئۇنى زىندانغا بۇيرۇدى. بىچارە سەرخىن زىندانغا كىرىپ قارىسا، ئۇ يەر قەلەندەرلەر بىلەن توشۇپتۇ. سەرخىن ئۆز ئەھۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قېنى يۇسۇف بۇ زىنداندا،
ماڭا بولسا كىرەك ئېردى،
ياتاردۇك سۆزلەشىپ شۇندا،
ماڭا ئول كۆپ يۈرەك ئېردى.

ياتارمەن بىكىشىش مۇنداق،
جاھاننىڭ ئىشلارىدۇر چاغ،
ۋاپا قىلماس ئىكەن باغ - راغ،
جاپا سالغان پەلەك ئېردى.

قېنى ئادەم، قېنى خانەم؟
قايان كەتتى ۋەلىلار ھەم؟
ۋاپا قىلماس ماڭا ئالەم،
نەزىر سالسام ئەۋلەك ئېردى.

بۇ غەم زىنداندا مۇنىسدۇر،
ئەسىرلەر ساھى يۇنۇسدۇر،
بالىق قارنى ئاڭا ئۆيدۇر،
ئانىڭ زارى تىلەك ئېردى.

تېنىغە قۇرۇت تۇشۇپ ئەۋۇپ،
ئاڭا سەبىر ئەيلادى مەنسۇپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوشۇل يەئقۇب دېدى يۇسۇف،
سەبەبكارى نەمەك ئېردى.

غېرىپ سەرخىل دىسام ئاھلار،
ۋاپا قىلماس بۇ دۇنيالار،
قۇتۇلماس شاھ ـ گادا، قۇللار،
قاۋۇشتۇرغان فەلەك ئېردى.

زەبىرە كۆردىكى، ئېرى سەرخىلنىڭ تىلەپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى، قايتمىدى. ئۇ ئېرىدىن ئەنسىرەپ: «سەرخىلگە نىمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئالمسام بولماس»، دەپ شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى. يول بويى ئاندا ـ مۇندا تىلەپ ماڭدى. ئاخىرى سەرخىلنىڭ زىندانغا گىرىپتار بولغانلىغىنى ئاڭلاپ يۈز مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن زىنداننى تېپىپ، بىچارە سەرخىل بىلەن زار-زار يىغلاپ كۆرۈشتى.

شۇندىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى تىلەپ تاپقان ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوزۇقلىرىنى سەرخىلگە زىنداننىڭ تۈڭلۈگىدىن تاشلاپ بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ سەرخىلگە ئابۇ تائام توشۇپ بېرىۋاتقانلىغىنى زىندان خادىمى كۆرۈپ قالدى. ئۇ زەبىرەنى تۇتۇپ باغلاپ شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ ماڭدى. زىندان خادىمى زەبىرەنىڭ ئىشلىرىنى شاھقا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. مەھمۇرخان بۇنى ئاڭلاپ دەر غەزەپ بولدى:

— ئەي مەزلۇم، — دېدى ئۇ، — ساڭا بۇ ئىشلارنى قىلىشقا كىم بۇيرۇدى؟

زەبىرە دېدى:

— ئەي خان! ماڭا ھېچكىم بۇيرۇمىدى. ئېرىم ئازات ۋاقتىدا مەن ئۆيدە ئولتۇراتتىم. ئۇ ھەر كۈنى ماڭا ئاش، نان تېپىپ كېلەتتى. ئەمدى ئېرىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ زىندانغا گىرىپتار بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر ئالمسام كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ خەۋەر ئالمسام، خۇدايىتائالا راۋا كۆرەرمۇ؟

مەھمۇرخان تېخىمۇ دەر غەزەپ بولۇپ:

— بۇ خوتۇننىڭ ئىككى قولىنى كېسىپ ئادەمنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان چۆل ـ باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلاڭلار، ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئۆلسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى.

خاننىڭ خوشامەتچىلىرى زەبىرەنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىپ تاشلىدى ۋە ئۇنى ئاتقا باغلاپ كىشىنىڭ قەدىمى يەتمىگەن بىر باياۋانغا ئاپىرىپ شۇ يەردە قويۇپ قايتىشتى.

بىچارە زەبىرە چۆل ـ باياۋاندا يىگلى ـ ئىچكىلى ھېچ نەرسە تاپالماي، ھەر تەرەپكە يۈگۈردى، ئىككى قولىنىڭ ئاغرىغىنى ئۇنتۇپ، زار ـ زار يىغلىدى، گاھ ھۇشىدىن كېتىپ، گاھ ھۇشىغا كېلىپ، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىرى بىر كونا لەنگەرگە يېتىپ كەلدى.

ئاچلىق ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئازاپلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى ۋە كۆپ ئۆتمەي بىر ئوغۇل تۇغدى. بىچارە زەبىرەنىڭ ئىككى قولى كېسىپ تاشلانغاچقا، بالىسىنىڭ كىندىگىنى كېسەلمىدى ۋە قۇچىغىغا ئېلىپ ئەمگۈزەلمىدى. زەبىرەنىڭ بالىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ، زار ـ زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە زەئىپدۇرمەن،
قوبۇل قىلغىلى دۇئا قىلسام،
باشىم قاتىپ تۇرۇبدۇرمەن،
راۋا قىلغىل پانا قىلسام.

قالىبدۇر ئۆيدە دۇررى كانىم،
تۇغۇلدى ياخشى مېھمانىم،
كېسىلمىز كىندىگى جانىم،
داۋا بەرگىل پانا قىلسام.

تەۋانگىر ئەغنىيا ھەق سەن،
ئىلاجىم بەر ماڭا نوق سەن،
غېرىبلار ھالى سورماق سەن،
سوز ئاڭلىغىل ئىلتىجا قىلسام.

شىپا بەرمەك كېرەك سەندىن،
تىلەكلەر تىلىمەك مەندىن،
ماجاللار قالمىدى تەندىن،
كى سەن بىلگىلى قازا قىلسام.

داۋاسىز دەرتكە مەن قالدىم،
غېرىبلىق چۆلگە تۈشتۈم،
قەدىم نادان ئىدىم پۈشتۈم،
مۇسەللەم قىل ئىزا قىلسام.

زەبىرە چەكسەم يۈزمىڭ ئاھ،
شىپا بەرگىن قولۇم ئاللاھ،
كى ئالغىل جانىمە ۋاللاھ،
رىزا بولغىل قازا قىلسام.

ئاللاتائالا مەلىكە زەبىرەنىڭ دۇئا-سىنى ئىجابەت قىلىپ، ھەزرىتى خىزىر ئەلەي-ھىسسالامغا پەرمان قىلدىكى: «ئەي خىزىر، سەن پالان لەنگەرگە يېتىپ بارغىل. ئۇ يەر-دە بىر ناتىۋان زەئىپ بەندەم يىغلاپ ئول-تۇرۇپتۇر. ھەرقانداق ھاجىتى بولسا راۋا قىلغىل!»

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئاللا تەبەرۇك ۋە-تائالانىڭ پەرمانى بىلەن ئول لەنگەرگە يېتىپ باردى، زەبىرەنىڭ ئالدىدىكى بالىنى قولىغا ئېلىپ كىندىكىنى كەستى، ئۇنى جەننەت-نىڭ ھەلھەلە كۆپە-سىگە ئوراپ، ئوڭ قۇلىغ-غا ئەزان، چەپ قۇلىغىغا تەكبىر ئېيتىپ، مۇبارەك ئىسمىنى «ئەدھەم» قويدى. ئاندىن بىر پارچە ئارپا نېنى بىلەن زەبىرەنىڭ قو-سىقىنى تويغۇزدى-دە، بالىنى ئوبدان زاك-لاپ، ئۇنىڭ قولتۇغىغا قىستۇرۇپ قويۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

مەلىكە زەبىرە ھەيران بولۇپ: «ۋا ئەجەبا، ئويغۇمەمۇ-چۈشۈمەمۇ؟ غايىپتىن نۇرا-نە بىر مويسىپىت كىشى قېشىمغا كېلىپ كۆپ مېھرىۋانلىق قىلدى، قوسىقىمنى تويغۇزۇپ قويۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇ كىشى كىم بولغاي؟ خىزىرنى كۆردۇمەمۇ يا؟ ئەجەپ بۇ كىشىنىڭ نام-نەسەبىنى سورىماپتىمەن»، دەپ كۆپ نادامەتلەر چەكتى. خۇداغا يۈز مىڭ شۈكرى-سانا ئوقۇپ، پەرزەنتىنى قول-تۇقلاپ بۇ كونا لەنگەردىن چىقىپ، نىشان-سىز ھالدا توغرا كەلگەن تەرەپكە يول ئال-دى. مەلىكە زەبىرە كۆپ مۇشەققەتلەر چېكىپ ئاخىر بىر تاغنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەلىكە بۇ تاغدىن ئۆتەلمەي، ئېرى سەرخىننى ياد ئې-تىپ: «ئاھ خۇدا، سەرخىن شۇ بالاغا گىرىپ-تار بولمىغان بولسا، مەن مۇشۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدىم، ئىككى قولۇمدىن ئايرىلماس ئىدىم. ئەمدى بۇ ئېگىز تاقتا قانداق چىقار-مەن، ئى پەرۋەردىگارا، ئۆزەڭ مەدەت قىلغايسەن!» دەپ زار-زار يىغلاپ بۇ مۇ-ناجاتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە زەئىپ قولنى،
نەزەر قولغە سالىپ ئالغىل.
غېرىبلارنىڭ غېرىبىنى،
قولۇڭنى سەن سۇنۇپ ئالغىل.

كېتەرمىزمۇ بۇ ھەسرەتدە،
بۇ غەم دەشتىدە غۇربەتدە؟
قالىبدۇرمەن بۇ كولپەتدە،
ئۇنى ئاندىن تۇتۇپ ئالغىل.

بۇ ئالەمدە مۇساپىرمىز،
بۇ ماتەمدە قالىبدۇرمىز،

www.uyghurkitap.com

غېرىب مىسكىن گادادۇرمىز،
قولىن بەنددىن يازدىپ ئالغىل.

ئۆزۈڭنىڭ بىر ئاتىڭ راھمان،
قۇلۇڭغە رەھىمە قىل سۇبھان،
غەزەپ قىلدى ئاگا سۇلتان،
قولىدىن سەن تىلەپ ئالغىل.

يۇسۇف كى تۇشتى زىندانە،
كى يوقتۇر بىزگە ھەمخۋانە،
قەلەندەر خاك دىۋانە،
غېرىپ قولنى تۇتۇپ ئالغىل.

زەبىرە زار - زار يىغلار،
ئۆلۈم كەبى بېلىن باغلار،
تېنىمدە قالمىدى ھاللار،
گادانى سەن باقىپ ئالغىل.

مەلىكە زەبىرەنىڭ تىلىگى ئاللانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ، پۈت - قولىغا قۇۋۋەت پەيدا بولدى. ئاندىن ئۇ «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ تاقىقا ياماشتى. ئۇ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى كامالى بىلەن، گويا بىر كىشى يۈدۈپ تاقىقا چىقىرىپ قويغاندەك بىردىنلا تاغ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. ئۇ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، تۆت تەرەپكە قاراپ بىرەر ئىنسان ياكى دەل - دەرەخنىڭ نىشانىسىنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزىگە ياش ئېلىپ: «بىرەر ئادەم بار جايغا بېرىپ ئالسام بولاتتى، ئىنسان يۈزىنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولدى»، دەپ ئاھ ئۇردى ۋە پەرزەنتىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى. بالا شۈنچە شورىسىمۇ ئانىنىڭ كۆكسىدىن سۈت چىقمىدى. مەلىكە زەبىرە پەرزەنتىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزىنى يىغىدىن توختىتالماي بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە نىچۈك ئەيلەي،
باياۋاندا ئادا قالدىم.
بۇ دەرتكە مەن نىچۈك پايلاي،
ۋاپا كۆرمەي قازا قالدىم.

كېسىلدى ئىلكىم ئۇلدەم،
چىقاردى شەھرىدىن شولدەم،
تاپالماسمەن بىرەر ھەمدەم،
ئۆزەمدىن بىر بالا قالدىم.

قالىبدۇر ئىلكىمە ئاندا،
تۇرار لەشكەرلەر ئوك - سوادا،
ئىشىمنى تەگرىدىم سەن يوللا،
بۇ چۆلدە يۈر جاپا قالدىم.

ئەلەم سالدى پەلەك بىزگە،
مېنى تاشلادىلەر چۆلگە،
قاچان رەھىم ئەيلەسۇن بىزگە،
كىشىم يوق بى پانا قالدىم.

ئىچىم دەرت - زەھەرگە تولدى،
ئېرىدىم بار ئىدى بەنت بولدى،
ئۇنىڭ ھالى نىمە بولدى؟
بۇ يەردە مۇپتىلا قالدىم.

خىيال قىلدى ئۆلتۈرمەكتىن،
تۇپراق ئىچرە كۆمدۇرمەكتىن،
قولۇمنى كەستى جەينەكتىن،
تىلەشىپ ئىنتىزا قالدىم.

زەبىرە ناتىۋان مەزلۇم،
سەھەتلىك بەر ماگا ھەييۇم،
شىپا بەررەنجىدە سۇلدۇم،
ئەجەپ تەنھا بالا قالدىم.

مەلىكە مۇناجاتنى ئوقۇپ بولۇپ، پەرزەنتىنىڭ جامالىغا قاراپ: «نەچىچە كۈنلەر-

دىن بۇيان ھىچ نەرسە يېمەي، پۇت-قولۇمدا ماغدۇرچىلىك ماجال قالماپتۇر»، دەپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇراتتى، تاغنىڭ باغرىدىن دۆمبىسىگە ئوۋلىغان ئولجىلىرىنى يۈدىگەن بىر ئوۋچى كېلىپ، زەبرەنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇچىسىدىكى ئولجىلارنى يەرگە تاشلىدى. ئاندىن چاقماق تاش بىلەن ئوت يېقىپ، گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ كاۋاپ قىلىپ زەبرەگە يېگۈزدى، ئېشىپ قالغانلىرىنى يۆگەپ زەبرەنىڭ قواتۇغىغا قىستۇرۇپ، ئانا-بالا ئىككىسىنى تاغدىن چۈشۈرۈپ قويدى ۋە خوشلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

مەلىكە تاغدىن چۈشكىنىگە ئىنتايىن خوشال بولۇپ، خۇداغا شۈكرى قىلىپ، تاغ باغرىدىن ماڭغانچە ئىككى كۈن يول يۈرۈپ بىر كاتتا دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە زەبرە دەريانىڭ باش ئايىغىغا بېرىپ ھىچ يەردىن ئۆتۈشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، ئاخىر ئۇدۇل كەلگەن يەردىن ئۆتۈشكە جەزم قىلدى ۋە بالىسىنى بېشىغا ئېلىپ، دەرياغا كىردى. ئاش پىشىم چامىسىدا سۇ كېچىپ يۈرگەندىن كېيىن دەريانىڭ تېيىز يېرىگە چىقىشقا باشلىدى. مەلىكە زەبرە نىجاتلىققا ئېرىشمەك ئۈچۈن خۇدانى ياد ئېتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كىرەم قىلغىن خۇداۋەندە،
ماڭا ئاخىر زامان بولدى.
يەر ۋە كۆكتە ھازىر ئاللا،
مېنىڭ كارىم يامان بولدى.

كىرىپ دەرياغا غەرق بولدۇم،
بالام بىلەن ئۆلەر بولدۇم،
بۇ جانىدىن ئۈمىت ئۈزدۇم،
چىرايىم زەپىران بولدى.

چىقالمايمەن قولۇم يوقلۇق،
بالامنى قىستۇرۇپ قولتۇق،
مېنىڭ ئىشىم ئەمەس ئۆزلۈك،
مېنىڭ ئىشىم يامان بولدى.

ئاياغىم پاتتى لايىغە،
چۆمۈپ مەن دەريا قەرىگە،
قۇۋۋەت بەر ئىككى پايىمگە،
يېقىن پەرزەنت نەھان بولدى.

خۇدايا ئاسى قۇلدۇرمەن،
ساڭا يىغلاپ تۇرۇبدۇرمەن،
ئۆزۈڭگە ئاھ ئۇرۇبدۇرمەن،
زەئىپ ئىشى يامان بولدى.

مېنى غەرق قىلما تەڭرىم سەن،
ھەمىشە پىكرى-زىكرىم سەن،
ئۆزۈڭ ھەر يەردە ھازىر سەن،
زەئىپ قۇل ناتىۋان بولدى.

زەبرە جان تىلەپ يىغلار،
بۇ ئاھىنى خۇدا ئاڭلار،
ماڭا ھىممەت بەر دەپ يىغلار،
تۇرار جايىم ماكان بولدى.

مەلىكە زەبرە مۇناجات قىلىپ، ئاھ تارتىپ يىغلاپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئاللا تابارەك سۇبھانى ۋەتائالانىڭ پەرمانى بىلەن ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام شول يەرگە ھازىر بولۇپ، مەلىكە زەبرەنى دەريادىن چىقىرىپ قويۇپ غايىپ بولدى.

مەلىكە دەريادىن چىقىپ، بالىسىنى قولتۇقلاپ شۇ يۈرگىنىچە ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر دەشت-باياۋانغا يېتىپ كەلدى.. قۇملۇقتا ھالسىزلىنىپ مېڭىشقا ھىچ ھالى قالمىدى. ئاچلىق غالىپ كېلىپ بىچارە مەزلۇمنى يىقىتتى. شۇ ئەسنادا، بىر كېيىك پەيدا بولۇپ زەبرەنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەلقىسسە: ئۇل كۈنى ئوسمان شاھنىڭ ئوغلى شاھزادە گىرىزان شىكارغا چىققان ئىدى. ئالدىغا بىر كىيىك ئۇچرىدى. شاھزادە ئوق ئۈزدى. كىيىك بوي بەرمەي قاچتى. گىرىزان كىيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مەلىكە زەبىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. ئۇل شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ ئاتىنى توختاتتى ۋە: «ۋائەجەبا، باياۋاندا ياتقان بۇ ئىنسى-جىنمۇ؟ يا شاياتۇنمۇ؟ يا بۇ باياۋاننىڭ ئىزىتقۇسىمۇ؟» دەپ ھەيران بولىدى. شۇل ئەسنادا، مەلىكە زەبىرەنىڭ قۇلىغا ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ شۇ ھامان بېشىنى كۆتەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئىشق ئوتى چىقىپ شاھزادىنىڭ سىينە سازدۇنىغا بەنت بولدى. شاھزادە مەلىكە زەبىرەنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئات ئۈستىدىن يىقىلغىلى تاس قالدى. شاھزادە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ھالسىزلىنىپ ياتقان زەبىرەگە قاراپ: «ئەي مەزلۇم، سەن كىم بولۇرسەن؟ ئادەممۇ ياكى پەرىزاتمۇ سەن؟ بۇ باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىدى.

مەلىكە زەبىرە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كۆردىكى، ئەتراپتا نۇرغۇن ئاتلىق لەشكەرلەر تۇرۇپتۇ، مەلىكە: «قانداقلىكى بولمىسۇن ئادەم يۈزىنى كۆرۈپتىمەن»، دەپ شاھزادىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەك ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باشىم تۇرغان يىگىت ئاڭلا،
مېنىڭ قىسسەم ئىشىت غەمخۇار.
جاۋاۋىمنى ئىشىتىپ تىڭلا،
بۇ چۆلدە سەن نېچۈك دىلدار؟

خۇدا نىسبەت قىلىپ بەرگەن،
ئىدىم شاھ قولىغا چۈشكەن،
ئاتى ئىدى ئۇنىڭ سەرخىن،
جۇدا قىلدى مېنى جاپپار.

پەلەك بۇزدى مېنىڭ شادىم،
زەئىفلەندى ئىزىز جانىم،
بەتتەر بولدى مېنىڭ ھالىم،
تۇغۇپ مەن بىر ئوغۇل تەييار.

كېلۇر ئىدىم ئۇچراپ تاغلار،
ئاڭا چىقتىم كېزىپ يوللار،
بىراۋ بولدى ماڭا رەھبەر،
يولۇقتى يەنە بىر غەمخۇار.

كېچىپ سۇدىن بارۇر ئىدىم،
ئۇل دەريادا غەرق بولدۇم،
كۆزۈم ئاچتىم بىراۋ كۆردۈم،
ئالىپ چىقتى بولۇپ ئۇل يار.

كېزىپ كەلدىم بۇ چۆللەرگە،
يىقىلدىم دەشتى قۇملارگە،
يېتىشتىم ئەمدى سىزلەرگە،
سوراي سىزدىن قايان يول بار؟

زەبىرەدەر ئاتىمنى ئەل،
كى قىلما مېنى سەن مەھتەل،
ئۆزۈڭ سەن بارچىدىن ئەۋزەل،
رەپىق بول بىزگە سەن بىسيار!

شاھزادە گىرىزان مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شەھەردىن مەپە كەلتۈردى. زەبىرەنى بالىسى بىلەن مەپىگە سېلىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. كۆپ ئۆتمەي پادىشالار ئادىتى بويىچە توي قىلىپ، مەلىكىنى نىكاھىغا ئالدى، مەلىكە زەبىرە: «ئىككى قولۇم بېغىشىدىن ئايرىلغان، تاھارىتىگە سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيمەن. شاھ-

زادە قولۇمنى كۆرۈپ، بۇ خوتۇن ئوغرى ئوخشايدۇ، بولمىسا قولىنى كېسەمدۇ؟ دەپ ئويلىماسمۇ؟» دىگەن ئەندىشە بىلەن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرغاندا شاھزادە گىرىزان ئۆزىنى تۈزەپ ئۇنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. مەلىكە ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈنلۈك مۇھلەت سورىغان ئىدى، شاھزادە ماقۇل بولۇپ ھوجرىدىن چىقىپ كەتتى.

مەلىكە زەبىرە بىر خالى جايغا كىرىپ كېنىزەكلەرگە:

— مېنى غۇسلى تاھارەت قىلدۇرۇپ قويۇڭلار! — دىدى. كېنىزەكلەر مەلىكىنى غۇسلى تاھارەت قىلدۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ كېنىزەكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، خالى ئۆيدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى، بېشىنى سەجدىگە قويۇپ سۇبھانە ۋەتائالادىن ئىككى قولىغا شىپالىق تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە ئاسان قىلغىل،
مېنىڭ ئىلكىمنى بەرپائەت.
ھەممە ئەيىبىم نەھان قىلغىل،
دىلۇ جانىمنى بەرپا ئەت.

ساڭا ئېيتۇر قولۇڭ ئەرزىن،
سورىغايسەن ئۇنىڭ ھالىن،
بېرىپ شاد قىلغىل ئىقبالىن،
باغرى قانىمنى بەرپا ئەت.

ئىنايەت ئەيلە يا سۇبھان،
قولۇمنى تازە قىل يەزدان،
مېنى سەن قىلماغىل ھەيران،
يۈرەك باغرىمنى بەرپا ئەت.

ئارا تۇشتۇم ماكانىگە،
ۋەلى ئىشرەت ۋىسالىگە،
باقىپ كۆرسەم زامانىگە،
تۇرار مۈلكۈمنى بەرپا ئەت.

زەئىپ قولمەن ئىلاجىم يوق،
نە مەنزىل، نە ماكانىم يوق،
مېنى يوقلاغۇچىم ھەم يوق،
يۈرەر يولۇمنى بەرپا ئەت.

لىباسىم بولسا تىللادىن،
تىلەرمەن بەختىمنى ئاللادىن،
نەسىبەم بولسا دۇنيادىن،
ھەممە مالىمنى بەرپا ئەت.

زەبىرە دىدى ياراھمان،
ياپقايسەن ئەيىبىمنى غەفران،
خۇدايا قىل مېنى جانان،
تىرىك جانىمنى بەرپا ئەت.

زەبىرەنىڭ ئوقۇغان مۇناجاتىنى ئاللا تابارەك ۋەتائالا ئىجابەت قىلىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا پەرمان قىلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام شول زامان مەلىكە زەبىرەنىڭ قېشىغا ھازىر بولۇپ: «ئەي مەزلۇم، سەۋىر قىلغىل، مەن ھاجىتىڭنى راۋا قىلغىلى كەلدىم!» — دىدى، ئاندىن قولىنى ئۈزۈتىپ پادىشا مەھمۇرخانىنىڭ ئوردىسىدىن كېسىلگەن ئىككى قولىنى كەلتۈرۈپ، كېسىلگەن جايىغا توغرىلىدى ۋە مۇبارەك ئابى دەھىنىنى سۈرتۈپ دۇئا قىلغان ئىدى، زەبىرەنىڭ قوللىرى سەللىمازا ساقىيىپ بۇرۇنقى ھالىغا كەلدى. مەلىكە زەبىرە ئىككى قولىغا قاراپ يۈز مىڭ شۈكرىسانالار ئوقۇپ سورىدىكى: «ئەي بۇزرۇكۋار، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ ماڭا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىلا، مۇبارەك ئىسىم-شەرىپلىرى نىمە؟“

ئۇ كىشى: "مېنى سورىساڭ، پالانى يەردە قوسىغىنى تويغۇزغان، پەرزەنتىڭنىڭ كىندىگىنى كېسىپ، ئات قويۇپ، كۆپىگە يۆگەپ، قولتۇغۇڭغا قىستۇرۇپ قويغان ۋە يەنە پالانى تاغنىڭ ئاستىدا كېيىكلەرنى كاۋاپ قىلىپ

قوسىغىڭنى تويۇزۇپ قويغان كىشى بولۇرمەن. سەن مېنىڭ ئېتىمنى سورىغىچە پەرزەنتىڭنى ماڭا بەرگىن، بېقىپ چوڭ قىلىپ بالاغەتكە يەتكەندە، يەنە قولۇڭغا بېرەي. شۇنى ساڭا ئېيتىپ قويايكى، بۇ پەرزەنتىڭ بىلەن بۇ ئېرىڭ قولىدا كۆپ تۇرالمايسەن. ھەرقانداق خوتۇنىڭ باشقا ئەردىن بالىسى بولسا يېڭى ئەرنىڭ قولىدا ئولتۇرالماس. پەرزەنتىڭنى ماڭا بەرسەڭ، ئۇشبۇ شاھزادىنىڭ غەمخورلۇغىدا ئوبدان ھايات كەچۈرسەن»، دىدى. ھەزرىتى ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى مەلىكە زەبىرەگە ماقۇل كەلدى. ئۇ، بالىسىنى تويغىچە ئەمگۈزۈپ ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئەلقىسسە: ئەتىسى مەلىكە زەبىرە ناشتا قىلىپ ئولتۇراتتى، شاھزادە گىرىزاننىڭ زەبىرەنى كۆرگىسى كېلىپ خاس ھوجرىغا كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ سالام قىلدى. شاھزادە مەلىكىنىڭ بالىسىنىڭ يوقلۇغىنى كۆرۈپ: «ئەي جېنىمنىڭ جانانى، ئەي ئارامۇ جانىم، قولۇڭدا بالا كۆرگەن ئىدىم، ھازىر كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ نەدە؟» دەپ سورىدى. زەبىرە خۇش تەبەسسۇم بىلەن: «ئەي شاھزادە، ئۇ بالا مېنىڭ ئەمەس ئىدى، ئانىسىغا بەردىم»، دەپ جاۋاپ بەردى. شاھزادە باشقا سۆز قىلماي، مەلىكىنىڭ قېشىدا بىردەم ئولتۇرۇپ ئاندىن چىقىپ كەتتى.

گىرىزان مەلىكە زەبىرەنى بىر سائەت كۆرمىسە تاقەت قىلالمايتتى، شۇ كېچىسى ئىككىسى مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتتى. بىر كۈنى مەلىكە زەبىرە ئوغلى ئەدھەمنى ياد ئېتىپ: «ئى خۇدا، پەرزەنتىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ھەرگىز خار قىلمىغايسەن!» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە ساڭا قويدۇم،
بالامنى خار-زار ئەتمە.
بۇ سائەت ساڭا تاپشۇردۇم،
دىلىمنى زار-زار ئەتمە.

پەلەك سالدى بۇ سەۋداغە،
تىرىك ئايرىلدىم ئۆلمەككە،
كېتەر بولدى شۇ دەرگاھىغە،
بارۇر جايىنى تار ئەتمە.

ماڭا خىزرى بولۇپ ھەمدەم،
بالامنى تۇتتى ئول مەھكەم،
ئەمەس كۆڭلى ئۇنىڭ پۇر غەم،
مەدەت بەر زەررە ئار ئەتمە،

ئەجەپ ياخشى بولدى ھالىم،
ئەزەلدە نەئمىس ئىقبالىم،
ساڭا يەتكەي مېنىڭ ئاھىم،
غەزەپكە ئىختىيار ئەتمە.

ئۆزۈڭ بول پاسبانە راھ،
قويۇبدۇرمەن باشىم دەرگاھ،
تۇشۇبدۇرمەن ئۇلۇغ يەرگە،
دۈشمەننى ماڭا يار ئەتمە.

تەلەپنى سەن ئىجابەت قىل،
ئۆزۈڭ ئاسراپ ئىنايەت قىل،
زەبىرە ھەققە تائەت قىل،
مېنى سەن خار-زار ئەتمە!

مەلىكە زەبىرە شاھزادە گىرىزان بىلەن شاد-خورام ھايات كەچۈردى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى بەلىخ پادىشاھى مەھمۇرخاننىڭ شاھزادە سەرخىسى ئىبنى ئېلى زەچىنى شېھىت قىلغانلىرىدىن ئىشىتىڭ:

بەلخ پادىشاھى مەھمۇرخان نورۇز كۈنى ئۆز خىزمەتچىلىرىگە: «ھەممە گۇناھكارلارنى رىگىستانغا ئېلىپ بېرىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى. جاللاتلار سەرخىن باشلىق تۆت يۈز قەلەندەرنى رىگىستانغا ئېلىپ كەلدى. شاھ مەھمۇرخان ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن رىگىستانغا كېلىپ، شاھانە سەندەل قويدۇرۇپ ئولتۇردى. ئاندىن شاھ مەھمۇرخان: «بۇ قەلەندەر خاكسارلارنىڭ بېشىنى كېسىڭلار!" دەپ پەرمان قىلدى. شۇ ھامان بىرنەچچە بەد-بەشىر جاللاتلار شەمشەرلىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ بۇ بىگۇنا بىچارىلەرنى يالىڭاچلاپ ئۆلۈمگە ھازىرلىدى. شاھزادە سەرخىن بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ: «ئەي قەلەندەرلەر، ئەي بۇرادەرلەر! بۇ زالىم شاھنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز، خەيرلىشىپ ئالايلى!» دېدى. قەلەندەرلەر بىر-بىرلىرى بىلەن خەيرلىشىپ رازىلىق بېرىشىۋاتقان مەزگىلدە، زالىم شاھ جاللاتلارغا يەنە پەرمان قىلىپ: «بۇ گۇناھكار قەلەندەرلەرنى ئالدىمغا ئەكىلىڭلار، سۆزى بولسا ماڭا ئېيتسۇن، كۆڭلىدە ئارمان قالمىسۇن!» دېدى. سەرخىن باشلىق تۆت يۈز قەلەندەر شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. شاھ مەھمۇرخان ئېيتتىكى: «ئەي قەلەندەرلەر، ھەرقانداق سۆزۈڭلار بولسا ماڭا ئېيتىڭلار، كۆڭلۈڭلەردە ئارمان قالمىسۇن!" لېكىن قەلەندەرلەردىن ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. بىر ئازدىن كېيىن شاھزادە سەرخىن ئالدىغا چىقىپ، شاھ مەھمۇرخانغا قاراپ دېدىكىم: «ئەي قان ئىچكۈچى زالىم پادىشاھ، بىزلەرنىڭ خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئالدىدا گۇناھىمىز بولسا باردۇر، لېكىن مەخلۇقنىڭ ئالدىدا گۇناھىمىز يوق. ئەسلى گۇناھكار سەن ئۆزەڭ! زامان ئاخىر بولۇپ قىيامەت قايىم بولغاندا، بىز سەندىن خۇنىمىزنى تەلەپ قىلىپ ئالىمىز. شۇ چاغدا قانداق جاۋاپ بېرەرسەن؟ بۇ دۇنيادىمۇ ناھەق خۇنىمىزنى تۆكەرسەن، قىيامەتتە ھالىڭ نە كەچكەي؟»

زالىم شاھ دەر غەزەپ بولۇپ: «ئەي قەلەندەر، بىھۇدە سۆزلىمە، مەن قىلغان سۆزۈمدىن ھەرگىز يانمايمەن» دېدى.

شاھزادە سەرخىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەسرەت-نادامەتتە: «بىز بىچارىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ناھەق قان تۆكسەڭ، ئاللا ساڭا زاۋاللىق بەرگەي، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگەيسەن!» دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

سەندەك زالىم خۇنخۇۋار شاھقە،
قاھھار ئىگەم زاۋال بەرسۇن!
بولدۇڭ يامان شاھ گادايغە،
جاپپار ئىگەم ئەجەل بەرسۇن!

كۈندىن-كۈنگە بەتتەر بولغىل،
كۆزدە يۈزىڭ جەبرى كۆرگىل،
سەن ھەم ناھەق زۇلۇم كۆرگىل،
غاپپار ئىگەم ۋۇبال بەرسۇن!

كۆكتىن كەلسۇن ساڭا ئەجەل،
بەرمەسۇن ھەق ئاندە مەھەل،
جەبرە ئەيلەسۇن ساڭا ئەۋدەل،
ئاللا ئىگەم ۋۇبال بەرسۇن!

سەرخىن ئېيتۇر ئۆلەدۇرسەن،
پاتراق گۆرگە كۆمۈلۈرسەن،
جان قەدرىنى بىلەدۇرسەن،
غەمخۇار ئىگەم ئەجەل بەرسۇن!

شاھ مەھمۇرخاننىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى سەرخىندىن بۇ تەرىقە سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئەي قەلەندەر، تەپتارتماستىن پادىشاھىمىزنىڭ شەنىگە بۇ تەرىقە يامان سۆزلەرنى

قىلىپ، دۇئايىبەت قىلىشقا نەھەددىڭ بار؟ ئۆلۈمدىن ئەندىشە قىلمىدىڭمۇ؟» دەپ كۆپ دەشنەم قىلدى. بىچارە سەرخىل يەنە بىر-نەچچە قەدەم ئالدىغا چىقىپ بۇ خۇشامەتچىلەرگە شۇنداق دېدى: «شاھ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى. مېنى يالۇۋرساقمۇ، ئۇز قارارىدىن يانمايدۇ. شەھىتلىق بىزگە ئاتا-بوۋىمىزدىن مىراس قالغان. ئەمما، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىن بىر كىشى چىقىپ بۇ زالىمنىڭ تاج-تەختىنى ۋەيران قىلىپ، كۈلىنى كۆككە سورۇپ، بىگۇنا پۇقرالارنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ زالىم پادىشا قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما پايدىسى بولمايدۇ»، دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

شاھى زالىم بۇ دۇنيادا،
گىرىپتارى بالا تاپسۇن.
مادارى ئاخىر بولغۇنچە،
سازاۋارى جازا تاپسۇن.

مۇقامى مەنزىلى كۆيگەي،
ئۇرۇق-تۇققانلىرى قاچقاي،
باشىنى ئۇز خەلقى ئۈزگەي،
باقارغا بىر گادا تاپسۇن.

ھەممە لەشكەرلىرى قاچقاي،
باشىدىن دۆلىتى كەتكەي،
باشىنى بىر يىگىت ئۈزگەي،
داۋاسىز بىر قازا تاپسۇن.

ھەممە دۆلەت بىلەن شەۋكەت،
بۇ تەختى-تاجى زەرخىلئەت،
كېلۇرلەر ئورنىغە كولپەت،
شىكارى با ئادا تاپسۇن.

قەلەندەر سەرخىل ئۆلسە،
پەلەكلەر باشىدىن يانسە،
ئەجەلنىڭ نوبىتى يەتسە،
نەھەد يارى گوۋا تاپسۇن!

شاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىدىن: «ئۇ قەلەندەر نىمە دەيدۇ؟» دەپ سورىدى. ۋەزىرلەر ئېيتتىكى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ قەلەندەر ھەممىدىن يامان ئىكەن، ھەزرەتلىرىنى تولا قاغاپ دۇئايىبەت قىلدى.»

شاھ مەھمۇرخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بۇ قەلەندەرنى بەڭنىڭ خۇمارى تۇتۇپتۇ، شۇڭا ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ بەڭگىنىڭ قاغىشىغا نىمە بولۇرمەن»، دېدى. ئاندىن قەلەندەرگە قاراپ: «ئەي قەلەندەر، سىلەر ئىنسانىڭ كۆزىگە دىۋە كۆرۈنسىلەر، مۇبادا بىر كىشىنىڭ كۆزىگە بىر قەلەندەر كۆرۈنسە، ھايال قىلماي ئۇنى ئۆلتۈرسە ساۋاپ تاپار»، دەپ كۆپ مازاق قىلدى.

غېرىپ سەرخىل مەھمۇرخاندىن بۇ تەرىقە سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئەي بەدبەخت، بى رەھىم پادىشا، ماڭا قارىغىل، سۆزۈمنى ئاڭلا. بىزلەرنى ھەرنە قىلساڭ قىلۇرسەن، ئىختىيار سەندە!» دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئىشىت مەھمۇر سۆزۈم كۆپتۇر،
غەزەپ قىلدىڭ غېرىبلارغا.
جاھان بىزلەرگە تاردۇر،
قولۇڭ سوردۇڭ غېرىبلارغا.

ئادا قىلساڭ بۇ ئۆمرۈمنى،
مۇراتقا يەتمىگەن قولنى،
چىقارساڭ جىسمىدىن جاننى،
غەزەپ قىلدىڭ غېرىبلارغا.

غېرىپ بىناۋادۇرمىز،
جاھاندىن ماسىۋادۇرمىز،
قەلەندەر بى ئادادۇرمىز،
خىتاپ قىلدىڭ غېرىبلارغا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

سىنىڭ قەھرىڭ پايدا قىلماس،
ئەجەل كەلگەندە جان سىغماس،
بۇ دۇنيا ساڭا ۋاپا قىلماس،
ھىساپ سالدىڭ غېرىبلارغا.

قەلەندەر سەرخىل ئۆلگەي،
تامام خەلقىڭ ساڭا ياندىغاي،
تېنىڭ چۆل ئىچىدە قالغاي،
بىتاپ سالدىڭ غېرىبلارغا.

شاھ مەھبۇرخان دەر غەزەپ بولۇپ: «ئەي ئەسكى چاپان لەندەر! مېنىڭ ئۇنداق ئۆلۈشۈمنى سەن قانداق بىلىسەن؟ ئۇندىن كۆرە ئۆز غېمىڭنى يە، بىھۇدە سۆزلىمە! بۇ دۇنيادا سېنى ھەرگىز تىرىك قويماسمەن»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بويۇن سۇنغىل قەلەندەرلەر،
ئۆلۈمگە مەن نىياز ئەيلەي.
ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈپ، خۇنلار —
ئاققۇزۇپ شەرمساز ئەيلەي.

ھەممىڭنى زەنجىردە باغلاپ،
جاھاننى ساڭا تار ئەيلەپ،
ئەجەلنىڭ شەمشىرىن بىلەپ،
بۇ دۇنيادىن ئاياز ئەيلەي.

سۆزۈڭگە قىلغايمەن ئارە،
ئاسادۇرمەن سېنى دارە،
بولۇرسەن دۇنيادا خارە،
ھاۋا قۇشىغە باز ئەيلەي.

ھەممىڭ ئۆلدۈڭ بۇگۈن بىلگىل،
ئۆلەرسەن يالبارساڭ مىڭ يىل،
ئاتىم مەھبۇر گۆرگە كۆمگىل،
ئۆلۈمگە سەرفىراز ئەيلەي.

ئاندىن ئۇ يەنە: «ئەي قەلەندەرلەر، ماڭا مىڭ يىل يىغلاپ يالۋۇرساڭلارمۇ، ھېچ قايسىڭلارنى تىرىك قويمايمەن!» دېدى.

غېرىپ سەرخىل شاھ مەھبۇرخاننىڭ قاباھەتلىك تەلەتىدىن، ياۋۇز خۇي - پەيلىدىن نەپرەتلىنىپ: «ئەي زالىم بەدبەخت، ئول كۈنى ساڭا قازا كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە مەن باھانە بولۇپتىمەن. ئېتىڭ بىلەن دەرياغا يىقىلىپ ئۆلمەي سالامەت چىقىپسەن. ئەگەردە دەريادىن تىرىك چىقماي ئۆلگەن بولساڭ، بىزلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شۇم جىسمىڭگە تاڭغان بىلەنمۇ تىرىلمەس ئىدىڭ. سەن بۇ ئاداۋەتنى كۆڭلۈڭدىن چىقارماي بىزلەرنى ناھەق ئۆلتۈرسەڭ، سېنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىڭ، ئابرۇيۇڭ ئاشارمۇ؟ بۇ قاتارلىق قەلەندەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ نېمىگە ئېرىشەلەيسەن؟ يا بىزدە ھېچ قانداق مال - دۇنيا بولمىسا»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەن بەدبەخت سۆزۈم ئاڭلا،
كېسەر باشىڭنى بىر كۈن ھەم.
سۆزۈمنى جان بىلەن تىڭلا،
ئۈزەر باشىڭنى بىركۈن ھەم.

ئالۇرغە مەندە دۆلەت يوق،
يەنە باغ بىرلە يەر ھەم يوق،
گادايلاردە زىرائەت يوق،
چاپار باشىڭنى بىركۈن ھەم.

سالامەت يۈرەرسەن قانچە يىل؟
ئۆمۈر كۆرەرسەن نەچچە يىل؟
ئەسلىڭنى بىلسەڭ ئاب گۈل،
ئاسار باشىڭنى بىر كۈن ھەم.

چىقارسەن بىر كۈن شىكارغە،
كۆمەرلەر خەلق سېنى گۆرگە،

ئول كۈن بولۇر ھالىڭ ئۆزگە،
تۆكەر قانىڭنى بىر كۈن ھەم.

غېرىب سەرخىن شېھىت بولسام،
بۇ زالىم قولىدا ئۆلسەم،
باشىمدىن مەن جۇدا بولسام،
چاچار قانىڭنى بىر كۈن ھەم.

شاھ مەھمۇرخان سەرخىننىڭ تەكرار دۇئايىبەت قىلمىشىغا تاقەت قىلالماي، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى ۋە قورقۇشقا باشلىدى. بىر ئەقلىدىن كېتىپ، بىر ئەقلىگە كېلىپ چىرايى سارغىيىپ بېشى قېيىشقا باشلىدى. ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ سەرخىنىدىن سورىدى: «ئەي قەلەندەر، سەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن؟ مېنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىمنى، قانداق ئۆلۈشۈمنى سەن قانداق بىلىسەن؟ مېنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن قورقۇتۇپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىمەن دىمە! ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن ھەم سېنى ئۆلتۈرمىگىچە ھەرگىز ئورنۇمغا يانمايمەن!» دىدى.

سەرخىن: «ئەي زالىم، مېنىڭ ئەۋلادىمدىن بىر كىشى چىقىپ خىزمىتىڭنى قىلدۇ ھەم سەن زالىمدىن مېنىڭ قىساسىمنى ئالدۇ»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايا زالىم خۇنخۇار شاھ،
ئىشىت سۆزۈمنى كۆزلەردە.
چېكەرلەر شاھ-گادا يۈز ئاھ،
كېچەر لەشكەرمۇ تۈزلەردە.

قىلاي دەپ چىققانىم كۆرۈنۈش،
يىقىلدىڭ سۇغا بەندە ھۇش،
سالۇرسەن بىزگە كۆپ شۇرۇش،
ساۋۇت كەيدىڭ بۇ جايلاردا.

گاداي سەرخىننىڭ ئەۋلادى،
بولۇر ئالدىڭدا شاھزادى،
ئىبراھىم دەر ئۇنىڭ ئاتى،
ئۆزەر باشىڭنى چۆللەردە.

شاھ مەھمۇرخان شۇنچە خالايىق ئارىسىدا سەرخىنىدىن بۇ تىل-ئاھانەتلەرنى ئاڭلاپ رەسۋا بولدى. جاللاتلارغا قاراپ: «بىر قەلەندەر شۇنچە تىل سېلىپ مېنى ھاقارەت قىلسا قاراپ تۇراسىلەر؟ بىر-بىردىن سۇ ئىچكۈزۈپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى. جاللاتلار بىچارە قەلەندەرلەرگە سۇ بېرىپ، ھەممىسىنىڭ بېشىنى كەستى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ئەدھەم ئىبنى سەرخىننىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىشىتىڭ:

بېيىت:

ساقىيا كەل كۆڭۈلنى ئابات ئەت،
فەيزى جامى بىلەن مېنى شاد ئەت.

بۇلبۇلى مەست ئۆلۈپ قىلىپ پەرۋاز،
ئەيلەيىن ئۆزگە داستان ئاغاز.

دىدىلەر راۋى بۇ رىۋايەتنى،
مۇنداغ ئەلقىسسە بۇ ھېكايەتنى.

ئۇشبۇ مەكتۇپنىڭ سۇخەندانى،
قىلدى بۇ نەۋئى شىكەر ئەفشانى.

بوۋاي قەمبەر شۇنداق رىۋايەت قىلۇرلەركى، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەدھەمنى ئۈچ ئايلىق ۋاقتىدا ئانىسى زەبىرەنىڭ قولىدىن ئېلىپ كېلىپ، ئون سەككىز ياشقا كىرگىچە تەربىيە قىلدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام كۈنلەرنىڭ بىرىدە

ئەدھەمگە نەزەر سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە، «ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش ۋاقتى كەپتۇ»، دەپ ئويلىدى ۋە مۇۋاپىق قىز ئىزلەپ يەتتە ئىقلىمغا نەزەر سالدى، ئۇنىڭ نەزىرى بەلىخ شەھرىگە چۈشتى. قارىسا، پادىشا مەھمۇرخاننىڭ قىزى بالاغەتكە يېتىپتۇ.

شۇ كۈنى مەھمۇرخاننىڭ قىزى تامامى كېنىزەكلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ سەھرادىكى چاھار باققا كېتىپ بارغان ئىكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىگە يۈكلەكەن مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر باھانە بىلەن ئەدھەمنى بەلىخ شەھرىگە خىزمەتكە بۇيرۇدى، ئەدھەم، خوپ بولغاي، دەپ شەھرى بەلىخكە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە: شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزەكى بىلەن شەھەردىن چىقىپ چاھارباغ تاماشاسىگە كېلىپ چۈشتى. شۇ مەزگىلدە ئەدھەممۇ دەل شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ناگاھ ئۇ قىز باققا كىرمەك ئۈچۈن مەپىدىن چۈشۈۋاتقاندا شامال چىقىپ قىزنىڭ نىقاۋىنى ئېچىپ تاشلىدى.

مەلىكىنىڭ ئايدەك جامالىنى بىر كۆرۈش بىلەن ئەدھەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىغا ئىشق ئوتى تۇتاشتى ۋە ئاشىقى بىقارار بولۇپ شۇ ھامان بىھوش بولدى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ قاراپ قويمىدى. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن چاھار باققا كىرىپ كەتتى. باغۋەن باغنىڭ دەرۋازىسىنى قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ ئۆز ئىشىغا كەتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئەدھەم ھوشىغا كېلىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، چاھارباغنىڭ ئالدىدا ھېچكىم قالماپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاھار باغنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ

ئېتىگىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىتاقەت بولدى ۋە ئىشق ئوتىنىڭ غالىپلىقىدىن تامنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ كۆردىكى: مەلىكە باغنىڭ بوستانىدا ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئەدھەم بېشىغا ھەربالا كەلسىمۇ مەلىكىنى چاقىرىپ باقاي دەپ تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يۈرەرسىز سەيلان ئۇرۇپ،
بۇ باغدا ھەيران ئۆزگىچە.
تۇردۇم قاراپ بەريان بولۇپ،
ھىجرىڭدا مەستان ئۆزگىچە.

تۇردۇم مەن سىزگە قاراپ،
ھالىمنى سورساڭ كۆپ ساۋاپ،
قىلما يۈرەگىمنى كاۋاپ،
قىزۇ جۇۋانلار ئۆزگىچە.

قالدىم تۇرۇپ ئارمان بىلەن،
سىز يۈرەرسىز سەيلى بىلەن،
ئۆمرۈم ئۆتەرۈپ سىز بىلەن،
تۇردۇم پەرىشان ئۆزگىچە.

قىلدىڭ تاماشالار يۈرۈپ،
نىقابىنى يۈزۈڭدىن ئېلىپ،
باشىڭغا بىر باغ گۈل قىسىپ،
يۈردۈڭ خىرامان ئۆزگىچە.

ساچ ① باغ سالىسەن باشىڭگە،
خۇشمۇ ياراشۇر ئۆزۈڭگە،
كەلدىم بولۇپ يولداشىڭگە،
يولۇڭدا قۇربان ئۆزگىچە.

مەھافىدىن چۈشۈپ باققا كىرىپ،
تۇردۇڭ چىمەنگە قاراشىپ،

① ساچ باغ ــ ئاياللار چېچىغا سالىدىغان جالا.

www.uyghurkitap.com

هال سور مېنىڭدىن بىر باقىپ،
تۇردۇم پەرىشان ئۆزگىچە.

تۇردۇم مەنەم ئارماندا مەن،
بىر كۆرمەيىن دەرماندا مەن،
بولسام رىزا شەرمەندە مەن،
يۈردۈك خىرامان ئۆزگىچە.

ئەدھەم قاراپ كۆرسەم كىمە،
سوراغلارسەن مەندىن ھەمە،
كەلمەس قاشىمغە ھېچكىمە،
..............① جان ئۆزگىچە.

ئەدھەم بېيىتنى تۈگىتىپ، زار-زار يىغلاپ ئاھ ئۇردى. لېكىن، مەلىكە ئەدھەمنىڭ پەريادىنى ئاڭلىماي ئورنىدىن تۇرۇپ باغنىڭ ئوردا سۇپىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەدھەم مەلىكىنىڭ ئىچكىرى كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ: «مېنىڭ مەھبۇبەم كۆزۈمدىن غايىپ بولدى. ئەمدى قانداق قىلۇرمەن؟» دەپ ئۆزىنى تام ئۈستىدىن باغنىڭ ئىچىگە تاشلىدى ۋە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گۈللۈكنىڭ ئىچى بىلەن مەلىكىنى ئىزلەپ ماڭدى. باغۋەننىڭ خوتۇنى ئەدھەمنى كۆرۈپ قىلىپ، پەريات ئۇرۇپ ۋاقىرىدى: «ھەيھات، باققا ئوغرى كىرىپتۇ!»

خوتۇننىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان باغۋەن دەرھال كېلىپ ئەدھەمنى تۇتۇۋالدى. ھەيۋە قىلىپ سورىدىكى: «ئەي خەردوز② بۇ باققا نىمە ئۈچۈن كىردىڭ؟ ئۆزەڭچە مەلىكەمنىڭ ياكى كېنىزەكلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغرىلاش قەستىدە بولدۇڭمۇ؟» ئاندىن ئۇ، بىچارە ئەدھەمنىڭ باش-كۆزىگە تاياق بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. ئەدھەم بولسا: «ئەي خۇدا، مۇرادىمغا يەتكۈزگىل!» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇرما مېنى ئەي باغچى سەن،
غېرىپ ئۆزۈم، ئەغيار ئەمەس.
دوست مەن ساڭا ئەي باغۋەن،
ئالىم مەنۇ، خۇنخۋار ئەمەس.

ئازار بەردىڭ غېرىپقا سەن،
تۇرغىل بۈگۈن باغچىدا سەن،
گۈل كۆرۈنۇر ئۇشبۇ چىمەن،
چۈشكەن ئىشىم دىشۋار ئەمەس.

ھالىمنى سور ئۇرغىل تاياق،
قىلما مېنى باغدىن يىراق،
ئىشق ئوتىدا تارتتىم پىراق،
مەلىكەمدىن بىزار ئەمەس.

ئويناشما مەن ئەدھەم غېرىپ،
كىردىم بۇ باققا سارغىيىپ،
كەتمەيدۈرمەن بۇندىن يانىپ،
باغىڭ تىكەن گۈلزار ئەمەس.

ئاندىن ئۇ بىر كۈچەپ باغۋەننىڭ قولىدىن تاياقنى يۇلۇپ ئالدى، باغۋەن ئەدھەمنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇ: «بۇقەلەندەر مەلىكەمگە ئاشىق بولۇپتۇ. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كەتكۈزۈۋېتەي»، دەپ ئويلىدى ۋە: «ئەي قەلەندەر يىگىت، ئۆزەڭ ياش ئىكەنسەن. بۇ خام خىيالىڭدىن يېنىپ، ئۆز مەنزىلىڭگە كەتكىن. بىھۇدە رەنجى مۇشەققەت تارتما! مەلىكە ھەرگىز سېنى ياراتمايدۇ. سەن بۇ باغدىن دەرھال چىقىپ كېتىپ، ئۆزەڭگە

① بۇ جاي قوليازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن.
② خەردوز — ئوغرى، ئېشەك.

چۇشلۇق كىشلەرنىڭ قىزىغا ئېغىز ئاچقىل! بولمىسا ئۆز بېشىڭغا بالا تېپىۋالىسەن. ئۇ چاغدا كۆپ پۇشمان قىلساڭمۇ پايدىسى بولماس.» ئاندىن ئۇ ئەدھەمگە قاراپ بۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

شورىدە قەلەندەر چىق،
قولۇمدا تاياغىم بار.
ئۇرارمەن ئەمدى كۆپ قاتتىق،
بىلگۈچى سوراغىم بار.

يانغىل بى ئەدەپ بولماي،
پۇل ئال مەن سېنى ئۇرماي،
چىققىل سەن ئىزا تارتماي،
مىنگىل بىر ئۇلاغىم بار.

سۆزلەشمە مېنىڭ بىرلەن،
كۆرۈشمە خېنىم بىرلەن،
خوبلاشمە جانىڭ بىرلەن،
ياش سەن، كۆزدە چاغىم بار.

دۇچارى غەزەپلەنمە،
جازاڭ تاپىپ ئەدەپلەنمە،
گۆھەردەك سەدەپلەنمە،
فەھم ئەتكەن چىراغىم بار.

زۇلمەن چىقما بۇ باغدىن،
ماكان تۇت بارىپ تاغدىن،
چىقىپ كەلسە شاھ شەھەردىن،
ئولتۇرۇرغە باغىم بار.

ئاڭلاتسا كىشى شاھغە،
سېنى ئاسادۇر دارغە،
ئۆمرۈڭ تويادۇر ئاھغە،
بىر ئۆيگە سولاغىم بار.

بىچارە غېرىب جانغە،
ئەسلا تويمادىم نانغە،
كۆز ئاچما مەلىكەمگە،
باغۋەنلىك تامايىم بار.

ئەدھەم: «ئەي باغۋەن، مېنى قورقۇتۇپ باغدىن چىقىپ كەتكىن، بولمىسا ھاياتىڭدىن ئايرىلىسەن، دىدىڭ. مەن ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماسمەن. پادىشا تېنىمنى پارچە - پارچە قىلۋەتسىمۇ، ئاشىقلىقتىن يانماسمەن. جاندىن كەچمەگۈنچە جانانىغە يېتىپ بولماس!» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باغۋەن مېنى قورقۇتما،
ئۆلۈمدىن غېمىم يوقتۇر،
مەندىن چوڭ ئەمەس ئۇ شاھ،
ۋەزىردىن كېمىم يوقتۇر.

مەردانە كېلىبدۇرمەن،
بۇ جايىنى كۆرۈبدۇرمەن،
ئەرزىمنى قىلىبدۇرمەن،
مۈلكەت ئەجىمىم يوقتۇر.

مەن بىر ئاجىز دىۋانە،
يار دەردىدە پەرۋانە،
مەن بارسام ئېزىز جانە،
ھەرگىز غەنىمىم يوقتۇر.

كېلىپ ئېردىم سەھەر ۋاقتىدا،
باردى يارىم بۇ باغدا،
كىردىم يارنى دەپ ئاستا،
باقسام سەنىمىم يوقتۇر.

ھۆسنى شەمسى ئەنۋەردەك،
ساچ باغلارى چۈن زەردەك،
تۇردۇم غالىچا قۇللاردەك،
كۆرگەن ئەلىمىم يوقتۇر.

www.uyghurkitap.com

زىبا سەنىمىم چىقسا،
ماڭا بىر نەزەر سالسا،
ماڭا ئۇل قىيا باقسا،
سۆزلەرگە كىمىم يوقتۇر.

يوقلاتسا مېنى دىلبەر،
ئۇل ماڭا بولۇر رەھبەر،
بىللە قوپارمىز مەھشەر،
جەبرى سەتىمىم يوقتۇر.

ئەدھەم ئاھ ئۇرسام گاھ،
ئاڭلاسا بۇ ئىشنى شاھ،
جاپپار ئىگەمىز غەمخۋاھ،
ۋەتەن مۇقىمىم يوقتۇر.

ئەدھەمنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. باغۇەننىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ ئېيتتىكى: «ئەي قەلەندەر، چىن ئاشىقلىغىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنى قويۇپ بېرەي. مۇندىن كېيىن ھەرقانداق ۋاقىتتا كەلسەڭ سېنى توسمايمەن!»

ئەدھەم خوشال بولۇپ باغۇەنگە كۆپ رەھمەت ئېيتتى. شۇ پەيتتە مەلىكە ئەدھەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېنىزەكلەرگە: «سىرتتا بىر كىشىنىڭ خۇش ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. چىقىپ قاراپ بېقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. كېنىزەكلەر باققا چىقىپ چوڭ بىر تۈپ قىزىلگۈلنىڭ ئارىسىدا بىر ياش يىگىتنىڭ ماراپ ئولتۇرغانلىغىنى كۆردى ۋە قېشىغا بېرىپ: «ئەي قەلەندەر، كىم بولىسەن؟ بۇ يەردە كىمنى ماراپ ئولتۇرىسەن؟» دەپ سورىدى. ئەدھەم كېنىزەكلەرنى كۆرۈپ بىر ئاھ تارتىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ: «ئەي كېنىزەكلەر، مېنى سورىساڭلار، فىراق ئوتىدا كۆيۈپ، ئىشق ئوتىدا كاۋاپ بولغان كىشىدۇرمەن»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن بىر فىقىر مىسكىن گادا،
بى خانۇمان بولغان كىشى.
كۆرگەچ ئۇنى بولدۇم ئادا،
بىر ناتىۋان بولغان كىشى.

كۆردۈم ئۇنى سۆيسەم كېرەك،
لايىق قىلىپ تۇتسام بىلەك،
بولغاي ھارام يۈتسەم نىمەك،
مەن خانۇمان بۇزغان كىشى.

چىقسۇن نىگار يارىم بۇيان،
قىلاي ئاڭا نەچەن ئۇيان،
قولىنى تۇتۇپ كىرسەم قويان،
تا جان ئاڭا بەرگەن كىشى.

جانان باقىپ قىلسا نەزەر،
كەلسە ئاتاسىدىن خەبەر،
سەنەمنى مەن ئەيلەي سەپەر،
قۇربان بولۇپ كەلگەن كىشى.

بىلمەس مېنى ھېچكىم كۆرۈپ،
تۇردۇم قاراپ كۆپ ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشق ئوتىدا كاۋاپ بولۇپ،
بەر يان يەكلىغ پىشقان كىشى.

ئەدھەم ئاتىمدۇر فەھىم قىل،
ھالىمگە باق، كۆپ رەھىم قىل،
تەئنە ئەتمە مەندىن ۋەھىم قىل،
گىريان بولۇپ تۇرغان كىشى.

ئەدھەم كېنىزەكلەرگە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ يىغلاپ تۇردى.

كېنىزەكلەر ئەدھەمنىڭ سۆزىنى باشتىن - ئاخىر ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالماي ئۆزلىرىمۇ يىغلىشىپ كەتتى. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن: «ئەي

خىنىم، باغنىڭ پالان يېرىدە چىرايلىق، نەۋقىران بىر يىگىت يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن، نىمە ئادەمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نىمە ئۈچۈن يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟ ياكى بىرەر كىشى ئازار بەردىمۇ؟ دەپ سورىساق، ئۇ، ھېچكىم ماڭا ئازار بەرمىدى، دەپ ئۆز ئەھۋالىنى بىر-بىر بايان قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى»، دىدى:

ئېيتادۇر تۇرغان كىشى،
ئول مەلىكەم چىقسۇن بۇيان.
كۆپ ئاقىپتۇر كۆزىنىڭ ياشى،
تەگسۇن دەيدۇر ئاچىپ زۇبان.

دەر ئول يىگىت ئالسام خانىم،
بىرەدۇرمەن ئېزىز جانىم،
شاھىم تۇتۇپ تۆكسە قانىم،
ئاندىن سۆكرە تاپسام ئامان.

بولدى يامان ھالىم خاراپ،
بىر يارنى دەپ ئۆلسەم ساۋاپ،
ئىشق ئوتىدا بولدۇم كاۋاپ،
دەپ ئېيتتى سۆز بىزگە نىشان.

رەھىم ئەت ئاڭا نەزارە قىل،
سۆزلەپ ئاڭا كۆپ شادە قىل،
بىزگە كېرەكدۇر يارە قىل،
يىغلار سىنى دەپ ھەر زامان.

بىز قۇل كېنىزەكلەر كۆرۈپ،
كەلدۇق ئۇنىڭدىن سۆز سوروپ،
ئاتىم ئەدھەم دىدى يىغلاپ تۇرۇپ،
ئول مەرت ئىكەن، بىزلەر زانان.

مەلىكە كېنىزەكلەردىن ئەدھەمنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ باغۋەنگە بۇيرۇدىكى:

«سەن ئۇ يىگىتكە ياخشى سۆزلەر قىلىپ باغدىن چىقىرىۋەت، بولمىسا دادام ئول يىگىتنىڭ باقىا كىرىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالسا، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ ۋە ھەممىمىز بالاغا گىرىپتار بولىمىز.»

باغۋەن ئەدھەمنىڭ قېشىغا كېلىپ مەلىكىنىڭ سۆزلىرىنى بىر-بىر بايان قىلدى. ئەدھەم باغۋەنگە: «مەن بۇ يەرگە مەلىكەمنى دەپ كەلمىگەن. ئاتام مېنى بىر ئىش بىلەن شەھەرگە بۇيرۇغان ئىدى، باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەن ئاشىقى بىقارار بولدۇم»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەلدىم بۇ يەرگە كارنى دەپ،
باقسام بىر يار تۇرادۇر.
يىغلىدىم مەن ئاھ-ۋاھ دەپ،
باقماي ماڭا يۈرەدۇر.

يەتمەس ئاڭا ئاۋازىم،
قەددى بەلەند شاھبازىم،
جانلار بولۇر نىيازىم،
بىلمەي ئەھلىدىن سورادۇر.

كېلىپ كۆردۈم بەند بولدۇم،
ھۆسنىگە ئاشىق بولدۇم،
كۆرمەك ھامان ئاھ ئۇردۇم،
باغ ئىچىگە قارايدۇر.

ھېچكىم بىلمەس ئىشق ئوتىن،
تاپماس ھەركىم ئىشق يولىن،
سايرار بۇ جان بۇلبۇلىن،
ئۇشبۇ چىمەن گۇۋاھدۇر.

سورىساڭ مېنى ۋەلى مەن،
ئەسلىم ئىبىن ئەلى مەن،

ئەرەنلەرنىڭ بىرى مەن،
خىزىر ماڭا ئاتادۇر.

ئەدھەم مېنى دەڭىزلەر،
ئەيىپلىرىمنى يېپىڭلار،
بارىپ سۆزۈم ئېيتىڭلار،
ئىشتىپ ئاندىن يانادۇر.

ئاندىن: «ئەي باغۋەن، مەلىكەمنىڭ ئايدەك جامالىنى بىر كۆرمەكگۇچە، بىر كەلىمە شېرىن سۆزىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىغۇچە باغدىن ھەرگىز چىقماسمەن»، دەپ زار-زار يىغلىدى.

باغۋەن ئەدھەمدىن بۇ تەرىقە سۆزلەرنى ئىشىتىپ ھىچ ئىلاج قىلالماي، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئەي خېنىم، مەن ئۇ يىگىتكە ياخشى سۆزلەر بىلەن قانچە نەسىھەت قىلدىم. لېكىن ئۇ يىگىت بەرنا باغدىن چىقىدىغاندەك ئەمەس. گاھ يىغلاپ، گاھ ئاھ ئۇرۇپ باغدىن چىققىلى ئۇنىمەيدى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالماي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا كىردىم»، دىدى. بۇنى ئاڭلاپ مەلىكە تەئەججۈپلەندى. ئاندىن باغۋەنگە: «ئۇ يىگىتنى باشلاپ كىرگىن، قانداقراق يىگىت ئىكەن، كۆرۈپ باقاي. بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ باغدىن چىقىرىۋېتەي»، دەپ بۇيرۇدى. باغۋەن مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەدھەمنى چاقىرىپ كىردى. ئەدھەم مەلىكىنى كۆرگەن ھامان تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ئىككى قولنى كۆكسىگە قويۇپ ئەدەپ بىلەن تۇردى. مەلىكە ئەدھەمنىڭ سالامىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەي قەلەندەر، مېنىڭ بۇ باغدا ئىكەنلىكىمنى ساڭا كىم ئېيتتى؟ ئاتامنىڭ قەھرى-غەزىۋىدىن قورقمىدىڭمۇ؟ ئەگەر مال-دۇنيا تاماسىدا كەلگەن بولساڭ مانا بۇ تىللالارنى ئېلىپ تېزدىن چىقىپ كەت! بۇ ئالتۇنلارنى ئۆلگىچە يېتىپ يېسەڭمۇ خىراجىتىڭگە يېتىدۇ. ئەگەر جاھىللىق قىلىپ باغدىن چىققىلى ئۇنىمىساڭ باغۋەن ھەم كېنىزەكلىرىم بىلەن بىرلىشىپ سېنى ئۆلتۈرىمەن. ئەي قەلەندەر، مېنى بىلەمسەن؟ مەن مۇشۇ شەھەرى بەلخنىڭ پادىشاسى شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى بولىمەن»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەيەردىن كېلۇرسەن ئەي ئادىمىزات،
بايان قىل ھەر سۆزۈڭ بولسا راۋانە.
مېنى كۆرمەك ھامان بولدۇڭ دىلىڭ شات،
كۆرۈبدۇرسەن ماراپ ئەيلەپ نىشانە.

مېنى بىلسەڭ شاھى مەھمۇر قىزىمەن،
شايىم تازە گۈل شەھسۇ پەرى مەن،
كۆڭلۈڭنىڭ ئارامى، دەردىڭنىڭ خىلى مەن،
جاۋاپ بەردىم چىقىپ كەتكىل راۋانە.

ماڭا قىلغىن بايان ئەسلىڭ بىلەيىن،
شاھمۇ سەن، پېقىرمۇ؟ سەندىن سورايىن،
چىقىپ كەتكىل بۇ كۈن دۇنيا بېرەيىن،
ئەمەس يالغان سۆزۈم ئېيتسام بايانە.

سەلىمە دەر ئاتىمنى باققا چىقىپ مەن،
باغ سەيلىگە ئەلنى باشلاپ كېلىپ مەن،
غېرىبقا ئوخشارسەن سېنى بىلدىم مەن،
ئاتام بىلسە ساڭا ئۇرغاي زىيانە.

ئەدھەم مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قاتتىق پىغان چەكتى، ئاندىن مەلىكىگە قاراپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەت دېمە يار مېنى سەن،
كەتكۈنچە ئۆلگەن ياخشىراق،
بالا يەتكۈرسەڭ باشىمە سەن،
ئىچىندە يۈرگەن ياخشىراق.

كەلسە قازالار باشىمە،
تۇرغىل سەلمە قاشىمە،
يەنە كۆرەر بۇ جانىمە،
سەن ئانى كۆرگەن ياخشىراق.

قايغۇرما مەندىن جەھى بول،
كەلسە رەقىبلەر نەچچە يول،
باشىمنى قىلسا قەتلە ئول،
جىسمىمنى كۆمگەن ياخشىراق.

جانىم پىدادۇر سەن ئۈچۈن،
كۆپ تۆكمە ياشىڭ مەن ئۈچۈن،
باشلار بىرۇرمەن ۋاجە كۈن،
ھىجىر ئوتىدا كۆيكەن ياخشىراق.

ئەدھەم نەپەس ئالغۇسى يوق،
ئۇشبۇ ئىكەن بىزگە بۇيرۇق،
ئاتما تېنىمگە تەئنە ئوق،
ئۆزىنى بىلگەن ياخشىراق!

مەلىكە: «سەن قەلەندەرگە ياخشى سۆز كار قىلمايدىغان ئوخشايدۇ، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتا ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرى ۋە كىشىنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

مەلىكە كېنىزەكلىرىنى سىرتقا چىقىپ نىمە ئەھۋال ئىكەنلىگىنى ئۇقۇپ كىرىشكە بۇيرۇدى. كېنىزەكلەر باغدىن چىقىپ شەھەر تەرەپكە قاراشتى ۋە ئاسمان پەلەك كۆتىرىلگەن چاڭ - توزاڭنىڭ بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈشتى. ئۇلار مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ شەھەر تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى بايان قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەلىكە باشلىق كېنىزەكلەرنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. مەلىكە ئەدھەمگە يالۋۇرۇپ: «ئەي ئەدھەم، خۇدانىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن بوگۈن باغدىن چىقىپ كەتسەڭ! سۆزۈمگە كىرمەي يەنە بىر ئاز تۇرساڭ، سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن ھەممىمىز ناھەق ئۆلۈمگە گىرىپتار بولىمىز. سەن ھەم سالامەت قالمايسەن!» دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەدھەم قارىسا مەلىكە باشلىق ھەممىسىنىڭ رەڭگى - رويى سارغىيىپ تىترەپ تۇرۇپتۇ. ئەدھەمنىڭ ئۇلارغا رەھمى كېلىپ «بۇلارنى بىرەر بالاغا گىرىپتار قىلىپ قويماي»، دەپ باغدىن چىقىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. شاھ مەھمۇرخاننىڭ خىزمەتچىلىرى كېلىپ مەلىكىنى كېنىزەكلىرى بىلەن بەللىخ شەھەرىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئەلقىسسە: ئەدھەم يولدا كېتىۋېتىپ مەلىكىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئىشقى - پىراقىدا يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىلمىدى يار كۆزگە مېنى،
كەتتى شەھەر سىرى قاراپ.
قاراتمىدى يۈزىگە مېنى،
بولدى مېنىڭ ھالىم خاراپ.

ئايرىلدىم ئول ياردىن بۇ دەم،
قىلغان ئىبردى تەڭرىم بەھەم،
نىچۈك بولۇر مېنىڭ ئىشىم،
كۆرسەم ئىدىم ئانى ساۋاپ.

بارچە مېنى دىۋانە دەر،
خەلق ئەھلىدىن بىگانە دەر،
تەي قىلسا يول جەۋلانە دەر،
مەن تەشناگە يوقتۇر شاراپ.

دادىم يېتەر ھەققە زامان،
قىلسام بوگۈن يۈزىمنىڭ پىغان،
ئەدھەمگە تار ئۇشبۇ جاھان،
بارسام ئۇنى بىر - بىر پۇراپ.

ئەدھەم كۆپ پەرياتلار چېكىپ

تۇرار جايىغا يېتىپ كەلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ سورىدى: «نىمىشقا ھايال بولدۇڭ؟ ساڭا نىمە بولدى؟ نىمىگە يىغلىدىڭ؟ ياكى بىرەر كىشى ئىزا - ئاھانەت قىلدىمۇ؟ ھالىڭنى ماڭا بايان قىل!»

ئەدھەم ئۆزىنى توختىتالماي ئاھ ئۇرۇپ، زار-زار يىغلاپ مەلىكە بىلەن بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى:

قىلسام سۆزۈمنى مەن بايانە،
كۆرسەت يولنىڭ كۈشتەسى،
سۇندى كۆرۈپلا ئۇستىخان،
ھالىمنى ئالدى پۇشتەسى.

كۆيدۈردى جانىمنى ئوتى،
ئارامى جانىمنىڭ خوشى،
كۆزدە ياشىم يار ئەشكىسى،
تۈتتى مېنى يار رىشتەسى.

كۆرمەك ھامان يارىمنى مەن،
قىلدىم تالاق كارىمنى مەن،
ياش ئاقىزىپ كۆزۈمدىن مەن،
بولدۇم ئۇنىڭكى ئۈشتەسى.

ئاللا ماڭا سالدى پىراق،
مەندىن ئۇل يار بولدى يىراق،
جانىمغە يەتتى زۇلمى تاياق،
ئۇل باغ ئىكەن بىھىشتەسى.

ئەدھەم كۆرۈپ كەلدىم ئانى،
خار ئەيلەدى ئۇل يار مېنى،
كۆرسەم يەنە جامالىنى،
بولسام ئۇنىڭ نۇشتەسى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ ئېيتتىكى: «ئەي ئوغلۇم، ئۇ مەھبۇبەڭ ئۈچۈن كۆپ يىغلىما. مەلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىش. مەنمۇ ساڭا ياردەمدە بولاي. ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياكى، مۇندىن كېيىن ئۆز كۆنلىڭنى ئۆزەڭ ئال! ئەمما ئاللاتائالادىن غاپىل بولما!» دەپ يەنە كۆپ نەسىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن ئەدھەمنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدى.

بىچارە ئەدھەم خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە مەھبۇبىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يىغلاپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى مەلىكە سەلىمەدىن ئاڭلايلى:

سەلىمە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە باغ سەيلىسىگە چىقتى. شۇ كۈنى ئەدھەممۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان يۈرىگىنى مۇجۇپ كېلىۋاتقان مەلىكىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا باغنىڭ تېمىنى ياقىلاپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز باغنىڭ ئىچىدىن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەدھەم بىر تەرەپتىن ناخشىغا قۇلاق سېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ باغنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. ئەمما دەرۋازا ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ باغنىڭ تېمىغا سەكرەپ چىقىپ كۆردىكى، مەلىكە ئۈچ يۈز ئاتمىش كېنىزىگى بىلەن نەغمە-ناۋا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ خوشاللىقىدىن ئۆزىنى باغنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي چىمەنلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مۆكۈپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن مەلىكە كېنىزەكلىرىگە: «ماڭا چىرايلىق ئېچىلغان ھەر خىل گۈللەردىن ئەكىلىپ بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. كېنىزەكلەر چىمەنلەرنىڭ ئارىسىدىن رەڭگا-رەڭ گۈللەرنى تېرىپ يۈرۈپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەدھەمنى كۆرۈپ قېلىشتى ۋە مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئەي خېنىم، قەلەندەر ئەدھەم گۈللەرنىڭ ئارىسىدا سىزنى ماراپ ئولتۇرۇپتۇ»، دەپ مەلۇم قىلىشتى. مەلىكە كۆڭلىدە: «بىزنىڭ باقچا كىرگىنىمىزنى ئۇنىڭغا كىم خەۋەر قىلغاندۇر؟» دەپ ئويلاپ بىر كېنىزەككە ئەدھەمنى باشلاپ

كېلىشنى بۇيرۇدى. كېنىزەك ئەدھەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەي يىگىت، تۇرۇڭ! سىزنى مەلىكەم چاقىرىۋاتىدۇ»، دەپ ئۇنى مەلىكەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەدھەم مەلىكىگە تازىم قىلىپ، ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. مەلىكە ئۇنىڭغا قاراپ: «ئەي قەلەندەر، مېنىڭ باقتا چىققىنىمنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟ باقتا يەنە نىمە ئۇچۇن كىردىڭ؟ مەن بەرگەن ئالتۇن-كۈمۈشلەر تۈگىدىمۇ؟ ماڭا يەنە قانداق سۆزۈڭ بار، دىگىن، مۇرادىڭنى هاسىل قىلاي!» دىدى.

ئەدھەم مەلىكىنىڭ شىرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يەنە بىر تازىم قىلىپ، كۆڭلى بىسيار شاد بولۇپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

شىرمەن سۆزۈڭدىن ئايلىناي،
سەن-سەن بېهىشتىنىڭ هۆرىسى.
هەم قاش-كۆزۈڭدىن ئايلىناي،
سەن بۇ جاهاننىڭ دۇررەسى.

سەن زەبدەئى ئەزەل سەن،
تاپساڭ زامان مەهەل-سەن،
كۆرسەت ماڭا جامال سەن،
بۇدۇر كۆڭۈل مورەسى.

ئەرزىم ئېيتسام جامائەت،
ياردىمدە بار شىجائەت،
قىلسا ماڭا قانائەت،
ئول يار گۈزەل جۆرەسى.

ئەدھەم دىمە سۆزىنى،
كۆزگە سۈرتەر ئىزىنى،
ئاشىقلارنىڭ دەردىنى،
بىلۇر هوشيار شورەسى.

مەلىكە ئەدھەمدىن بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ ئېيتتىكى: «ئەي يىگىت، ئەمدى باغدىن تېز چىقىپ كەتكىن: ئەگەر چىقمىساڭ كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئولتۇر. ئۇنداق قىلمىساڭ سېنى كېنىزەكلىرىم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمىز»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ياقىغا ئال ئۆزۈڭنى،
سەن كەتمىسەڭ سوقارمىز،
يۇمغىل بۇ دەم كۆزۈڭنى،
كۆز ئاچما، جىق ئۇرارمىز.

ئۇرارمىز سېنى ئۆلگۈنچە،
جانىڭ تەندىن چىققۇنچە،
جىسمىڭ يەرگە پاتقۇنچە،
ئۆۋاسەڭ كۆمۈپ قويارمىز.

سېنى قىلدۇرۇپ بەرەهنە،
كۆپ قىلىپ خەلقىم رەخنە،
قىلغۇم بۇ باققا دەپنە،
قىلىپ يانىپ كېتەرمىز.

سەن چىقمىساڭ ئەي گادا،
قىلغۇم ساڭا كۆپ جاپا،
كېلۇر دىمىگىل ۋاپا،
باغلاپ ئېلىپ چىقارمىز.

ئەي قەلەندەر تېز چىقغىل،
ئۆز جايىڭغا پات كەتكىل،
سەلىمە دەر قوشۇلغىل،
ئۆز ئەهلىڭنى كۆرەرمىز.

ئەدھەم مەلىكىدىن بۇنداق قاتتىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئېيتتىكى: «ئەي كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، سەن ماڭا هەرقانچە ئاپەت يەتكۈزسەڭ، سېنىڭ يولۇڭدا هەرقانچە جەبرى-جاپالار كۆرسەم رازىمەن. ئاشىق دىگەن مەشۇقىنىڭ يولىدا يۈز جانى بولسا ئايىماس. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جېنىنى ئايىسا ئۇ كىشى ئاشىقلارنىڭ قاتا-
رىدا بولالماس»، دەپ بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

مەشۇقنى سۆيگەننىڭ ھەم،
كۆڭلىدە ئارمان بولغۇسى،
ھىجىر ئوتىدا كۆيگەننىڭ،
كۆڭلىدە ئىرپان بولغۇسى.

دەردلەر چېكىپ يار ھىجرىدە،
ئول يار بولۇر يول پىكرىدە،
ئاشىق ئەمەس ئەندىشەدە،
خاس ئىشقىغە دەرمان بولغۇسى.

بىھۇش يۈرەر ئاشىق كىشى،
يىغلاپ يۈرەر يازۇ قىشى،
ئاللاغە يەتسە نالىشى،
دىل جانى بەريان بولغۇسى.

ئەدھەم دەرھىچ مەن سۇنماغان،
يار ھىجرىدە دىل داغلاغان،
شام سەھەر مەن ئويماغان،
ئەھلى كۆرسە گەريان بولغۇسى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ كۆڭلى سەل
يۇمشىدى ۋە ئېيتتىكى: «ئەي يىگىت، كاجلىق
قىلماي بۇ داۋادىن ئۆتكىل. مەن ساڭا
يەنە تۆت سىر ئالتۇن بېرەي. ئاتا-ئاناڭ
ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭ بىلەن جەم بولۇپ با-
ياشات ياشا! مەندىن باشقا كىشىنىڭ قىزىغا
ئاشىق بول! بۇ باغدىن چىقىپ كەت!
مېنى ئۆز ئارامىدا ئولتۇرغىلى قوي!»
لېكىن ئەدھەم ئۇنىمىدى. ئۇ: «سەن
مېنى بۇ داۋادىن ئۆتكىل، باشقا كىشىنىڭ
قىزىغا ئاشىق بول، باغدىن چىقىپ كەتكىل،
دەيسەن. سېنىڭ ئىشقى-پىراقىڭدا كۆ-
يۈپ ئادا بولدۇم. بۇ باغدىن ئۆلۈگۈم چىقسا
چىقىدۇكى، تىرىكىم چىقماس»، دەپ بۇ
بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي يارىم ۋاپادارىم،
سەن بۇگۈن شاپائەت قىل،
تەسەددۇقدۇر مېنىڭ جانىم،
سەن ماڭا قانائەت قىل.

ئەسىر بولدۇم ساڭا مەن،
سېنىڭ ھالىڭنى بىلدىم مەن،
غېرىپلىق ئىچرە قالدىم مەن،
سەن بىزگە زىياپەت قىل.

ئىكوۋگە قەست قىلغانغە،
غەزەپ قىل تەئنە قىلغانغە،
ئىشەنمە سۆزى يالغانغە،
سەن بۇگۈن ئىتائەت قىل.

ئەدھەم دەرمەن سۆزۈم ئېيتسام،
ھەممە ئىشدىن تانىپ قايتسام،
ھەممە دەردىم بۇگۈن ئېيتسام،
سەن شۇل دەم مەنپەئەت قىل!

مەلىكە كۆڭلىدە بۇ گادايدىن قۇتۇلا-
مايدىغان ئوخشايمەن دەپ: «ئەي ئەدھەم،
سەن ماڭا چىن ئاشىق بولساڭ، مېنىڭ شانۇ-
شەۋكىتىمگە قاراپ بىر بېيىت ئوقۇپ بەر-
گىن، مەن ئاڭلاي»، دېدى. ئەدھەم خۇ-
شاللىق بىلەن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، مەلى-
كىگە قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەجەپ شاد ئېرۇر ھەم سەن پەرىزات،
كۆڭۈلنىڭ رەۋشەنى ئولدۇر نىگارىم،
قارا كۆز سەن بەھەم بولساڭ بۇ دىل شاد،
ساڭا جانلار نىسار بولسۇن نىچە يارىم.

لىبىڭدىن يۈتسە گىرىمگە شەبنەم،
بەسى بىخۇت بولۇر سۆيگەنكى ئادەم،
بولۇر ھەركىم ئۆلۈم تاپسا شۇل بىغەم،
سىنىڭ ئالدىڭ بەھەم بولسا قارارىم.

ھۆسنۈڭ كۈندىن زىيادە ئەي سەرۋى ئازاد،
قەددىڭ زىبا ئېرۇر، لۇتفۇڭ شەمشاد،
بويۇڭ نازۇك كەرەشمەڭدىن، دىلىڭ شاد،
ئانارىڭ قوش ئۈچۈن بەردىم بۇ جانىم.

ئاياغىڭ تىزلىگىن كۆرسە بىراقلار،
قەدەم قويساڭ يېقىن بولۇر يىراقلار،
كىيىپسەن تاج خىلئەتتىن تونلار،
قەدەم قويماي يېتەر پايىڭ سۇۋارىم.

غېرىپ ئەدھەم چېكەر يۈز ئاھ كىمسەن،
مېنىڭ يارىم ئالدىمدا قاراپ تۇرارسەن،
ئۆزۈڭ شاھ سەن، مېنى گاداي كۆرەرسەن،
سىنىڭ ئالدىڭدە خەستەچە يوق ئىتىبارىم.

مەلىكە بۇ بېيىتلارنى ئاڭلاپ مۇنداق دىدى: «ئەدھەم، مېنى ئازغىنە تەرىپلەپ سۆزۈڭنى تۈگەتتىڭ. سەن ماڭا چىن كۆڭلۈڭدىن ئاشىق ئەمەسكەنسەن، ئەگەر چىن كۆڭلۈڭدىن ئاشىق بولساڭ، ھۆسۈن-جامالىمنى، قەدىر-قىممىتىمنى، كىيگەن لىباسىمنى تەرىپلەپ تۈگىتەلمەس ئىدىڭ»، دىدى.

ئەدھەم كۆڭلىدە: «مەلىكە مەندىن خاپا بولغان ئوخشايدۇ»، دەپ مەلىكىنىڭ قەددى-قامىتىگە، ئۈچىسىدىكى سەرپايىغا ۋە ھۆسۈن-جامالىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ساڭا قاراپ نەچچە قىلسام تەرىپات،
سىنىڭ دەردىڭ مېنى قىلدى ئاۋارە،
زىبا بويۇڭ ئېرۇر نىھالى شەمشات،
ئەزەل چەكمىش قەلەم بولسا نە چارە.

سىنىڭ كىيىمىشلارىڭ زىقىرە ئالتۇن،
زىرە ئەتلەس ھەممە كىمخاپ زۇلفۇن،
تۇتار باسساڭ ئاياغ يۈزگىچە مەھزۇن،
ھۆنەر بولدى ماڭا يۈز ئاھ زارە.

باشىڭغە كىيىپسەن تاجى مۇرەسسەھ،
ئاياغىڭغە كىيىپسەن ياخشى مەسەئ،
چىقارساڭ باشىڭغە تاۋاقتى سۇبھە،
ھەممە روشەن بولۇر سەندىن زىيادە.

تۇرۇپسەن قەددى سەرۋى دەرەختەك،
يۈرەرسەن باغ ئىچرە بىر زور بېلىقدەك،
ماڭارسەن چەككە باسقان بىر كىيىكتەك،
كۆرۈندى بۇ غېرىپ ئەدھەم بۇ خارە.

ئەلقىسسە: شاھ مەھمۇرخان ئوتتۇرىدا سۆز توشۇيدىغان سۇخەنچىلەردىن ئەدھەم بىلەن مەلىكىنىڭ چاھار باغدىكى ۋەقەلىرىنى ئەندەك ئاڭلاپ قېلىپ، دەرغەزەپ بولۇپ، بىرمۇنچە لاۋۇ لەشكەرلىرىگە: «باقىقا بېرىپ ئۇ قەلەندەر بىلەن قىزىمنى دەرھال باغلاپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. شۇ زامان لاۋۇ لەشكەرلەر چاھار باغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئەدھەم ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى «كارامەت» بىلەن بىلىپ، كۆڭلىدە: «ئەگەر مەن باغدا بولسام، مەشۇقۇم بىلەن كېنىزەكلەرگە بىرەر ئاپەت يەتمىسۇن»، دەپ باغدىن چىقىپ ئۆز ماكانىغا راۋان بولدى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن لەشكەرلەر باققا كىرىپ كەلدى. باغنىڭ ئىچىنى ھەر تەرەپتىن ئىزلەپ بېقىپ، ئەر كىشى ئەۋلادىنى تاپالماي، مەلىكە بىلەن كېنىزەكلەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ پادىشاغا توغرا قىلدى ۋە شاھ مەھمۇرخانغا تازىم بىجا كەلتۈرۈشۈپ، يەرگە قارىشىپ تۇردى.

شاھ مەھمۇرخان قىزىدىن سورىدىكى: «گىسۇ بىردە، باغدا يىگىت بىلەن ئوينىغىنىڭ راستمۇ؟»

مەلىكە: «ئەي ئاتا، دۈشمەنلەر ماڭا توھمەت قىلىپتۇر، مېنىڭ بۇ ئىشتىن ئەسلا خەۋىرىم يوق. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز باشقىلاردىن سوراڭ!» دەپ تېنىپ تۇرۇۋالدى. شاھ مەھمۇرخان بارغانلاردىن سورىدى. ئۇلارمۇ: «مەلىكىنىڭ سۆزى توغرا، مەلۇمات يالغان ئىكەن!» دېيىشتى. شاھ مەھمۇرخان قىزىنى ئۆيىگە سولاپ، بۇندىن كېيىن باغ سەيلىسىگە چىقماسلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاندىن ئوتتۇرىدا سۆز توشۇغۇچى سۇخەنچىلەرنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، قوللىرىنى باغلىدى،يەرگە ياتقۇزۇپ، كالتەك بىلەن قىرىقتىن ئۇرۇپ «قىزىمغا بەدنام قىلغانىنىڭ جازاسى شۇ!» دەپ پۈتىدىن سۆرىتىپ، ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىدى.

شاھ مەھمۇرخان قىزى سەلىمەنى ئەسلا ئەر كىشى ئەۋلادىغا كۆرسەتمەي تۇرسۇن، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى بىچارە ئەدھەمدىن ئىشىتىڭ:

ئەدھەم شۇ كۈنى باغدىن چىقىپ ئۆز ماكانىغا كەلدى. ئۇ، مەلىكىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا تاقەت قىلالماي، ئۇنى يەنە كۆرەرمەنمۇ دەپ گاھى-گاھى شەھەرگە كېلىپ، نەچچە چۆگىلەپ كېتەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاردىن بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئەدھەمنىڭ تاقىتى-تاق بولۇپ، ماكانىنى تاشلاپ، مەلىكىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا زار-زار يىغلاپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. شەھەرگە يېتىپ بارغىچە ئۆزىنىڭ خۇدىنى بىلمەي، گاھ يىقىلىپ، گاھ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قاچان كۆرگەيمەن ئول يار يۈزىنى،
مۇرادىم مەقسىدىم كەتتى قولۇمدىن.
ئىشىتسەم، سۆزلىسەم يارىم سۆزىنى،
چىمەن باغىنىڭ قۇشى ئۇچتى قولۇمدىن.

ماڭا بولدى ئەلەم كۆرمەي يارىمنى،
كىشى بىلمەس ئۇنىڭ ھالى سىرىنى،
كۆرەلمىدىم ئۇنىڭ ھۆسنى-يۈزىنى،
ئىشىم مۈشكۈل بولۇپ قالدى يولۇمدىن.

ھۆكەررەم ئېرىدىم ئول ياشلىق چاغىمدە،
ئەلەم باردۇر مېنىڭ غەملىك باشىمدە،
كۆڭۈل ۋەيرانلىرى باردۇر دىلىمدە،
قەلەندەر ئات كۆتەرگەن يەتتە پۇشتۇمدىن.

غېرىپ ئەدھەم كى جەننەت يارى جاي،
يېتىمگە ۋەھنىما ئول كەردىگار،
قايان كەتتى ئىكىن يار، چاھار باغ،
ئاسان چىقماق بى مۈشكۈل بۇ گۆلۈمدىن.

ئەدھەم شەھەرگە كېلىپ، مەلىكىنىڭ قايسى قەسىردە ئىكەنلىكىنى ئىزلەپ يۈرۈر ئىدى، بىر كىشى ئالدىغا ئۇچرىدى. ئۇ كىشى مەلىكىنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇ، ئەدھەمنى تونۇپ تېچلىق سورىدى ۋە مەلىكە تۇرغان قەسىرنىڭ نىشانىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئەدھەم مەلىكىنىڭ تۇرغان قەسىرىنى ئوبدان ئۇقۇۋېلىپ، يۈز مىڭ مۈشەققەتتە ئۇ يەرنى تېپىپ، «ھەق شەيدىللا» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەنكى كەلدىم ئۇشبۇ ئۆيگە،
كەلگەنىمنى يار ئاڭلىسۇن،
باش كېتەر ئاخىر بۇ ئىشقا،
كەلگەنىمنى يار ئاڭلىسۇن.

ئاخىر ئالۇرمەن باش بېرىپ،
تۇردۇم ئىشىكتە سارغىيىپ،
چىقغىل قاشىمغە ناز قىلىپ،
كەلگەنىمنى يار ئاڭلىسۇن.

بولغۇم بۇ ئىشققە مۇپتىلا،
بولدۇم شەھىدە كەر بالا،

قىلدىم ئىشكىڭدە مەن سىزا،
قىلغانىمنى يار ئاڭلىسۇن.

ئەدھەم كېتەر چىقىغىل بۇيانە
سۆزلىشەيلى سائەت زامان،
ئۇرسا ماڭا ئاتاڭ زىيان،
كەلگەنىمنى يار ئاڭلىسۇن.

مەلىكە ئىچكىركى ئۆيدە ئولتۇرغان ئى-
دى. ئەدھەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانـدى. ئۇ بىر
كېنىزەككە: «ناخشا ئېيتقان قەلەنـدەرنى ئى-
شىك ئالدىدىن قوغلـۋەت!» دەپ بۇيرۇدى.
كېنىزەك تاشقىرىغا چىقىپ، ئەدھەمگە كۆپ
ھاقارەتلەر قىلىپ، ئىشىك ئالدىدىن قوغلىدى.
ئەدھەم سۆز ياندۇرماي ئىشىك ئالدىدىن يى-
راقلاپ كەتتى. ئۇ قەسىرگە قاراپ شۇنـداق
قەسەم قىلدىكى: «مەن سەن بىلەن سوزلەش-
كۆچە، ئاتاڭ بىلەن سۆزلىشىپ سېنى ئالماي-
دىغان بولسام، نەبىرى ھەزرىتى ئېلى شايـى
مەردان بولمىغايمەن!» دەپ پادىشا مەھمۇر-
خاننىڭ ئوردىـسىغا كىرىـپ، يۇقۇرى ئاۋاز
بىلەن «ھەق شەيدىللا!» دەپ پادىشا باشلىق
ھەممە ئەمىرلەرگە تازىم قىلىپ تۇردى.

شاھ مەھمۇرخاننىڭ كۆزى ئەدھەمـگە
چۈشۈپ، ئەمىر-ئەمرالىرىغا قاراپ: ئول بىز-
لەرگە قاراپ تۇرغان قانداق قەلەندەر؟ دەپ
سورىدى. ئەمىرلەر: «ئەي قەلەندەر، بۇ يەر-
گە نىمە سەۋەپ بىلەن كىردىڭ؟ پادىشاھى-
مىزگە ئەرز قىلغىلى كىردىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئەر-
زىڭ بولسا بىزگە دىگىن، پادىشاھىمىزگە ئاڭ-
لىتىپ ئەرزىڭنى سوراپ قويايلى!» دىدى.
ئەدھەم: «ئەي ۋەزىر-ۋۇزرالار، مېنىڭ سى-
لەرگە قىلدىغان ئەرزىم شۇكى، پادىشا گۈل
سەلىمە ئاتلىق قىزىنى ماڭا بەرسە، مەن پا-
دىشاغا كۈيوغۇل بولاي دەپ كەلدىم، پادىشا
ئول قىزىنى ماڭا بەرسىمۇ ئالىمەن، بەرمىسى-
مۇ ئالىمەن!» دىدى. ۋەزىر-ۋۇزرالار ئەد-
ھەمدىن بۇ تەرىقە سۆزنى ئىشىتىپ، بىر بى-
رىگە قارىشىپ، ئاغزىنى تۇتۇشۇپ كۈلۈشتى.
پادىشا ۋەزىرلەردىن: «بۇ قەلەندەر نىمە دەي-
دۇ؟» دەپ سورىدى. ۋەزىرلەر ناھايىتى تەس-
لىكتە ئەدھەمنىڭ تەلىۋىنى پادىشاغا ئاڭلاتتى.
شاھ مەھمۇرخان دەر غەزەپ بولۇپ: «جال-
لات! بۇ قەلەندەرنى ئەپچىقىپ بېشىنى كى-
سىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئەمما قازى-قۇز-
زات، ئولىما-پەزىللەر پادىشادىن سەل تەخىر
قىلىشنى ئۆتۈنۈپ مۇنداق دىيىشتى: «ئەي
پادىشاھى ئالەم، ئادەم ئۆلتۈرگىلى ئانچە ئال-
دىرىماڭ، شەرىئەتى ھەزرىـتى رەسۇل خـۇدا
سەللەللا ھۇئەلەيھى ۋەسەللام ‹قىزىڭلار بالا-
غەتكە يەتسە ھايال قىلماي ئەرگە بېرىڭلار،
ئوغلۇڭلار بالاغەتكە يەتسە ھىچ تەخىر قىل-
ماي خوتۇن ئېلىپ بېرىڭلار!› دەپ بۇيرۇپتۇ.
ئەپسۇسكى، قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەن سىز-
گە كۈيوغۇل بـولاي دەپ كەلـگەن كىشىنى
ئۆلتۈرۈڭلار دىمەپتۇ. ئەگەر ھەزرەتلىرى ئول
كىشىنى قەلەنـدەر، كەمبەغـەل دەپ نومۇس
قىلسىلا، ئۇنى مۈشكۈل بىر خىزمەتكە بۇيرۇ-
سىلا، ئۇ خىزمەتلىرىنى بىجا كەلتۈرەلمەي،
قىزلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر تەرەپـكە
كېتىشى مۈمكىن، شۇنـدىلا بۇ قەلەنـدەردىن
قۇتۇلغىلى بولىدۇ.» بۇ سۆز شاھ مەھمۇرخانغا
ماقۇل كەلـدى ۋە: «ئەي ئەمىرلەر، مەن ئۇ
قەلەندەرنى قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسام بو-
لىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئەمىرلەر: «بىر جۈپ
گۆھەر تېپىپ كەلگىن دەپ سورىغايلا!» دى-
يىشتى. مەھمۇرخان ئەمىرلەرنىڭ بۇ سۆزى
بىلەن ئەدھەمگە «ئەگەر ماڭا كۈيوغۇل بو-
لۇشنى خالىساڭ، ئەڭ ئىسىل قىممەتـباھـا
گۆھەردىن بىر جۈپ تېپىپ كەل!» دەپ بۇي-
رۇدى. ئەدھەم پادىشاغا قاراپ: «خوپ بول-
غاي، ئەمىرىڭىزنى بىجا كەلتۈرۈشكە تەييار-

www.uyghurkitap.com

مەن!» دەپ ئورنىدىن چىقىپ، دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ «پادىشا تەلەپ قىلغان گۆھەرنى قەيەردىن تاپارمەن ۋە كىمدىن سورارمەن؟» دەپ غەمگە پېتىپ، خۇدايىتائالانى ياد ئېتىپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بارۇرمەن يار ئۇچۇن گۆھەر سوراغلاپ،
ئىچۈك تاپغۇك بېرىپ كۆڭلۈم دەشتى،
ئالۇرمەن گۆھەرنى قايدىن ياراغلاپ،
خىيالىم، مەقسۇدۇم مۇنداغ دەشتى.

جاھاندىن مەن ھەرنە ئىشلارنى كۆرۈپمەن،
ماڭا كۆرسەت ئۇنى ئاللا دېيۈپمەن،
گۆھەر بار يەر قاياندۇر دەپ يۈرۈپمەن،
نە بولغاي ئول گۆھەر يوقتۇر دەشتى.

ماڭا چەرخى پەلەك سالغان جاپادۇر،
غېرىپ مەن ھەم يېتىم تەگرىم گۇۋادۇر،
نەچچە كۆرسەم ستەمىلىك جان پىدادۇر،
ۋاپا قىلماس جاھان ئىقلىم دەشتى.

ئول ياخشى يار ئۈچۈن باغلاپ بېلىمنى،
راۋا كۆرسەم كېرەك باشقا ئۆلۈمنى،
ئەرەن مەن دەپ تۇتۇپ قويدۇم يولۇمنى،
ئەدەمگە جان تويۇك بولماس دەشتى.

ئەدەم دەريانىڭ مۇز ئۇرۇپ تۇرغان يېرىگە كېلىپ، غۇسلى تاھارەت قىلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاتائالادىن گۆھەر تەلەپ قىلىپ: «خۇدايا، مەن كەمىنە ئاجىز بەندەڭگە گۆھەر ئاتا قىلساڭ، دىل جانىم سەندىن سۆيۈنۈپ شاد بولسا، مۇرادىمغا يەتكۈزسەڭ!» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خۇداۋەندە ماڭا گۆھەر كەرەم قىل،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

غېرىپمەن، يېتىممەن، ماڭا رەھىم قىل،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

رەت قىلماغىل مېنىڭ ئۇشبۇ سۆزۈمنى،
ساڭا قويدى غېرىپ بەندەڭ باشىنى،
راۋا قىل ھاجىتىم، بارچە ئىشىمنى،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

ئىجابەت سەندىن، بىزدىن مۇناجات،
راۋا قىلغان خۇدايا جۈملە ھاجەت،
ياراتتىڭ بارچىنى ئەززۇ ساخاۋەت،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

غېرىپ مىسكىننى سەن بەندەم دېگەيسەن،
كى ياتماق قوپماغىڭ ئېسەن - ئامان سەن،
ماكان يوق تاما يوق سەن لاماكان سەن،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

كەرىم لۇتفۇڭ بىلە ماڭا گۆھەر بەر،
بەھەققى ئادەم ئول جۈملە پەيغەمبەر،
بەھەققى مۇستافا تۆرت يار ھەيدەر،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

ئۆمرۈم بولۇر ئاخىر يۈتكىسە،
مەدەد قىلغىل بۈگۈن جۈملە ماشايىخ،
يۈرەر چەرخى پەلەك باشىمدا مەررىخ،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن.

غېرىپ بەندەڭ كېلىپ يىغلار ئۆزۈڭگە،
تىكىپ مەن كۆز ئاچىپ سېنىڭ يولۇڭگە،
بېرەي ھاجەت دىگىل غېرىپ ئەدەمگە،
دىلۇ جانىم بۈگۈن سەندىن سۆيۈنسۇن!

ئاللاتائالا ئەدەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ئەدھەمنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەدھەمنىڭ قېشىغا ھازىر

بولۇپ: «ئەي ئەدھەم، بېشىڭنى كۆتەرگىن، مەن ساڭا مەدەت قىلغىلى كەلدىم!» دىدى. ئەدھەم بېشىنى كۆتىرىپ، ئاتىسى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى ۋە ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەدھەمنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەي ئوغلۇم ئەدھەم، ساڭا نىمە بولدى؟ ساڭا كىمدىن دەرت ـ ئەلەم يەتتى؟ نىمە هاجىتىڭ بار؟ ماڭا ئېيتقىن، هاجىتىڭنى راۋا قىلاي!» دىدى.

ئەدھەمنىڭ كۆڭلى شاد بولۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاتام خىزرى ماڭا قىل مەسلىھەتلەر،
چۈشتىلەر باشىمغا بىر يارنىڭ دەردى،
ئەمەس مۇنىس ماڭا ئۇردى زىيانلار،
چۈشتىلەر باشىمغا بىر يارنىڭ دەردى.

ئۇنى مەن هىچ يېقىن قىلماي كېلىپ مەن،
قولىدىن هەر جاپا كەلدى كۆرۈپ مەن،
شاهى زالىم ئىشىن باشقا ئېلىپ مەن،
چۈشتىلەر باشىمغا بىر يارنىڭ دەردى.

ئەجەپ قاتتى باشىم گۆھەرگە بۇيرۇپ،
يۈرەرمەن يىغلابان هەردەم ئاھ ئۇرۇپ،
پەلەك بىزنى ئەجەپ جاپاغا سېلىپ،
چۈشتىلەر باشىمغا بىر يارنىڭ دەردى.

ئەدھەمدەك تارتمىسۇن هىچكىم ئاھلار،
گۆھەرلەر نەدە دەپ كەزدىم كۆپ يوللار،
ئىشارەت سەندىن ئول كەزمەك بۇ قۇللار،
چۈشتىلەر باشىمغا بىر يارنىڭ دەردى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئەدھەم! كۆزۈڭنى يۇمغىن! ئاچ دىگۈنچە كۆزۈڭنى هەرگىز ئاچما!» دىدى. ئەدھەم كۆزىنى يۇمدى. بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن «كۆزۈڭنى ئاچ!» دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەدھەم كۆزىنى ئېچىپ ئاجايىپ بىر گۈزەل جاينى كۆردى. ئۇ هەيران بولۇپ «نەگە كېلىپ قالدىمكىن؟» دەپ تۇرغان ئىدى، قارشىسىدىن بىر نۇرانە كىشى چىقىپ كەلدى. ئەدھەم دەرھال سالام قىلدى. ئۇ نۇرانە كىشى ئەدھەمنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەدھەم دىگەن سەنمۇ؟ بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟» دىدى. ئەدھەم بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇ كىشىگە بىر ـ بىر بايان قىلدى. ئۇ نۇرا كىشى هەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ ئەدھەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، رەھىمى كېلىپ، سۇ خەلقىغە: «ئەي غەۋۋاسلار! هەممىڭلار بۇ كىشىگە دەريادىن گۆھەر تاشلاپ بېرىڭلار. بۇ يەردىن تېز يانسۇن!» دەپ پەرمان قىلدى. غەۋۋاسلار دەريانىڭ تېگىگە چۆكۈپ، گۆھەرلەرنى دەريانىڭ لېۋىگە تاشلاپ بەردى. ئەدھەم بۇ گۆھەرلەرنى تېرىپ يانچۇغىغا سالدى ۋە ئىلياس ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بەلخ شەهرىگە يېتىپ باردى. ئۇ، شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئوردىسىغا قەدەم قويغان ئىدى، دەرۋازىۋەنلەر ئالدىنى توساپ، — «شاهنىڭ خىزمىتىنى بىجا كەلتۈرگەن بولساڭ كىر، بولمىسا ئارقاڭغا قايت»، — دىيىشتى. ئەدھەم دەرۋازىۋەنلەرگە: «مەن پادىشانىڭ بۇيرۇغىدىن زىيادە ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم»، دىدى. دەرۋا - زىۋەنلەر كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئەدھەم «بىسمىللاهىر رەھمانىر رەھىم»، دەپ دەرۋازىدىن كىرىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ، تازىم بىجا كەلتۈرۈپ تۇردى. پادىشا ئەدھەمنى كۆرۈپ

دەرغەزەپ بولۇپ: «ئەي قەلەندەر! مەن بۇيرۇغان خىزمەتنى بىجا كەلتۈرەلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەدھەم «ئېيتقانلىرىنى بىجا كەلتۈردۇم» دەپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىن بىر جۈپ گۆھەرنى چىقىرىپ، پادشانىڭ ئالدىغا قويدى. پادشا بۇ گۆھەرلەرنى كۆرۈپ، ئەقلىدىن كېتىپ ھەيران قالدى، ئاندىن ئۇلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇيان-بۇيانغا قاراپ: «بۇلار ئەسلىدە مېنىڭ گۆھەرلىرىم ئىدى. غەزىنەمدىن قانداق ئوغرىلىدىڭ؟ گۆھەر دېگەن مەندەك ئۇلۇغ پادىشادا بولىدۇ، سەندەك قەلەندەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ تۆھمەت قىلدى ۋە ئەمەلدارلارغا: «بۇ ئوغرى قەلەندەرنى تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئەدھەم مەھمۇرخاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئەي پادىشا، غەزىنەڭدىن يۈتۈپ كەتكەن گۆھەر بىر جۈپمىدى. ياكى يەنىمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. پادشا: «ئەي قەلەندەر، مېنىڭ غەزىنەمدىن بىر جۈپ گۆھەر يۈتۈپ كەتكەن» دېدى. ئەدھەم پەريات قىلىپ ۋاقىرىدىكى: «ئەيھەنناس، ئەي بەلىخنىڭ ئادەملىرى، ئەي پادىشانىڭ ئەمىرلىرى، ھەممىڭلار گۇۋا بولۇڭلار، پادىشا مۇشۇ بىر جۈپ گۆھەرنى مېنىڭ دەۋاتىدۇ. غەزىنىدىن ئوغرىلانغان پادشانىڭ گۆھىرى بىر جۈپ بولسا، ماڭا خۇدانىڭ بەرگەن گۆھەرلىرىنى كۆرۈڭلار!» دەپ يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرۈگەن ئىدى، بەش يۈز جۈپ گۆھەر يەرگە تۆكۈلۈپ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى.

شاھ مەھمۇرخان باشلىق ئوردىنىڭ ھەممە مەنسەپدارلىرى ۋە بارچە خالايىق ھەيران قىلىشتى. پادىشانىڭ ئەقلى لال بولدى. خوشامەتچىلەر سۆكۈتكە چۈشتى. پادىشانىڭ زەھەرلىك ئىچى ئەدەپ: «ئەي قەلەندەر، سەن بۇ گۆھەرلەرنى قايسى ئۇلۇغ پادىشانىڭ غەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ كەلدىڭ؟» دېدى.

ئەدھەم پەريات ئۇرۇپ: «ئەي خالايىقلار، پادىشانىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دەسلەپ مەن كۆرسەتكەن بىر جۈپ گۆھەرنى مېنىڭ غەزىنەمدىن يۈتۈپ كەتكەن، مۇندىن باشقا گۆھىرىم يوق دېگەن ئىدى. مەن ھەممە گۆھەرلىرىمنى تۆكسەم، بۇ گۆھەرلەرنى قايسى ئۇلۇغ پادىشانىڭ غەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ كەلدىڭ؟ دەيدۇ. بۇ سۆزلەرگە گۇۋا بولۇڭلار! گۆھەر دېگەن پادىشادىلا بولامدۇ؟ خۇدايىتائالانىڭ غەزىنىسىدە يوقمۇ؟ بۇ گۆھەرلەر ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن ئىلتىپاتى»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەق ياراتقان گۆھەر كۆپتۇر،
تۈپسىز دەريانىڭ ئىچىندە.
سەندەك شاھلار ئاڭا قۇلدۇر،
ئۇشبۇ دۇنيانىڭ ئىچىندە.

ساڭا سۇلتان ئات قويۇپتۇر،
ئالەم ئىچرە تۇرغان يۇكتۇر،
بۇ سۆزۈمدە يالغان يوقتۇر،
بارسەن بەرپانىڭ ئىچىندە.

كەڭرى ھەقنىڭ خەزىنىسى،
بولدۇڭ ئەھلىنىڭ مەستانىسى،
قۇلغا ھەقنىڭ ئاستانىسى،
ياخشى ئەئلانىڭ ئىچىندە.

سەندەك زالىم تۇتماس ئەقلىم،
كۈندە شاھدۇر مىنىڭ ئەقلىم،
ئالغاندۇرمەن ھەقدىن تەلىم،
چۈشكەن سەۋدانىڭ ئىچىندە.

سەندەك نامەرت بولماس ھىچكىم،
تۆھمەت قىلساڭ تۇتقىل مەھكەم،

شەرئەتتىن يول تېپىپ تۇتكىم،
ئۆلتۈر گوۋانىڭ ئىچىندە.

ئەدھەمگە ھەق بەرگەن گۆھەر،
ئالساڭ مەندىن تارتىپ مۇزتەر،
تۇرار قاراپ شۇنچە ئەھلەلەر،
بولغاي دۇئانىڭ ئىچىندە.

شاھ مەھمۇرخان مەنسەپدارلىرىغا يارلىق چۈشۈرۈپ: «تۇتۇڭلار بۇ ئوغرىنى! گۆھەرلەرنى تارتىپ ئېلىڭلار! ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار!» دىدى. خۇشامەتچىلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بىچارە ئەدھەمنى ئوتتۇرىغا ئالدى. ئەدھەم دەرغەزەپ بولۇپ، كالتىگىنى قولىغا ئېلىپ قېشىغا ھېچكىمنى كەلتۈرمىدى ۋە گۆھەرلەرنى يانچۇغىغا سېلىپ بولۇپ، ئۆزىگە قەست قىلىپ كەلگەن خۇشامەتچىلەرنى ئوردىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ، كالتەك بىلەن راسا ئۇردى. پادىشا تەخت ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ: «تۇتالمايسەن قەلەندەرنى، ئالماسەن گۆھەرلەرنى!» دەپ ھەر تەرەپكە قېچىپ يۈرگەن كىشىلىرىنى دەۋەت قىلاتتى. ئەدھەم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن پادىشانى بىر تەرەپ قىلاي، ئۆزگىلەرنىڭ ئىشى ئاسان دەپ ئالدىغا كەلگەندە ئۇرۇپ ھەش - پەش دىگىچە يەتمىش - سەكسەن ئادەمنى ياتقۇزۇۋەتتى. سالامەت قالغانلىرى جېنىنىڭ بىرىچە قېچىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئەدھەم تەختنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ قەھرى - غەزەپ بىلەن پادىشاغا بىر كالتەك ئۇردى. ئەمما پادىشا ئۆزىنى تەختنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ كالتەك زەربىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇ قاچقىنىچە، ئۆيىگە كىرىپ ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ يېتقان - كۆپىلەرنىڭ ئارىسىغا مۆككۈۋالدى.

ئەدھەم ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، ئوردىنىڭ ئىچىدە ھېچكىم قالماپتۇ. ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ «ئىنشائاللا، مەن بۈگۈن دەريانىڭ سۈيىنى ئەكىلىپ بۇ زالىم شاھنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى سۇدا غەرق قىلمىسام، نەبىرى ھەزرىتى ئېلى شاھى مەردان بولمىغايمەن!» دەپ ئەھدە قىلىپ دەريايى بەلىخ تەرەپكە راۋان بولدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەجەپ بەختىم قارا چۈشتى،
ئىرادە بولمىدى سۇ بەر.
بۈگۈن ھاجەت ساڭا چۈشتى،
خۇدا يارىم سىرى يول بەر.

ئاتا ئەيلە ئۇل يارىمنى،
كۆرەر مەنمۇ ماكانىمنى،
يوقاتتىم ئاھۇ زارىمنى،
كۆرۈشكىلى ئاڭا يول بەر.

تەۋانگىر تەڭرى بەر نۇسرەت،
بېرۇرمەن ئاڭا كۆپ ئاپەت،
تېنىمدە قالمىدى تاقەت،
تىلەرمەن ئەمدى بىر قۇلنى.

ئاقادۇر ھەر تەرەپ ئەشكىم،
خالايىققە كېلىپ رەشكىم،
ئىچەرمەن بادىدىن نۇشكىم،
يۈرەرگە يول ئوڭ - سول بەر.

قازا كەلسە شاھقە كەلسۇن،
دۈشمەنلەر ھېچ قۇتۇلمىسۇن،
ئوشۇل زالىم ئادا بولسۇن،
يېقىن يۈرسەتدە بىر گۆر بەر.

باشىم كېتەر، مەن ئەدھەمنىڭ،
مادارى كەتتى ھالىمنىڭ،

www.uyghurkitap.com

چىراغى ئۆچتى جانىمنىڭ،
يۈرەر يەرلەردە دۈلدۈل بەر!

ئەدھەم دەريايى بەلىخنىڭ بويىغا كەلدى ۋە قىرغاقتا تۇرۇپ، كاساسىنى دەرياغا تۇتۇپ: «ئەي دەريا سۇلىرى، مۇشۇ قاچامغا كىرگەيسىلەر! سىلەرنى بەلىخ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، زالىم پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا تۆكۈپ، پادىشاھنى غەرق قىلىپ، مۇرادىمغا يەتكەيمەن!» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىرگىل سۇلار بۇ كۇابارغە،
تەھتىڭ بۇگۈن ئاچقىلى ئەمدى.
ھەممە سۇ خەلقى، بىلىڭغە،
يارلىغ بۇگۈن قاچقىلى ئەمدى.

سۇيۇڭ ئالىپ بارۇرمەن،
بەلىخ شەھرىگە تۆكەرمەن،
قىساسىمنى ئالۇرمەن،
كىيەي باشىمغە تاج ئەمدى.

غەرق بولسۇن ئول رەقىبلار،
قان يىغلاسۇن مۇھىبلار،
بەرگۇم ئەھلىگە ئەدەپلار،
ئالغۇم قىرىپ باج ئەمدى.

ئەدھەم كىسەر ئۆمرىنى،
قىلسام، غەرىقلار خەلقىنى،
بۇزسام شەھرى بەلىخنى،
تىل زەھرىنى ساچ ئەمدى.

ئەدھەم «ياھۇ» دەپ نەرە تارتقان ئىدى، دەريانىڭ سۈيى ئۇنىڭ قاچىسىغا كىرىپ بەنت بولدى. دەريانىڭ تېگى كۆرۈنۈپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئاشكارا بولدى.

ئەدھەم قاچىسىنى ئۆشنىسىگە يۈدۈپ، بەلىخ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئېگىزرەك بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «بۇ سۇ شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىگە بەركەت» دەپ قاچىدىكى سۇنى تۆكتى. ئاللانىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا سۇلار مەۋج ئۇرۇپ ئېقىشقا باشلىدى. شەھەر ئىچى سۇغا غەرق بولدى. خالايىقلار ئېگىز دۆڭلەرگە ۋە دەرەخلەرگە چىقىپ ئالدى.

ئەلقىسسە: ئەدھەم ئۈچ كۈندىن كېيىن شەھەرگە كېلىپ قارىسا شەھەر خەلقى بۇ ئۇلۇغ سۇنى يىغىشتۇرالماي، ھەيران، سەرگەردان بولۇپ يىغلىشىپ يۈرۈپتۇ. ئەدھەمنىڭ پۇقرالارغا ئىچى ئاغرىپ ھەممە سۇنى قاچىسىغا جەمى قىلىپ بەلىخ دەرياسىغا ئاپىرىپ تۆكتى. بەلىخ دەرياسى ئاۋالقىدەك مەۋج ئۇرۇپ ئېقىشقا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ كىشىلەر ئەدھەمنى ــ «ئەدھەم ساقى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئەدھەم:

ئەجەپ مەستانە ئالەمدۇر،
ئۆزىنى بىناۋا قىلمىش.
بىروگە تۇرفە ماتەمدۇر،
بىرونى ئاشىنا قىلمىش.

بىرو ئەيشى ـ پاراغەتتە،
ياتار ھەر پەسلى راھەتتە،
بىرو يۈز خارى ئاپەتتە،
ئىشكىلەردە ناۋا قىلمىش.

جاپا سالدى پەلەك بىزگە،
بۇ ئالەم بولدىلەر ئۆزگە،
قۇلاق سالسام جاھان سۆزگە،
مېنى تەڭرىم گادا قىلمىش.

زامانە ياندىلەر بىزدىن،
ناموس قىلۇر بىزلەردىن،
چىقالماس بەندە ئۆزلۈكدىن،
خالايىقدىن ئەبا قىلمىش.

جازا بەرسۇن ئىلاھىم نەق،
ماڭا باردۇر ياراتقان ھەق،
ئۆلەرمەن ئاقىبەت ناھەق،
بۇ زالىملار ئادا قىلمىش.

قەلەندەر ئەدھەم ئاھىم بار،
خۇداغە تۇرفە زارىم بار،
ماڭا يوق ھىچ بىر غەمخۋار،
تەقى تىنماي دۇئا قىلمىش.

دەپ ئۆز ماكانىغا كېلىپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شەھەر خەلقى بىلەن شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىشتىڭ:

شۇ كۈنى شەھرى بەلخىنىڭ خەلقى، شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ئۈستىدىن غەليان كۆتىرىپ، قولىغا تاش ـ كېسەك، تاياق ـ توقماق ئېلىپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. ئاردىن بىرقانچە يۈرەكلىك ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئەي پادىشا، بىزنىڭ ئۆي ـ ماكانىمىز، مال ـ ۋارانلىرىمىز سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ۋەيران بولدى. بىزنىڭ تارتقان بۇ زىيىنىمىزنى تۆلەپ بەر دەپ قېشىڭغا كەلدۇق!» دىدى.

شاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ: «ئەي پەس قەلەندەرلەر، نىمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارنى مەن تۆلەيمەن؟ شەھەرنى سۇغا مەن باستۇرمىدىم. يوقىلىش كۆزۈمدىن!» دەپ دەھشەت بىلەن ۋاقىردى.

شەھەر خەلقى بۇ تەرىقە ـ دەشنامىلارنى ئىشىتىپ غەزەپكە چىداپ تۇرالماي بىرلىشىپ شاھقا ياندى: «ئەي زالىم قاراقچى شاھ، سېنىڭ بىزلەرگە بىرەر ئېغىز چىرايلىق سۆزۈڭ يوق، يەنە بىزگە غەزەپ قىلامسەن؟ بىزنىڭ ئۆي ـ ماكانىمىز، پۇل ـ مالىمىزنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەن سەۋەپچى بولدۇڭغۇ؟ ئەدھەم پۇل ـ مال بىلەن خوشى يوق ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەن. ئۇ ساڭا كۈيوغۇل بولاي دەپ كەلسە، ئۇنىڭغا ھەر خىل بانىلەرنى قىلىپ ئىنتايىن مۇشكۇل خىزمەتكە بۇيرۇدۇڭ. بىچارە يىگىت سەن بۇيرۇغان خىزمەتنى بىجانىدىل ئورۇنلاپ كەلسە سەن ئويالماستىن تۆھمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن گۆھەرلىرىنى بۇلاپ ئالماقچى بولدۇڭ. قەيسەر ئەدھەم ساڭا بوزەك بولمىدى. قىزىڭنى ئادەم بالىسىغا بەرمەي ھايۋانغا بەرمەكچىمىدىڭ؟»

پادىشا پۇقرالارنىڭ بۇ ئىزا ـ ئاھانەتلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، مەنسەپدارلىرىغا: «ئەي تۆزكورلار، نىمىگە قارىشىپ تۇرىسىلەر؟ قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ بۇ نائەھلىلەرنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. شەھەر خەلقى نومۇسسىز شاھنىڭ يامان پەيلىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلەندى ۋە شاھنىڭ خوشامەتچىلىرىنى ئۇ بولۇڭدىن بۇ بولۇڭغا قوغلاپ يۈرۈپ ئۇر، يىقىت قىلىپ، زالىم شاھنىڭ ئوردىسىنى بىت ـ چىت قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن مەھمۇرخان ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تەختىنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى.

شاھ مەھمۇرخان ئەتىسى مۆكۈپ ئالغان يېرىدىن چىقىپ ئوردىنىڭ ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، ئوردىنىڭ ئىچىدە بوران ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. زىبۇ زىننەتلەر، زىلچە ـ گىلەملەرنى خالايىق ئېلىپ كېتىپتۇ. پۇلغا يارىغۇدەك ھەچنەرسە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قالماپتۇ. شاھ بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ شەرمەندە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى پادىشا مەھمۇرخاننىڭ قىزىدىن ئىشىتىڭ:

شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزى شۇ كۈنى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئەدھەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلدى: ئەدھەم ئەۋلىيا ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان شۇنچە چوڭ ئىشلارنى قىلالماس ئىدى. شۇنچە ئالامەتلەرنىڭ سەۋەبى نېمىنى بىلدۈردۇ؟ ئەمدى ئۇ بىۋىگۈن كەلسە بىۋىگۈن، ئەتە كەلسە ئەتە ئۆزەمنى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلاي. ئۇنداق قىلمىسام، ئەدھەم مېنى دۇئايى بەنت قىلۇر. يا بولمىسا سېھىر - جادۇ قىلۇر. ئول ۋاقىتدا مېنىڭ ھالىم نە بولۇر؟ ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئۆزەمنى قوبۇل قىلمىسام، ئاتام مېنى بىرەر پادىشاغا ياكى بىرەر شاھزادىگە بېرۇر. مەن ئۇلار بىلەن راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەندىن، ئەدھەمنىڭ تېپىپ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزسەم، شۇ مەن ئۈچۈن دۆلەت - سائادەت ئەمەسمۇ؟ دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

زۇلۇم بىرلەن سۆيەر يارىم،
بىلمام قايان كېتەر بولدى.
ساڭا غەزەپ قىلغان ئاتام،
بۇگۈن ئىتتىن بەتتەر بولدى.

بولدى چۇشۇم سۆبھى سادىق،
مۆمىن ئېردىم بولدۇم پاسىق،
سېنى كۆردۇم ئەمدى لايىق،
دۆلەتلەردىن كىچەر بولدى.

چىراغىم يوق ئېردىم پانۇس؛
سەندىن ئالدىم بەھرى ياۋۇس،
كەتتى مەندىن ئەمدى نامۇس،
دەپ مەن سېنى ئىستەر بولدى.

ئەمدى كېلىڭ مۇندا سىز پات،
تاپتىڭ غېرىپ ئەمدى نىجات،
مېنى ئالمساڭ تۇتقۇم سىرات،
تۇرار جايىم گۆزەر بولدى.

سەلىمە سەن قىل ھەزەرى،
چۇشكەي ساڭا ئەر نەزەرى،
بولسا قىيامەت مەھشەرى،
يار ئىتتىگىن تۇتار بولدى.

مەلىكە كۆڭلىدە «بىچارە ئەدھەم ماڭا ئاشىق بولۇپ تارتمىغان جەبرى - جاپالىرى قالمىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئىشقى - پەراقىدا جەبرى - جاپا تارتىدىغان بولدۇم»، دەپ ئەدھەمنىڭ ئىشتىياقىدا ھەلقۇمىدىن تائام ئۆتمەي ھەر كۈنى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ئەدھەمدىن ئىشىتىڭ:

ئەدھەم بىر كۈنى ئۆز ماكانىدا تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ھاۋادا بىر مۇنچە غازلار غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كەلدى. بۇلار غاز ئەمەس خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن غاز سۈرىتىدە كەلگەن غايىپ ئەرەنلەر ئىدى. ئەدھەم ئۇلارنىڭ ئۆز جۈپلىرى بىلەن كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ، مەلىكە يادىغا يەتتى. «مېنىڭمۇ جۈپتۈم بولغان بولسا يالغۇز قالماس ئىدىم. ھېلىھەم بولسا بىر ئىلاجى قىلىپ باقاي»، دەپ يارى ئۈچۈن بىر نامە پۈتۈپ ئەۋەتمەك بولۇپ غازلارغا قاراپ: «ئەي ھاۋادىكى غازلار، مەن سىزلەرگە نامە بېرەي، بەلخ شەھرىدىكى مەھ-

بۇبەم مەلكە سەلمەگە ئاپىرىپ بەرگەيسلەر»، دەپ بۇ بېيتنى ئوقودى:

يۇزمىڭ سالام مەندىن بۇگۇن يارىمغا،
بارساڭ دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.
نەزەر سېلىپ كەتكىل بۇگۇن هالىمغا،
سالام دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.

مۇندىن ئوتەر بولساڭ ئۇچرار باغلارى،
مۇشكۇل ئەمەس بۇ يولنىڭ ئاسان تاغلارى،
چوقۇر، سېنى كۆرۇپ توسار زاغلارى،
دۇئا دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.

دۇئا دىمەك مەندىن ئاڭا لازىمدۇر،
ئول يارنى دەپ يىغلاپ ئۇرغان ئاهىمدۇر،
گۇل سەلىمە بىلسەڭ مېنىڭ يارىمدۇر،
يىغلار دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.

چەكتىم هىجران پىراقىنى سۇبهى شام،
بىلەر مېنى بارچە ئالەم خاسۇ ئام،
ئېيتتىم ساڭا يارىم ئۇچۇن يۇز سالام،
پايام دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.

سورساڭ غازلار ئەدهەم دەرلەر ئاتىمنى،
شاهى مەردان ئەۋلادىدۇر زاتىمنى،
بارساڭ دىگىل مېنىڭ ئاڭا هالىمنى،
ئىلدام دىگىل يارىم سىرى ئۇچقان غاز.

ئەدهەم كارامەت نەزىرى بىلەن يەرگە چۇشۇڭلار دىگەن ئىدى، غازلار شۇ هامان يەرگە قوندى. ئەدهەم بىر غازنى تۇتۇپ مەكتۇبىنى ئۇنىڭ قانىتىغا باغلاپ قويۇپ بەردى، غازلار شەهرى بەلخ تەرىپىگە راۋان بولدى.

شۇ كۇنى مەلكە راۋاق ئۇستىدە ئەدهەمنىڭ كېلۇر يولىغا قاراپ ئولتۇرغان ئىدى. هاۋادا بىرمۇنچە غازلار ئۇچۇپ كەلدى. مەلكە بۇ غازلارنى كۆرۇپ: «ئەي غازلار، ئەي خۇدايىتائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى، قەيەردىن كەلدىڭلار؟ قەيەرگە بارىسلەر؟ ئەدهەم دىگەن بىر غېرىپنى كۆردۇڭلارمۇ؟» دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

هاۋا ئۇزرە چەرخ ئۇرۇپ،
باشىم ئۇزرە كەلگەن غاز.
قانات قاقىپ غارقىراپ،
مۇلكۇم ئۇزرە كەلگەن غاز.

كۆردۇڭمۇ يارىم يۇزىنى،
تۇتتۇڭمۇ چۆل يولىنى،
ئېيتقىل ئۇنىڭ يولىنى،
كۆكتىن ئۇچۇپ كەلگەن غاز.

بارغان يېرىڭ گۇلزار بولسۇن،
بۇ چۆل ساڭا تۇز يول بولسۇن،
مەندەك زەئىپلار قۇل بولسۇن،
پەريات ئۇرۇپ كەلگەن غاز.

هالىم ئېشىتكىل جانۇران،
بولدۇم ئاڭا مەن پىكران،
كەلسە چىقىپ ئول ناگىهان،
تېگەرمەن ئېيت كەلگەن غاز.

مەن گۇل سەلىمە دەرت بىلەن،
قان تۆكەرمەن كۆز بىلەن،
يانغىل بۇيان سۆز بىلەن،
قايتقىل بۇيان كەلگەن غاز.

غازلاردىن بىرى يەرگە قوندى. ئەدهەمنىڭ نامىسىنى قانىتى ئارىسىدىن چىقىرىپ مەلىكىگە كۆرسەتتى. مەلكە خەتنى غازنىڭ قانىتىدىن يېشىۋېلىپ ئوقۇپ باقسا، شۇنداق پۇتۇپتىكى: «ئەي جېنىمنىڭ هوزۇرى، كۆڭلۇم ئارامى، ئەي يارى مەهبۇبەم، مېنىڭ

غەمگۈزارىم، سېنىڭ ئىشقىڭدا دەرتكە مۇپ-
تىلا بولدۇم.» بېيىت:

ئەي ئەلنى قەددىڭ نىھالىڭ بەرماغا،
تىلەر كۆڭلۈم پەرىشانىمنى كۆر،
ساۋابدۇر بىر قىيا كۆرسەم جامال،
ھايا يوقتۇر غېرىپ جانىمنى كۆر.

خىيانەت قىلمايىن .........①
رىيازەتدىن ئىشىم تاپتى زاۋال،
سالامەت بولغىچە سەن بول شاراپەتلىك كامال،
سەدىقىمە زايىئە بولۇپ كەتتى يار ھالىمنى كۆر.

ئىت خۇيلۇق قىلىپ بولدۇڭ زەبى،
ئار ئەتمەك بىلە بولدۇڭ غەنى،
يىراق پۇرقىتىدىن قىلىپ سەن يازـقىشى،
كۆكلەپ ئېردى ياشلىغىم كەتتى مېنىڭ
ھالىمنى كۆر.

كەبى لايىق بولالماي تاپىمىدىم ھەرگىز مۇرات،
نە بولۇپ ئالدىدا كەل ئەمدى ئۇيات،
ھىدايەت تاپمىدىڭ سەن بۇ ئىشىڭدىن يانجات،
ئەدھەم ئېيتۇر نالەئى ھالىم بىلەن زارىمنى كۆر.

مەلىكە نامىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. نامىنى يۈز-كۆزىگە سۈرتتى ۋە ئەدھەمگە نامە ئەۋەتمەك ئۈچۈن مۇشەققەت بىلەن مەكتۇپ يېزىپ غازنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. غاز نامىنى چىشلەپ قالغان غازلار بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ ئەدھەمنىڭ ماكانى تەرىپىگە پەرۋاز قىلدى. شۇ چاغدا ئەدھەم كەپىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەۋەتكەن نامىنىڭ ئۈچۈرى كېلەرمىكىن دەپ شەھەر تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ئىدى. غازلار بەلىخ تەرەپدىن پەرۋاز قىلىپ چىقىپ كەلدى، بىر غاز تۇمشۇغىدىكى نامىنى ئەدھەمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ يەنە بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، ئەدھەم نامىنى يەردىن ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدا شۇنداق يېزىلىپتۇ: «ئەي مۇبارەك جامالى كۆڭلۈمگە يېقىن، كۆزۈمدىن يىراق قەلەندەر يىگىت. بىز بىر-بىرىمىزدىن خۇددى چىراق ياغدىن، كېپەك تاغدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق. نېمە ئانچە باغرى قاتتىقلىق قىلمىسىز؟ مېنى شۇنچە ئۇزۇن تاشلاپ كەتتىڭىز، ئەسلا يوقلىمىدىڭىز. ھېلىھەم بولسا، مۇشۇ نامەم قولىڭىزغا تەگكەن ھامان تېز كېلىڭ، ئىككىمىز بېشىمىز قايغان تەرەپكە قېچىپ كېتەيلى. ھايال بولماڭكى، مەن ھەم سىزنى ئىزلەپ چىقارمەن.» نامىنىڭ ئايىغىغا يەنە مۇنداق نەرمە پۈتۈپ قويۇپتۇ:

كەل مېنى دەپ ئەمدى سەن،
تېز ئەمىر بولغاندىن كېيىن.
سالدىم خېتىمگە سۆزنى مەن،
كەل نامە بارغاندىن كېيىن.

سەن كەلسەڭ ئاندىن تېگەي مەن،
ئىشقى ۋىسالىڭ بولاي مەن،
ھىجرىڭدە نالان قىلاي مەن،
سەن بىرگە كۆيگەندىن كېيىن.

دىشۋار ئىكەن ئاشىق يولى،
ھېچ كۆرمىسۇن ئادەم ئوغلى،
سايرا چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
خوش گۈلنى تاپقاندىن كېيىن.

سەن كۆپ مېنى دەپ چەكتىڭ ئاھ،
ھېچ كۆرگىنىڭ يوق گاھى-گاھ،
پاتراق كەلگىل تۇتايلى راھ،
مەن چۆرە بولغاندىن كېيىن.

كەتسەم كېرەك جاندىن كېچىپ،
كەلسە قازا سىنەم ئاچىپ،

① بۇ جاي قولىيازمىدىن ئۆچكەن.

چۇشسەم ساڭا مۇندىن قېچىپ،
يار مەيلى بولغاندىن كېيىن.

ھەق قىلسا بىزنى جۇپنى يار،
سەن بولغىل ئەمدى روزىگار،
كەلسەڭ سېنىڭ بىرلە قاچاي،
بىر خىلى بولغاندىن كېيىن.

كەيدىم تۇمەن گۇلگۇن لىباس،
بەرسەڭ كيەرمەن ھەم پالاس،
ئالدىمغا بولغىل چاپراس،
مەستانە بولغاندىن كېيىن.

قانىڭ بولاي بەرسەڭ قولۇم،
جان سەن بىرلە ئۆتسۈن كۈنۈم،
ئاسان ئەمەس تۇتقان يولۇم،
دىۋانە بولغاندىن كېيىن.

كەچتى سەلىمە ئەھلىدىن،
بىزارى بولدى خەلقىدىن،
تاپتىم يولۇمنى مەنىدىن،
تەيىيارى بولغاندىن كېيىن.

بىچارە ئەدھەم مەلىكىنىڭ نامىسىنى باشتىن-ئاياق ئوقۇپ، بىسيار شات بولغىنىدىن شەھرى بەلىخ تەرىپىگە قاراپ تازىم قىلدى ۋە مەلىكىنىڭ ئىنساپقا كەلگەنلىگىگە شۈكرى قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

رەھمىڭ كەلدىمۇ بىزگە،
ئەي كۆڭلى خىتاپ گەردە.
ئىشەنمەسمەن بۇ سۆزۈڭگە،
ئەي يارى شىتاپ گەردە.

ئاشىق بولمىغان كۆيمەس،
مەشۇقىغا كۆڭۈلى ئويماس،
شىرىن سۆزىنى ئېيتماس،
بىلدىڭمۇ ھساپ گەردە.

ئۆتتى دۇنيادىن شىرىن،
پەرھات ئىشقىدا تىرىن،
ئول لەيلى ئۈچۈن مەجنۇن،
كەچتى كارى باب گەردە.

كۆڭلۈمنى پەرىشان قىل،
يولۇڭدا ئۇرار ئاھ يىل،
قەدرىڭنى بىلەي سەن كەل،
بۇ جىسىم شىكاف گەردە.

راۋادۇرمۇ سەن قاچماق،
پىنھان سىرىنى ئېيتماق،
مىسكىنلەرگە ئوت ياقماق،
سۆز شولمۇ ئازاپ گەردە.

كۆيدى ئاتامىز ئادەم،
تۇتتى نەچچە يىل ماتەم،
يەتتى ۋەسلىگە شول دەم،
بىلگىل ئەي نىقاپ گەردە.

..............................
يۈسۈف بولدىلەر پىدا،
سۆردى يۈسۈفىم قايدا،
يوقالدى كاۋاپ گەردە.

چىقتى دەمبە دەم ئىزلەپ،
تاپسا قول سۇنار خوشلاپ،
ئالدى ئىلكىگە ئۇچلاپ،
جۇفت ئولدى شاراپ گەردە.

ئەدھەم دەر ھامان سائەت،
تېنىمدە قالمىدى تاقەت،
ئۇردۇڭ ۋەسلىگە ئاپەت،
بىر كۆڭلى خاراپ گەردە.

www.uyghurkitap.com



ئەدھەم ئاندىن بەلىخ شەھرى تەرە-
پىگە راۋان بولدى. ئۇ كۈنى يول يۈرۈپ
خۇپتەن ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كەلدى.
ئەدھەم قاراڭغۇدا شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ
يۈرۈپ مەلىكىنىڭ ئوردىسىنى پەرق ئېتەلمەي
قايغۇغا چۆكتى. «مەلىكىنىڭ قەسرىنى بىر
كىشىدىن سورىسام سىرىم پاش بولۇر، ئە-
گەر سورىمىسام بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىش
پۈتمەس. ئەمدى قانداق قىلۇرمەن؟» دەپ
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىشى بىر يارنى ئىزلەپ كەلسە،
بىلىپ ئول مۇندا چىقماسمۇ.
بىروگە سىرىنى پاش ئەتسە،
بېرىپ دۈشمەنگە چاقماسمۇ؟

تاشلاپ كەلدىم دىيارىمنى،
تاپارمەنمۇ ئول يارىمنى،
خازان بولغان باھارىمنى،
كىشى كۆرسە ئۆچۈرمەسمۇ؟

مېنى دەپ ئول خەبەر قىلغان،
بىلالمام ئول نىلەر بولغان،
ئوشۇل ھەم ئاتادىن قورقغان،
ياماندىن بارچە قورقماسمۇ؟

نە ۋاقتىدۇر دىسە ئەدھەم بار،
چىقالمايسەن ئۆيۈڭدىن يار،
ماڭا يوق ھېچبىر غەمخۋار،
مىرشاپ كەلسە سوقماسمۇ؟

ئەدھەم يەنە كوچىلارنى ئارىلاشقا
باشلىدى. ئۇ، ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى كو-
چىغا ئۆتۈپ مەلىكىنى بۇگۈن تاپالمايدىغان
ئوخشايمەن، دەپ سەلىمەنىڭ ئىشقىدا بۇ
بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىلاھى بەرمىدىڭ تەۋپىق،
بۇ نەپسىمگە قەرىب قۇلمەن،
سېنىڭ يولۇڭغا تائەت يوق،
ھەممىدىن بى نېسىپ قۇلمەن

ساڭا قۇل بولمىدىم ئەسلا،
خۇدا سەن بارچىدىن ئەلا،
ياراتقان باشتا سەن ئاللا،
ئۆزۈم بەدبەخت قۇلمەن.

ماڭا بىر مۇشكۈل ئىش چۈشتى،
بۇ تەلەي بەختىمدىن كۆچتى،
چىراغىم مەشئىلىم ئۆچتى،
كۆڭۈل تىندۇرمىغان قۇلمەن.

ئەدھەم دەر قىلدى گەريانى،
بولۇپ مەن نەپسى ھەيرانى،
ئۆرتەندى يارىغە جانى،
ساڭا ھېچ يانمىغان قۇلمەن.

ئەدھەم كوچىنىڭ ئايىغىغا بېرىپ
قارىسا، بۇ خالتا كوچا ئىكەن. ئارقىسىغا
يېنىپ چوڭ كوچىغا چىقىشى ھامان كىچە-
لىك كۆزەتچىلەرنىڭ مەشئەل كۆتىرىپ،
تاك - تاك چېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدى. ئەدھەم ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ
قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى كونا تامنىڭ دالدى-
سىغا يوشۇردى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر-
سۇن. ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى مەلىكىدىن
ئىشىتىڭ:

شۇ كۈنى مەلىكە: «مەن غازلاردىن
ئەدھەمگە نامە ئەۋەتكەن ئىدىم، ئۇ نامە
ئەدھەمگە تەككەن بولسا، ئوقۇپ كۆرۈپ
ئەلۋەتتە كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. كېچىسى كېلىپ
قالسا، مېنى ئىزلەپ تاپالماي ئۆز ماكانىغا
كېتىپ قالمىسۇن، مەنمۇ سىرتقا چىقىپ ئىز-

لەپ كۆرەي، ئۇنى تېپىپ ئالسام ئەجەپ ئەمەس»، دەپ ئۇردىدىن چىقتى. ئۇ، كوچىغا چىقىپ مەھەللىمۇ ـ مەھەللە ئىزلەپ ئەدھەمنى تاپالماي، ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

سىردىمنى بىلىندۈرگىل،
ھەمدىمىمگە جاپپارا،
ئول گادايغە يەتكۈرگىل،
بۇ غېمىمنى غاپپارا.

مەن ئانى دىبان چىقتىم،
كېچىلىكدە يول ئازدىم،
بىلمام يىغلىپ ياندىم،
راھىلىمنى رابىارا.

تارتتىم جەبىرلەر چەندان،
ئىزلەپ تاپمايىن ھەيران،
بۇ باشىم قاتىپ مەستان.
كۆز ھالىمنى ساتتارا.

قايدا ئىكەنىن بىلمەي،
ئالدى ـ كەينىمگە باقماي،
سەلىمە ياندى يول تاپماي،
ياندىم ئۆيگە قاھھارا.

مەلىكە ئوردا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، ئەدھەمنىڭ ئالدىغا ئۇچرىغان كۆزەتچىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، شەپە چىقارماي تېز-تېز مېڭىپ، ئەدھەم مۆكۈۋالغان ۋەيرانە تام كەينىگە ئۆتۈپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى. كۆزەتچىلەر ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. مەلىكە ئۇ يەردە بىر ئاش پىشىمگىچە ئولتۇرۇپ مۇنداق بىمەھەل كېچىدە ئەدھەمنى ئىزلەپ چىققىنىغا پۇشايمان قىلدى. «مېنى ئىزلەپ كەلمىگەن ئەدھەمنى دەپ نىمە ئۈچۈن ئوردىدىن چىققاندىمەن؟ ئۇ قەلەندەر مېنى تازىمۇ تەقەززا قىلدىغۇ؟ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز ئايىغىم بىلەن چىقىپ، ئۆز ـ ئۆزەمگە جاپا قىلدىم. ئەمدى قايتاي دىسەم، دەرۋازا ئېتىكلىك. ئەگەر ئەتە ئوردىغا بارسام ئاتام نەگە باردىڭ؟ دەپ ناھەق ئۆلتۈرىدۇ. ئەمدى قانداق قىلۇرمەن؟» دەپ ئەندىشە قىلىپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

سۇندۇرمىغىل ياشلىغىمنى،
بىزنى ئادا يۇتقان پەلەك.
كىمگە ئېيتاي ئىچ دەردىمنى،
بىزنى قازا تۇتقان پەلەك.

تاپمىدىم ھىچ دەرتكە دەرمان،
قالدى بولغاي مەندە ئارمان،
ئاتام قىلسا بىزگە پەرمان،
بىزنى جاپا تۇتقان پەلەك.

قاچاي دىسەم بىلمام يولنى،
تىكەن يىرتار گۈل پەردىنى.
ھەقغە ئېيتاي ئىچ دەردىمنى،
بىزنى ئەجەل تۇتقان پەلەك.

سەلىمە دەر چىقتىم ئىزلەپ،
ئول خۇداغا چەندان يىغلاپ،
ئىشق ئوتىدا باغرىم داغلاپ،
بىزنى گۇمراھ تۇتقان پەلەك.

مەلىكە ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى. ئەدھەم مۇناجاتنى ۋە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتەردى. ئاندىن: «ئەي يىغلىغۇچى، سىزگە نىمە ۋەقە يۈزلەندى؟ نىمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ ئىسمىڭىز نىمە؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ»، دەپ تەسەللى بەردى.

بۇ ناتونۇش كىشىدىن بۇنداق تەسەللى

www.uyghurkitap.com



سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ كۆڭلى سەل تىندى ۋە: «ئەي مەندىن ھال سورىغۇچى كىشى، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ مېنىڭ بۇ پىنھان يەردە يىغلىشىمنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بار!» دېدى. ئەدھەم: «سىزگە يەتكەن ئازاپ بىلەن ئورتاقلاشسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەلىكە: «يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ كېچىدە مەشۇقۇمنى ئىزلەپ چىققان ئىدىم. دىققەتسىزلىكتىن كۆزەتچىلەرگە ئۇچراپ قېلىپ بۇ ۋەيرانلىققا قېچىپ كىردىم. ئىزلىگەن كىشىمنى تاپالماي، ئۆز ماكانىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن!» دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

چىقتىم كېچە يۈز دەرت بىلەن،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.
شەرت ئەيلىدىم ئول زامان،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

چىقتىم گادايى تاپقىلى،
دەرتكە مەلھەم باسقىلى،
ئۆزۈمنى ئاڭا قوشقىلى،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

كەلدىم يولۇمنى يۈتتۈرۈپ،
مەن نامە بىرلەن كەلتۈرۈپ،
ئۆيدىن چىقتىم ئىزلەپ يۈرۈپ،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ھالىمنى مەن ئۆيدە قويۇپ،
قان يىغلارمەن ئىزلەپ يۈرۈپ،
ياش ئورنىغا قانلار تۆكۈپ،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ئاتىم سەلىمە، شاھ قىزى،
بولغىل ئىشتىپ ئاگاھى،
كەتمەس يۈرەكتىن ئىشق ئوتى،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ئەدھەم مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «بىچارە مەلىكە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، مېنى شۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئىزلەپ چىقىپ شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپتۇ»، دەپ ئۆزىنى مەلىكە سەلىمەگە بىلدۈرمەك ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن ئىشىتىپ سۆزۈڭگە،
كەلدىم بۇگۈن خاس ئىخلاس.
مۇشتاق ئىردىم يولۇڭغا،
تۇردۇم بۇگۈن خاس ئەلخاس.

قان يىغلىدىم كۆرگۈنچە،
نامىڭ يېتىپ بارغۇنچە،
سېنى دىسەم ئۆلگۈنچە،
سۆيدۈم بۇگۈن خاس ئەلخاس.

كەتسەڭ دۈشمەن ئارادىن،
كۆرمەس بولساق جاپاسىن،
تاپتىم كۆڭۈل مۇرادىن،
كەتسەم ئىلىپ خاس ئەلخاس.

مۇندىن چىقىپ كېتەيلى،
تاڭ ئاتقۇنچە قاچايلى،
بىر گۇشەدە ياتايلى،
يۈرگۈم بۇگۈن خاس ئەلخاس.

ئاندا ئۇلۇغ ئاتام بار،
ئول ھەم بولۇر بىزگە يار،
بىر مەخپى يەر شۇندا بار،
ئالغۇم بۇگۈن خاس ئەلخاس.

ئاتىم ئەدھەم دىۋانە،
خانۇ ماندىن بىگانە.

بىزگە يامان زامانە،
تاپتىم سىنى خاس ئەلخاس.

ئەدھەم مەلىكىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى. مەلىكە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «سەن راستىن ئەدھەم دىگەن قەلەندەرمۇ؟» دەپ سورىدى، ئەدھەم: «ئارى مەن. ئەي خېنىم، سىز غازلاردىن ماڭا نامە ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، نامىڭىزدا تېزدىن يېتىپ كەل، ئىككىمىز تەقدىر خالىغان جايغا قېچىپ كېتەيلى، دىگەن ئىكەنسىز. شۇ نامىڭىزغا ئىشىنىپ خوشاللىغىمدا بەلىخ شەھرى قېنى سەن دەپ، كۆز باغلانغاندا شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. كېچىدىن بېرى ئۇ يەرگە - بۇ يەرگە دۇقۇرۇپ يۈرۈپ كۆزەتچىگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ ۋەيرانلىققا قېچىپ كىردىم، كېيىن سىزمۇ كىرىپ كەلدىڭىز!» دىدى.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، كېچىدىن بۇيان تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمنى ئاللاتائاللا زايا قىلماپتۇ. ئەمدى مۇرادىمغا يېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى ۋە: «ئەي ئەدھەم، سەن باتۇر يىگىت ئىكەنسەن، يالغۇز تۇرۇپ كۆپ ئىشلارنى قىلدىڭ. شۇ كۈنى سېنىڭ قىلغان كارامەتلىرىڭنى كۆرۈپ ماڭا بىر ئىشق ئوتى تۇتاشتى. شۇندىن بۇيان ئۆيدە ئولتۇراalmاي قالدىم، بۈگۈن كېچىلەپ سىنى ئىزلەپ چىقتىم»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىم ئۈگەتتى سىزگە چىن،
مۇنچە كالام قىلماقنى؟
ئەۋلىيالار ئەھلىدىن،
مۇنچە سالام قىلماقنى؟

قايسى كىتاپ بىلدۈردى،
سىنى كىملەر يەتكۈردى،
مىنى كىملەر كەلتۈردى،
مۇنچە كەرىم قىلماقنى؟

سەن ئىكەنسەن ئەۋلىيا،
ئىشىڭدە يوق ھىچ رىيا،
راستىڭ دىگىل بۇ يەردە،
مۇنچە ئىشنى قىلماقنى!

سەن ماڭا سۆز قىلماغىل،
تېز بول يىراق ئەپ كەتكىل،
ئاندىن سوئال سوراغىل،
مۇنچە ئىكرام قىلماقنى.

سىرنى كىشى بىلمىسۇن،
دۈشمەن كۆرۈپ قالمىسۇن،
ئاتامغا چېقىپ قويمىسۇن،
ئىنئاملارنى ئالماقنى.

سەلىمە دەر قاچايلى،
نەچەن يوللار ئاشايلى،
ئۆلگۈنچىلىك ياتايلى،
ئاندا مۇقام قىلماقنى.

ئۇلار بىر بىرى بىلەن تېپىشقىنىغا شۈكرى قانائەت قىلىشىپ ۋەيرانلىقتىن چىقتى، خالى كوچىلار بىلەن يۈرۈپ سېپىل تۈۋىگە كېلىشتى. سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سېپىلنىڭ كۈنگۈرىسىگە كەمەرنى باغلاپ بىر - بىرلەپ پەسكە چۈشتى. خەندەكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەدھەم مەلىكىنى يۈدۈپ ھەقتائالانى ياد ئېتىپ ئۆز ماكانىغا راۋان بولدى. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن مەلىكە: «ئەي ئەدھەم، سېنىڭ ماكانىڭ قەيەردە؟ خېلى ئۇزۇن يول يۈردۈق، خوپ چارچىدىم. تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى. سەن مېنى يۈدۈپ يۈرسەڭ گويا مەن سىنى يۈدۈپ يۈرگەندەك پۈتۈن ئۇستىخانلىرىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. تېزرەك مېنى بىر جايغا يوشۇر، مۇبادا بىرەر كىشى مېنى كۆرۈپ قېلىپ ئاتامغا چېقىپ قويسا، بىزنى پالاكەت باسىدۇ»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاڭ يورۇدى پاتراق بول،
يوشۇر مېنى بىر تەرەپ.
قىلما مېنى سەن كۆپ مالال،
قاچۇر مېنى بىر تەرەپ.

تاڭ ئاتسا ئەھلى كۆرەرلەر،
سالاھىمدىن تونارلەر،
ئاتامغا چېقىپ قويارلەر،
تاپار مېنى كىم بىر تەرەپ.

ئاتام بۇ ئىشنى بىلسەلەر،
ئۆزى كېلىپ تۇتارلەر،
رىگىستاندا ئاسارلەر،
چاپار مېنى كىم بىر تەرەپ.

تېز بول ئاسان سەن تېز بول،
كەزدىڭ يۈرۈپ سەن نەچچە يول،
باقسام بۇ يول چۆل ئوكۈ-سول،
تۇشۇر مېنى كىم بىر تەرەپ.

ئول دەم بىلىپ كېلىپ مەن،
غېرىپلىغىڭنى بىلىپ مەن،
سەن بىرلە بىر بولۇپ مەن،
ئاشۇر مېنى كىم بىر تەرەپ.

سەلىمە دەرلەر نەچچە خىل،
باشقا كېلۇردىن باشتا بىل،
قىلدىم سۆزۈمگە بۇ دەلىل،
كەچۇر مېنى كىم بىر تەرەپ.

ئەدھەم مەلىكىگە تەسەللى بېرىپ: «ئەي مەھبۇبەم، مېنى بىر كىشى كۆرۈپ قالۇرمىكىن دەپ ئەسلا غەم قىلماڭ. مەن ھاياتلا بولسام ھېچكىم سىزنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ مەنزىل شەھەرى بەلختىن شۇنچە يىراقكى، ئادىمىزات بىر يول يۈرسىمۇ بۇ يەرگە قەدىمى يەتمەس. ماكانىمىزگە يەتكىلى ئاز قالدۇق. كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ»، دېدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەزەل ۋاقتىدا خۇدايىمىز،
ياراتقاندۇر گادا مېنى.
بىر-بىرىمىز جۈپت ئەيلە بان،
تۆرەتكەندۇر خۇدا مېنى.

ئادەم ئاتام ھاۋا بىرلەن،
جۈپتىن بولۇشتى نىدا بىرلەن،
يېتىم كۆڭلى خۇدا بىرلەن،
يول يۈرەردۇر ئىزا يەبى.

يۈسۈف ئۆتتى يارىم دېمەي،
ئەسلا زىلەيخانىم دېمەي،
زىنداندا چۈشتى غەم يېمەي،
قىلدى نىچۇك سەدا يەبى.

ئۆتتى تامام ھارۇن، مۇسا،
ئەيسائۇ مەريەم بى ئادا،
ئۆتتى ئۇ شۇنداق مۇستاپا،
قېنى كۆرۈڭ قازا يەبى.

سىدىق، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى،
قېنى ھەسەن-ھۈسەن ۋەلى،
ئول بەندىلەرنىڭ ئەۋزىلى،
قىلدىمۇ دۇن ۋاپا يەبى.

بارچە نەبى مۇرسىل ئۆتتۈپ،
كەتتى بېھىشت سىرى كۆچۈپ،
قالدۇق جاھاندا بىز تۇرۇپ،
كۆرمەك كېرەك جاپا يەبى.

ئەدھەم ساقا پەندىن ئېيتۇر،
تاڭ ئاتقۇنچە يېتىپ بارۇر،
قىلغۇم سېنى تازا مەستۇر،
قىلسا خۇدا نىدا يەبى.

ئەدھەم تاڭ ئاتقىچە مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئەدھەمنىڭ قۇمۇشتىن ياسۋالغان كەپىسى بار ئىدى. ئۇ، مەلىكنى ئۆشنىسدىن چۈشۈرمەي كەپىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئاستا يەرگە قويدى. مەلىكە بۇ كەپىنى كۆرۈپ: «ئەي ئەدھەم، سېنىڭ ئۆيۈڭ مۇشۇمۇ؟ مۇنداق چەللە باراڭدا مەن ھەرگىز ئولتۇرمايمەن»، دەپ يىغلاپ كەپىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئۆلگەن ياخشى يا ئەدھەم،
مۇنداغ ئۆيگە كىرگۈنچە.
ئولتۇرماسمەن بىر زامان،
تىزىم يەرگە پاتقۇنچە.

ياخشى ماكان تېپىپ بەر،
يا بولمسا ئېتىپ بەر،
كەلدىم غېرىپ بولۇپ مەر،
ياتاي ئەلنى كۆرگۈنچە.

مۇندا كەلدىم سېنى دەپ،
ياخشى ئۆيلەرنى تاشلاپ،
ئاتا ـ ئانامدىن مەن كېچىپ،
سېنى دىدىم ئۆلگۈنچە.

كۆپ قۇلۇم بار خىزمەتلىك،
ئالتۇندىن ئۆي سېلىقلىق،
كىمخاپ بىسات سېلىغلىق،
ئېردى ئۆزۈم ياتقۇنچە.

ھالىم ھالغا ئۇلىشىپ،
بارچە ھەمدەم بولۇشۇپ،
خادىملىرىم قارىشىپ،
تۇرار ئېردى كىرگۈنچە.

سەلىمە دەر كىرمەسمەن،
بۇ كەپەكدە ياتماسمەن،
شەھەرگە قايتىپ كەتمەسمەن،
ئۆلۈپ كېتەي يانغۇنچە.

مەلىكە ئەدھەمنىڭ كەپىسگە كىرگىلى ئۇنىماي: «ئەي دەرىخ، ئۆز ئايىغى بىلەن بىراۋنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئاتا ـ ئانا، تۇغۇلغان ئەل ـ يۇرتتىن كېچىپ كەلگەننىڭ جازاسى شۇمۇ؟ مەن تېخى بۇ قەلەندەرنىڭ ئۆي ـ ماكانى باردۇر، دەپ خىيال قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدىم. ئەسلا ئۆيى يوق ماكانسىز قەلەندەر ئىكەن. بۇنداقلىغىنى ئاۋال بىلگەن بولسام، بۇ ئەسكى كەپىگە ھەرگىز ئاياق باسماس ئىدىم. ئەي بەختسىز سەلىمە!» دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ تاجى ـ دۆلتى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى.

ئەدھەم سەلىمەدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ: «ئەي مەھبۇبەم، كۆڭلىڭىزنى مۇنچە پەرىشان قىلماڭ. ئاتىڭىزنىڭ ئالتۇندىن قىلغان ئايۋان ـ سارايلىرىدىن مېنىڭ بۇ ئەسكى كەپەم ياخشىراق. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ باغۇ بوستانلىرىدىن كەپەمنىڭ ئەتراپىدىكى يانتاق ـ قامقاق، قۇمۇشلار مىڭ ئەۋزەل. ئەگەر مەن دۇنيانى دىسەم مۇنداق يۇرمەس ئىدىم»، دەپ مەلىكىگە ھەر خىل چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ، مال ـ دۇنيادىن كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ بۇ ئەسكى كەپەمنى،
ئۇلۇغ مەئۋايىغە بەرمەسمەن.
بۇ راھى تۇرفە زەيفىمنى،
بەلەند ئىقبىغا بەرمەسمەن.

مەغلان دەشتىنى تۇتتۇم،
خالايىق ئىچىدىن ئۆتتۇم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تۇغۇلدۇم مۇندا چوڭ بولدۇم،
سەھى بازارغا بەرمەسمەن.

ئىمارەت باغۇ بوستانىنى،
دىلىم خوشلمايدۇر ئىنسانىنى،
چىمەن بۇلبۇل گۈلىستانىنى،
ئۇشبۇ ئەئلاغا بەرمەسمەن.

ئاتام ئۆتكەن، ئانام ئۆتكەن،
قازا كەلگەندە تەڭ كۆچكەن،
ماڭا گۈلشەن تۇرۇر تىكەن،
ئۇنى سەۋداغا بەرمەسمەن.

تەئەللۇق مەندە ھىچ مال يوق،
غەنى قۇللاردا ئەئمال يوق،
غېرىپ مەن بىر يېتىم ھال يوق،
ئىشىم بەرپاغا بەرمەسمەن.

تىلەپ تاپقان غىزايىمنى،
ساتار مەن كىم سادايىمنى،
قىلۇرمەن ياد خۇدايىمنى،
شۈكرى سالۋاغا بەرمەسمەن.

گاداي ئەدھەم قەلەندەرمەن،
تۇتۇپ بۇ يەردە ماكان مەن،
تونۇڭ بىر گۆرنى كولارمەن،
تۇگەل دۇنياغا بەرمەسمەن!

سەلىمە ئەدھەمنىڭ، بىر گۆر كولاي- مەن، گۆرگە سىزنى سولايمەن، دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە: «ئەي قەلەندەر، تېخى مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆرگە سولامسەن؟ ھەر كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ، بىراۋ- نىڭ كەينىگە كىرسە، مۇشۇنداق ئاقۇەتلەرگە قالامدۇ؟» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىشى بىر ئەر كىشىنى دەپ،
ئۆز مەيلىچە كېلۇرمۇ؟
ئاتامنى مەن يامان دەپ،
مۇنداغ يەرگە كېلۇرمۇ؟

مەن بۇ ئەرنى دىمىسەم،
ئۆز جايىمدىن چىقمىسام،
كەينىڭگە كىرىپ كەلمىسەم،
ماڭا ئەلەم بولۇرمۇ؟

كۆردۈم شەھەرگە ئۇزاغلىق،
ئىكەن خالى بۇ چاغلىق،
تارتتىم بۇ يەردە خارلىق،
كەلگەن زارلىق تارتارمۇ؟

ھەر كىم يامان بولمىسا،
ئەلگە زۇلۇم سالمىسا،
ئۆز ھەددىنى تونىسا،
ئۆز يۇرتىدىن چىقارمۇ؟

بۇ مەنزىلىك قۇم چىغان،
يىرتىلىپ تۇرماس بۇ چاپان،
قىلسام بولماس پۇشايمان،
قىلغان بىرلەن قويارمۇ؟

سەلىمە دەر بولمىدى،
بىر يار دىگەن يانمىدى،
دۇررى گۆھەر ئالمىدى،
دۇنيا دىگەن كېلۇرمۇ؟

مەلىكە ئەدھەمگە ئەگىشىپ بۇ جاڭ- گالغا كەلگىنىگە يۈز مىڭ پۇشمانلار قىلىپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ زار - زار يىغلىغلى تۇردى.

ئەدھەم مەلىكىنىڭ بۇ ئەلپازىغا قا- راپ، يانچۇغىدىن دۇررى - گۆھەرلىرىنى

ئالدى ۋە: «ئەي مېھرىۋان مەھبۇبەم، ئەي مەلىكە دىلسۆزۈم، سىزگە دۇنيا كېرەك بولسا مانا ئېلىڭ. بۇ قىممەتباھا تاشلارنى سىزنىڭ تويلۇغىڭىزغا تەييارلاپ قويغان ئىدىم. بۇلار ئاتىڭىزدەك ئون پادىشانىڭ بايلىغىغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇ ماكان كۆڭلى سۇنۇق، كۆڭلىدە زەررىچە كىبرى يوق كىشىلەرنىڭ ماكانىدۇر، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قويغىل كىبرى ھالىڭنى،
غېرىپ بولغان چاغىڭدا.
كۆرۈپ قالدىم ئۆزۈڭنى،
ئاشىق بولغان باغىڭدا.

كەچكىل خىيال پاستىدىن،
بولغىل سەن ھەم ئاشىقدىن،
ساڭا لايىق ئۇشبۇدىن،
قاراپ تۇرغان چاغىڭدا.

ھالا بىر گۆر كولارمەن،
مۇلۇككە پەشۋا ئۇرارمەن،
تۈن - كۈن ھەقغە يىغلارمەن،
مۇنچە كەلگەن چاغىڭدا.

ياتقىل گۆرنىڭ ئىچىندە،
غەيۋەت خەلقنىڭ ئىچىندە،
تەۋپىق تىلەي ئامىن دە،
يېتىم بولغان چاغىڭدا.

قوبۇل قىلسا ھەق جاپپار،
ئېزىز ئاتام خىزىر بار،
ئەدھەمگە سەن بولغىل يار،
دىسە كېلۇر چاغىڭدا.

ئەدھەمنىڭ بۇ ياللۇقلۇق سۆزلىرى ئەندەك تەسىر قىلىپ، مەلىكە تەۋپىق ھىدايەت تاپتى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، زار - زار يىغلاپ: «ئەي ئەدھەم، ماڭا دۇئا قىلىڭ!» دەپ ئىككى قولنى ئېچىپ تۇردى. ئەدھەم قىلۋىگە قاراپ مەلىكىنىڭ ھەققىگە كۆپ دۇئا قىلىپ، ئاتىسى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىپ، ئىكا ئەقدە قىلىپ قويۇشنى ئاللاتائالادىن تەلەپ قىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كۆپ سېغىندىم ئۆزۈڭگە،
يەرۇ كۆكنىڭ خۇدايى،
رەھىم ئەيلەگىل قۇلۇڭغە،
ھەم مەخلۇقنىڭ خۇدايى.

ساڭا كۆزۈم تىكىپمەن،
ئۆز يولۇڭغا كىرىپمەن،
سەندىن تىلەك تىلەيمەن،
ئاجىزلارنىڭ خۇدايى.

سانسىز مېنىڭ دەردىم بار،
ئىچ - تاشىمدە رەنجىم بار،
ساڭا بۈگۈن ئەرزىم بار،
بارچە قۇلنىڭ خۇدايى.

بولدى يارىم كۆپ مالال،
بارىدۇرلەر ئۆزگە ھال،
كەلسە ئاتام دەرمە ھال،
ئىنسى - جىننىڭ خۇدايى.

بىزگە كەرىم ئاتا قىل،
خەيلى خۇش دىن جۇدا قىل،
ھاجىتىمنى راۋا قىل،
بارچىمىزنىڭ خۇدايى.

كۆپ داد ئېيتار يىغلاپ ھەم،
يارىم قورقۇپ قىلۇر غەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويىدى باشىن خاك ئەدھەم،
غېرىپلارنىڭ خۇدايى.

شول زامان ھەق سۇبھانە ۋەتائالانىڭ پەرمانى بىلەن، خىزىر ئەلەيـھىسسالام ھازىر بولۇپ: «ئەي ئەدھەم، كۆزۈڭنى ئاچ!» دىدى. ئەدھەم كۆزىنى ئېچىپ خىزىر ئەلەيـھىسسالامنى كۆردى. خوشاللىغىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سالام قىلدى. خىزىر ئەلەيـھىسسالام ئەدھەمنىڭ سالامىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەي ئوغلۇم، قانداق سۆزۈڭ بار؟ ماڭا دىگىن، مۇرات ـ مەقسىدىڭنى ھاسىل قىلاي، يىغلىما!» دەپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلىدى.
ئەدھەم خىزىر ئەلەيھىسسالامىغا: «ئەي غېرىپلارنىڭ ئاتىسى، سىلىگە ھاجىتىم شۇكى، مەھبۇبەمنى كەمنە پەرزەنتلىرىگە نىكا ئەقدە قىلىپ قويىسىلا ئىكەن. كۆڭلۈم ھەزرەتلىرىدىن شاد بولسا!» دەپ يەرگە قاراپ تۇردى.
شۇ ھامان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام مەلىكىنى ئەدھەمگە ئەقدە نىكا قىلىپ قويىدى. ئاندىن ھەر ئىككىسىگە بەخت تىلەپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئەدھەم شۇ كۈنى گۈل سەلىمەدىن مۇرات ھاسىل قىلدى. مەلىكە ئەدھەمدىن «گۆر ئوغلى» غا ھامىلدار بولدى.
بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەدھەم مەلىكىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، كەپىنىڭ كەينىدىن مۇۋاپىق جاي تاللاپ ئازادە بىر «شەرمى گۆر» كولاپ، ئۇنى لاي بىلەن سۇۋاپ چىقتى. بىساتلار سېلىپ ھەممە تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، شەرمى گۆرگە مەلىكىنى تەكلىپ قىلدى. مەلىكە بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى ۋە زار ـ زار يىغلاپ: «ئەي ئەدھەم، مەن دۇنيادىن كەتمەي تۇرۇپ گۆرگە كىرىدىغان ئوخشايمەن!» دەپ گۆرنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بولدۇم جۇدا پەلەكتىن،
ئايرىغۇچى كىم ئېردى،
چىقتى ئاھىم يۈرەكتىن،
ئاڭلىغۇچى كىم ئېردى؟

كېچە ـ كۈندۈز يىغلىسام،
باغرىم ئوتقا داغلىسام،
ئۆلمەي تۇرۇپ يولۇقسام،
سولىغۇچى كىم ئېردى؟

ماڭا بۇ گۆر زىنداندۇر،
كۆيەر باغرىم بەرياندۇر،
جانىم ئاڭا قۇرباندۇر،
ئاسرىغۇچى كىم ئېردى؟

كەلدىم مۈلكۈمنى تاشلاپ،
تۇردۇم مېھنەتنى خوشلاپ،
ئىككى كۆزۈمنى ياشلاپ،
يوقلىغۇچى كىم ئېردى؟

قالدىم قايغۇ ـ ئەلەمگە،
تۇشتۇم ئۆزۈم ئەدھەمگە،
رازى قىلغان ئىشىمگە،
ياراتقۇچى كىم ئېردى؟

كەلدى مۇندا سەلىمە،
قىلدى دۇنيا غېمىنە،
ئەرەپ، ئەجەم، مەدىنە،
چىن ئۆلگۈچى كىم ئېردى؟

ئەدھەم مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بەرمەك ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دىمە دۇنيا ئىشرەتىن،
بۇ ئىش ئەمەس كىم كارىدىن.
بى سەۋەپ ئەمەس بۇ ئىش،
سۈنئىتى جاپپارىدىن.

ئاتاڭ ئىكەن شاھى رەقىپ،
چوڭ قىلىپدۇر سىنى بىقىپ،
كەلدىم جاھانغا ئوت يىقىپ،
ئۇشبۇ پەلەك گەرداردىن.

ئىردىم ئۆزۈم مەن بىر گادا،
قىلدىم ئىشىكىڭدە مەن سازا،
بوادۇڭ بەھەم سەن ماڭا،
ئالدىم ئاتاڭ مەككاردىن.

ئۆلدى تامام ئەجدادىمە،
مەن ھەم بىرۇرمەن باشىمە،
كۆڭۈل بىرىپ دۇنيا دىمە،
كەچكىل ئاتاڭ خۇنخۋاردىن.

كىرەلمەي بۇ گۆرگە شاھ، گادا،
بولدۇم بۇ ئىشققا مۇپتىلا،
بولغۇم سىنى دەپ مەن ئادا،
ئاڭلاپ كىلىپ مەن ساردىن.

يارىم بۇ ئىشقا شۇكرى قىل،
ئۆمرۈڭ ئۆتەرگە پىكرى قىل،
بولما بىتاقەت سەبرە قىل،
كەلمەس ۋاپا دىداردىن.

سەن خەيش تابادىن بول يىراق،
كەتسۇن يۈرەكتىن دەرت - پىراق،
سالغىل سۆزۈمگە سەن قۇلاق،
بىر سۆز ئىشىت دىلداردىن.

دىمە قاشىمدە تام خەيش،
كەتتى قولۇڭدىن ئۇشبۇ فش،
بۇ يەر ئىرۇر سەككىز بىھىشت،
بىر ئۆي تۇتۇڭ تەيياردىن.

سۆيمە جاھانى يان بۆيان،
بۇ گۆر بىھىشتدۇر يەر قويان،
قىلماس ۋاپا ئۇشبۇ جاھان،
ئالغىل خەۋەر ئەسراردىن.

ئەدھەم دەپ ئىيتۇر زىنھارى،
بولسا بۇ گەنجىڭ بىشۇمار،
قالغاي بۇزۇلۇپ بى مادار،
قىلدىم نىشان ئىزھاردىن.

مەلىكىگە ئەدھەمنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلىپ: «ئەي ئەدھەم، دۇنيا ئىشى شۇنداق بولسا، ھەممىدىن كەچتىم، مەن ھەم ساڭا ئوخشاش پىقىرلىقنى ئىختىيار قىلدىم، مۇنـدىن كىيىن ھەقتى ئاللانىڭ رازىلىغىنى ئىستەيمەن»، دەپ بۇ بىيىتنى ئوقۇدى:

تاشلىدىم مەن بارچىنى،
دۇنيانى مەن قويدۇم تامام.
ئۆي، مۈلۈك، باغ ھەممىتى،
ئەھباب بىلەن قويدۇم تامام.

دۇنيانى دەپ كەچسە كۈنۈم،
شەيتان لەئىن تۇتسا يولۇم،
ئىمان كەتسە مەندىن ئول دەم،
كەلسە كىرەر گۆرگە تامام.

قىلسا ئىگەم ئىمان ئاتا،
كىتەر ئىكەن قۇلدىن خاتا،
كەلمەس دوزاختىن ھىچ جاپا،
سالسا ئىگەم ئاڭا تامام.

قىلسا كىشى مۇندىن سەپەر،
مۇنكىر - نەكىر گۆرگە كىرەر،
چەندان سوئال گۆردە سورار،
ئالۇر جاۋاپ قويماس تامام.

www.uyghurkitap.com



سەلىمە دەر قاتسا بۇ باش،
بولسام ئىدىم بەندە نەكاش،
قالماس قېچىپ نە قېرى - ياش،
بىر - بىر ئۆلۈپ كەتتى تامام.

مەلىكە ئەدەمەنىڭ كەمبەغەل، نامراتلىقىغا تەن بېرىپ، سۇئالتانلىق تەمەسىنى كۆڭلىدىن مۇتلەق چىقاردى. ئۆلمەي تۇرۇپ قاراڭغۇ گۆرنى خوش كۆرۈپ ئەدەمەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ شەمى گۆرنىڭ ئىچىگە كىردى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شاھ مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

شاھ مەھمۇرخان قىزىنىڭ قەسىردە يوقلۇقىدىن بىخەۋەر، ئۇنى دىھود شەھرىنىڭ پادىشاسىنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دىھودنىڭ شاھى ئوغلى موساخانغا، شاھ مەھمۇرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شەھرى بەلخقە داغدۇغىلىق توي باشلاپ كەلدى. يىگىرمە كۈن شاھانە توي بولدى. تويغا قاتناشمىغان شاھ، گادا، غېرىب - مىسكىن، تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇل قالمىدى. يىگىرمە بىرىنچى كۈنى قازى - قۇززات، ئۆلىما - ئاخۇنلار نىكا قىلماقچى بولۇپ: «قىز - يىگىتنى ھازىر قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇندىن كېيىن قازى: «ھەي گۈل سەلىمە، ئۆزلىرىنى شاھزادە موساخانغا قوبۇل قىلدىڭمۇ؟» دېگەن ئىدى، ئىچكىرىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىسىمۇ، ئىچكىرىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. شۇ ۋاقىتتا گۇۋاچى شاھىتلار: «مەلىكە ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ. ئەگەر مەلىكە بولسا ئاۋازى ئاڭلىنۇر ئىدى»، دېيىشتى.

شاھ مەھمۇرخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەر غەزەپ بولۇپ ئىچكىرى كىردى. ئۇ مەلىكىنى ھەممە ئۆيلەرنى ئىزلەپ تاپالماي، خوتۇنى ۋە كېنىزەكلىرىدىن: «قىزىم قېنى؟» دەپ سورىدى. ئۇلار شاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ تىترىشىپ: «ئەي پادىشاھى ئالەم، بىرنەچچە زامان بولدى، مەلىكەم ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. بىر ئىزلىمىگەن شەھەر تاغ - باياۋان قالمىدى. مەلىكەمنىڭ يوقلۇقىنى ئۆزلىرىگە ئاڭلىتايلى دېسەك، قەھرى - غەزەپلىرىدىن قورقتۇق»، دەپ يەرگە قارىشىپ تۇرۇشتى.

شاھ مەھمۇرخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەك ئوسال بولدى ۋە تاشقىرى چىقىپ يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچىسىگە ئەھۋالنى تەپسىلى ئېيتىپ دىھود شاھىغا ئۆزرە ئېيتىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى. توي باشلاپ كەلگۈچىلەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن لايىغىدا ئۇزىتىپ قويدى. جامائەت تولۇق ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن، شاھ مەھمۇرخان ۋەزىر - ئەمىرلىرىگە: «قىزىم سەلىمەنى قەيەردىن بولسا تېپىڭلار! ئۇنى دىۋە - پەرىلەر ئېلىپ قاچتىمۇ يا قاراقچىلار ئېلىپ قاچتىمۇ؟ ياكى ئۆتكەندە شەھەرنى سۇغا باستۇرغان قەلەندەر ئېلىپ كەتتىمۇ؟ ھاياتمۇ، ئۆلۈكمۇ؟ تېزرەك ماڭا بىر نىشانە بېرىڭلار! كۆڭلۈم تىنچىسۇن»، دەپ پەرمان قىلدى ۋە مۇنەججىم قۇرئاندازلارغا: «مەلىكە توغرىسىدا قۇرئە بېقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى.

قۇرئاندازلار قۇرئە باقتى. بىرىنچى قۇرئىدە: مەلىكىنىڭ يەر يۈزىدە ئەمەس، چوڭقۇر بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن دالالەت بەردى. ئىككىنچى مەرتىۋە قۇرئە تاشلاشتى: گۈل سەلىمە بەلخ شەھرىنىڭ تەۋەسىدە بارلىقىدىن بېشارەت بولدى. ئۈچىنچى مەرتىۋە قۇرئە سالغاندا، مۇنەججىملەر: «مەلىكە ھايات ئىكەن، قارا يەرنىڭ تېگىدە ھامىلىدار بولۇپ يېتىپتۇ. ھامىلىسى ئوغۇل ئىكەن»، دەپ ئەھۋالنى شاھ

مەھمۇرخانغا بىر - بىر بايان قىلدى.

شاھ مەھمۇرخان مۇنەججىملەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا چۆمدى. خىلى ئۆتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ: «ئەي قۇرئاندازلار، قىزىمنىڭ قوسىغىدىكى بالىسى يورۇق دۇنياغا چۈشسە، چوڭ بولۇپ نىمە ئىشلارنى قىلۇر؟» دەپ سورىدى.

مۇنەججىم قۇرئاندازلار قۇرئى ئېيتتىكى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇ بالا چوڭ بولسا ھەزرەتلىرىنىڭ ئورنىغا پادىشا بولغۇدەك.» شاھ مەھمۇرخان يەنە سورىدى: «ئۇ بالىنىڭ ئاتىسى پادىشا زادىمۇ ياكى رەئىيە پۇقرامۇ؟» مۇنەججىملەر قۇرئىغا قاراپ: «بالىنىڭ ئاتىسى پادىشا زادە ئەمەس، قەلەندەر زادە ئىكەن»، دېيىشتى.

شاھ مەھمۇرخان: «ئەي قۇرئاندازلار، مەن ئۆز ئەجىلىم بىلەن ئۆلەمەنمۇ ياكى قەست بىلەن كىشىلەر قولىدا ئۆلەمەنمۇ؟» دەپ سورىدى.

مۇنەججىملەر قۇرئى سېلىپ دىدىكى: «ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى كىشى قولىدا ئۆلىدىكەنلا!»

مەھمۇرخان يەنە سورىدى:

— مېنى قانداق كىشى ئۆلتۈرىدىكەن؟

مۇنەججىملەر:

— ئۆزلىرى بېقىپ چوڭ قىلغان پەرزەنتلىرى ئۆلتۈرىدىكەن. ئاندىن ئۇ بالا ھەزرەتلىرىنىڭ ئورنىغا پادىشا بولىدىكەن! — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شاھنىڭ رەڭگى - رويى ئۆزگەردى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ھۇشىدىن كېتىپ تەختىدىن يىقىلىپ چۈشتى. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، مۇنەججىملەردىن:

— ئەي ھۆكىمالار، يەنە بىر سوئال سوراي، مېنى زادى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

قۇرئانداز، مۇنەججىملەر:

— ئەي شاھى جاھان، مۇندىن ئارتۇق بىلمەيمىز. قالغىنىنى ئاللا ئۆزى بىلۇر. بىلگىنىمىزنى ھەزرەتلىرىگە ئېيتىپ بەردۇق، مۇندىن زىيادە سۆزلەشكە ئاجىزمىز، — دېيىشىپ قول باغلىشىپ تۇردى.

شۇ زامان پادىشانىڭ پۇت - قولىدا ماجال قالماي، سولىشىپ غەم دەرياسىغا چۆمۈپ، خىيال تاشقىنىدا غەرق بولدى ۋە بۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمەي، قىزىنى ئىزلەپ تېپىش نىيىتىدە بىرنەچچە كىشىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ شەھەردىن چىقتى. سەھرا، كەنت، دەشت - باياۋان، كونا لەنگەرلەردىن ئىزلەپ قىزىنى تاپالماي، ئاخىرى شەھەرگە قايتىپ كەلدى ۋە شەھەر ئىچىنىمۇ نەچچە رەت قېزىپ تاپالماي ئوردىسىغا قايتىپ كىردى.

شاھ مەھمۇرخانىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ھەلقۇمىدىن تائام ئۆتمىدى، ئۇ قىزىنىڭ پىراقىدا غەم - غۇسسە بىلەن ئۆتۈپ تۇرسۇن. ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ئەدھەمدىن ئىشىتىڭ:

بىر كۈنى ئەدھەم مەلىكىنىڭ ئالدىغا داستۇرخان سېلىپ، قېتىپ قالغان پارچە نان بىلەن قايناقسۇ قويدى. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ئەدھەمدىن نارازى بولۇپ: «ئەي ئەدھەم، مەن سېنىڭ بۇ ماكانىڭغا كەلگەندىن بۇيان بىرەر قېتىم ئېغىزغا تېتىغۇدەك تائام يېمىدىم. شىرنە - شەربەت دىگەن نەرسىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم. ئاپام ماڭا ھەر كۈنى پاخلان گۆشىدە كاۋاپ ئېتىپ بېرەتتى»، دەپ بۇ ئاددى تاماققا ئېغىز تەگمەي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كاتتا بولغان قەنت - شارابۇ يەپ - ئىچىپ،
ھېچكىم مەندەك بولسا ھەرگىز يار بولماس.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈك يىمەي ماڭا زورلاپ تاڭارسەن،
ئۆز يولنى تېپىپ يۈرگەن خار بولماس.

مېنى ئەھلىم ئاسراپ ئوبدان باقاردى،
شەھدۇ شەھۇ يىمەكىمگە تاپاردى،
كىيىمەكىمگە ئەتلەس كىمخاپ بېرۈردى،
قەدرىن بىلگەن مۇندا كېلىپ زار بولماس.

گۆھەر پارە قۇلاغىمگە سېلىنغان،
باشلارىمگە دۇبۇلغە زەر قويۇلغان،
يىمەكىمگە كۈندە بىر قوي سويۇلغان،
ھەق بەرمىگەن كىشى ھەرگىز باي بولماس.

ھەر ئەسبابىم بار ئېردى كۆپ كېمى يوق،
دۇنيالىقتىن ئەسلا مېنىڭ غېمىم يوق،
بىر ئەرگە مەن تېگىپدۇرمەن تېگى يوق،
دۇنيا سۆيگەن ئەلنىڭ ئۆيى تار بولماس.

سەلمەدەر يىمەيدۇرمەن نان، قاق،
بىر ئاھ ئۇرسام چىقار كۆزدىن ياش بۇلاق،
يارىم بولساڭ بۇ سۆزۈمگە سال قۇلاق،
غەمدە كۆيگەن ئەلنىڭ مۇلكى نار بولماس.

مەلىكە ناشتا قىلغىلى ئۇنىماي يىغلاشقا باشلىدى. ئەدھەم مەلىكەدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ئەي ۋاپادارىم، ئەي غەمگۇزارىم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن سىزگە قانائەت بابىدىن بىر ھىكايە ئېيتىپ بېرەي»، دەپ بۇ ھىكايىنى باشلىدى:

رىۋايەت پۈتكۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇرلەركى، مەغرىب زېمىنىدە بىر مۇشۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ يامانلىغىدىن يەر يۈزىدىكى ھەممە چاشقانلار زار قاخشايتتى. مۇشۈك دالىغا چىقسا چاشقانلارغا كۈن يوق ئىدى. مۇشۈك بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ ھېچ يەردىن يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماي، بىر كونا تۈگمەنگە كەلدى ۋە تۈگمەننىڭ بۇلۇك - پۇشقاقلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، مەلۇك تەستە ئىككى چاشقان بالىسىنى تۇتۇپ يېدى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشۈكنىڭ يامانلىغىدىن قورقۇپ كاماردىن چىقالمىدى. يېگىلى ھېچ نەرسىسى بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ قوساقلىرى ئېچىپ زار - زار يىغلىدى ۋە ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ مۇشۈكنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا دۇئا قىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇشتى:

قىل ئىجابەت سەن ھەق مۇناجاتىم،
دانىگە خوش قىلغىل بىزنى سەن دانا.
شول مۇشۈك دەستىدىن قىينالدى جانلار،
بەر ھىدايەت ئاڭا سەن دانىگە دەر قانا.

جىسمىمدا جان يوق دەستىدىن قورقۇپ،
دانىگە تار بولدى بۇ جاھان ھەم خوپ،
دانىگە دەرمىز كۆپ سېغىنىپ يارەب،
دانىگە بولسۇن سەرۋەرى ئىھسانا.

چاشقانلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، مۇشۈكتە ئىنساپ، تەۋپىق، ھىدايەت ھاسىل بولدى، كۆڭلى يامان نىيەتتىن خالاس بولدى. ئۇ، چاشقانلارنىڭ كاماردىن چىقالماي يىغلاشقانلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە ئېيتتىكى: «ئەي نا ئىنساپ، بەدنىيەت، زالىم مۇشۈك! بۇ كونا تۈگمەنگە كېلىپ ئىككى بىچارە جانىدارنى تۇتۇپ يېدىڭ. ئەمدى قالغان چاشقانلارغىمۇ ئامان بەرمەمسەن؟ سېنىڭ بۇ شۇم نەپسىڭنىڭ يامانلىغىدىن چاشقانلارغا زاۋاللىق يۈزلەندى. بۇ يامانلىقنى قويۇپ ھەر نېمە تاپساڭ شۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، رىسقىڭنى ئاللادىن تەلەپ قىلساڭ، تۇرمۇشۇڭ پاراۋان بولماسمىدى؟

كېچە - كۈندۈز سەن خۇدا دەپ يىغلىساڭ،
رەھىم قىلىپ ئاللا ساڭا ئاش - نان بېرۇر.

ئاھ ئۇرۇپ شامۇ سەھەر ياد ئەيلسەڭ،
لۇتفنى بەغشلابان رەھمتى باران بېرۇر.

قىل ئىبادەت تەڭرىگە سەن ئېزىز جانىڭنى بەر،
سەن كىرىپ مەردان يولغە شۇم نەپسىڭنى قىر،
نەپسىڭنى، كىبرىڭنى قوي، بەھرىنىڭ يولغەكىر،
جان چىقار ھالەتتە ھەق ساڭا نۇر ئىمان بېرۇر.

تۆبە تەقۋا يولنى تۇت ئەي مۇشۇك بى ئەقىل،
تۇرفە زايىئە قىلماغىل ئۆمرۈڭنى نادان جاھىل،
قىلماس ئاللا ئول كۇنى قىلغان گۇناھىڭنى بىدىل،
قىل تەۋەككۇل ئاڭا سەن نىئمەتى ئالۋان بېرۇر.

مۇشۇك ئۆز ـ ئۆزىـگە بىرمۇنـچـە نەـ
سىھەتلەرنى قىلىپ كونا تۇگمەندىن چىقـتى.
كۆپ يوللارنى بېـسىپ ئاخىر بىر چىمەنزارـ
لىقـقا كەلـدى. ئۇ يەردە بىر شەيـخـنىڭ
مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى قاتار ھالقا تۇزۇپ ئولـ
تۇرغان ئىكەن. مۇشۇك ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆز ـ
ئۆزىگە: «مەن بۇ يەرگە نەزرە ئېلىپ كەلمەي،
قۇرۇق قول كەپتىمەن. يېـقىن بارماي مۇشۇ
يەردە تۇراي»، دەپ كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى
ئىچىگە تىقىپ، خىقىـراپ ئولتۇردى. ئۇ يەرـ
دىـكى شەيخـنى شەيخ ھـىت ـ ھـىت دەر
ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتلـىرى مۇشۇكـنى كۆرۈپ
ئىچكىـرى كـىرىپ شەيخـقا خەۋەر بەردى.
شەيخ ھىت ـ ھىت دەرھال بۇيـرۇدىكى: «ئۇ
بۇزرۇكۋارنى قىچقىرىڭلار، قېشىمغا كىرسۇن!»
شەيخ ھىت ـ ھىتـنىڭ مۇرىتلـىرى مۇشۇكـنى
دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا باشـلاپ كـىردى. مۇـ
شۇك شەيخ بىلەن ھۇ تارتـىپ يىغـلاپ كۆـ
رۇشتى، ئاندىن ئۇنىڭـغا قول بېرىـپ مۇرىت
بولـدى. شۇ مەزگىلـدە شەيخـنىڭ ئۇمۇچى
پىشقان ئىدى، مۇلازىملار داستۇرخان سالـ
دى. مۇرىتـلار ئاش ـ نان يەپ تويغانـدىن
كېـيىن، دۇئا ـ تەگبىر قىلـشىپ، قاچا ـ قۇـ
مۇچلارنى يىغايلى دەپ قارىشىۋـىدى، سوپى
مۇشۇكنىڭ ئالدىـدىكى ئاش شۇ پېتى تۇرۇپـ
تۇ. مۇشۇك ئاشـقا نەزەر كۆزىـنى سالـماي،
دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زىكرى ساماغا مەشـ
غۇل بولۇپـتۇ. شەيخ ھىت ـ ھىت سوپى مۇـ
شۇكـنىڭ مۇنـداق دىيانەتلـىك ئىكەنلـىگىنى
كۆرۈپ، ئۇنى دىۋان بېگى قىلىپ قويۇپتۇ.
ئەلقىسسە: بىر كۇنى شەيخ ھىت ـ ھىت
توقسان كۇنلۇك ئىتىكاپتا ئولـتۇرۇشنى نىيەت
قىلىپ، كېڭەش مەسلىـھەت بىلەن ئۆز ئورـ
نىغا مۇشۇكنى نائـىپ شەيخ قىلـدى. باھار
مەزگىلـىدە سەھـرانىڭ سوپىـلىرى كېـڭەش
مەسلىھەت قىلىشىپ: «ئەمدى شەيخنى سەھـ
راغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقايلى، نەزىر ـ
نىيازىمىزنى ئالدىغا قويۇپ دۇئاسىنى ئالايلى.
بۇگۇن يا ئەتە شەيخ توقسان كۇنلۇك ئىتىـ
كاپقا كـىرىپ كەتـسە، دۇئاسـىنى ئالالـماي
قالـىمىز»، دىيىشىپ شەيخ ھىت ـ ھىتـنىڭ
ئالدىغا كىرىپ، ئۇنى سەھراغا تەكـلىپ قىلـ
دى. شەيخ: «ئەي مۇرىت ـ مۇخلىسلـىرىم،
ئەمدى مەن سەھراغا چىقالمايمەن. ئۆز ئورـ
نۇمـدا نايـىپ مۇشۇك شەيخ چىقـسۇن. ئۇ
زات مەن بىلەن باراۋەر ئىستىقامەتكە ئىگە.
ناھايىتى كۆپ رىـيازەت چەكـكەن، نەزىـر ـ
نىـيازىڭـلار بولـسا، شۇنىڭ ئالدىـغا قويۇپ
دۇئاسىنى ئېلىڭلار!» دىـدى. شەيخ ھىت ـ
ھىت نايىپ شەيخ مۇشۇككە سەكـكىز نەپەر
مۇرىتىنى ۋە ئۈچ نەپەر خۇش ئاۋاز ھاپىزنى
قوشۇپ بېرىـپ، ئۇنى سەھـراغا چىـقاردى.
سوپـى مۇرىتلار مۇشۇكنى ۋاي شەيخىم دەپ
ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن ئېلىپ ماڭدى.
بىر ھاپىز ھەممىـنىڭ ئالدىـغا ئۆتۈپ
قۇلغىنى چىڭ تۇتۇپ بۇ ھۆكمەتنى ئوقۇدى:

سوپى بولساڭ چۇشكىن ئال،
چىقتى ھويۇ شەيخىم مىنىڭ،
چىقتۇق جاھانغا كۆر جامال،
كەلدى ھويو شەيخىم مىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



چىقتى نۇسرەت ئالغىلى،
ھەمىيانغا مال سالغىلى،
ئالەمنى چاغلاپ يانغىلى،
چىقتى مويۇ شەيخىم مېنىڭ.

چىقغىل تامامىڭ ئالدىغا،
قىلغىل نەزەر شەيخ ھالىغا،
ۋەبال مۇشۇكنىڭ جانىغا،
غەيرى مويۇ شەيخىم مېنىڭ.

باشلاپ كېلىپ بىزنى بۇيان،
كۆتەردىلەر ئاسايى نان،
ھۆكمەت ئوقۇر تورغاي راۋان،
كۆچتى مويۇ شەيخىم مېنىڭ.

ئاندىن يەنە بىر ھاپىز ئالدىغا ئۆتۈپ زىكرى - ساما قىلىپ، بەلەن ئاۋاز بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئالغىل خەبەر چىن سوپىلار،
كەلگەن مۇشۇك شەيخىم مانا.
ئېيتۇر نەسەھەت پەندىلار،
يەتكەن مۇشۇك شەيخىم مانا.

ھالى بورىك يول كۆرگىچە،
كارى پاسىق كۆن تاپقىچە،
كۆزلىرى ئاشقا تويغىچە،
چىققان مۇشۇك شەيخىم مانا.

ئاش - نان، گۆش كۆزدە قويۇك،
شەيخ ئالدىدا بىغەم يۈرۈك،
ئالتۇن - كۈمۈش نەزرە قويۇك،
پۇتكەن مۇشۇك شەيخىم مانا.

بۇلبۇ ئاگا ھاپىز بولۇپ،
شەيخ ئالدىدا ھۆكمەت ئوقۇپ،
شاتىر بولۇپ ھاسا تۇتۇپ،
چىققان مۇشۇك شەيخىم مانا.

ھاپىزلار شەيخ مۇشۇكنىڭ ئالدىدا ھۆكمەت ئوقۇپ، يول باشلاپ ماڭغاندىن كېيىن، سەھرانىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى شەيخ مۇشۇكنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ يول - يولدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەممەيلەن ھاردۇق سوراپ بولغاندىن كېيىن، بىر سوپى ئۇنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. ئالدىغا داستۇرخان سېلىپ تۈرلۈك تائاملارنى قويۇپ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن مېھمان قىلدى ۋە بىر كېچىچە قوندۇرۇپ، ئەتىسى ئاتقان نەزىر - نۇزرەتلىرىنى ئالدىغا قويۇپ، دۇئاسىنى ئېلىپ ياندۇردى.

ئەلقىسسە: شۇ تەرىقىدە مۇشۇك شەيخنى كۈندە بىر سوپى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قوندۇردى ۋە نەزىر بېرىپ، دۇئاسىنى ئېلىپ تۇردى. ئەمما مۇشۇك شەيخ قايسى ئۆيىگە كىرمىسۇن ئالدىغا قويۇلغان تائاملارغا ئەسلا نەزەر سالماي شۈك ئولتۇراتتى. ئۇ: «سوپىلار مېنى شەيخ ھىت - ھىتتىنىۇ ئارتۇق رىيازەتلىك، ناھايىتى قانائەتچان شەيخ ئىكەن دېسۇن»، دەپ ئاچ قوساق يۈرەتتى.

بىر كۈنى بىر سوپى: ئەتە شەيخىمنى مېھمان قىلىپ دۇئاسىنى ئالىمەن، دەپ بىر سان گۆش تەييارلىغان ئىدى، مۇشۇك شەيخ شۇ كۈنى ئۇ گۆشنى كۆرۈۋېلىپ ئۇز جايىغا كەتتى ۋە كېچىسى مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ھىلىقى ئۆيگە كېلىپ موردىن چۈشتى. ئاندىن ئاسقىغا ئېسىپ قويغان گۆشنى يېمەك ئۈچۈن بىر سەكرىگەن ئىدى، گۆش بىلەن تەڭ گۈلۈپپىدە يەرگە يىقىلدى. ئۆي ئىگىسى سوپى بۇ تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، «ئۆيىگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ»، دەپ چىراق ياندۇردى. ئۇ، بېشىدا قويغان

پالتىنى ئېلىپ قازناقا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە پالتىنى تەۋەككۇلگە ئېتىۋىدى، پالتا مۇشۇك شەيخنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، بۇ ھۆرمەتلىك شەيخ تىن تارتماستىن ئۆلدى.

ئەتىسى ئۇ سوپى قازناققا كىرىپ قارىسا، مۇشۇك شەيخ ئۆلۈپتۇ. سوپى بۇ ئەھۋالنى مۇرىت-مۇخلىسلىرىغا خەۋەر قىلدى. ئۇلار كېلىپ قارىسا، مۇشۇك شەيخ ھەق راست ئۆلۈپتۇ. مۇرىتلار مۇشۇك شەيخنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئاڭلاپ، ئۇندىغا بولغان ئىخلاس-ئېتىقاتلىرىدىن يېنىپتۇ.

ئەدھەم ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، گۈل سەلىمەگە: «ئەي كۆڭلۈمنىڭ ھوزۇرى، ئاڭلىغىنىڭ، مۇشۇك شەيخ ئىشىنىڭ تولىسى تۈگەپ، ئازراغى قالغاندا قانائەت قىلغان بولسا، شەيخ ھېت-ھېتىنىڭ ئالدىغا ئىززەت-ئابرويى بىلەن ئامان-ئېسەن قايتار ئىدى، ئەپسۇسكى نەپسىنىڭ يامانلىغىدىن بېشىغا پالتا تېگىپ ئۆلدى. بۇ ئىشنى ئەستە ساقلىغايسەن!» دېدى.

شۇندىن باشلاپ مەلىكە ئالدىغا ھەرقانداق تائام كەلسە، نارازى بولماي يەيدىغان بولدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. مەلىكىنىڭ ئاي-كۈنى تولۇپ، بىر پەرزەنت تەۋەللۇت قىلدى. ئەدھەم پەرزەنتىگە قاراپ كۆردىكى، ھۇمايۇن ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. پېشانىسىدىن ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ناھايىتى خوشال بولۇپ: «مەن بۇ پەرزەنتىمنى ئاتام ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىغىغا سېلىپ، ئىسمىنى قويدۇرىمەن» دەپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنى ياد ئېتىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى ۋە قولىنى دۇئاغا ئېچىپ: «ئەي خىزىر ئاتا، تېزرەك كېلىپ پەرزەنتىمگە ئات قويۇپ بەرگەيلا!» دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

پەيغەمبەرسەن، دائىم كېچەر ھاياتىڭ،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇب بەر.
بىلمەس ھېچكىم سېنىڭ تۇتقان ماكانىڭ،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەر.

ئاللا ماڭا پەرزەنت بەردى خۇش ئاڭا،
ئۇنىڭ ئۈچۈن سېغىنۇرمەن كۆپ ساڭا،
سائادەتلىك بەشىرىسى ئۇڭ بالا،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەر.

ئات قويۇپ بەر كېلىپ ئاڭا يارەسۇل،
رەھىم ئېتىپ بىزنىڭ سىرى قىل مەنزول،
كەلمىسەڭ مەن بولۇرمەن كۆپ مەلۇل،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەر.

ئات قويۇشنى بىزلەر ئەسلى بىلمەيمىز،
سەن يوق بىزلەر بىر ئات تېپىپ قويمايمىز،
نە يوسۇندا ئات قويۇشنى ئۇقمايمىز،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەر.

تۇرالماسمەن سېنى كۆزلۈم كۆرگۈنچە،
تەيىن قىلىپ بىر ئات ئاڭا قويغۇنچە،
ئاتنى قويۇپ تامام بولۇپ يانغۇنچە،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئان قويۇپ بەر.

ئەدھەم خوشنۇد بۈگۈن سېنى كېلۈر دەپ،
ياخشى ئاتنى خىزىر ئاتام بىلۇر دەپ،
ئىككى ئالەم ئىچرە پانا بولۇر دەپ،
بۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمغا ئات قويۇپ بەر.

شۇ زامان ئاللا تابارەك ۋەتائالانىڭ پەرمانى بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەدھەمنىڭ قېشىدا ھازىر بولۇپ: «ئەي ئەدھەم سالامەت بارمۇ سەن؟» دېدى. ئەدھەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆزنى ئېچىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سالام قىلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاۋاپ بېرىپ: «ئەي ئەدھەم، ئوغلۇڭنى ئالدىمغا ئېلىپ چىقىن. ئۇنىڭغا ئات قويۇپ بېرەي!» دىدى. ئەدھەم پەرزەنتىنى ئېلىپ چىقىپ ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بالىنى قولىغا ئېلىپ، قىلۇشكە قاراپ ئوڭ قولىغا ئەزان، چەپ قولىغا تەكبىر ئېيتىپ، مۇبارەك ئېتىڭىز «گۆر ئوغلى ئىبراھىم» بولسۇن، دەپ ئات قويىدى، ئاندىن بالىنىڭ پىشانىسىگە بوسە قىلىپ، ئېتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! دىدى ۋە ئەدھەمگە بالىنى بېرىپ: «ئەي ئەدھەم، ئوغلۇڭنىڭ پىشانىسىدىن پادىشالىق، ئەۋلىيالىق نىشانىسى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ»، دەپ ئەدھەمگە سەۋرى-قانائەت ھەققىدە كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئۇشبۇ كىتاپنىڭ سۇخەندانى موللا ئەنۋەر ئىبىن بوۋايى قەمبەر ئانداغ رىۋايەت قىلىپتۇرلەركى، ئەدھەم بالىسىنى پەرۋىش قىلىپ ئون ئىككى ياشقا كىرگىچە ئىلىم ئۆگەتتى. ئۇ، ھەر كۈنى گۆر ئوغلىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ جاڭگالدا شىكار قىلۇر ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئاتا-بالا ئىككىسى قولىغا ئوقيا ئېلىپ، شىكار قىلماق ئۈچۈن باياۋانغا راۋان بولدى. شۇ كۈنى ئىككىسى ناھايىتى كۆپ سەيدلارنى شىكار قىلىپ نامازئەسىر ۋاقتىدا ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار كەپىنىڭ ئالدىدا ئوت قالاپ سەيدلىرىنى پىشۇرۇپ كاۋاپ قىلىپ ئوزۇقلىنىۋاتاتتى، كەينى تەرەپتىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار كەينىگە قاراپ ئۆزلىرى ئولتۇرغان جايغا قاراپ كېلىۋاتقان بىرقانچە كىشىنى كۆردى ۋە دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈپ سەيدلىرىنى يىغىپ يوشۇرگەن پېتى شەمى گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

كەلگەنلەر شاھ مەھمۇرخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بولۇپ، ئۇلار شەمى گۆرگە سەپسالماي ئۆتۈپ كەتتى. خۇدايىم بۇ ئۇچەيلەننى زالىمغا كۆرسەتمىدى. ئۇلار بالا-قازا، خېيىم-خەتەردىن ئامان قالدى. گۆل سەلىمە: «ئەي خۇدا، بىزلەرنى ئۇ زالىمغا كۆرسەتمەي ئۆز ھىمايىتىڭدە ساقلىدىڭ»، دەپ شۈكرى-سانالار ئېيتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىزنى خۇدا سەن ساقلىدىڭ،
پەزلىڭ بىلەن كەتتى يانا.
شاھ دەستىدىن بەردىڭ پانا،
قىلدۇق ساڭا شۈكرى-سانا.

غاپىل بولۇپ تۇرساق ئۇ چاغ،
كۆرسەتسىلەر بىزنى بىرو،
كېلىپ تۇتسا ئەيلەپ غىرو،
دەفئى ئۇلدى ئول قاتتىغ بالا.

كۆرسە ئېردى گۆرنى كېلىپ،
كىرەر ئېردى ئىزدىن بىلىپ،
تۇتار ئېردى زەنجىر سېلىپ،
ئەيلەر ئىدى باشنى جۇدا.

ھالىمغا رەھىم ئەتتىڭ بىلىپ،
ئەلدىن بىزنى جۇدا قىلىپ،
ئاسرىدىڭ سەن پەردەڭ يېپىپ،
قالدۇق سالامەتتىن غەنا.

ئەدھەم مۇلاقات بولمىدىڭ،
ئوغلۇڭنى سەن كۆرسەتمىدىڭ،
سەلىمەنى بىلدۇرمىدىڭ،
شاھدىن قۇتۇلۇپ قالدى گادا.

ئەلقىسسە: بىركۈنى گۆر ئوغلى ئىبراھىم ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ بىر كەمەننى ئۆشىنىسىگە ئېسىپ، شىكارغا چىقماق ئۈچۈن دەشت-باياۋانغا راۋان بولدى. بۇ كۈنكى

شىكار ئوۋدىن كېلىپ، گۆر ئوغلى بىرنەچچە بوغا، كىيىكلەرنى ئوۋلاپ ئالدى. ئۇ، سەيدلارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كېتىپ باراتتى، قۇمۇشلۇق ئىچىدىن بىرنەچچە سەييات چىقىپ ئۇنى كۆرۈپ قېشىغا كەلدى ۋە: «ئەي ئوغۇل، سىز قايسى دىياردىن كېلىۋاتىسىز؟ كىمنىڭ ئوغلى بولىسىز؟ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە؟ بۇ سەيدلارنى قەيەرگە ئەكىتىپ بارىسىز؟» دەپ سورىدى.

گۆر ئوغلى: «مەن بىر باياۋان كەزگۈچىمەن. ئاتا-ئانامنى بىلمەيمەن. ھەتتا ئۆز ئىسمىمنىمۇ ئۇقمايمەن»، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ سەيياتلار نىيەتلىرىنى بۇزۇپ: «بۇ سەيدلارنى بىزگە بەرگىن!» دىدى. گۆر ئوغلى: «ئەي ئاكىلار، سىلەر مەندىن چوڭ. بۇ سەيدلارنى مەندىن تالاشماي، باياۋاندىن ئوۋلاپ يەڭلار. مېنىڭ يىمەك-ئىچمىكىم باياۋاندىن، شىكار قىلىپ ئاران تاپقان نېمەتلىرىمنى سىزلەرگە ھەرگىز بەرمەيمەن!» دىدى.

سەيياتلار دەرغەزەپ بولۇپ، تۆت تەرەپتىن كەمەن تاشلاپ گۆر ئوغلىنى يىقىتىپ باغلىدى. ئاندىن ئۇلار گۆر ئوغلىنى بەلىخ شەھرىگە ئاپىرىپ سېتىپ پۇلىنى تەڭ بۆلۈشۈپ ئالماق ئۇچۇن، ئۇنى ئاتقا چىڭ باغلاپ شەھرى بەلىخ تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇلار مېڭىپ تۇرسۇن. ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

شۇ كۈنى شاھ مەھمۇرخان بىرنەچچە كەمەندازنى ئېلىپ ھەممە ئەمرالىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققان ئىدى. گۆر ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەن قاراقچىلار شەھەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، شاھ مەھمۇرخاننى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، دەشت-باياۋانغا قاراپ قاچتى.

شاھ مەھمۇرخاننىڭ كۆزى بۇ قاراقچىلارغا چۈشۈپ كۆردىكى، ئۇلار بىر ياش بالىنى ئاتقا مەھكەم باغلاپ جېنىنىڭ بېرىچە قېچىۋېتىپتۇ. شاھ مەھمۇرخان: «بىزنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ گۇمانلىق كىشىلەرنى تېزدىن ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر سىر بار ئوخشايدۇ»، دەپ بۇيرۇدى. شۇ زامان شاھنىڭ مۇلازىملىرى ئات سېلىپ قوغلاپ، قاراقچىلارغا يېتىشىپ، ئۇلارنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشانى كۆرۈپ قاراقچىلارنىڭ چىرايى ئۆڭدى ۋە غازاڭدەك تىترەشكىلى تۇردى.

شاھ مەھمۇرخان قاراقچىلارغا قاراپ: «ئەي قاچقۇنچى ئوغرىلار، سىلەر كىم ۋە قايسى دىياردىن بولىسىلەر؟ ئاتقا تۆشلەپ باغلىغان يىگىتنى قەيەردىن ئېلىپ قاچتىڭلار؟ بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ ماڭا راست جاۋاپ بېرىڭلار!» دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى.

قاراقچىلار شاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ تىلى سۆزگە كەلمەي يەرگە قارىشىپ تۇردى.

پادىشا خىزمەتچىلىرىگە: «ئاتقا باغلاقلىق ئوغۇلنى بوشىتىپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنىڭدىن بىر كەلىمە سۆز سوراپ باقاي!» دىدى. خىزمەتچىلەر گۆر ئوغلىنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

پادىشا گۆر ئوغلىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ: «ئەي ئوغۇل، ئاتا-ئانىڭىز بارمۇ ياكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئوغلى بولامسىز؟ بۇلار ئالدىدا نىمە گۇنا قىلغان ئىدىڭىز؟ بۇلار سىزنى بۇ شەھەرگە ساتقىلى ئېلىپ كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. گۆر ئوغلى ئىبراھىمغا شاھنىڭ ھاملىغى تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ، يىغلاپ تۇرۇپ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىر بايان قىلدى. پادىشا گۆر ئوغلىنىڭ سەرگۈ-

www.uyghurkitap.com

زەشتلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپكە كېلىپ «جاللات!» دەپ ۋاقىرىدى ۋە: «بۇ ئادەم ئوغرىسى قا-راقچىلارنىڭ بېشىنى كېسىڭلار! ھېچ كىشى مېنىڭ ۋاقتىمدا ئادەم ئوغرىلاپ ساتمىسۇن. ئادەملەر بىر بىرىگە دەخلى-تەرۇز قىلمى-سۇن!» دەپ بۇيرۇدى. جاللاتلار شاھنىڭ پەرمانىنى دەرھال بىجا كەلتۈردى. شاھ مەھ-مۇرخان گۆر ئوغلى ئىبراھىمغا شۇ يەردىلا شاھانە سەرپايلارنى كىيدۈردى، قوسىغىنى تويغۇزۇپ ئۇنى ئۆزىگە نەۋكەر قىلىپ شىكار-غا ئېلىپ ماڭدى.

گۆر ئوغلى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن ھەر خىل سەيياتلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، نا-ھايىتى كۆپ بۇغا، ماراللارنى ئوۋلاپ كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. بۇ ئوغۇلنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىگىگە باقماي، سەيياتلىقتا كامالەتكە يەتكەنلىگى پادىشاغا يېقىپ قالدى ۋە «مۇ-شۇ كۈنگە قەدەر قېشىمدا خاس مەھرەم يوق ئىدى. بۇ ئوغۇلنىڭ قولىدىن خېلى كۆپ ئىشلار كېلىدىغان ئوخشايدۇ»، دەپ گۆر ئوغ-لىنى ئۆزىگە خاس مەھرەم قىلغانلىغىنى جا-كالاپ شەھەرگە قايتتى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ئەدھەمدىن ئىشىتىڭ:

ئەدھەم شۇ كۈنى پەرزەنتىگە رۇخسەت بەرگىنىگە ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولالماي، ناماز ئەسىرىدىن كېيىن تاقتى-تاق بولۇپ، بىچارە سەلىمەگە سەۋرى قىلىشنى تاپىلاپ، گۆر ئوغ-لىنىڭ ئىزى بىلەن جاڭگالغا قاراپ ماڭدى. تاڭ ئاتقىچە ھېچ يەردىن پەرزەنتىنىڭ نە-شانىسى بولمىدى. ئالەم يورۇغاندىن كېيىن، ئەدھەم بىر پىيادە كىشىنىڭ ئىزىنى تاپتى. ئۇ بۇ ئىزنى يۈتتۈرمەي خېلى ئۇزۇن يول يۈردى. بىر يەرگە كېلىپ كۆردىكى: بىرمۇن-چە ئاتلارنىڭ ئىزى بۇ پىيادە ئادەمنىڭ ئىزى بىلەن قوشۇلۇپتۇ. پىيادە كىشىنىڭ ئىزى يو-قىلىپ، بىرنەچچە ئاتنىڭ ئىزى شەھەرى بەلىخ تەرىپىگە كېتىپتۇ. ئەدھەم ئاتلارنىڭ ئىزىنى يوقاتماي شەھەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا، بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۆلۈگى يولنىڭ چېتىدە يېتىپتۇ. ئۇ دەرھال بېرىپ ئۆلۈك-لەرنىڭ ئارىسىنى ئىزلەپ، ئوغلىنى تاپالماي مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. ئەدھەم ئويلىغان-سېرى بېشى قېتىپ «ۋادەرىخ، ئوغلۇمنى قا-راقچىلار تۇتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ»، دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا، باياۋان تەرەپتىن چاڭ-توزاڭ كۆتىرىپ ئادەم قارىسى كۆرۈندى. ئەدھەم زەڭ سېلىپ كۆرگەندىن كېيىن «بۇ چوقۇم مەھمۇرخان دېگەن زالىم ئوخشايدۇ. قەدىم-قىلار دېۋىنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭنى يۇم، دېگەن ئىكەن. ئۆزەمنى دالدىغا ئالاي. بۇ زالىم مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن»، دەپ يولنىڭ بو-يىدىكى بىر توپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كى-رىۋالدى.

ئەدھەم قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدە ماراپ ئولتۇرۇپ ئوغلىنىڭ شاھ ئالدىدا بىر ئاتقا مىنىپ، ئۈچىسىغا شاھانە كىيىملەر كىيىپ كې-تىپ بارغىنىنى كۆرۈپ: «ۋادەرىخ، بۇ زالىم پەرزەنتىمنى تۇتۇپ ئېلىپ ئۆزىگە نەۋكەر قىلىۋاپتۇ. ئۇ زالىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوغلۇمنى تەلەپ قىلسام، مېنى تۇتۇپ قېلىپ ‹ئەي قە-لەندەر قىزىمنى قەيەرگە ئېلىپ قاچتىڭ؟› دەپ تۇتۇپ ئۆلتۈرەر. ئوغلۇمنىمۇ ساق قويماس. ئوغامىزدىن ئايرىلىپ قانداق ياشارمىز، جى-گەر پارەمدىن ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدىم»، دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تىلەپ بولماس قاشىغە بېرىپ،
ئاڭا ئوغلۇم دىيار ئەتسۇن.
خۇدا زالىمغا قەھرى ئەيلەپ،
يامان دۇشمەننى خار ئەتسۇن.

بولۇپ زالىم ھەممىگە ئول،
ھەممە دۈشمەن تۇرۇر ئوڭ ـ سول،
دۈئاسى بولمىسۇن مەقبۇل،
جانىغە ئوت دىشۋار ئەتسۇن.

ئاخىر ئۆلگەي ئوشۇل زالىم،
بىلۇرسەن تەكرىم ئەھۋالىم،
پەلەكنى ئاڭا بەر جانىم،
ئۆزىنى ئاشكار ئەتسۇن.

قازاندا قاينىماي تاشقان،
بىلەلمەي تالىيى قاچقان،
خەلققە ھەددىدىن ئاشقان،
كىشىنى بارچە خار ئەتسۇن.

قىلىپ ئەھلىگە بەسى كولپەت،
كىشى يوق كۆرمىگەن زۇلمەت،
ئوغلۇم بىر كۈن قىلۇر ھىممەت،
چىپىپ شاھنى خار ئەتسۇن.

خوپ قىلدىڭ ئوغلىمىزنى بەنت،
چىقارسۇن سىينى ئەھلى دەرت،
خۇنۇم ئالسۇن ئوشۇل پەرزەنت،
جاھاندا كارى زار ئەتسۇن.

ئۆزۈپ باشىن ئىلىپ ئورنىن،
بىسىپ ئولتۇرسۇن ئۇنىڭ تەختىن،
خۇدا بەرسۇن ئوغلۇم بەختىن،
كۆرۈپ ئەل نامدار ئەتسۇن.

ئوغلىدىن ئايرىلىپ ئەدھەم،
بارادۇر ئوغلىمىز بى غەم،
ياشىم بولدى ئىقىپ شەبنەم،
ئىچىپ كۆككە بارار ئەتسۇن.

ئەدھەم مۆكۈپ ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئۆز ماكانىغا كىتىپ بىرىپ بۇ بەيىتنى ئوقۇدى.

خۇداۋەندە ساڭا قويدۇم،
بالام كەتتى قايان ئەمدى؟
ئۆزۈڭدىن مەن سالام سوردۇم،
بىلەلمەسمەن قايان ئەمدى!

خۇدا ئوغلۇمنى نە قىلدىڭ،
ئىشارەت قىل ئۇنى سۆيدۈڭ،
دۈشمەنلەردىن خالاس ئەتتىڭ،
باراي ئاڭلاپ قايان ئەمدى؟

ئۇنى سەن ئاسرىدىڭ ئاللا،
ھايات كۆردۈم بۇگۈن ئاللا،
كۆرەدۇرمەن يۈزىن تاڭلا،
بولۇر مۇلكى قايان ئەمدى.

قىلالماسمەن ئاڭا تاقەت،
ماڭا يەتتى بۇگۈن ئاپەت،
بالامغا بەر ئۆزۈڭ راھەت،
ئىشى بولغاي قايان ئەمدى.

ئەدھەم سەن تولا غەم قىلما،
بەھەم بولسا ئۆلۈم باشقا،
كۆرەرسەن دۆلەتلەر ئاندا،
سوراي ئۇنى قايان ئەمدى.

ئەدھەم ئىلاجىسىز ئۆز ماكانىغا قايتتى. مەلىكىمۇ بىتاقەت بولۇپ، شەمى گۆرنىڭ تېشىغا چىقىپ: «ئەدھەم ئوغلۇمنى قاچان ئېلىپ كېلەركىن»، دەپ، ئۇلارنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئەدھەم ئۆزى يالغۇز يىغلاپ قايتىپ كەلدى. مەلىكە يۈگۈرگەن پېتى ئەدھەمنىڭ ئالدىغا بىرىپ بىتاقەتلىك بىلەن «ئوغلىمىز قېنى؟» دەپ سورىدى. بىچارە ئەدھەم «ئاھ بالام!»

www.uyghurkitap.com



دەپ ئۆزىنى توختىتالماي زار - زار
يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ دۇنياغا كۆزۈم ئېچىپ،
تاپقان بالام كەتتى نەتەي.
زالىملارغا نەۋكەر بولۇپ،
ئۆز ئەيىبىدىن قاچتى نەتەي.

باقماس بالام زىنهار بۇيان،
كەتتى مەندىن نامۇ نىشان،
قالۇر ئاڭا ئۆشبۇ جاھان،
جانىمگە ئوت ياقتى نەتەي.

تاپار مېنى شاھ ئاختۇرۇپ،
ئۆزگەي باشىمنى چاپتۇرۇپ،
قالغاي ئاتاسىز تەلمۈرۈپ،
ئۆز يولىدىن كەچتى نەتەي.

ھالىمدىن ئول ئالسا خەبەر،
ئۆز دەردىگە سالسا نەزەر،
بولۇر ماڭا ئەمدى خەتەر،
ئەژدەر مېنى يۇتسە نەتەي.

ئاناسىغۇ ئۆيگە كېتەر،
زالىم ماڭا ئۇرار خەنجەر،
خۇنۇم بالام ئالسا مەگەر،
دۇنيا تېپىپ قالدى نەتەي.

ئەدھەم تەلەپ قىلسا تاپار،
تېنىنى قارا گۆردە ياتار،
ئوغلۇم باشىنى تېز ئۈزەر،
ئەھلى جېدەل قىلسا نەتەي.

ئەدھەمنىڭ جاۋاۋى قانائەتلىنەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىچارە سەلىمە: — ئەي غەمگۈزارىم، ئوغلىمىزدىن بىرەر خەۋەر ئالالىدىڭىزمۇ؟ ئوغلىمىز ھەققىدە ئوچۇقراق سۆزلەڭ، بالىمىزغا نىمە بولۇپتۇ؟ كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئەدھەم مەلىكىگە ئوغلىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىل سەن سۆزۈمگە،
قۇرۇق قالدۇق قۇربانىمدىن.
قاراپ باقغىل سەن يۈزۈمگە،
قۇرۇق قالدۇق جانانىمدىن.

نەچچە يىللار چېكىپ مېهنەت،
ئەمدى كۆردۇق دەردۇ ئاپەت،
قولدىن كەتتى ئەمدى دۆلەت،
قۇرۇق قالدۇق دەرمانىمدىن.

پەرزەنتىمىز شىكار چىقىپ،
كېلۇر ئىكەن ھېرىپ - ئېچىپ،
قىرىق قاراقچى تۇتۇپ ئېلىپ،
قۇرۇق قالدۇق بەريانىمدىن.

تۇتۇپ باغلاپ ئاتقا چېتىپ،
بارۇر ئىكەن شەھەرگە ئېلىپ،
يولدا ئاتاڭ ئۇچراپ قېلىپ،
قۇرۇق قالدۇق دەرمانىمدىن.

شاھ ئۆزىگە مەھرەم قىلىپ،
قايدا بارسا بىللە ئېلىپ،
ئوغلۇم ئاڭا خىزمەت قىلىپ،
قۇرۇق قالدۇق ئارمانىمدىن.

ئەدھەم يىغلار ئوغلى ئۈچۈن،
ئاققان يېشى بولۇپ جەيھۇن،
باشىم كېتەر ئۇنىڭ ئۈچۈن،
قۇرۇق قالدۇق گىريانىمدىن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ كۆزلىرىگە ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، ئوغلىنىڭ

دەرت ـ پىراقىدا كۆز چەشمىسىدىن ھەسرەت يېشىنى تۆكـۈپ زار ـ زار يىغـلـىدى، گـاھ ھـۇشىـدىن كېتىپ، گـاھ ھـۇشىغا كېلىپ ئۆزىنى توختىتالماي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سۇبھانالىلا بۇ نە ئەلەم،
بولسا ماڭا ئاتام قىلۇر.
بۇ گۆر ماڭا بوادى بەھەم،
كىملەر تىرىك ماكان قىلۇر؟

بىزنى بۇ ئوتلارغا سېلىپ،
دەرت ئوقلىرى سىنەم تېشىپ،
قالدى يۈرەگىم ئۆرتىنىپ،
كۆيۈپ ـ پىشىپ تامام قىلۇر.

مۇڭلۇغ باشىم مۇڭسىز بولۇپ،
جان جىسمىمدىن چۇن ئايرىلىپ،
بۇ كۆز ياشىم تىنماي ئېقىپ،
بۇگۇن جاھان ھارام قىلۇر.

ئالەم ماڭا بولدى قەپەس،
ھېچ يوق مەندە ئارام نەپەس،
بولسا ماڭا روزى ئەلەس،
تىلەپ زەنىن نىزام قىلۇر.

سورىسا سوئال بالامدىن ئەل،
ئۆلتۇرمىگى شاھقادۇر سەھەل،
ئوغلۇم بىر كۈن تاپسا مەھەل،
جازاسىغا سالام قىلۇر.

سەلىمە دەر بىلسە بالام،
شاھنىڭ ئۆمرىن قىلسا تامام،
رەھمەت ئوقۇرلەر خاسۇئام،
شاد بولۇشۇپ كالام قىلۇر.

ئوغلىنىڭ دەرت ـ پىراقىدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يىغلىشىپ شەمى گۆردە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەەدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلى ئىبراھىم بىلەن شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىشىتىڭ:

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىپتۇرلەركى، بىر كۈنى گۆر ئوغلى ئىبراھىم ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ھاجەت ئوقۇدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغىنىغا ھەسرەتلىنىپ ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتىرىپ: «ئەي پەرۋەردىگارا، مەندەك ئاجىز بەندەڭنى مېھرىۋان ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىپ غېرىپ قىلدىڭ. شەپقەتلىك ئاتا ـ ئانامنى بىر كۆرۈشكە نېسىپ قىلساڭ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ ئۇلۇغدۇر»، دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىرئاللا سۇئىڭ بىرلەن،
بىزگە نەزەر قىلساڭ كېرەك.
كەرىمىڭ كۆپ لۇتفۇڭ بىرلەن،
بىزدىن خەۋەر ئالساڭ كېرەك.

ئەۋۋەل ئادەم سەفى ھەققى،
شەيس، ئىدرىس، نوھ ھەققى،
جۇملە ئۆتكەن نەبى ھەققى،
ماڭا رەھمى قىلساڭ كېرەك.

ئۆتتى ئوشۇل موسا، ھارۇن،
كۇشەندىسى ئېردى پىرئۇن،
توسقان ئېردى بەلئىم بائۇن،
بىزدىن قەدەر ئالساڭ كېرەك.

ئول خېلىل ھەم ئىسمائىلنى،
قۇربان قىلدى ئېزىز جاننى،
ئۆتكۇزمىدىڭ پىچاق كاننى،
بىزدىن گەزەر ئالساڭ كېرەك.

مەككە بىنا قىلدى خېلىل،
قوبۇل قىلدىڭ رەببىم جېلىل،
يەتكۈر مېنى ئەلۋەل ئەلىل،
بىزگە بەھرى بەرسەڭ كېرەك.

ئەيسا، مەريەم ئۆتتى يىغلاپ،
كۆككە چىقتى قەۋمىن تاشلاپ،
كۆپ يىغلىدىم كۆزۈم ياشلاپ،
بىزگە ھۈنەر بەرسەڭ كېرەك.

كەتتى جاھاندىن باش بولۇپ،
بىزلەرنى دەپ كۆپ ئاھ ئۇرۇپ،
مېھراج ئۆزرە سەندىن تىلەپ،
بىزدىن زەرەر ئالساڭ كېرەك.

تۆرت يارى ئول تەڭ با ساپا،
ھەسەن - ھۈسەندەك كەر بالا،
ئۆتتى جەمى ئەنبىيائ،
بىزگە رەھىم قىلساڭ كېرەك.

قويغان ماڭا ئىبراھىم ئات،
ئېرۇر ماڭا بۇ ئەللەر يات،
زالىم قولىدىن بەر نىجات،
بىزدىن ئەسەر ئالساڭ كېرەك.

گۆر ئوغلى كۆزلىرىدىن مۇنچاق، مۇنچاق ياش تۆكۈپ، پەيغەمبەر، ئەنبىيا - لارنى شەپى كەلتۈرۈپ مۇناجات ئوقۇپ ئولتۇراتتى، شاھ مەھمۇرخان ئۇنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ قىلىۋىگە قاراپ قولىنى كۆتىرىپ يىغلاپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئاڭا: «ئەي ئىبراھىم، سەن بىرەر دەرتكە مۇپتىلا بولدۇڭمۇ؟ ئويدە يالغۇز ئولتۇرۇپ مۇنچە يىغلىشىڭنىڭ سەۋەۋى نىمىدۇر؟ ھەرقانداق دىردىڭ بولسا ماڭا ئېيىت، سېنى رەنجىتكەن دۈشمەنلىرىڭدىن ئەنتىڭنى ئېلىپ بېرەي»، دەدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوئال - جاۋاپ بولدى.

سوئال:

ئول كۈن بولدۇڭ ئوغلانىم نەۋكەرسەن ماڭا،
راستىڭ دىگىل ئوغلانىم ئەرزىڭ سورايىن،
بىراۋ زۇلۇم قىلغان بولسا دىگىل سەن ماڭا،
ئەرزىڭنى دىگىل ماڭا دادىڭ سورايىن.

جاۋاپ:

شەھىنشاھىم سورىساڭ مېنىڭ ئەرزىمنى،
ئاتام بىرلەن ئانامدىن قالدىم، يىغلارمەن.
سورىما مەندىن ھالۇ ئەھۋال دەردىمنى،
ئاتام بىرلەن ئانامدىن قالدىم يىغلارمەن.

سوئال:

كىم ئۇردى ئېيت، كىم سوقتى ئېيت، بېرەي داد،
كۆپ يىغلىما مۇندىن كېيىن بولغىل شاد،
سېنى ئەيلەيىن بۇ غەملەردىن ئازات،
پۇلسىز بولساڭ بۈگۈن ئۇنى بېرەيىن.

جاۋاپ:

مەندىن سورىساڭ ئەسلا يوقتۇر ھىچ دەردىم،
ئاتام مازاراتىن كۆرمەك خىيالىم،
ھاجىتىم يوق مالۇ دۇنيادىن شاھىم،
مۇقامىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، يىغلارمەن.

سوئال:

مەندىن قورقما گۇناھىڭدىن ئۆتتۈممەن،
سېنىڭ ئۈچۈن زەھەر خۇناپ يۇتتۇممەن،

هالىڭ دىگىل راۋان دىدىم ئوغلۇممەن،
قايسى هاجەت سەندىن چىقسا قىلايىن.

جاۋاپ:

ئەرزىم شولدۇر شاها مۇلكۇم بىر كۆرسەم،
ئاتام مازاراتىن كۆزۈمگە سۇرتسەم،
ئىچ دەردىمنى چىقىرىپ ئاندىن مەن كەلسەم،
ئول كۈن ئانام مەندىن قالدى، يىغلارمەن.

سوئال:

ئول مازارات قاياندادۇر ماڭا دە،
مالۇ مۇلكۇڭ ئاتا - ئاناڭ قاياندە،
خەلقلىرىڭنى يوشۇرسەن بۇ يەردە،
جايىڭ دىگىل بۇگۈن جاۋاپ بىرەيىن.

جاۋاپ:

سورساڭ مەندىن شاهىم ئاتام ئىتىنى،
بادى خازان ئۇچۇرغاندۇر خىتىنى،
ماكان ئەيلەپ بىزلەر يەرنىڭ تىگىنى،
ئول كۈن كالام مەندىن قالدى يىغلارمەن.

سوئال:

بىر ئىككىيلەن بىرىپ كۆرۈپ كېلەيلى،
تۇپراقنى ياساپ قويۇپ يانايلى،
تاملا سىلىپ گۇمبەز بىنا قىلايلى،
باشلا مىنى بۇگۈن مەن هەم بارايىن.

جاۋاپ:

سۇلتان دۇرسەن ساڭا بارماق ئار تۇرۇر،
گۇلزار ئەمەس ئول يەر بەسى خار تۇرۇر،
ئۇششاق - چوڭلار گۇل يۈزۈڭگە زار تۇرۇر،
ئاتام بىرلە ئانامدىن قالدىم، يىغلارمەن.

سوئال:

جاۋاپ بەردىم مەهمۇرلۇغۇم بىلۇرسەن،
بۇگۈن بىرىپ ئەرتە يىنىپ كېلۇرسەن،
تىز كەلمىسەڭ سۆزۈم تەهقىق ئۆلەرسەن،
سەن كەلگۈنچە مەن هەم دۇئا قىلايىن.

جاۋاپ:

گۆر ئوغلى دەر ئاتىمنى سەن ئىشتسەڭ،
رۇخسەت بىرىپ ماڭا جاۋاپلار بەرسەڭ،
هايال بولماي كېلەي ئەگەر سەن بىلسەڭ،
ئول كۈنى مەن بۇبامدىن قالدىم، يىغلارمەن.

گۆر ئوغلى شاه مەهمۇرخاننىڭ بۇنداق ياخشى سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، پەگاغا چۇشۇپ تازىم بىجا كەلتۇردى ۋە: «ئەي پادىشاهى ئالەم، بۇگۈن كىچە ئاتام-ئانام چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ، شۇڭا كۆڭلۇم يېرىم بولۇپ يىغلىدىم. ئەي كەرەملىك شاهىم، مۇشۇ كۈنگە قەدەر ماڭا هىچ كىمدىن دىل ئازار يەتمىدى. كەمىنە پىقىرگە رۇخسەت بەرسىلە، ئاتا - ئانامنىڭ تۇپرىغىغا بىرىپ دۇئا قىلىپ كەلسەم!» دىدى.

شاه مەهمۇرخان گۆر ئوغلىغا: — رۇخسەت بىرەي، لىكىن بۇگۈن بىرىپ، ئەتە ناشتا ۋاقتى بىلەن قايتىپ كېلىسەن. ئەگەر مۇهلەت ئىشىپ كەتسە، كەينىڭدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۇرۇپ، بېشىڭنى كېسىمەن! دىدى.

گۆر ئوغلى شاهتىن رۇخسەت ئېلىپ يەنە بىر تازىم بىجا كەلتۇردى ۋە ئارغىماققا مىنىپ بەلىخ شەهرىدىن چىقتى.

ئۇ مېهرىۋان ئاتا - ئانىسىنى تېزرەك كۆرۈش مەقسىدىدە ئاتنى شامالدەك چاپتۇرۇپ، سەككىز پەرسەڭلىك يولنى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقت ئىچىدە باستى. شه گۆرگە

www.uyghurkitap.com

ئون چاقىرىم يول قالغاندا، ئۇ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلاپ: — ئەي مېھرىۋان ئاتا، ئەي جان - جىگەر ئانا، قايدا سىلەر؟ دەپ يۈگۈر - گەن پېتى شەمى گۆرنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن ئالدىراشچىلىقتا يىقىلىپ، پۇتلىشىپ شەمى گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم! دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاياقلىرىنى يۈز - كۆزىگە سۈرتۈپ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

ئايا جانىم پەدەر ئاڭلاڭ،
پەلەك بىزنى جۇدا قىلدى.
سۆزۈم باشتىن تۇرۇپ تىڭلاڭ،
يۈرەك باغرىم يارا قىلدى.

سىزدىن رۇخسەت ئېلىپ چىقتىم،
تولا كىيىكلەرگە دام قويدۇم،
سەيدلارنى مەن ئېلىپ يۈردۇم،
قاراقچىلار جاپا قىلدى.

ئېلىپ يۈردى مېنى باغلاپ،
ساتاي دەپ شەھەرنى چاغلاپ،
يۈرەگىمنى ئۇلار داغلاپ،
ئۇلۇغ يولنى بىزا قىلدى.

قاراقچىغا ئۇل شاھ ئۇچراپ،
تۇتۇپ ئالدى تامام باغلاپ،
باشنى كەستى تون چولغاپ،
پەلەككە شاھ ئىزا قىلدى.

خۇدا ساقلاپ مېنى ئاندا،
مەھرەم ئەيلەپ ئول كۆن يولدا،
ئۆزۈم شاتىر ئەمەل قولدا،
سوراپ ۋاقتى سادا قىلدى.

ئول شاھ سوردى مېنىڭ ئەرزىم،
ئاڭا ئېيتتىم تامام دەردىم،
دېدى بارغىل جاۋاپ بەردىم،
دىبان سۆزنى ئادا قىلدى.

گۆر ئوغلى دەر بالاڭدۇرمەن،
غېرىبى بىناۋاڭدۇرمەن،
رەپىقى مۇددىئاڭدۇرمەن،
بالا قىلدى خۇدا قىلدى.

گۆر ئوغلى يىغلاپ تۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. ئۇچەيلەن يېرىم كېچىگىچە ھال - مۇڭ تۆككۈشتى.

ئەتىسى گۆر ئوغلى سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ: «ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، ئەي مېھرىۋان ئانا، ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار! مۇندىن زىيادە ھايال بولۇپ قالسام، زالىم شاھ كەينىمدىن ئادەم ئەۋەتسە، ھەممىمىز ھالاك بولىمىز. خۇدا خالىسا مەن سىلەرنى يوقلاپ تۇرىمەن»، دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

رۇخسەت بېرىڭ كەتەيىم ئاتام،
كېتەي بۇگۈن بەلخ شەھرىگە.
دۇئا قىلىڭ ھەر سۇبھى شام،
كېتەي بۇگۈن بەلخ شەھرىگە.

زالىم مېنى ئالدى تۇتۇپ،
نەۋكەر بولغىل سەن ماڭا دەپ،
يۈردۈم ئاتا، قانلار يۇتۇپ،
كېتەي بۇگۈن بەلخ شەھرىگە.

قىلىڭ ئاتا ماڭا دۇئا،
دائىم تىلەڭ ھەقتىن پانا،
پەلەك قىلدى بىزنى جۇدا،
كېتەي بۇگۈن بەلخ شەھرىگە.

سائەت ئۆتتۈپ كەتسە ئىشىم،
غەمگە تولۇر ئىچى - تېشىم،

يەتمەس بۇ يەرگە نالىشىم،
كېتەي بۇگۈن بەلىخ شەھرىگە.

كەلدىم تىلەپ رۇخسەت ئاران،
كەلسە ئىزلەپ سوراپ بۇيان،
بىزگە بولۇر ئۇرسا زىيان،
كېتەي بۇگۈن بەلىخ شەھرىگە.

گۆر ئوغلى دەر يىغلار ساڭا،
دۇئا قىلىڭ ئاتا ـ ئانا،
نەۋكەر بولدۇم ئول كۈن ئاڭا،
كېتەي بۇگۈن بەلىخ شەھرىگە.

ئەدھەم پەرزەنتىگە قاراپ دۇئا قىلىپ
مۇنداق دىدى: كۆزۈمىنىڭ نۇرى، بېلىمىنىڭ
مادارى ئوغلۇم، سىز ھەم بىزلەردەك مۇش-
پىق ئاتا ـ ئانىڭىزدىن رازى بولۇڭ. ئەي
ئوغلۇم، ئۇ زالىم پادىشا يېقىن كۈنلەردە
پېقىر ئاتىڭىزنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كۆزد ـ
ڭىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ شېھىت قىلۇر.
ئانىڭىزنى ھەم بۇ شەمى گۆردىن ئېلىپ
چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، شاھنىڭ ۋە ـ
زىر ـ ۋۇزرالىرى ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ
ئالۇر. ئاندىن زالىم پادىشا ئۇنى سۆرەپ ـ
قىيناپ شەھەرگە ئېلىپ كېتۇر. سىزگە شۇنى
ئېيتىپ قويايكى، بۇ ۋاقىتتا ھەرگىز كۆزد ـ
ڭىزنى ياشلاپ يىغان چەكمەڭ! زالىم شاھ
گۇمانلىنىپ سىزگە زىيان يەتكۈزمىسۇن.
سىزدىن ئۆمىدىم شۇكى، مېنى شېھىت قىل ـ
غاندىن كېيىن تۇپرىغىمغا كېلىپ پات ـ
پات دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ! روھىم سىزدىن
شات بولسۇن. كۈنلەردىن بىر كۈنى زالىم
پادىشانىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ سىزنى يوقاتماق
ئۈچۈن، يەتتە ـ سەككىز كۈنلۈك يەرگە ئۈچ
كۈندە بېرىپ كېلىسەن، ئەگەر ئۈچ كۈندە
ئىشنى بېجىرىپ كەلمىسەڭ كاللاڭنى ئالىمەن،
دەپ بۇيرۇيدۇ. سىز بۇيرۇغان خىزمەتنى
بېجىرىپ كەلمەك ئۈچۈن بېلىڭىزنى چىڭ
باغلاڭ! لېكىن سىز يولدا ئېزىپ قالىسىز.
بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىر چاھار باغ-
نىڭ ئالدىغا كېلىسىز. ئۇ چاھار باغنىڭ
ئىچىدىن ساھىبجامال بىر قىز ئالدىڭىزغا
چىقىپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن سىزنى چاھار
باققا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇ چاغدا سىز باققا
كىرىڭ. ئۇ قىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە
بىجانىدىل ئەمەل قىلىڭ! زىنھار ئۇنىڭ سۆ-
زىدىن چىقماڭ. شۇ قىزنىڭ سەۋەۋى بىلەن
مۇرادىڭىز ھاسىل بولۇر ۋە ئۆلۈمدىن نىجات
تاپارسىز. ئاندىن سۇلتانلىق تەختىگە چىقىپ
ئولتۇرىسىز.

ئەدھەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باتىن
كۆزلىرىنى ئېچىپ، كەشپى كارامەتلىرى
بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئۇچرايدىغان
ئىشلارنى بىر ـ بىر ئېيتىپ بەردى. ئاندىن
ئوغلىنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ ئاي ـ
رىلغۇسى كەلمەي يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق
دىدى:

بالام سەندىن رازىدۇرمەن،
سەن ھەم رىزا بولغىل ئەمدى.
كۆرەر كۈندىن ئادادۇرمەن،
يېقىن كەلدى قازا ئەمدى.

كۆرەرسەن مېنى ئۆلتۈرسە،
قارا يەر ئىچرە كۆمدۈرسە،
ئاناڭغا زۇلۇم يەتكۈرسە،
چىقارما ياش راۋا ئەمدى.

داۋاسىز دەرتكە قالغايسىز،
زالىمنىڭ باشىنى ئۈزگەيسىز،
بەلىخ شەھرىنى سورىغايسىز،
بولۇرسىز پادىشاھ ئەمدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتاب تورى



كىشىگە ئېيتما سىرىڭنى،
چىقارما ئەسلى ئاھىڭنى،
كىمەرسە بىلسە ھالىڭنى،
بولۇر كۆپ ماجرا ئەمدى.

ھايال بولماي بىرىك يولدا،
خىياللار كۆپتۇر ئول شاھدا،
ئۆزۈڭنى ئاسرا بارغاندا.
دۇئا قىلغىل ماڭا ئەمدى.

ئاتاڭ ئەدھەم قويۇپ دۇنيا،
گۇمان قىلۇر سەندىن ئول گۇمراھ،
ئىمانىم مەشغۇلۇم ئاللا،
تاپالماسمەن داۋا ئەمدى.

ئەدھەم سۆزىنى تۈگىتىپ، گۆر ئوغلىغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، مەلىكە گۈل سەلىمە ئوغلىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي چەشمە چىراغىم ئوغلۇم، مەندەك زەئىپ مۇشپىق ئاناڭنى تاشلاپ كېتەر بولدۇڭ. خەير، دىلىمنىڭ باھارى، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم!» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جىگىرىم جانىم بالام،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.
مۇندا تۇرماق ساڭا ھارام،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئەدھەم كەبى يۇرت تاشلىدىم،
جۇرجىسقا ئوخشاش قايندىم،
يەھيا سۈپەت قان يىغلىدىم،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مۇساغا ئوخشاش باقى لەپ،
ئەيسا كەبى كۆككە چىقىپ،
ئول زىكرىيادەك ئىگراتىپ،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئۆزۈڭنى تاشلاپ ئوتقا سەن،
قىلدىڭ ئۆزۈڭنى ئاندا بەند،
يىغلار ئاتاڭ ئاناڭ بىلەن،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

قالدىم يۈرەك قانغا تولۇپ،
قەقنۇس كەبى رەڭگىم سولۇپ،
ئاتا ـ ئاناڭ بىرگە بولۇپ،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

زالىم ئاتام قىلسا زۇلۇم،
بولغاي قارالغىدىن ئويۇم،
يىغا بىرلەن ئۆتەر كۈنۇم،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئانام سەلىمە دەرمۇ سىز،
كەتكىل قاشىمدىن تېز ـ تېز،
ئاتا ـ ئاناڭ بىز ئىككىمىز،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەلىكە سەلىمەمۇ ئوغلىغا رۇخسەت بەردى. گۆر ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سەھەر ۋاقتىدا تولغاق يەپ،
مېنى تۇققان ئانامدۇر سەن،
بۆشۈگۈمنى تەۋرىتىپ،
ھىچ ئۇيمىغان ئانامدۇرسەن.

ئۆزۈم بۇ يەرنى تاشلارمەن،
دۈشمەن قاشىغا بارۇرمەن،
غۇربەتلىكتە يىغلارمەن،
قاراپ قالغان ئانامدۇرسەن

ئاتام قورقۇتتى كۆپ بىزنى،
كىتەر ئىرمىش ئىلىپ سىزنى،
خۇدا بەرسە ماڭا ئىزنى،
نەزەر سالغان ئانامدۇرسەن.

گۆر ئوغلى دەر شۇ سائەت،
قىلاي تەسبىھنى مەن ئادەت،
سالۇرمەن شاھقا كۆپ غارەت،
جاۋاپ بەرگىل، ئانامدۇرسەن.

گۆر ئوغلى ئىبراھىم ئاخىرى ئىلاجەسىز ھالدا ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەدھەم ئوغلىنىڭ قارىسى كۆزىدىن يۈتكىچە يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

كەتتىڭ بالام مىنى تاشلاپ چۆللەرگە،
دىدار قالدى قىيامەتكە باقى راق.
يىغلاپ قالدى ئاتاڭ قاراپ يولۇڭغا،
كۆڭلۈم يۈتتى ئاناڭ قالدى تاقى راق.

خۇدا بەرسۇن ساڭا ھىممەت غەيرەتنى،
قويماغىل سەن زىنھار شەۋكەت، ئەدەپنى
كۆرگىل بالام سۇلتان بولۇپ دۆلەتنى،
قىلسا شىپھەت، بالام تۇرغىل نىرىراق.

ھارام بولدى تۇرماق ماڭا بۇ دۇنيا،
ھىچ تاپمىدىم سەندىن ئۆزگە ئاشنا،
شىپھەت قىلسا ئول كۈن مىنى پادىشا،
ئەجەل يەتسە ماڭا يوقتۇر ساقراق.

ئۈممەت ئىردىم مۇستاپاغا ئەزەلدە،
بۇگۈن قالدىم جان ۋەھمىدىن ئىگراندە،
كىتەر ۋاقتىڭ يەتتى ئەدھەم چىناندە،
ئىمان بەرسە ماڭا ئىگەم ئالىراق.

ئەدھەم بىلەن مەلىكە سەلىمە شەمى گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئالىنىڭ تائەت-ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلى ئىبراھىمدىن ئىشىتىڭ:

گۆر ئوغلى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدىن كۆز يىتىم يەرگە بىرىپ ئارغىماققا مىندى ۋە مەنزىللەرنى ئارقىغا تاشلاپ شەھىرى بەلىخقە يىتىپ كەلدى. ئاتنى جايلاپ قويۇپ ئوردىغا كىرىپ شاھ مەھمۇرخانغا تازىم بىجا كەلتۈردى.

پادىشا مەھمۇرخان: «ئەي گۆر ئوغلى ئىبراھىم، ئولتۇر، ئاتا-ئاناڭنىڭ تۇپرىغىغا بىرىپ دۇئا قىلىپ كەلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. گۆر ئوغلى جاۋاپ بىرىپ كۆرسەتىلگەن جايدا ئولتۇردى.

ئەلقىسسە: ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشا مەھمۇرخاننىڭ كۆڭلىدە شكار قىلماق ھەۋسى پەيدا بولدى ۋە گۆر ئوغلىنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى، لاۋا-لەشكەرلىرى بەلەن دەشت-باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى.

گۆر ئوغلى شاھنىڭ ئورنىدا دەرتمەنىلەرنىڭ ئەرزىنى ئادالەت بىلەن سوراپ يامانلارنىڭ جازاسىنى بىرىپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. شەھەر خەلقى گۆر ئوغلىنىڭ ئادىللىغىغا تەشەككۈر ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇپ، بۇ نەۋكەر يىگىتكە پادىشالىق يارىشىدىكەن، كەم-كۈتىسىز پادىشاغا لايىق يىگىت ئىكەن، دىيىشتى.

بىر كۈنى گۆر ئوغلى بىرىلگەن ئاشنى زەرجاپ داستىخانغا يۆگەپ قويۇپ ئاتدىن بىر دوستىنىڭ قىشىغا كەلدى ۋە: ئەي بۇرادەر، بۇگۈن ئۇستىخانلىرىم ئەجەپ ئاغرىپ، بىشىم قىيىۋاتىدۇ. ئوردىدا پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى سورىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەتىگىچە مىنىڭ ئورنۇمدا ئوردا

www.uyghurkitap.com



خىزمىتىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز! دەپ ئۆز خانىسىغا قايتتى. ئۇ ناماز خۇپتەندىن كېيىن زەرباپ داستىخانغا يۆگەپ قويغان ئاشنى قولىغا ئېلىپ، ئارغىماققا مىنىپ ئۆزىنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي شەھەردىن چىقىپ، ئاتا ماكانىغا راۋان بولدى. ئۇ، شەمى گۆرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، گۆرنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ ئاتا-ئانىسىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم پەدەر ۋالىدەم،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.
ئۆزۈڭدىن ئايرىلىپ كۆپ تارتتىم ئەلەم،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.

پەلەك سالدى ماڭا دەردۇ ئەلەمنى،
قاچىشاق كېرەك دىيار تۇتۇپ ئەجەمنى،
مۇندىن كەتسەك كۆرمىگەيمىز ئەلەمنى،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.

يا ھىندۇستان، مازانداران قاچايلى،
چىراغ يەكلىغ بىز بۇ يەردىن ئۇچايلى،
يا جەڭ ئۇچۈن جاندىن كېچىپ چىقايلى،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.

ئىش پۈتمىگەي مۆكۈپ چۆكۈپ يوشۇرۇنۇپ،
ئول زالىمدىن قېچىپ يۈرۈپ قورقۇشۇپ،
ياتارمىزمۇ گۆرگە كىرىپ مۆكۈشۈپ،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.

گۆر ئوغلىمەن، كەلدىم چىپىپ شۇ سائەت،
بىر تاۋاق ئاش ئېلىپ كەلدىم بۇ ھالەت،
ھەقتىن كەلگەن سىزگە رىسقى زىياپەت،
بۇگۈن ساڭا مۇشتاق مەن ياكۆر.

گۆر ئوغلى ئاتا-ئانىسى بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن تائامنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن قويۇپ، ئۇلارنى تائامغا تەكلىپ قىلدى. ئانىسى: — ئەي جىگەر پارەم بالام، بۇ ئاشنى بىز يېمەيمىز. بىزلەرگە زالىمنىڭ تائامى ھارامدۇر. سەن كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىسەن. بۇ تائامنى ئۆزەڭ يېگىن، ساڭا ھالالدۇر»، دېدى.

گۆر ئوغلى ئاتا-ئانىسىغا قاراپ: «ئەي ھۆرمەتلىك ئاتا، ئەي مېھرىۋان ئانا! بۇ تائامنى مەن سىزلەرنى يەرمىسكىن دەپ ئەكىلىپتىمەن، يېمىسەڭلەرمۇ مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن قولۇمدىن ئېلىپ ئەكىرىپ قويۇڭلار، مەن كەتكەندىن كېيىن جان-جاز-ۋارلارغا تۆكۈپ بېرەرسىلەر. مەن ناھايىتى ئالدىراپ كەلدىم. ئەي مېھرىۋان ئانا، كەمىنە ئوغلىڭىزغا رۇخسەت بېرىڭ، قايتىپ كېتەي!» دەپ رۇخسەت سورىدى.

گۆر ئوغلى:

خوش قىلىڭلار يىغلاشمايىن،
جانىم ئانام تا كۆرگۈنچە.
ياشىڭنى سەن قىلما ئېقىن،
كەئبەم ئانام تا كۆرگۈنچە.

ئانىسى:

رۇخسەت بېرەي پات-پات كېلىڭ،
يولدا كۆزۈم بولماغۇنچە.
كېلىپ بىزدىن سوئال قىلىڭ،
يولدا كۆزۈم بولماغۇنچە.

گۆر ئوغلى:

ئەي ئانا سەن كۆپ قىلما غەم،
بىر ۋاقتىنى تاپسام مەن ھەم،

ئاللا ماڭا قىلسا كەرەم،
كەتبەي ئانام تا كۆرگۈنچە.

ئانىسى:

كۆپ قىلۇرمەن غەم سەن ئۈچۈن،
سەن قايغۇرما كۆپ مەن ئۈچۈن،
كۆڭلۈك داۋام خۇرسەن ئۈچۈن،
يولدا كۆزۈم بولماغۇنچە.

گۆر ئوغلى:

سەنسىز نىچۈك راھەتتىمەن،
كۆڭلۈم تىلەك ھاجەتتىمەن،
ھەر كۈندە يۈز ئاپەتتىمەن،
جانىم ئانام تا كۆرگۈنچە.

ئانىسى:

مەۋلۇم ئىگەم قىلسا خىتاپ،
سەن كۆرمە ھىچ ئەسلا ئازاپ،
خاك ئەھلىنى كۆرمەك ساۋاپ،
يولدا كۆزۈم بولماغۇنچە.

گۆر ئوغلى:

گۆر ئوغلى دەر بولدۇم ھايال،
زالىمدا بار يۈزمىڭ خىيال،
بىلسە بىراۋ كەلمەك مەھال،
كەتبەي ئانام تا كۆرگۈنچە.

ئانىسى:

سەلىمە دەر جانىم بالام،
دۇئا قىلاي سىزگە داۋام،
قىلغان ئىشىڭ بولسۇن تامام،
يولدا كۆزۈم بولماغۇنچە.

گۆر ئوغلى ئىبراھىم ئاتا - ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، بىر پەرسەڭ يەرگە پىيادە بېرىپ ئاندىن ئارغىماققا مىندى. ئۇ، تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ يېتىپ كېلىپ، دەرۋازا ئېچىلغان ھامان شەھەرگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى، ئاتنى جايلاپ قويۇپ، كۈن ئۆرلەگەندە ئوردىغا كىردى.

گۆر ئوغلى ئىبراھىمنىڭ دوستى: ئەي بۇرادەر، ئىككى كۈندىن بۇيان سىزنى كۆرمىدىم. قەيەرگە كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى. گۆر ئوغلى: ئەي بۇرادەر ئەزىز! مەن سىزگە بىتاپ بولۇپ قالدىم دېمىدىممۇ؟ بۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۆيدە يېتىپ تەرلەنگەن ئىدىم، بۈگۈن سەھەر ئورنۇمدىن قوپسام خېلى يېنىكلىشىپ شىپا تېپىپتىمەن. مانا ھازىر ئۆيدىن كېلىشىم، — دېدى. دوستى گۆر ئوغلىغا تەختنى بىكارلاپ بەردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشى ھامان ھەر تەرەپتىن دەرتمەنلەر كېلىپ دەرت ئېيتقىلى تۇردى. گۆر ئوغلى بۇ دەرتمەنلەرنىڭ داۋاسىنى سوراپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى شاھ مەھمۇرخان ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرى بىلەن شىكاردىن قايتىپ كېلىپ تەخت ئۈستىگە چىقتى. ئاندىن ئوردىدا قالغان ئەمىرلەرگە، مەن شىكارغا چىقىپ كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە گۆر ئوغلى پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى قانداق سورىدى؟ دەپ سوئال قويدى. ئەمىرلەر: «ئەي پادىشاھى ئالەم، گۆر ئوغلى پۇقرالارنىڭ ئەرزى ئەھۋالىنى ئادىللىق بىلەن سورىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن قىلچىمۇ سەۋەنلىك كۆرمىدۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى.

شاھ مەھمۇرخان بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، بىنىھايەت شات بولۇپ گۆر ئوغلىنىڭ ئىززىتىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتەردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شاھ

www.uyghurkitap.com



مەھمۇرخان گۆر ئوغلى ئىبراھىمنى ئۆزىنىڭ
بىر تۇققان قېرىندىشى شاھ مەھەممەتخاننىڭ
قېشىغا ــ قەلئە قۇندۇزغا خىزمەتكە بۇيرۇدى.

گۆر ئوغلى شۇ كۈنى يىگىرمە نەپەر
نەۋجۇۋان يىگىتنى ئېلىپ بەلىخ شەھرىدىن ئاتـ
لاندى ۋە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ قەلئە
قۇندۇز شەھرىگە كەلدى. شاھ مەھەممەتخان
ئەمىر - ئۇمرالىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ،
ئۇلارنى ئوردىسىغا باشلاپ كىردى ۋە كاتتا
ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

گۆر ئوغلى شاھ مەھمۇرخان بەرگەن
نامىنى شاھ مەھەممەتخانغا تۇتۇپ بەردى.
شاھ مەھەممەتخان قېرىندىشى ئەۋەتكەن نا-
مىنىڭ ئۈستىدىن زەر نىسار قىلدۇرۇپ نامە-
نى ئېچىپ مۇنشىغا بەردى. مۇنشى بەلەن
ئاۋازى بىلەن ئوقۇدى: ئەي مېھرىۋان ئىنىم
شاھ مەھەممەتخان، بۇ نامە مېنىڭدىن سىزگە
ئانداغ ۋەسى بولسۇنكى، مېھرىۋان ئاتام
سۇلتان مەھمۇتخان غازى، تاغىمىز سۇلتان
سەنجىرى ماخىدىن ماڭا نەچچە نۆۋەت نامە
كەلدى. نامىدە شەھىنشاھ ئىغرىبىسخاننىڭ
پەرمانى بىلەن، شام شەھرىنىڭ دەرۋازىسىنى
توسۇپ، ئەسقەر شاھ ئابدۇللا مەرۋاننى شە-
ھەردىن چىققىلى قويماي ئۇرۇشۇپ ياتىتۇق،
دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى سىزگە مەلۇم قىلغان
ئىدىم. ئەمما سىزدىن ھېچبىر جاۋاپ بولمى-
دى. شۇڭا گۆر ئوغلى ئىبراھىم دېگەن
نەۋكىرىمنى نامە بىلەن سىزگە ئەۋەتتىم.
ئاللا دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاي! نامە
تامام ۋەسسالام.

شاھ مەھەممەتخان نامە مەزمۇنىدىن
خەۋەردار بولۇپ، گۆر ئوغلىغا ئىززەت - ھۆر-
مەت قىلىپ بىرنەچچە قېتىم مەجلىس قىلـ
دۇرۇپ بەردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى گۆر ئوغلى يە-
گىرمە نەۋجۇۋان يىگىت بىلەن قەلئە قۇندۇز-
نىڭ شەھەر سەھرالىرىنى تاماشا قىلىشقا
چىقتى. ئەلقىسسە: شۇ شەھەردە شاھ مەھمۇر-
خاننىڭ قىزى گۈل سەلىمە ئايىمنى ئەمدۇر-
گەن بىر ئىنىكئانا بار ئىدى. ئۇ گۆر
ئوغلىنى بىر كۆرۈش بىلەن ئۇنى گۈل سە-
لىمەگە ئوخشىتىپ، دەرھال ئوردا ئىچىگە
كىرىپ شاھ مەھەممەتخاننىڭ خوتۇنى مەلىكە
گۈلارۇخ ئايىمغا: «ئەي مەلىكە، بەلىخ شەھە-
رىدىن يىگىرمە نەپەر نەۋجۇۋان يىگىت كې-
لىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىگىتنى كۆر-
دۇم. ئۇ يىگىت غايىپ بولۇپ كەتكەن گۈل
سەلىمە ئايىمغا ئەجەپ ئوخشايدىكەن»،
دەپ گۆر ئوغلىنىڭ تەۋسىيىسىنى قىلدى. بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغان گۈلرۇخ ئايىمدا شۇ زامان
گۆر ئوغلىنى كۆرۈش ئىشتىياقى پەيدا بو-
لۇپ، شاھ مەھەممەتخانغا كىشى چىقاردى
ۋە بەلىخ شەھرىدىن كەلگەن يىگىتلەر ئارى-
سىدا گۆر ئوغلى دېگەن يىگىت بار ئىكەن.
شۇ يىگىتنى بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرگۈزسىلە،
دەپ ئىلتىماس قىلدى.

شاھ مەھەممەتخان شۇ ھامان گۆر
ئوغلىنى چاقىرىپ مەلىكە گۈلرۇخ ئايىمنىڭ
يېنىغا كىرگۈزدى. گۆر ئوغلى مەلىكە بار
ئۆيگە كىرىشتىن تارتىنىپ تاشقىرىدا تۇردى.
مەلىكە گۈلرۇخ ئايىم ئۆينىڭ ئىچىدىكى پەر-
دىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گۆر ئوغلىغا باش-
تىن - ئاياق قاراپ: ئەي ئوغلۇم، سىز كىمـ
نىڭ پەرزەنتى؟ ئېتىڭىز نىمە؟ قايسى ئاش-
ياندىن پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭىز؟ ئاتا - ئانـ
ىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە؟ قايسى گۈلىستاننىڭ
سەرۋىرى ۋە قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى سىز؟
مەن سىزنى بىر كىشىگە ئوخشىتىپ چاقىرتـ
تىم. مېنىڭ بىر تۇققان ئىنگىچىم بار ئىدى،
ئۇنىڭ دۇنيالىقتا ئاران بىرلا قىزى بار ئىـ
دى، ئۇنىڭ ئېتى گۈل سەلىمە ئايىم بولۇپ،
مۇندىن بىرقانچە يىل مۇقەددەم غايىپ بو-

لۇپ كەتـكەن ئـدى. سز ئنگچمـنـك شۇ
غايىپ بولۇپ كەتكەن قىزىغا ئەجەپ ئوخـ -
شايدىكەنسز، — دىدى. ئاندىن گۇلرۇخ ئا -
يىم بىلەن گۆر ئوغلى ئوتتۇرىسىدا مۇنـداق
سوئال - جاۋاپلار بولدى:

سوئال:

ئوغـلۇم دىـگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم،
قورقماي دىگىل سۆزلىرىڭ ئەسلا بىزلەردىن.
ئوغلۇم دىگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم،
قىلماغىل سەن ئەندىشە ھەرگىز بىزلەردىن.

جاۋاپ:

مەندىن سورىما داغى - دەردىم تۆمەندۇر،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟
دىلجەمى بولماي ئېيتقان سۆزلەر گۇماندۇر،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟

سوئال:

قابا پەلەك ساڭا كۆلپەت قىلغاندىن
سۆزلىيەلمەي قورقۇپ تۇردۇڭ بىزلەردىن،
راستىڭ دىگىل ئەسلا قورقماي بىزلەردىن،
ئوغلۇم دىگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم؟

جاۋاپ:

ئانامنى بىلمەسمەن مەندىن سورىغانلار،
ئوخشايدۇر دەپ ماڭا قاراپ تۇرغانلار،
بولۇر ماڭا ھەر كۈنى ئاخىر زامانلار،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟

سوئال:

ساڭا بولسا بۆگۈن ئاخىر زامانە،
قىلمىغايمىز ئانداغ ئىشنى يامانە،
ئويناپ كۈلگىل قورقماي روزى شىبانە،
ئوغلۇم دىگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم؟

جاۋاپ:

مېھرىبانلىق قىلسىپ مەندىن سورايسىز،
ئوخشايدۇر دەپ باش - ئاياغىم قارايسىز،
مەن ئوخشىسام ئوخشىغايمەن، تۇرغايسىز،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟

سوئال:

بىزلەر ئۇنىڭ ھىجرى بىرلەن ماتەمدار،
ئىزدەرمىز ئۇنى تۈن - كۈن ھاتەمدار،
ياقۇپ كەبى يىغلايدۇرمىز زار - زار،
ئوغلۇم دىگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم؟

جاۋاپ:

مېنى سورىساڭ ئەلدىن پىنھان يىرىم بار،
ئېيتمايدىغان كىشىگە مېنىڭ سىرىم بار،
بىر ۋاقىت تېپىپ ئاندىن ئېيتۇر كىشىم بار،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟

سوئال:

گۇلرۇخ خانىمەن بىلدىم سېنىڭ سۆزۈڭدىن،
ئوخشىتىپمەن ئاڭا يۈزۈڭ - كۆزۈڭدىن،
قاش-كىرپىگىڭ، ھەممە قەددىڭ - ھۆسنۈڭدىن،
ئوغلۇم دىگىل بۆگۈن ماڭا ئاناڭ كىم؟

جاۋاپ:

گۆر ئوغلى دەر ئاتىمنى ئەلنىڭ ئىچىندە،
تۇغۇلغانمەن ئۆزۈم گۆرنىڭ ئىچىندە،
كىشى بىلمەس مېنى سورىساڭ بۇ يەردە،
بۆگۈن مەندىن سورىساڭ ئايىم نە دەرمەن؟

www.uyghurkitap.com

گۆر ئوغلى بىر ئاھ تارتىپ قارا كۆز-
لىرىگە ياش ئالدى. بۇ يەردە پادىشا مەھەم-
مەتخانىمۇ بار ئىدى. بۇ سورۇندا ھازىر بول-
غانلارنىڭ گۇمانى ئېشىپ، ئۇلار گۆر ئوغلى-
نىڭ چوقۇم گۈل سەلىمە ئايىمنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىگىگە ئىشەنچە ھاسىل قىلدى.

مەلىكە گۈلرۇخ ئايىم گۆر ئوغلى بىلەن
قايتىدىن كۆرۈشۈپ ئۇنى بۇرۇنقىدىن ئەۋزەل-
رەك ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قايتۇردى.

گۆر ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن
شاھ مەھەممەتخان پەرمان قىلىپ: «بۇ سىر
ئەسرارنى ھېچ كىشى بىلىپ قالمىسۇن. ئەگەر
ئاكام شاھ مەھمۇرخان ئاڭلاپ قالسا، بىزلەر
بۇ ياش يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بو-
لىمىز. كىم بۇ سىرنى ئاشكارا قىلسا، تىلىنى
كېسىمەن!» دەپ ئېلان قىلدى.

شاھ مەھەممەتخان ئەتىسى سەھەر قې-
رىندىشى شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ئەۋەتكەن نامە-
سىگە جاۋاپ يېزىپ بىرمۇنچە سوغا - سالام-
لارنى ھەدىيە قىلىپ، گۆر ئوغلىنى يىگىتلىرى
بىلەن بەلىخ شەھرىگە يولغا سالدى.

گۆر ئوغلى باشلىق يىگىتلەر بىرقانچە
كۈن يول يۈرۈپ بەلىخ شەھرىگە يېتىپ كەل-
دى. شاھ مەھمۇرخان قېرىندىشى ئەۋەتكەن
سوغا - سالام ۋە مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ
بىھەد خوشال بولدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى قۇندۇزدا
گۆر ئوغلى ھەققىدە شاھ مەھەممەتخانىنىڭ
خوتۇنىغا خەۋەر بەرگەن ئىنىگئانىدىن
ئىشىتىڭ:

قەلئە قۇندۇزدا گۆر ئوغلىنىڭ قىلغان
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيگەن
ئىنىگئانا قۇندۇز شەھرىدىن چىقىپ بىرقان-
چە كۈنلەر يول يۈرۈپ بەلىخ شەھرىگە كەل-
دى. ئاندىن ئۇ، شاھ مەھمۇرخانىنىڭ خوتۇ-
نى قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا مەلىكە گۈلرۇخ
ئايىمدىن سالام يەتكۈزۈپ قەلئە قۇندۇزدا
گۆر ئوغلىنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئەۋەلدىن -
ئاخىرغىچە بايان قىلىپ ئېيتتى، ئۇ: — ئەي
مەلىكە ئاللىرى، ئۆزلىرىنىڭ غايىپ بولۇپ
كەتكەن قىزلىرى گۈل سەلىمەگە ئاشۇ گۆر
ئوغلى ئاتلىق مەھرەم يىگىت ئەجەپ ئوخ-
شايدىكەن، — دېدى.

شاھ مەھمۇرخانىنىڭ خوتۇنى مەلىكە
دۇختەربانۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ-
تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى. ئۇ، ئارى راست،
گۆر ئوغلى ئىبراھىم قىزىم گۈل سەلىمەگە
ھەققەتەن ئوخشايدۇ. مۇشۇ كۈنگە قەدەر
گۆر ئوغلىدىن بۇ ھەقتە بىرەر گەپ - سۆز
سورىماپتىمەن، ھەلىمۇ بولسىمۇ سوراپ
كۆرەي، دەپ شاھ زالىمغا بىلدۈرمەي گۆر
ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرتتى، ئۇنى يېنىغا ئول-
تۇرغۇزۇپ ئالدىغا زەرباپ داستىخان سال-
دى، ھەر خىل تائاملارنى تىزىپ ئىززەت -
ھۆرمەت كۆرسەتتى. تائامدىن كېيىن، مەلىكە
دۇختەربانۇ شىرىن سۆزلەر بىلەن: «ئەي
پەرزەنت، كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسىز؟ ئاتا-
ئانىڭىزنىڭ ئېتى نېمە؟ ئۇلارنىڭ جاي-
ماكانى قەيەردە؟ بىزدىن يوشۇرماي نەسەپ-
نامىڭىزنى بايان قىلىڭ!» دېگەندە گۆر ئوغ-
لى قارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇرۇق -
ئەۋلادىنى مەلىكە دۇختەربانۇغا بايان قى-
لىپ مۇنداق دېدى:

جىگەردىن سۆز - سۆخەنىمنى،
ساڭا ئېيتسام تامام يىغلار.
بايان قىلسام مەن ئەسلىمنى،
ئىشىتكەن خاسۇ ئام يىغلار.

ئۆزۈم ئەۋلادى ھەيدەرمەن،
تەرىقى چۈن قەلەندەرمەن،
تۇتۇپ دەشتلەردە لەنگەرمەن،
غېرىپقا سۇبھى شام يىغلار.

مۇھەممەتدۇر ئەلى ئوغلى،
ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمىدى زەمچى،
ئەھمەد ئوغلى ئەلى زەمچى،
سۇخەندانىم كالام يىغلار.

كى بىر دۇنيايى تەركىدىن،
بىلۇرسەن قەلئە زەمچىدىن،
قەلەندەر سەرخىن نەسلىدىن،
كى ئەدھەم سۇبھى شام يىغلار.

غېرىپ بىكەس يېتىمدۇرمەن،
زالىم قولىدا غەمدە دۇرمەن،
ئەجەل يانىدە جىمدۇرمەن،
ماكانسىز بى مۇقام يىغلار.

ئاتام يوقتۇر مېنىڭ ئەسلا،
ئاناسىز مەن سۆزۈم ئاڭلا،
خالايىقتىن ئىدۇك ئەئلا،
گۆر ئوغلىغا تامام يىغلار.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دۇختەربانۇ باشلىق كېنىزەكلەر يىغلىشىپ كەتتى. شۇ ھامان گۆر ئوغلىدا ئەندىشە پەيدا بولدى، ئۇ تاشقىرى چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، مەلىكە دۇختەربانۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ، شاھانە تونلار كىيگۈزدى ۋە ئىززەت - ئىكرام قىلىپ: ئەي بالام، بىزدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭ. ھەر كۈنى مېنىڭ يېنىمغا بىر - ئىككى قېتىم كىرىپ تۇرۇڭ. سىز مېنىڭ شۇ غايىپ بولغان قىزىم گۈل سەلىمەگە ئەجەپ ئوخشايدىكەنسىز. شۇڭا جامالىڭىزنى كۆرسەم غايىپ بولغان قىزىمنىڭ ئوتى - پىراقى سەل بولسىمۇ بېسىلىدۇ. بىزلەرمۇ بۇ زالىم پادىشادىن بىزاردۇرمىز. ئۇنىڭ بىزگىمۇ سالمىغان زۇلمى قالمىدى. كېچە - كۈندۈز ئاللا-دىن بۇ زالىمنى يوق قىلغىن دەپ تەلەپ قىلىمىز. كۆڭلىڭىزگە ھېچقانداق شەك - شۈبھە كەلتۈرمەڭ. بۇ سىر ئەسرارنى ھېچبىر كىشىگە ئېيتماڭ، — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

گۆر ئوغلى سۆزۈم ئاڭلا،
ئەجەپ جانىمغا ئوخشارسەن.
بىلۇرمىز يا بۇگۈن تاڭلا،
سۇخەندانىمغا ئوخشارسەن.

خۇدا بەرگەن قىزىم بىر جان،
يوقالدى شۇل كۈنى ئاسان،
نەچچە يىل ئىزدىدۇق چەندان،
لەئەل كانىمغا ئوخشارسەن.

ئاتىن قويغان كۈنى شايىئ،
كىتاپ كۆرسەتتى يوق تالىئ،
يوقاتتى شاھ ئۇنى زايىئ،
زەرەپشانىمغا ئوخشارسەن.

ئاتىم ئەدھەم دىبان شول دەم،
زالىمغا ئۇرۇپ بەرھەم،
دىدى: بەرگىل قىزىڭنى ھەم،
دىگەن باغىمغا ئوخشارسەن.

دىدى: گۆھەر تېپىپ كەلگىل
رىيازەت كۆپ چېكىپ كەتكىل،
تاپالماي دەئۋادىن ئۆتكىل،
شۇ مېھمانىمغا ئوخشارسەن.

چىقىپ كەلتۈردى گۆھەرنى،
ئېلىپ ئېردى شاھ بۇ دۇررىنى،
يىقتتى ئوردا مەنزىرنى،
پەرىشانىمغا ئوخشارسەن.

ئەۋلىيا ئىكەن ئول ئەدھەم،
چىقىپ كەتتى بولۇپ بىغەم،

يەنە كەلتۈردى كۆپ سۇ ھەم،
ئۇشۇل جانىمغا ئوخشارسەن.

بولۇپ غايىپ بالام شەھەردىن،
كى تاقەت قالمىدى تەندىن،
مەلىكە سورايدۇر سەندىن،
شەبىستانىمغا ئوخشارسەن.

قىلىك دۇختەر سۆزىن قىسقا،
ئىزلەپ يۈردۈق بەلەن ـ پەستكە،
پەلەك ئول كۈن بولۇپ ئۆزگە،
گۈلىستانىمغا ئوخشارمەن.

مەلىكە دۇختەربانۇ گۆر ئوغلىغا قاراپ: ئەي بالام، ئاشۇ غايىپ بولغان قىزىمغا بىر قەلەندەر ئەلچى بولۇپ ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى نىيەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى پادىشا بىلەن قەلەندەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ جەڭ ـ جېدەللەر بولدى. ئاخىرى ئۇ قەلەندەر شەھەرنى سۇغا باستۇرۇپ ئۆزى يوقالدى، قىزىممۇ غايىپ بولدى. ئۇ بىچارە قىزىمنى يەر يۇتۇپ كەتتىمۇ ياكى دىۋە ـ پەرىلەر كۆيىقاپقا ئېلىپ قاچتىمۇ؟ بۇنىڭدىن ھېچبىر خەۋەر يوق. قىزىم غايىپ بولغاندىن بۇيان، كىيگىنىم كېپەن، يېگىنىم زەھەر بولۇپ كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. ئەي ئوغلۇم، سىز گۈل سەلىمەگە ئوخشىغانلىقىڭىز ئۈچۈن قېشىمغا چاقىرتتىم! — دېدى.

گۆر ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. مەلىكە دۇختەر ۋە ھەممە كېنىزەكلەر، بۇ يىگىت شەكسىز مەلىكە گۈل سەلىمەنىڭ پەرزەنتى ئىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا كۆزىدىن ھەرگىز ياش چىقماس ئىدى، دەپ، گۆر ئوغلىغا تېخىمۇ ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. گۆر ئوغلى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە دۇختەربانۇ ھەممە كېنىزەكلەرگە گۆر ئوغلى بىلەن بولغان گەپلەرنى ھەرگىز تاشقىرىدا سۆزلەپ يۈرمەسلىكنى ئېيتتى، كىمدە ـ كىم بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويسا، پۈتۈن ئۇرۇق ئەۋلادىنى قۇرۇتىمەن، دەپ قورقۇتتى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى پادىشا مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

پادىشا مەھمۇرخان بىر كېچىسى يېتىپ چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۆزى بىر باياۋاندا شىكار قىلىپ يۈرگەنىمىش، بىر تەرەپتىن بىر شىر كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئاندىن ئۆزى ھەم بىر شىر بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، ئۇ شىرنى يوق قىلدى. شۇ ۋاقىتتا، ئەسكەرلىرى ئارىسىدىن بىر كىچىك ئارسلان بۆسۈپ چىقىپ، ئىرجىسخان ناملىق چوڭ ئوغلىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا كىچىك ئوغلى ئىلىنشخان ۋاي ئاكام دەپ يېقىن كېلىشى ھامان، ئارسلان ئۇنىمۇ نابۇت قىلدى. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ مەيدانغا چۈشۈشكە تەمشەلگەن ئىدى، ھېلىقى كىچىك ئارسلان پادىشاغىمۇ ھۇجۇم قىلدى، پادىشا مەھمۇرخان «ۋاي!» دەپ ۋاقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. شاھ مەھمۇرخان مۇنداق چۈش كۆرگىنىگە كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، مىڭ تەستە تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىسى ئۇ بارلىق مۇنەججىم ـ ھۆكمالارنى ئوردىغا يىغىپ، ئۇلارغا كۆرگەن چۈشىنى بىر ـ بىر بايان قىلىپ «چۈشۈمگە تەبىر بېرىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى. مۇنەججىم ـ ھۆكمالار پادىشانىڭ كۆرگەن چۈشىگە كۆپ مۇلاھىزە قىلىپ تەبىر بەردى. پادىشا مۇنەججىم ـ ھۆكمالارنىڭ بەرگەن تەبىرىگە قاناائەت ھاسىل قىلماي دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇ بىچارىلەرنى زىندانغا تاشلىدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى مەلىكە دۇختە-

تەربانۇدىن ئىشىتىك:
شۇ كۈندىن باشلاپ مەلىكە دۇختەربانۇدا قىزى گۈل سەلىمەنى كۆرۈش ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ كۈنلەردە زالىم پادىشا شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەلىكە دۇختەربانۇ ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، بىر بوخچىغا ئېسىل كىيىم-كېچەكلەرنى چەگدى. ئاندىن گۆر ئوغلىنى ھەمرا قىلىپ بىردىن ئاتقا مىندى، ئەلدىن ئوغرىلىقچە بەلىخ شەھرىدىن چىقىپ ئەدەھەمنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى. گۈل سەلىمە ئايىم ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تېزلىك بىلەن شەمى گۆر ئىچىگە كىردى ۋە بىر بۇلۇڭدا شەپە چىقارماي يۆگەپ ياتتى.
مەلىكە دۇختەربانۇ گۆرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە شەمى گۆرنىڭ ئىشىگىدىن بېشىنى تىقىپ: «ئەي قىزىم، قېنى سىز؟» دەپ گۈل سەلىمەنى چاقىردى. گۈل سەلىمەدىن ھېچقانداق جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن بىچارە ئانا كۆزلىرىدىن ھەسرەت-نادامەت يېشىنى ئاققۇزۇپ مۇنداق دىدى:

يېتىپسەن ئۆلمەيىن گۆرنىڭ ئىچىندە،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟
قارالىقتۇر ئاتاڭ ئەلنىڭ ئىچىندە،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

كىشى ئۆلسە كۆمەر يەرنىڭ تېگىگە،
نىشان بەرمەي قىلالماسلار ئەھلىگە،
ئۇيالماي چىقىغىل سەن مېنىڭ ئالدىمغا،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

قىزىم كۆرمەسمىدىڭ ئەرنىڭ يۈزىنى،
ساڭا يەر يۈزىدە ياساپ بەرمەي بىر ئۆيىنى،
يۇشۇرۇنۇپ يېتىپسەن گۆرنىڭ ئىچىدە،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

پۇشمانلار تولا بىلسەم سېنىڭدە،
نادامەتلەر تولا باردۇر دىلىڭدە،
ماڭا رۇخسەت بېرىپ: گۆرگە كىرىڭ! دە،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

ئېلىپ كەلدىم نەچچە خىلئەت تونىڭنى،
ئۇنۇتقايسەن كىيىپ كۆرگەن كۈنۈڭنى،
نەخوش كۆرسەم يۈزۈڭ، يا بىر ئۆزۈڭنى،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

ئاناڭ دۇختەر كېلىپ تۇردۇم بۇ سائەت،
ئۇيالماي چىقىغىل سەن قىلماي نادامەت،
كى قىلماس ھېچ كىشى ساڭا مالامەت،
نەھاجەت ياتمىغىلىڭ گۆردە بالام سەن؟

گۈل سەلىمە يەنىلا ئاۋاز چىقارماي شۈك ياتتى. مەلىكە دۇختەربانۇنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، يىغلىغان پېتى گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، قىزى بېشىنى پۈركەپ يىغلاپ يېتىپتۇ. كېيگەن كىيىملىرى پارە-پارە بولۇپ ئەۋرىتىنى يېپىشقىلا ياراپتۇ.
مەلىكە دۇختەربانۇ قىزىغا مۇلايىم سۆزلەپ، بېشىنى يۆلەپ ئۇنى تۇرغۇزدى ۋە ئېلىپ كەلگەن كەمخاپ تونلارنى كىيدۈردى. مەلىكە گۈل سەلىمە ئانىسىغا قارىيالماي يەرگە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى: ئەي مېھرىۋان ئانا، كەمىنە بى ئەقىل قىزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي ئىزلەپ كېلىپسىز.
ئاندىن ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سوئال-جاۋاپلار بولدى:

گۈل سەلىمەنىڭ سوئالى:

كەلمەك ساڭا نە ھاجەتدۇر مېنى تاشلىماي،
سەردارى يوق قىزنى دىگەن بولۇرمۇ؟

شەھەر ئىچىدە خالايىقنى باشلىماي،
غەمخۋارى يوق قىزنى دېگەن بولۇرمۇ؟

دۇختەر ئايىمنىڭ جاۋابى:

ئەي جان بالام بۈگۈن بولما خىجالەت،
سەن يوق كۈنۈم كەچمەدى بىر كۆرمىگۈنچە.
سېنى دەپ يىغلايدۇ تۈن - كۈن جامائەت،
سەن يوق كۈنۈم كەچمەدى بىر كۆرمىگۈنچە.

گۈل سەلىمەنىڭ سوئالى:

مۇندا كەلسەڭ مېنى دىبان چاغىم بار،
تاغۇ دەشتتە مەنسى يوق باغىم بار،
كېلىپ كۆردۈڭ راھەت يوقتۇر نالىم بار،
دىلدارى يوق قىزنى دېگەن بولۇرمۇ؟

دۇختەر ئايىمنىڭ جاۋابى:

نومۇس قىلما، خىجىل بولما مېنىڭدىن،
قورقارمۇ سەن ئوشۇل زالىم ئاتاڭدىن،
رازىدۇرمەن سېنىڭ قىلغان ئىشىڭدىن،
سەن يوق كۈنۈم كەچمەدى بىر كۆرمىگۈنچە.

گۈل سەلىمەنىڭ سوئالى:

سەن باشلىما دەرت ئوتىنى كۆيەردە،
يېزىلغاندۇر پېشانەمگە ئەزەلدە،
مېنى ئېلىپ كېتەي دىمە كۆڭلۈڭدە،
ئەسرارى يوق قىزنى دېگەن بولۇرمۇ؟

دۇختەر ئايىمنىڭ جاۋابى:

خوش كەلمەدى ساڭا قىلغان سۆزلىرىم،
سۇبھى شامۇ يىغلاپ ئۆتەر ياز - قىشىم،
بىكار ئىكەن ساڭا قىلغان ئىشلىرىم،
سەن يوق كۈنۈم كەچمەدى بىر كۆرمىگۈنچە.

گۈل سەلىمەنىڭ سوئالى:

ۋادەرىخا مېنىڭ ئىشىم پۈتتۈپتۇر،
ئەدەھەمگە بۇ دۇنيا ھارام بولۇپتۇر،
سەلىمەگە بۈگۈن ئەلەم بولۇپتۇر،
مادارى يوق قىزنى دېگەن بولۇرمۇ؟

دۇختەر ئايىمنىڭ جاۋابى:

دۇختەردۇرمەن سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان،
سەنسەن يار دەپ مېنى تامام ئۇنتۇغان،
كۆپ يىغلىتىپ ئانىسىنى قۇرۇتقان،
سەن يوق كۈنۈم كەچمەدى بىر كۆرمىگۈنچە.

ئانا - بالا يىغلىشىپ بىر بىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، دۇختەربانۇ قىزىنىڭ باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تارىدى. ئاندىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ: قىزىم، سېنى بەلىخ شەھەرىگە ئېلىپ كەتسەم ماقۇل دەمسەن؟ — دەپ سورىدى. گۈل سەلىمە جاۋاپ بېرىپ: «ئەي مېھرىۋان ئانا، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. زالىم ئاتام ئۆزى كېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكۈمنى بەلىخ شەھرىگە ئېلىپ كەتسە كېتەدۇكى، ئەمما مەن ھايات تۇرۇپ ئۇ يەرگە بارمايمەن. ماڭا غەزىنە، دەفى دۇنيانىڭ لازىمى يوق. مەن ئۈچۈن ئاللانىڭ رازىلىغى ئەۋزەلدۇر. مەن، خۇداگۈي ئەدھەمنىڭ تاھارىتىگە سۇ بېرىپ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي، — دېدى.

دۇختەربانۇ قىزىنى ئېلىپ كېتىشتىن ئۈمىت ئۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى ۋە گۆر ئوغلى بىلەن ئاتقا مىنىپ بەلىخ سىرى راۋان بولدى. ئۇلار شەھەرگە كېلىپ كىشىگە كۆرۈنمەي، ئوردىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئەلقىسسە: گۇل سەلىمەنىڭ ئىككى ھەمشىرىسى بار ئىدى. ئۇلار دۇختەرباتۇدىن ئىگىچىسى گۇل سەلىمەنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، شاھ مەھمۇرخان شىكارغا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدا، بىر كىچىسى گۆر ئوغلىنى ھەمرا قىلىپ شەمى گۆرنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئىگىچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ ياندى. ئاخشىمى ئەدھەم شىكاردىن قايتىپ كېلىپ تامىغىنى يەۋاتقاندا، گۇل سەلىمە ئانىسى بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ ھەم ئىككى ھەمشىرە سىڭلىسىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىگىنى ۋە ئوتتۇرىدا قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرمەك بولۇپ مۇنداق دىدى:

پەلەك بۇزدى يەنە ئۇشبۇ ماكانىنى،
شەھەردىن بىر بۆلۈك بىگانە كەلدى.
ھىچ كىشى كۆرمىسۇن بۇنداق زامانىنى،
شەھەردىن بىر بۆلۈك بىگانە كەلدى.

مېنى كۆرمەك ئۈچۈن ئانام كېلىپتۇر،
مېنىڭ ئۈچۈن ئۆرتۈنۈپ ماتەم قىلىپتۇر،
قارىلىقتىن ماتەم ئەڭلىك كىيىپتۇر،
شەھەردىن بىر بۆلۈك گىريانە كەلدى.

ئانام كەلدى، بالام كەلدى تۇققانە،
دىلى غەملىك كۆزى ياشلىق گىريانە،
يەنە كەلدى زامان ئۆتمەي زامانە،
شەھەردىن بىر بۆلۈك تۇققانە كەلدى.

بۇ يەر بولدى شوھور ئەلنىڭ راباتى،
بالىمىزنىڭ ئەمدى سۇندى قاناتى،
تاپالماسمىز مۇندىن قېچىپ نىجاتى،
شەھەردىن بىر بۆلۈك گىريانە كەلدى.

قاچايلى بىز ئىكوۋ مۇندىن يىراققا،
تۈشۈپ قالمايلى بىز ئەمدى توزاققا،
ئاتام كېلىپ مۇندا تۇرسا سوراققا،
شەھەردىن بىر بۆلۈك دۇردانە كەلدى.

ئەجەپ بىلدى رەقىپ ئەھلى بۇ يەرنى،
كى ۋاقىت تاپسا كېلىپ بىزنى كۆرەرنى،
كېلىپ قىلسا ئاتام بىزگە زەرەرنى،
شەھەردىن بىر بۆلۈك ئەفغانە كەلدى.

سەلىمە دەر ھامان سائەت قاچايلى،
جاھاننى بىر يولى يوق دەپ پۈكەيلى،
بالامىنىڭ ئىشىنى ھەققە قويايلى،
شەھەردىن بىر بۆلۈك سوزانە كەلدى.

ئەدھەم گۇل سەلىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ: «ئەي يار مېھرىۋانىم، ئەمدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ ئەجىلىم يېقىنلىشىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئەجەلدىن قېچىپ قۇتۇلالماس. ئەمدى قاچقانىنىڭ پايدىسى يوق»، دىدى ۋە كۆزىگە ياش ئېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يېقىن يەتتى ئەجەل تولدى كۈنۈم يار،
ئېيتاي سۆزنى بىر باشتىن بۇ ھالىم.
جاھان زۇلمەت بىلەن تولدى ئەجەپ تار،
ئاقارماي ساچ ساقال كەتتى بۇ ياشىم.

تىشىم چۈشمەي بىلىم پۈكۈلمەي ئۆلەرمەن،
كى مەن ئۆمرۈم دىسەم قىرىق بەش ياشارمەن.
ئەجەل كەلسە چىراغ يەڭلىغ ئۆچەرمەن،
ئېلىپتەك تۈز ئىدى كۆڭلۈم ـ خىيالىم.

ئەجەل يەتتى ماڭا بەدبەخت قاتىل،
ئۆچۈرگەي بىر كۈنى ئول زەھەر مەلاھىل،
دىلى كۆپ سۈخەت بەداغيار جاھىل،
سۇنار ئەل ئىچرە بۇ شاخ مىسالىم.

تىرىكمەن ئۆلگۈنچە بولسام قارالىغ،
بولۇر كۆپ ئەل مۇندا سانسىز يارالىغ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتاب تورى


ئول كۆن ئوغلۇم بولۇر برنەچچە ئاھلىغ،
ئەدھەم ئۆلدى دىگەي ئوغلۇم تامايىم.

ئەدھەم يەنى ئېيتتىكى: ئەي مېھرىۋانىم، مەندىن رازى بولۇڭ. پىشانىمىزگە نىمە پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى كۆرمەسكە ھىچ چارىمىز يوق. ئاندىن ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشتى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شاھ مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

پادىشا مەھمۇرخان بىر كېچىسى يامان چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر ئارسلان پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا تاشلاندى. پادىشا مەھمۇرخان قولىدىكى شەمشىرى بىلەن ئارسلاننى ئۆلتۈردى. شۇ ھامان تەختىنىڭ تېگىدىن كىچىككىنە بىر شىر سەكرەپ چىقىپ، پادىشانىڭ قوسىغىنى يېرىپ، ئۈچەي باغرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ھالاك قىلدى. شۇ ھامان ئاسماندىن بىر توپ قاغا-قۇزغۇنلار چۈشۈپ پادىشانىڭ ھارام گۆشىنى چوقۇپ يىگىلى باشلىدى. زالىم پادىشا بۇ قاغا-قۇزغۇنلاردىن قۇتۇلاماي دەھشەت بىلەن «ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋاقىردى ۋە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن، تاڭ ئاتقىچە ئۇيقۇسى كەلمەي، كۆرگەن چۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەتىسى تەخت ئۈستىدە پەرىشان ھالدا ئولتۇردى.

ۋەزىر-ئەمىرلەر ئىككى تەرەپتە سەپ تۈزۈپ قاتار تۇراتتى، ئىككى سەييات، دات پادىشاھى ئالەم! دەپ كىرىپ كەلدى. شاھ مەھمۇرخان: ئەي سەيياتلار، قانداق ئەرزىڭلار بولسا ئېيتىڭلار!—دېدى. بىرىنچى سەييات ئالدىغا چىقىپ: ئەي پادىشاھى ئالەم، بىز پالانى باياۋاندىن كېلىۋېرمىز. ئۆي-ماكانىمىز شۇ يەردە. بىزنىڭ تىرىلغۇ يېرىمىز يوق. ھۈنەر-كەسىپ، تىجارىتىمىز ھەم يوق. كۈنىمىزنىڭ قاتتىقلىغىدىن سەيياتلىق قىلىپ ھايات كەچۈرەتتۇق. باياۋاننىڭ جانۋارلىرىنى تۇتۇپ يەپ، ئاشقىنىنى سېتىپ تۇرمۇشىمىزغا كېرەكلىك نەرسىلەر ئېلىپ يۈرەتتۇق. لېكىن يېقىندىن بۇيان شىكارگاھىمىزدا بىر قەلەندەر پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ تۇتىدىغان جانۋارلىرىمىزنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن كۈنىمىز ئېغىرلىشىپ، ھاياتىمىز خەۋپ ئاستىدا قالدى. شۇڭا ئۆزلىرىگە ئەرزىمىزنى بايان قىلايلى دەپ كەلدۇق!—دەپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.

ئىككىنچى سەييات تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى: «ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ھازىر ئۇ قەلەندەرنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىگىمىز بەك قىيىن بولۇپ قالدى. پەقەت ئۇ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن بەختىمىز يار بەرسە، بىرەر بۆجەننى تۇتۇشقا قادىر بولالايمىز. بولمىسا، قۇرۇق قول ئۆيىمىزگە قايتىمىز. ئۆيىگە كەلسەك بالا-ۋاقىمىز ئاچلىقتىن زار-زار يىغلىشىپ ئولتۇرغان. بىز دەرتكە چىدىماي ئۇ قەلەندەرنىڭ نەدىن كېلىشىنى بىلەيلى، دەپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماردۇق. ئۇ قەلەندەر شىكاردىن كېيىن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بىزمۇ ئۇنى قارا كۆرۈپ ماڭدۇق. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت كۆزىمىزدىن يوقالدى. بىز ھەيرانلىقتا يېقىن بېرىپ كۆرسەك، ئۇ، يەرنىڭ تېگىنى كولاپ ئۆي بىنا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قەلەندەرنىڭ ئۆيىنى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن ھەزرەتلىرىگە ئەرز قىلغىلى كەلدۇق.

شاھ مەھمۇرخان بۇ سەيياتلارنىڭ ئەرزىگە ئېتىۋارسىز قاراپ قۇلاق سالمىدى. ئاندىن سەيياتلار ئەدھەمنىڭ خوتۇنى گۈل سەلىمەنى ئەسلەپ: «ئەي پادىشاھى ئالەم،

ئۇ قەلەندەرنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ساھىپجامال خوتۇنى بار ئىكەن، سىياقى ھەزرەتلىرىگە ئەجەپ ئوخشايدۇ»، دېيىشتى. بۇ سۆزلەردىن كېيىن، شاھ مەھمۇرخان غايىپ بولغان قىزىنى يادىغا كەلتۈرۈپ كۆڭ-لىدە، يوقالغان قىزىم شۇ بولسا ئەجەپ ئەمەس. شىكار قىلغاچ بىر كۆرۈپ كېلەي، دەپ ئەمىر لەشكەرلىرى بىلەن بۇ ئىككى سەيياتنى ئالدىغا سېلىپ، باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى. ئىككى سەييات شاھ مەھمۇر-خاننى ئەدھەمنىڭ ماكانىغا باشلاپ كەلدى.

ئەدھەم شاھ مەھمۇرخاننىڭ كەلگىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ، دەرھال شەمى گۆرنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە: ئەي مەھبۇبەم، مەندىن كۆپ رازى بولۇڭ! — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جىسمىمدىن چىقسا پىغان،
قىلما پىغان زار ئەلۋىدا.
ھالىمغا رەھىم ئەت مېھرىبان،
جانۇ جاھانىم ئەلۋىدا.

ياش ئالمىغىل كۆزۈڭگە سەن،
ئىشەنمىگىل ئاتاڭغا سەن،
بەلىخ شەھرىگە كېتەدۇرسەن،
بولغۇلۇك ماكاندىن ئەلۋىدا.

يارىم جاھاندىن ئال خەبەر،
ئوغلۇم غېرىپ قالدى نىتەر،
بولغاي ئاتاڭ زىرۇ زەبەر،
ئاندا دىگەيسەن ئەلۋىدا.

سەن بول مېنىڭدىن رازى كۆپ،
بىھۇدە تۆكمە ياشنى خوپ،
دىل دەردىنى جانغا تۆكۈپ،
رازى مەنەم قال ئەلۋىدا.

ئەدھەم تۆكەرلەر ياشنى،
ھەققە بىرەردۇر جاننى،
نەئەيلەر جۇدالىق باشنى،
جان ئاچچىغىدىن ئەلۋىدا.

ئەدھەم خوتۇنى گۈل سەلىمە بىلەن ۋىدالىشىپ بولغىچە، شاھ مەھمۇرخان يېتىپ كېلىپ جالالتلارغا: ئۇ قەلەندەرنى ئېلىپ چىقىڭلار! دەپ پەرمان قىلدى.

ئەدھەم مەشۇقى بىلەن ۋىدال-شىپ بولۇپ شەمى گۆردىن چىقتى. زالىم پادىشا ئەدھەمنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: ئەي ئوغرى قەلەندەر، قىزىمنى يولدىن ئازدۇرۇپ مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ مۆكۈپ ياتتىڭمۇ؟ ئاخىرىغۇ سېنى ئىزلەپ تاپتىم. ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن قانداق قۇتۇلارسەن؟ — دىدى ۋە نەزمە ئوقۇدى:

كۆردۈڭمۇ قەلەندەر سەن،
سېنى تۇتقىلى كەلدىم.
قىزىمنى ئوغرىلاپسەن،
بېشىڭنى كەسكىلى كەلدىم.

يەر قەرىگە مۆكۈپسەن خوپ،
سەيياتنى ئۇرۇپسەن كۆپ،
سەندەك نەچچە بولسا كۆپ،
قېنىنى چاچقىلى كەلدىم.

تۇردى لەشكىرىم قورشاپ،
قاچالماسسەن مۇندىن بوشاپ،
كېتەرمەن باشىڭنى ئۇشلاپ،
باغرىڭ يارغىلى كەلدىم.

قىلاي سەن بىرلە كۆپ جەڭلەر،
مەيدانىغا بېرەي رەڭلەر،
ئىمانىغا دۇئا دەڭلار،
قايىناپ تاشقىلى كەلدىم.

ئاتىم مېنىڭ مەھمۇر شاھدۇر،
سەندەكلەر ماڭا خاردۇر،
جازايىڭ قارا چاھدۇر،
كۆمۈپ سالغىلى كەلدىم.

زالىم پادىشا قەھرۇ غەزەپ بىلەن شەمشەرىنى قىنىدىن سۇغاردى. ئەدھەم شاھنىڭ قولىغا شەمشەر ئالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپ، دۇئا-يىبەت قىلىپ: «ئەي زالىم شاھ، سەن مېنى شېھىت قىلساڭ ئۆزۈڭمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيسەن. دەشت-باياۋاندا ئۆلىسەن، گۆشۈڭنى قاغا-قۇزغۇنلار چوقۇپ يەيدۇ، نەسلىڭ بۇ دۇنيادىن قۇرۇپ كەتسۇن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!— دېدى. شاھ مەھمۇرخان ئەدھەمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ دەر غەزەپ بولۇپ: تۇتۇڭلار بۇ ئوغرى قەلەندەرنى!— دەپ ۋاقىردى. خۇشامەتچىلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئەدھەمنى تۇتۇپ، ئۇنى ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ مەھكەم باغلىدى. ئاندىن شاھ مەھمۇرخان:— ئەي جاللاتلار، بۇ ئوغرى قەلەندەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!— دەپ بۇيرۇدى.

بەت-بەشىرە جاللاتلاردىن يەتتىسى بىراق كېلىپ بىچارە ئەدھەمنىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇرغىلى قولىنى كۆتەرگەن ئىدى، ئەدھەمنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇلارنىڭ شەمشەر تۇتقان قولى شۇ كۆتىرىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. شاھنىڭ قالغان ئەمىر-لەشكەرلىرى ئەدھەمنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ، بۇ كىشى كارامەت ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، دەپ ئويلىشىپ ئۇنىڭغا تىغ كۆتىرىشكە پېتىنالمىدى. كۆڭۈللىرىدە بولسا ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىغا يىغلىشۇر ئىدى. زالىم شاھ لەشكەرلىرىگە غەزەپ بىلەن ۋاقىردى: ئەي تۇزكورلار، نېمە ئۈچۈن بۇ قەلەندەرنىڭ بېشىنى كەسمەي قاراپ تۇرىسىلەر؟

شاھ مەھمۇرخاننىڭ پەرمانىغا نارازى بولغان بىرقانچە يۈرەكلىك لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن ئەمىرلەر: «ئەي پادىشا، ئۇ قەلەندەر بىگۇنادۇر، بىز ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيمىز. بىزگە ھايات كېرەك. ئۇندىن باشقا خىزمەتكە بۇيرۇساڭ بىجانىدىل ئورۇنلايمىز، ئۆلتۈرىمەن دېسەڭ ئۆزەڭ كېلىپ ئۆلتۈر!— دەپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىدىن باش تارتىشتى. شاھ مەھمۇرخان ئىلاجىسىز ئۆز ھۆكمىنى ئۆزى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئەدھەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگەن ئىدى، گۆر ئوغلى تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ، ئاچچىغىدا ھاي بەرمەك بولۇپ مۇنداق دېدى:

زالىم بولۇپ ئەلگە يامان بولۇرسەن،
بىھۇدە سەن جانغا قىلما تومۇغلۇق.
ئاجىزلارنى كۆرسەڭ تۇتۇپ يۇتارسەن،
تووا قىلىپ ئۆزۈڭنى قىل ئوچۇغلۇق.

شاكىر بولغىل ئۆتكەن ئىشقا تانىبان،
نەسۇھادەك بولغۇن ئۆزگە كېلىبان،
ئۆمرۈڭ ئاخىر بولۇپتۇر سېنىڭ بى گۇمان،
ئۆلەر بولساڭ ئاندا مىزان قۇرۇغلۇق.

خۇدا قازى بولۇپ سورىسا نە دەرسەن؟
ئۆلگەنلەرنىڭ قىساسىنى بېرۇرسەن،
زۇلۇم-جاپا قىلغىنىڭنى تارتارسەن،
ئاندا سېنىڭ جانىڭ بولۇر تومۇغلۇق.

بۇ دۇنيادا سۇلتان مەن دەپ زۇلۇم ئەتتىڭ،
بەندىلەرنى كۆپ قاخشىتىپ يىغلاتتىڭ،
ئۆزۈڭنى سەن قەستەنگىنە يوقاتتىڭ،
مۇشكۇل ئىشلار ئالدىڭدا بار تۇرۇغلۇق.

ئۇشبۇ دۇنيا سەندىن قالۇر ۋە بىردىن،
بارچە بىزار يامان زالىم كىشىدىن،
ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ يۈرگەندىن،
بولساڭچۇ سەن ئەمدى ھەقنى تونۇغلۇق.

ئار ئەمەستۇر ساڭا خۇدا دىمەكلىك،
كۆڭلۈڭ بولسۇن دىن ئىشىغا كۆيۈكلۈك،
ئاخىرەتتە بىراغىل ئارسلان يۈرەكلىك،
ئوشۇل ۋاقىتتا قاراڭ بولۇر ئۇلۇغلۇق.

تاڭلا خۇدا قازى بولۇپ سورىغاندا،
رەسۇلىللا شاپائەتلىك تۇرغاندا،
ئەۋەل - ئاخىر بەندىلەرنى يىققاندا،
ئاندا بولما پۇشايماندىن ئۆيۈغلۇق.

كاتتا - كىچىك قۇلدىن سوئال سورسىلەر،
ئۇلار بىر - بىر ھەققە جاۋاپ بەرسىلەر،
بىر - بىر ئۆتۈپ نۆۋەت ساڭا كەلسىلەر،
نادامەتنى چەندان قىلغان بۇزۇغلۇق.

زالىم بولۇپ ئۇرما - سوقما ئاجىزنى،
ئابروي بىلىپ يۈرمىگىن سەن بۇ ئىشنى،
يامان بولساڭ ئاخىر يەرسەن بېشىڭنى،
كۆرمىگەيسەن زەررە جاھان يورۇغلۇق.

ئۆتتى سەندەك كاتتا ھەر بىر نامدا،
ئالدىدا كۆپ ئەسكەر بىلەن تاجدار،
ھەممە ئۆتتى، سەن ئوتەرسەن نابكار،
ئېردى ھەممە ئۆيلەر زەررە قۇبۇغلۇق.

سەن مۇسۇلمان، ئول مۇسۇلمان ئىشىڭ يوق،
ئالدىرىمىغىل ئاخىر بىر كۈن بېشىڭ يوق،
نالە قىلساڭ ئاڭلىغىلى كىشىڭ يوق،
بولۇر ئەھلىڭ سېنى تېپىپ ئويۇغلۇق.

يامان بولۇپ ئەانى تولا يىغلاتما،
باشىڭنى سەن خالايىققا ئۇشلاتما،
بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمىگىل، ئوق ئاتما،
سەن بولما كورشەرمەندە دىلى يۇمۇغلۇق.

كۈن ئالمىدى ۋاقتىڭدا بۇ غېرىپلار،
نە كوڭلى توق بولماي يىتىم، زەئىپلار،
ئازات قىل كۈن ئالسۇن بۇ قەلەندەر،
گۆر ئوغلىغا شىتاپ گەر ئوشۇغلۇق.

گۆر ئوغلى شاھ مەھمۇرخانغا شۇنچە كۆپ نەسىھەتلەر قىلسىمۇ، ئىكىن پادشانىڭ قېتىپ كەتكەن كۆڭلى ئېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ قېتىپ، گۆر ئوغلىغا: ئەي تۇزكور، سەنمۇ مېنىڭ ھۆكمىمنى تۇتماستىن، تېخى ماڭا نەسىھەت قىلىپ، بۇ ئوغرى قەلەندەرنى ئۆلتۈرمە دەيسەنغۇ!— دەپ ۋاقىردى ۋە ئەدھەمنىڭ بېشىغا شەھەر ئۇرغىلى قولىنى كۆتىرىپ: ئەي ئادەم ئوغرىسى قەلەندەر! ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن قانداق قۇتۇلارسەن؟ بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرۈپ، جاھان خەلقىگە سازايى قىلاي! سەن مېنىڭ يەتتە جاللىتىمغا جادۇگەرلىك قىلدىڭ، ئەمدى ماڭىمۇ جادۇگەرلىك قىلىپ قول - پۇتۇمنى قۇرۇتقىنىڭنى كۆرەي!— دىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەدھەم يۈزىنى قىلۋىگە قىلىپ تۇرغان ئىدى. ئۇ: ئەي خۇدا، مەندەك ئاجىز بەندەڭنىڭ خۇنىنى ئېلىپ بەرگەيسەن! ئوغلۇمنى خار قىلماي ئەزىز تۇتقايسەن. بۇ زالىم پادىشا مېنى ئۆلتۈرسە، ئۇزۇن ئۆمۈر بەرمىگەيسەن، ئۇ ئۆلەر ۋاقتىدا يۈز مىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلەر سېلىپ جېنىنى ئالغايسەن!— دەپ دۇئايىبەت قىلدى ۋە مۇنداق دەپ نەزمە ئوقۇدى:

مېنى ئۆلتۈرگۈچى ئادەم،
يىقىن پۇرسەتتە خار بولسۇن.
سالۇرسەن بارچىغا ماتەم،
كۆزى دۆلەتكە زار بولسۇن.

سېنى يوق قىلغۇچى مەخلۇق،
خالايىققا بولۇر خۇيلۇق،
قارا قاشلىق كىچىك بويلۇق،
كىشى ئەل ئىچرە بار بولسۇن.

مېنىڭ خۇنۇمنى ئالغاي ئول،
مەدەت قىلغۇر خۇدا رەسۇل،
دۇئاسى ھەر زامان مەقبۇل،
پەيغەمبەر ئاڭا يار بولسۇن.

ئاچىلغان گۈل ئۈزارىڭنى،
خازان قىلغاي باھارىڭنى،
ئىشتمەس ناله ـ زارىڭنى،
جاھاندا نامدار بولسۇن.

مېنى قورقۇتما بۇ ئىشدىن،
غەم، يوق باش كېسىلىشدىن،
كى قىلمام ئەسلا قايغۇدىن،
دىلىڭ ئەمدى غۇبار بولسۇن.

ئاتامنى يىدىڭ ئەي بەدبەخت،
ئانامنى ئايرىدىڭ دىل سۇخەت،
يوق بولسۇن سەندىن بۇ دۆلەت،
يولۇڭ بىر دەشت دىيار بولسۇن.

زاۋاللىڭ بولدى نامازشام،
قىلۇرسەن ماڭا كۆپ بەدنام،
بۇ سۆزنى ئېيتۇرمەن ئەئلام،
ياتار جايىڭدا نار بولسۇن.

مېنىڭ ئاتىم ئېرۇر ئەدھەم،
مېنى قورقۇتما مەن بىغەم،
ياشىمدىن يەرۇ كۆك شەبنەم،
دۇئا قىلغانغا كار بولسۇن.

زالىم شاھ ئەدھەمدىن بۇ ھاقارەتـلەرنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي بىر شەمشەر ئۇرۇپ ئەدھەمنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇ ھامان ھاۋا بۇزۇلۇپ بىر قارا تۇمان پەيدا بولدى.

شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئەمىر لەشكەرلىرى ئەدھەمنىڭ گۇناسىز ئۆلگەنلىگىنى كۆرۈپ يىغلاشىپ، زالىم شاھنىڭ ناھەق قان تۆككەنـلىگىگە لەنەت ئوقۇشتى. گۆر ئوغلى ئىختىـيارسىز، ئاھ ئاتام! دەپ يىغلاپ بېشى ئايلىنىپ يىقىلدى. ھوشىغا كېلىپ قارىسا، زالىم شاھ گۈل سەلىمە ئايىمنى چىچىدىن تۇتۇپ سورەپ شەھى گۆرنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەككە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ھامان شاھنىڭ دۆلكى ۋە لەشكەرىي خادىملىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ زالىم شاھقا قارشى چىقتى. ئۇلار پادىشانىڭ ئالدىنى توساپ:

ئەي تاش يۈرەك شاھ، ئەدھەمگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشلەرنى ناھەق ئۆلتۈرـدۈڭ. بۇنى ئاز دەپ ئەمدى ئۆز پۇشتىڭـدىن بولغان بۇ بىچارە مەزلۇمنى ئۆلتۈرسەڭ، ئەلگە قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارايسەن؟ قىـزىڭنىڭ گۇناھى نىمە؟ بىز ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قويمايمىز. ئەگەر قىزىڭغا زەررىچە ئازار بېرىـدىغان بولساڭ، سەندەك خۇنخور زالىمنى ئۆلتۈرۈپ پىشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرىمىز!— دىيىشتى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن ئەژلاس بەگ ئىبن لەئەل جۇبىي بەلەند كامان خارا-زەمى ھەممىنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دىدى:

كۆرگىل سەن ھۈنەر مەندىن،
ئۇرسام مەن كېرەك رەقتاس.
بىزار ھەممىز سەندىن،
ئۆلسەم مەن كېرەك قىساس.

ئاتىمنى چاپاي يەككە،
شورشىلار سالار كۆككە،
قانلار ئاقتۇزاي چەككە،
تۇرسام مەن كېرەك رەقتاس.

هەق بەرسە ماڭا دەرمان،
مەيدان قان قىلاي غەلتان،
مەن شۇنداق قىلىپ جەۋلان،
قىلسام مەن كېرەك ئىخلاس.

خۇنخور شاهنى ئۆلتۈرمەك،
ئوتتا تاشلاپ كۆيدۈرمەك،
لازىم يەرگە كۆمدۈرمەك،
قىلسام مەن كېرەك قىساس.

ئاجىزنى تېپىپ ئۆلتۈر
مەزلۇمغا جاپا يەتكۈر،
راۋامۇ ئىشىڭ مەھبۇر،
يۇتسەم مەن كېرەك هەق راس.

هەممەڭتىن بولۇپمىز جەم،
يەمەسسەن ئەلدىن زەردە غەم،
قىلماس زۇلۇمنى ئادەم،
يۇرسەم كۆرسىتىپ ئەۋلاس.

زالىم شاه لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىپ ئەمرىنى تۇتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۆزىنى رۇستەمى داستان، بەرزۇيى دەهقاندەك چاغلاپ: ئەي ۋەزىرلىرىم، ئەي لەشكەرلىرىم، سىلەر بۇ باياۋاندا مېنى يالغۇز كۆرۈپ ماڭا يېنىۋاتىسىلەر، ئىنشائاللا شەهەرگە بارغاندا دىمىڭلاردىن دۇت چىقىرىمەن! — دەپ هەيۋە قىلدى. لېكىن ئەمىر-لەشكەرلەر ئۇنىڭ هەيۋىسىدىن چۆچۈمىدى.

شاه مەھبۇرخان قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، پەرمانىغا بويسۇنىدىغان هېچ كىشى قالماپتۇ. هەممىسى قوللىرىغا قورال-ياراق ئېلىپ شاهقا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. شاه مەھبۇرخان لەشكەرلىرىنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ هېچ ئىلاجى قىلالماي، هىلە ئىشلەتمەكچى بولدى. ساختىلىق بىلەن كۈلۈپ: ئەي ئەمىر-لەشكەرلىرىم، مەن سىلەرنى سىنىماق ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدىم. سىلەر كېچە-كۈندۈز مېنىڭ ئەمىر-پەرمانىمنى تۇتۇپ كېلىۋاتىسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەرگە نىمشقا جازا بېرىمەن؟ ئەكسى هالدا سىلەرگە زۇلۇم قىلغان دۈشمەنلەرنى تاپسام، ئاڭا غەزەپ قىلۇرمەن. شەهەرگە بارغاندا، مۇددىئالىرىڭلار نىمە بولسا، سىلەرچە بولىدۇ، دەپ ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى باسماقچى بولدى.

بۇ هىلىگەر زالىمنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈشنى خالىمىغان ئابدۇللا هەمىد بەگ قاتارلىق بىرمۇنچە ئەمىرلەر مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ: ئەي شاه، شەهەرگە يۈرگىن! شەهەر ئىچىدە سېنىڭ بىزگە قىلىدىغان زۇلمىڭ بولسىمۇ، ئىنئامىڭ بولسىمۇ كۆرەيلى. سېنىڭ يامان پەيلىڭدىن زەررىچە ئەندىشە قىلمايمىز، ئىنئامىڭدىن تامايىمىز هەم يوق. شۇنى بىلىپ قويغىن، سېنى ئوتتۇرىدىن كۆتىرىپ، ئورنىڭغا باشقا بىر كىشىنى پادىشا قىلماسلىق خاتىرجەم بولمايمىز. بۇ يەردە هېچكىم سېنىڭ پەرمانىڭنى تۇتمايدۇ، ئەكسىچە ساڭا لەنەت ئوقۇيدۇ، — دىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن شاه ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سوئال-جاۋاپلار بولۇپ ئۆتتى:

سوئال:

خۇنخور شاه سۆزۈڭدىن،
مۇنچە زەر گەپ ئۇرارسەن.
كۆتىرىلمىش شەرمى هايا يۈزۈڭدىن،
ئەلگە نە دەپ قارارسەن؟

جاۋاپ:

سۇلتاندۇرمەن هەممىڭلەرگە،
قىلما بۇ سۆزنى زىيان بار.

www.uyghurkitap.com

يانما مەندەك تۆرەگلەرگە،
هۆكمىنى تۇتقانغا هايان بار.

سوئال:

ساۋدىك جاپانى خەلقلەرگە،
پايدىسى يوق ئىشلارغا.
زۇلۇم سالدىك مومىنلەرگە،
بىهۇدە ئىشقا ماڭارسەن.

جاۋاپ:

ساڭا مەن قىلدىم ئىشەنچى،
كۆڭلۈڭلەرگە بەردىم رەنجى،
شەھەرگە بارغاندا بىرەي گەنجى،
دۇررى ئۆزرە كۆپ هايان بار.

سوئال:

سەن قىلمساڭ ئىھتىراز،
بارچە قىلۇر جان نىياز،
بولمىغىل سەن شەرمساز،
يامان بولۇپ نە دەرسەن؟

جاۋاپ:

مەن قىلمسام يامانلىغ،
بولۇرمۇ يۇرت ئامانلىغ،
قىل مەسلىھەت ئۇ يانلىغ
قوبۇل قىلاي قايان بار.

سوئال:

سۆزۈڭنى ئەلگە ئىشلىتىپ،
ئىتكە پۇشتۇڭنى چىشلىتىپ،
غېرىبنى گۆردە قىشلىتىپ،
هەم ياخشى سۆزنى ئايارسەن.

جاۋاپ:

مەن ئەمدى قويدۇم سوختىمنى،
بەرسە خۇدا خەلق بەختىنى،
تۇتسام سۇلايمان تەختىنى،
هەر بار پەلەك جاهان بار.

سوئال:

سۇبهان ئىگەم قادىرا هەد،
يىغلار خەلق جۇن بۇ هەممە،
يامان ئەزەلدە تائەبەد،
نە ۋاقتىدا خوپ بولۇرسەن.

جاۋاپ:

مەھبۇر قىلۇر بۇ يۇرت باهار،
ئاچىلسا گۈل لەيلى ناهار،
ئىچىمەك يىمەك تولسا كىهار،
ۋاقتى چىمەندە جاهان بار.

پادىشا مەھبۇرخان ئابدۇللا هەمىد بەگ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بىلدىكى، هەممە لەشكەرلەرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئەمدى باشقا زۇۋان سۇرمەي قىزنى بىر ئاتقا مىنگۈزدى. ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ، ئەمىر-لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كەلدى. مەھبۇرخان گۈل سەلىمەنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلىدىن ئىشىتىڭ:

گۆر ئوغلى هوجرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا هەسرەتلىنىپ يىتىملىك هىس قىلدى. ئاتىسىنىڭ ئىشتىياقىدا كۆيۈپ، غەمنىڭ زىندانىغا گىرىپتار، سەبىرنىڭ دەرياسىغا غەرق بولۇپ، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىلەن

ئاتىسى شاھ مەھمۇرخاننىڭ قولىدا ھالاك بولدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز بۇ ئىنتىقامنى قانداق ئېلىشنىڭ چارە-تەدبىرىنى ئويلايتتى.

ئەلقىسسە: ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شاھ مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھ مەھمۇرخان جەمئى ۋەزىر-ۋۇزرا، قازى-قۇززات ۋە بەلىخ شەھىرىنىڭ كاتتىلىرىنى ئوردىسىغا يىغىپ، ئۇلارغا نەغمە-ناۋا قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىگە خەيرى-ئېھسانلار قىلىپ شاھانە تونلار ياپتى. ئاندىن مەجلىس ئەھلىگە: ئەي ۋەزىرلىرىم، ئەي قازى-قۇززاتلار، ئەي يۇرتنىڭ كاتتا ئاكابىرلىرى، مېنىڭ قىلۋاتقان بۇ ئىشلىرىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ خالىسام بىراۋنى قەھرى-غەزەپ قىلىپ ئۆلتۈرىمەن ۋە بەزەن كۆڭلۈم خالىسا نەغمە-ناۋا قىلىپ، ئېھسانلار قىلىمەن. بۇ دۇنيادا مەندەك كاتتا ئۆتكەن پادىشا يوقتۇر، كۆڭلۈم نىمىنى خالىسا، شۇنى قىلۇرمەن، دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھېچكىم ماڭا ئۇلاشماس،
يامانى بولماغۇنچە.
ئۆز راھىگە ئۇناشماس،
جاپانى تارتماغۇنچە.

زۇلۇم بىرلە ئىش پۈتەر،
رەھىم بىرلە يۇرت كېتەر،
ئۆمرۈم بۇ يەڭلىغ ئۆتەر،
دۇنيانى يىغماغۇنچە.

ھىچ پادىشا ئىش بىلمەس،
تارتماي جاپا كۈن ئۆتمەس،
مەندەك بولۇپ زۇلۇم ئەتمەس،
ئەل قانى ساچماغۇنچە.

كۆردۈڭلارمۇ ئىشىمنى،
ھەرنە قىلسام كىشىمنى،
ئەرزان قىلۇرمەن ئۆلۈمنى،
قويماي كى چاپماغۇنچە.

مەھمۇرلىغىمنى ئىشىت،
سالغىل قۇلاق بەگ يىگىت،
ئوخشار خۇيۇم دىۋە سۈپەت،
بىر خۇيدا بولماغۇنچە.

شاھ مەھمۇرخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مەجلىس ئەھلى ئۇنىڭ زالىملىغىغا كۆڭۈللىرىدە لەنەت ئوقۇشتى.

ئەلقىسسە: ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلى ئىبراھىمدىن ئىشىتىڭ:

رىۋايەت قىلغۇچىلار ئانداغ رىۋايەت قىلۇرلەركى، بىر كۈنى خۇشقىران شەھىرىنىڭ ھاكىمى كارقۇن ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن قەلئە قۇندۇز شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. كارقۇن ئەتىسى شەھەرگە ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچى قۇندۇز شەھرىنىڭ پادىشاسىغا ئەلچىلىك قائىدىلىرىنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز باشلىغىنىڭ پەرمانى بويىچە: قۇندۇز شەھرىنى بىزگە بېرىڭلار، ياكى بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ، بىزگە ئىتائەت قىلىڭلار ۋە باج-خىراج تۆلەڭلار. بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىساڭلار ئۇرۇشماي قايتىپ كېتىمىز. ئەگەر شەرتلىرىمىزگە كۆنمىسەڭلار، جەڭگە چىقىڭلار!— دەپ پادىشا مەھەممەتخاندىن جاۋاپ كۈتۈپ تۇردى.

مەھەممەتخان ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىغىنى بىلىپ، ئون كۈنلۈك مۇھلەت سورىدى، مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە باج-خىراجنى تەييارلاپ، ئالدىڭلارغا چىقىپ بەيئەت قىلايلى،— دەپ ئەلچىنى ياندۇردى. ئەلچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

مەھەممەتخان مۇلكى ۋە لەشكەرىي خادىم-لىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاكىسى شاھ مەھمۇرخانغا مۇنداق بىر نامە يازدى:

«ئەي مېھرىۋان قېرىندىشىم شاھ مەھمۇرخان، ئاگاھ ۋە دانا بولغايسىزكى، شەھىرىمىزگە خۇشقىرانىنىڭ ھاكىمى ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇلار ماڭا نامە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇنىڭدا، ئەي قۇندۇز پادىشاھى مەھەممەتخان، شەھەرنى بىزگە بىكارلاپ بېرىڭلار، ئەگەر شەھەرنى ئۆزىمىز سورايمىز دېسەڭلار، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىڭلار. بىزگە ئىتائەت قىلىپ باج-خىراجنى ۋاقتىدا تۆلەڭلار. سىلەر بىلەن ئۇرۇشماي كېتەيلى، دەپتۇ. ئەي مېھرىۋان ئاكا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشاي دېسەم، ئاجىز كېلىدىغان ئوخشايمەن. ئالدىمدا لەشكىرىم ناھايىتى ئاز. شۇڭا ئۇلاردىن ئون كۈنلۈك مۆھلەت ئالدىم. ھايال بولماي ياردەم ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتسىڭىز. كۆڭلۈم سىزدىن خۇشنۇد بولغاي.»

مەھەممەتخان نامىنى بىر ئۇچقۇر چەۋەنداز يىگىتكە بەردى. بۇ يىگىت كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ پادىشا مەھمۇرخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە شاھ مەھەممەتخاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ نامىنى تاپشۇردى.

شاھ مەھمۇرخان نامىنى ئوقۇپ پەرمان قىلدىكى: ئەي گۆر ئوغلى، ئۆزەڭگە يەتكۈدەك لەشكەر ئېلىپ دەرھال قەلئە قۇندۇزغا يېتىپ بارغىل، قېرىندىشىم شاھ مەھەممەتخاننىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ، قۇندۇز شەھرىنى غەمدىن خالاس قىلىپ كەلگىن. يولدا بارغىچە ھايال بولما!

گۆر ئوغلى شاھ مەھمۇرخاننىڭ ھۆكمى بىلەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتلەرنى تاللاپ، ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ، داقا-دۇمباق، ناغرىلارنى چالدۇرۇپ، ھەيۋەت بىلەن قۇندۇز شەھرىگە راۋان بولدى.

گۆر ئوغلى قۇندۇز شەھرىگە يېتىپ بېرىپ قارىسا، دۈشمەنلەر شاھ مەھەممەتخان بىلەن ئۇرۇشنى باشلاپتۇ. مەھەممەتخان ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەرگە قامىلىپ قاپتۇ. دۈشمەنلەر سېپىلنىڭ ھەر تەرىپىدىن چىقىپ شەھەرگە كىرگىلى تۇرۇپتۇ.

گۆر ئوغلى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ: ئەي باتۇر يىگىتلەر! ھاردىم-ئاچتىم دېمەي بۇ دۈشمەنلەرگە ئۆزەڭلارنى ئۇرۇڭلار!—دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئاۋال ئۆزى ئات سالدى. ئارقىدىن بەگلەر ۋە ھەممە يىگىتلەر ئات سېلىپ چاپ-چاپقا چۈشتى. گۆر ئوغلى جەڭ قىلىپ يۈرۈپ يىگىتلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

ئەجەپ چۈشتۇق بۇ جايلارغا،
سوقۇش بىسيار بولغايمۇ؟
سالىمىش جان بازارلارغا،
خېرىدار جاننى ئالغايمۇ؟

زەمىن مەيدانى بولدى رەڭ،
ماتائى تىغ خۇن ئاھەڭ،
تاقابىل بواغىچى ھەم تەڭ،
خەرىت بولماي سېتىلغايدۇ؟

كىمەرسە زوقمەن بولسا،
باھاسى بولسا كۆپ ئالسا،
كى قاچقانلارغا ئات سالسا،
مېلى يەر ئۈزرە قالغايمۇ؟

كېلىپتۇر مۇندا بىر كارۋان،
بولۇپتۇر ماللىرى ئەرزان،
قىلايلى بىر ئېلىپ يەكسان،
مېلى تونغا پېچىلغايمۇ؟

گۆر ئوغلى دەر يىگىتلەرگە،
چىراغ بولسۇن شېھىدلەرگە،
تۇتۇلسا ئول تەلەپلەرگە،
غازات يولى ئېچىلغايمۇ؟

شاھ مەھەممەتخان سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىنىڭ

دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ قىرىۋاتقانلىغىنى كۆردى. ئاندىن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، لەشكەرلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ چىقتى. دۈشمەنلەرنى گۆر ئوغلى سىرتتىن، شاھ مەھەممەتخان ئىچكىرىدىن قىسىپ قوغلاپ يۈرۈپ، راسا قىردى. ئاخىرى دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي بەدەر قاچتى. جەڭ شاھ مەھەممەتخان لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن تاماملاندى. شاھ مەھەممەتخان بىلەن گۆر ئوغلى كۆرۈشۈپ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلدى، يارىدارلارنى ئەملەش ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلەرگە تاپشۇردى. دۈشمەنلەردىن ئەسىر چۈشكەنلەر ئىچىدە تۆلۈك باھادىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر باتۇر بار ئىدى، ئۇ گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: سىز پادىشا بولغۇدەك يىگىت ئىكەنسىز. بۇ جەڭگە ناھايىتى ئوبدان رەھبەرلىك قىلدىڭىز. سىز پادىشا بولسىڭىز مەن سىزگە نەۋكەر بولسام!— دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سۇلتان بولساڭ بولماسمۇ گۆر ئوغلانى،
سەن سۇلتانلىق ئەيلەسەڭ نەۋكەر بولايەن.
كېتىپ ئېرىدىم ياندۇردى دىلىم تۇغيانى،
سەن سۇلتانلىق ئەيلەسەڭ نەۋكەر بولايەن.

ساڭا قىلاي كېچە-كۈندۈز كۆپ خىزمەت،
بۈگۈن قىلاي ئەمدى سىزگە ئىتائەت،
دۈشمەن كەلسە كۆرستەي ئۆزۈم شىجائەت،
سەن سۇلتانلىق ئەيلەسەڭ نەۋكەر بولايەن.

شىجائىتىم كۆپتۇر بىلەك رۇستەمدىن،
ئاتقان ئوقۇم ئۆتۈر پولات قالقاندىن،
سۆزلەيدۇرمەن نەچچە قىسمى زۇباندىن،
سەن سۇلتانلىق ئەيلەسەڭ نەۋكەر بولايەن.

تۆلۈك دەر ماھ ئەنۋەر شەمس ئالدىن گۆرى،
بولۇرسەن يەتتە ئىقلىمغا ياخشىلىقتىن مەشھۇرى،
دىلىڭگە سالغۇسى ئاللا ئىماننى جانغا مەستۇرى،
سەن سۇلتانلىق ئەيلەسەڭ نەۋكەر بولايەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەممە بەگلەر، لەشكەرلەر خوشال بولۇشتى. بەزى يىگىتلەر بىر بىرىگە: شاھ مەھمۇرخان دېگەن زالىمدىن خويمۇ زېرىكتۇق. ئۇنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇ قېرى ئۆلگەن بولسا، مۇشۇ گۆر ئوغلىنى ئورنىغا پادىشا سايلاپ ئالساق ياخشى بولاتتى،— دېيىشتى. لېكىن يىگىتلەرنىڭ بۇ شىرىن خىياللىرىنى لەشكەرلەر ئىچىدىكى بەزى جاسۇسلار شاھ مەھەممەتخانغا يەتكۈزۈپ قويدى.

شاھ مەھەممەتخان قېرىندىشى ھەققىدىكى بۇ غەيۋەت-شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە، ئاكام شاھ مەھمۇرخان ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورىماي، پۇقرالارغا تولا زۇلۇم-ستەم قىلغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، قېرىندىشىمنىڭ ئارقىسىدىن بۇنداق غەيۋەت-شىكايەت بولماس ئىدى. دۇنيادا ئىككى ئىش زادى ئۇنتۇلماس، بىرى ياخشىلىق، يەنە بىرى يامانلىق. ئەگەر بىر شەھەرنىڭ پادىشاسى زالىم بولسا، كىشىنىڭ كۆڭلى قانداق ئارام تاپىدۇ؟ دەپ ئويلىدى ۋە ئەتىسى لەشكەرلەرگە: «ئەي يىگىتلەر، ئۆز پادىشاھىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار!» دەپ ياخشى نىيەت بىلەن كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى.

شاھ مەھەممەتخاندىن تەنبىھ ئاڭلىغان لەشكەرلەر ئۆزئارا ئېيتقان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىشىپ خىجىل بولۇشتى. بەزىلىرى شاھ مەھمۇرخاننىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ ئەندىشىگە چۈشتى.

ئەلقىسسە: شاھ مەھەممەتخان گۆر ئوغلى بىللە بەلخ شەھرىدىن كەلگەن ئەمىر ۋە بەگلەرگە شاھانە زىياپەت بېرىپ،

جەڭدە چۈشكەن خەنجەتلەرنى ھەممىگە با-
راۋەر ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. يەنە بىرمۇنچە
سوغات راسلاپ گۆر ئوغلىغا بىرىپ، ئۇنى
بەلخ شەھرىگە ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى.
بۇ خەۋەرنى مەلىكە گۈلرۇخ ئايىم ئاڭلاپ،
گۆر ئوغلى دىگەن يىگىت مەن بىلەن كۆرۈ-
شۈپ يانسۇن، دەپ شاھ مەھەممەتخانغا كى-
شى چىقاردى. شاھ مەھەممەتجان شۇ ھامان
گۆر ئوغلىنى گۈلرۇخ ئايىم قىشىغا كىرگۈزدى.

گۆر ئوغلى مەلىكە گۈلرۇخ ئايىم قى-
شىغا كىرىپ ئەدەپ بىلەن سالام بىجا كەل-
تۈردى.

گۈلرۇخ ئايىم گۆر ئوغلىغا ئىززەت-ئىك-
راملار قىلىپ تۆرگە باشلاپ: ئەي ئوغلۇم،
ئاڭلىسام ئاتا-ئانىڭىز بار ئىكەن. شاھ مەھ-
مۇرخان ئاتىڭىزنى شەھىت قىلىپ، ئانىڭىزنى
بەلخ شەھرىگە ئېلىپ كېلىپتۇ. مۇشۇ گەپلەر
راستمۇ؟— دەپ سورىدى. ئاندىن ئىككىسى
ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سوئال-جاۋاپلار بولۇپ
ئۆتتى:

سوئال:

نە كەچتى ئەھۋالىڭ يىللار ئىچىندە،
جاۋاپ بەر ئوغلانىم كۆڭلۈڭ ئامانمۇ؟
ئاتاڭنى ئەيلەمىش قەتلى تىغىندە،
سەھەرمۇ ئۇشبۇ سۆز باغرىڭ ئامانمۇ؟

جاۋاپ:

بوگۈن مەندىن سورار بولساڭ بۇ سائەت،
نە چارە بار، نە كۈن بار، مەندىن، نە زامان.
سۆزۈڭنى ئۇققان كەبى ئەيلەر ئىشارەت،
نە بولغاي ھەمدەمىم يوق كۆڭلۈم پىغان.

سوئال:

ئىشىتسەم بار ئىكەن ئاتاڭمۇ ئاناڭ،
ئاتاڭنى قىلغان ئىمىش شەھىت چوڭ بوۋاڭ،
يوشۇرما سۆزۈڭنى بۇ تۇرغان تاغاڭ،
جاۋاپ بەر ئوغلانىم جانىڭ ئامانمۇ؟

جاۋاپ:

ئىمان يوق مەندە بىرلەھزە بۇ ئىشىدىن،
ئاتام تۇيغان يوق مۇنداغ بولۇشىدىن،
يازلىغان قىسمىتىم بۇ سىر نۇشىدىن،
ھاياتىم بولماغلىق ماڭا دەر گۇمان.

سوئال:

ئەلەمنى جېنىڭغا تىكىپ يۈرمىگىل،
پەلەكتىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ يۈرمىگىل،
غەيۋەتنى زۇننارەدەك ئېسىپ يۈرمىگىل،
ئەزەلدۇر رىزا بول كۆڭلەر ئامانمۇ؟

جاۋاپ:

ئاتام ئۆلدى، ئانام كۆرمەم نەچچە ۋاقت،
ئاچىلسا بىر كۈنى تالەي بىلەن بەخت،
دىسەم كۆيگەي زۇبان بىلسە ئۇنى سەخت،
نە بولدى، نە قالدى ئول تۇتقان ماكان.

سوئال:

دىمە سەن سىرىڭنى ماڭا گۆر ئوغلان،
ئىشتكەيمەن بۇ دەم سەن ئاچقىل زۇبان،
غەم يىمەي دىگىل سەن چەكمىگىل ئەفغان،
يۇرتۇڭدا دۇئاگۇيى شەيخلار بارمۇ؟

جاۋاپ:

سورايسەن مەندىن ئول ئانام ئەمىنى،
سۆزلەندى ئەفئالى كەلتۈردى ماھنى،
ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ كەلتۈرۈپ باشنى،
نە ئازدۇق، نە يازدۇق، نە بولدى زامان؟

سوئال:

بالام سورساڭ مېنى گۈلرۇخ دەر ئەللەر،
ئالۇرسەن ئىنتىقامىڭ تېپىپ مەھەللەر،
بۇ ئىشقا سەئى ئەيلەپ قىلغىل ئەمەللەر،
ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداش، بەگلەر ئاماندۇ؟

جاۋاپ:

خىيالىم مەقسۇدۇم سىز ئېيتقان كەبى،
يېقىندۇر قاتىلىم تۆكۈلگەي قانى،
كىسەرمەن ئاخىرى دۈشمەن باشىنى،
بولۇر باشى جۇدالىقتىن ئول يامان.

گۆر ئوغلى بىلەن گۈلرۇخ ئايىم بىر بىرىگە ئەھۋالنى ئېيتىشىپ تۇققان ئىكەنلىگىنى بىلىشتى. لېكىن بۇ سىرنى ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. شاھ مەھەممەتخاننىڭ پەردە ئىسمەت ئىچىدە چوڭ قىلغان ۋە بالاغەتكە يەتكەن ساھىپجامال بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە پاتىمە ئىدى. بۇ قىز گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان گۆر ئوغلىنىڭ يۈرىگىدىن بىر ئىشق ئوتى ئۇچۇپ چىقىپ، مەلىكە پاتىمەنىڭ سىنە ساندۇغىغا بەنت بولدى. بىچارە پاتىمە ھوشسىزلىنىپ يىقىلىشقا ئاز قالدى. يۈز مىڭ مۇشەققەتتە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئېلىپ، ئەھۋالنى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمىدى. ئەمما ئۇ گۆر ئوغلىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا رىمىقى جان، پوستى ئۇستىخان بولۇپ، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي يېمەك-ئىچمەكتىن قالدى.

ئەلقىسسە: ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شاھ مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

بىر كۈنى شاھ مەھمۇرخان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قىزى گۈل سىلىمە ئايىمنى ئەسلىدى ۋە قىزىنى ئېلىپ كەلگەندىن بۇيان كۆرمەپتىمەن، ئەھۋالىنى سورىماپتىمەن، ئۆيىگە كىرىپ قىزىدىن ئەھۋال سوراپ چىقاي، دەپ تەختىدىن چۈشۈپ قىزى بار ئۆيىگە كىردى. ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن قىزىغا قاراپ: ئەي قىزىم، سەن مېنى زالىم ۋە يامان دەپ بىر قەلەندەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قېچىپ كەتتىڭ. ئۇ ئادەم ئوغرىسى قەلەندەرنىڭ قولىدا تۇرۇپ قانچە باللىق بولدۇڭ؟ ئۇ باللىرىڭ قېنى؟ ئىسمى نېمە؟ ماڭا تولۇق جاۋاپ بەر. ئەگەر يالغان ئېيتساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن!— دىدى ۋە قولىغا قىلىچ ئېلىپ، قىزىنىڭ بېشىغا تەڭلەپ، ئۇنى قورقۇتتى.

مەلىكە گۈل سىلىمە ئايىم ئاتىسىدىن قورقۇپ غازاڭدەك تىترەپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بەرمەك بولۇپ كۆزىدىن ئۈنچىدەك ياشلىرىنى تۆكۈپ مۇنداق دىدى:

ئاتا ماڭا غەزەپ قىلما بۇ سائەت،
مېنىڭ سۆزۈۋۈنى ئاتا ئەيلەسەڭ.
غەزەپتىن سالمىغىل باشقا قىيامەت،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى راۋا ئەيلەسەڭ.

ياشىڭنى تۆكۈپسەن خۇداغا يىغلاپ،
بىر پەرزەنت بەرگىل دىبان ھەققە يىغلاپ،
بېرىپتۇر ھەق مېنى سىزگە رەھىم ئەيلەپ،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى راۋا ئەيلەسەڭ.

تالىيىمگە كۆرستىپسەن كىتاپتىن،
مۇنەججىملەر كۆرۈپ راھەت-ئازاپتىن،
قىلىپسەن ئۇلارغا قاتتىق شىتاپتىن،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى تەبا ئەيلەسەڭ.

مۇنەججىملەر كۆرۈپ سىزدىن زۇلۇمنى،
كۆرگەن ئىكەن يۈرگەن-تۇرغان يولۇمنى،
غېرىپلارغا ئەمىر ئېتىپسەن ئۆلۈمنى،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى شىپا ئەيلەسەڭ.

ئاخىر ئەدھەم مېنىڭ ئۈچۈن ئەرز ئېيتىپ،
كېتىپتۇر سېنىڭدىن ئاھانەت ئىشىتىپ،
يوق ئەتمىش شەھەرنى ئۇل سۇ كەلتۈرۈپ،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى باھا ئەيلىسەڭ.

بىر كۈن كىردى قاشىمغا، مەن بىلەن كېتەرسەن،
مۇندىن بىرىپ ئۆيۈمگە ماڭا چۈشەرسەن،
گەر چۈشمىسەڭ پېقىرغا تەھقىق ئۆلەرسەن،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى گۇۋاھ ئەيلىسەڭ.

ئاخىر قورقتۇم ئۇنىڭدىن جادۇ قىلغۇر دەپ،
يا بولمىسا مېنى قاتتىق قاغاپ ئېتۇر دەپ،
جادۇ قىلىپ مېنى يوق قىلمىسۇن دەپ،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئەئلا ئەيلىسەڭ.

سەلىمە دەر ئاقىبەت ئاڭا تۇشۇپمەن،
نەچچە يىللار ئاھ ئۇرۇپ گۆردە يېتىپتىمەن،
دۇنياغا كۆز ئېچىپ نەكۈن كۆرۈپمەن،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئىنشا ئەيلىسەڭ.

مەلىكە گۈل سەلىمە ئايىم: مېنىڭ ئۇ كىشىگە چۈشمىگىم ئۆز ئىختىيارىمدىن بولغان ئەمەس، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرمەسكە ئىلاجىم بولمىدى، — دېدى.

شاھ مەھمۇرخان مۇلايىملىق بىلەن: ئەي مېھرىۋان قىزىم، ئاڭلىسام سېنىڭ ئۇ قەلەندەردىن بولغان بالاڭ بار ئىمىش، ئۇ بالاڭنى نىمە قىلدىڭ؟ قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟ ماڭا ئېيتقىن! ئۇ بالا ماڭا نەۋرە بولغاندىن كېيىن، مەن ھەم ئۇنى كۆرۈپ تەربىيەت قىلاي! — دەپ گۈل سەلىمەنى ئالدىدى.

گۈل سەلىمە ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئالدىنىپ: ئەي مېھرىۋان ئاتا، بالامنىڭ ئىسمى گۆر ئوغلى ئىبراھىم. ھازىر سىزگە مەھرەم بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلىۋاتىدۇ، — دەپ سىرنى ئاشكارا قىلىپ قويدى.

پادىشا گۈل سەلىمەگە: ئەي كۆڭلى قارا گېسۇ بىردە، سەن ئۇ قەلەندەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قېچىپ كەتمىگەن بولساڭ، مەن سېنى ئىسىل - كاتتا يەرگە بەرمەسمىدىم؟ ھەي بەدبەخت! سېنىڭ ئۇ قەلەندەر بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىڭدىن بىخەۋەر، مەن سېنى قەلئەدىۋىدىنىڭ ھاكىمىغا بىرەي دەپ ئۇلارنىڭ ئەلچىسىگە رازىمەنلىگىمنى بىلدۈرۈپتىمەن. ئۇلار ئوغلى ئۈچۈن توي باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە يىگىرمە كۈن توي قىلدى. يىگىرمە بىرىنچى كۈنى سېنى نىكاھ قىلماقچى بولۇپ، بەلىخ شەھرىنىڭ قازى - قۇززات، ئاخۇنلىرى خەتبە ئوقۇپ سېنىڭ ئېتىڭنى نەچچە مەرتىۋە قىچقاردى. ئېكىن سېنىڭ يوقاپ كەتكەنلىگىڭ مەلۇم بولۇپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولدۇم. سېنى ئىزلەپ بارمىغان ھېچ يەر قالمىدى. ئاخىر توي باشلاپ كەلگۈچىلەرگە ناماقۇل بولۇپ، ھەر قىسما ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ھوزۇرخالىق ئېيتىپ ياندۇردۇم. ئەي نومۇسسىز بەدبەخت! سەۋىر قىلغان بولساڭ مەن سېنى ئىززەت - ئابرۇيۇڭ بىلەن شاھانە چوڭ توي قىلىپ كاتتا يەرگە بەرمەسمىدىم؟ ئەي نا ئىنساپ، قېچىپ تەككەن ئېرىڭ ساڭا قانداق راھەت - پاراغەت كۆرسەتتى؟ — دەپ، ئۇنىڭ بېشىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

مەھمۇرخان گۆر ئوغلى ھەققىدە نىيەتىنى بۇزۇپ، تەختى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلىدىن ئىشىتىڭ:

گۆر ئوغلى بەلىخ شەھرىگە يانماقچى بولۇپ، سوغاتلارنى ھارۋىلارغا بېسىپ شاھ مەھمەتخان بىلەن خوشلاشتى ۋە لەشكەرلەر بىلەن قەلئە قۇندۇزدىن چىقىپ، ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، بىرنەچچە كۈن يول يۈ-

رۇپ بەلىخ شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ، شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، قۇندۇز شەھرىدىن ئېلىپ كەلگەن سوغاتلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئەدەپ بىلەن ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شاھ مەھمۇرخان سوغاتلارنى خەزىنىگە سالدۇرۇپ قۇندۇز جېڭىگە بارغان گۆر ئوغلى باشلىق ھەممە ئەمىر-لەشكەرلەرگە ئىنئام-ئېھسانلار قىلدى. ئۇندىن كېيىن گۆر ئوغلىدىن قۇندۇز جېڭىدا قانداق قىلىپ غالىپ بولغانلىقىنى، ئەسىرلەرنى قانداق دەستگىر قىلغانلىقىنى سورىدى.

گۆر ئوغلى جەڭ ئەھۋالىنى ئەۋۋەلدىن-ئاخىرىغىچە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

چىقتىم قىرىق مىڭ ئەسكەر بىرلەن،
باردۇق نەچەند كۈنلەر ئۆتكەن،
بارساق جەڭلەر بولغان ئىكەن،
ئاتلار سالدۇق ئەھلىگە تېز-تېز.

تا توققۇز كۈن قىلدۇق جەڭنى،
كۆپ ئىشلەتتۇق ياۋغا رەڭنى،
ئوترا ئالدۇق دۈشمەنلەرنى،
كاپىر بولدى گەرد گەردەم رىز.

ئاتلار سالدۇق قىلىچ چېپىپ،
دۈشمەنلەرنىڭ جانىن ئېلىپ،
تۈش-تۈشلەردىن مىلتىق ئېتىپ،
بىرلەر ئۇردۇق شەمشەرنى تېز.

نەئرە تارتتۇق تەكبىر ئېيتىپ،
قاچسا قوغلاپ مىلتىق ئېتىپ،
ئولجا ئالدۇق زار يىغلىتىپ،
تۇرماي قاچتى دۈشمەن گەرخىز.

گۆر ئوغلى دەر سىزگە سۆزنى،
تىلەر بولسا سىزدىن ئۆزنى،
ئاللا بەردى ئەقىل كۆزنى،
بىزگە بولسۇن سۆزلۈك تەيسۇز.

پادىشا گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە، گۆر ئوغلى خېلى چوڭ پادىشالار قىلالمايدىغان ئىشنى بېجىرىپ كەپتۇ. ھازىر ئۇ تېخى كىچىك، ئەقلى تولۇپ يەتمىدى، لېكىن چوڭ بولغاندا، ئۇنى مەندىن ئاتا-بوۋىسىنىڭ خۇننى تەلەپ قىلمايدۇ، دىگىلى بولامدۇ؟ شۇڭا ۋاقتىدا ئۇيغۇمنى ئېچىپ، بىرەر ھىلە بىلەن ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي، دەپ گۆر ئوغلىغا قارىتا نىيىتىنى بۇزدى. شۇ كۈنى كەچ شاھ خۇپتەندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيىگە كىرىپ، راھەت تەكىيگە بېشىنى قويۇپ، پاراغەت تۆشىگىدە يېتىپ چۈش كۆردى.

پادىشا مەھمۇرخاننىڭ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتقان بىر بۇقىسى بار ئىدى. چۈشىدە: چاقماق مۈڭگۈزلۈك بىر كىچىك قوچقار سىرتتىن كىرىپ، پادىشانىڭ بۇقىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككىسى ھىدلاشتى. ئاندىن، قوچقار بىلەن بۇقىنىڭ بىر بىرىگە ئاچچىغى كېلىپ ھەر ئىككىسى بىرقانچە قەدەم كەينىگە ياندى. پادىشا، مېنىڭ بۇقام زور، قوچقار بۇقىنىڭ ئالدىدا ھەرقاچان يېڭىلىدۇ، دەپ تاماشا كۆرۈپ تۇردى. بۇقا بىلەن قوچقار بىر بىرىگە قارشى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ قاتتىق ئۇسۇشتى. پادىشانىڭ بۇقىسى قاپاق تېرەكتەك يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئېغىر بىر تىنىپ جان بەردى. شاھ مەھمۇرخاننىڭ بۇقىسىغا ئىچى ئاغرىپ، بۇ ياۋۇز قوچقارنى تۇتۇپ باغلاپ قوياي، دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىۋىدى، قوچقار ئارقىسىغا يېنىپ، بىر كاللا قويۇپ ئۇنى يىقىتىپ قويدى. شاھ مەھمۇرخان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا سەھەر ۋاقتى بولۇپتۇ. پادىشا تەختكە چىقىپ ئول-

www.uyghurkitap.com

تۇرغاندىن كېيىن، مۇنەججىم - قۇرئاندازلارنى يىغىپ، كېچە كۆرگەن چۈشىگە تەبىر سورىماق ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپ قوپتۇم سەھەردە،
مۇنەججىملەر مۇنۇڭ تەبىرى قانداق؟
چىقاردى جانىمنى تۇرماي تېنىمدە،
كىتاب كۆرۈڭ چۈشۈمگە تەبىرى قانداق؟

تۇرار ئېردىم قاراپ ئۈڭدىن - سولۇمغا،
زېمىن كۆككە نەزەر سالدىم يولۇمغا،
شول سائەت بىر قوچقار كىردى ئۆيۈمگە،
بىر بۇقا بار ئېردى تەبىرى قانداق؟

قاراپ تۇرسام كېلىپ بىر بىرى بىرلەن،
خىرمىياز تارتىشىپ بىر بىرى بىرلەن،
يېنىپ ھەر ئىككىسى يۈز قەدەم يەردىن،
ئېتىلدى دوق ئەتتى تەبىرى قانداق؟

يوغان پىلدەك بۇقا يىقىلدى، ئۆلدى،
كىچىك قوچقار يەنە خىز قىلدى كەلدى،
بۇقامغا رەھىم ئەيلەپ تۇرغان چاغ ئىدى،
مېنى ئۈستى ئول قوچقار تەبىرى قانداق؟

يىقىلدىم ئول زامان تۇرغان يېرىمدە،
يوقالدىم مەن تۇرۇپ كۆرگەن چۈشۈمدە،
بەسى قورقتۇم قوپۇپ كۆرگەن چۈشۈمگە،
ئېيتىڭلار چۈشۈمنىڭ تەبىرى قانداق؟

كۆزۈمدىن غايىب بولدى تامام ئالەم،
جاھان خەلقى مېنىڭ چۈن سالدى ماتەم،
تۇرغان جايىم خالى قالدى بۇ ئالەم،
چۈشۈمنىڭ مەزھىر تەبىرى قانداق؟

ئاتىم مەھمۇر يامان بولدۇم جاھانغا،
كۆزۈم ئاچىپ قارىدىم ياخشى - يامانغا،
تۈشۈپتۇرمەن تۇمۇغ ئاتلىخ ماكانغا،
ئاغزىڭ ئاچ، تىلىڭ ساچ، تەبىرى قانداق؟

مۇنەججىم، قۇرئاندازلار پادىشانىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاڭلاپ كىتابىنى ئاچتى. «ئۇستۇرلابنى» يۈگۈرتۈپ، ئاپتاپنىڭ باراۋەرىگە تۇتۇپ، ئۇن ئىككى بۇرجى، يىگىرمە تۆت سائەتىنى سىرى قىلىپ شاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشىپ مۇنداق دېيىشتى:

كۆرۈپسەن ياخشى چۈش ياتقان يېرىڭدە،
شاھا كۆرگەن چۈشۈڭ تەبىرى ئەتىران.
بۇ ئىش بولسا، قوي بۇقا جەڭ كاللا ئۆيدە،
تويۇپتۇر دۇنيا ھەم سەن ئەيلە ئىنسان.

بۇقا سەن، قوچقارىڭ چىقسا ئۆيۈڭدىن،
چىقار مەرت شىر بىر كۈن ئىچىڭدىن،
ئاڭا باقار دۆلەت باش ئالسا سەندىن،
بىتەھقىق ئول كىشى ھەم قەتاپ ئەيلەقتاپ.

قازاندا كاللا كۆپ بولسا پىشارمۇ،
جاپا سالدىڭ جاھان ئەھلى قويارمۇ،
يامان بولدۇڭ خەلقلەرگە يارى بېرۇرمۇ،
ۋاقىت تاپسا خالايىق باشىڭنى ئۇشلاپ،

تولا قىلدىڭ زۇلۇم ھەددىڭدىن ئېشىپ،
جاپا سالدىڭ جاھان ئەھلىگە شاشىپ،
چىقار بىر ئەر سېنىڭ زۇلمىڭنى شاشىپ،
قۇتۇلماسسەن گۇناھ كۆپ سەندە تاقاپ.

مۇھەممەدۇر ئىككىسى بىر كاللا قويغان،
كىشىڭدۇر قوچقارىڭ چۈشۈڭدە ئۆسكەن،
ئۆزۈڭسەن بىر بۇقا تاڭدەك يىقىلغان،
ئىچىلمىشدۇر جاھان ئىسلامدىن شىكاپ،

كۆرۈپسەن تېرىغان - تىككەن ئىشىڭنى،
ئاخىر يەرسەن بىر كۈن زالىم بېشىڭنى،

تاپالماسەن سوراپ ھەرگىز كىشىنى،
قىلۇر يەر بىرلە يەكسان خەلق سېنى ئىلغاپ.

مۇنەججىملەرنىڭ تەئبىرىنى ئاڭلىغان پادىشانىڭ كۆزىگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. كۆڭلىدە ئويلىدىكى، ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر ماڭا دۈشمەن بولغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. ئەمدى قۇرئانداز - مۇنەججىملەرمۇ، پۇقرالارمۇ ئۇلارغا يېقىنىپ ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇ. بۇ مۇنەججىم - قۇرئاندازلارغا نىمىشقا بۇنداق تەئبىر بېرىسلەر؟ دېسەم بارلىق پۇقرالار ماڭا قارشى چىقىدىغان ئوخشايدۇ، ياخشىسى ئەمدى سۆزلىمەي قوياي. ئاندىن ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر قوچقار ئۆيۈمدىن چىقتى، ئۆزىدىن چوڭراق بۇقىغا غالىپ كەلدى. بۇ ياخشىلىقتىن بىشارەت ئەمەس، گۆر ئوغلى دېگەن تۇزكور ئاشۇ قوچقار بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاتابوۋىسىنى ئۆلتۈرگەن ئىدىم. ئۇ ئاخىرى ۋەزىر - ئەمىرلىرىم، بەگ - پالۋانلىرىم ۋە شەھەر خەلقى بىلەن بىرلىشىپ مېنى يوقاتماي قويمىغۇدەك. ئۇ ماڭا قول سالماستىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئاندىن گۆر ئوغلى باشلىق تۆت يۈز كىشىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلاندى. تۆت - بەش كۈن باياۋانلارنى كېزىپ يۈرۈپ، كۆپ شىكار قىلدى. شاھ مەھمۇرخان ئەمىرلەر بىلەن بىر يەرگە چۈشۈپ، قىلغان ئوۋلىرىنى تەقسىم قىلىپ، كۆڭلىدە، گۆر ئوغلىنى ئۆزەم ئۆلتۈرسەم، ھەممە كىشى «گۆر ئوغلى سېنىڭ ئالدىڭدا نىمە گۇنا قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن بىگۇنا ئادەم ئۆلتۈرسەن؟» دەپ ماڭا قارشى چىقىدۇ ۋە يەنە بىلمىگەنلەر، ئۆزىنىڭ نەۋرىسىنى بىكاردىن - بىكارغا ئۆلتۈردى دەپ مالامەت قىلار، ئۇندىن كۆرە بۇ بىر قىسىم سەيدىنى بىر نامە بىلەن ئىنىم شاھ مەھەممەتخانغا ئەۋەتەي، ئۇ نامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ، گۆر ئوغلىنى ئۆلتۈرسۇن، ھېچ كىشى يامانلىقىنى مەندىن كۆرمىسۇن، دەپ ئويلاپ، مۇنىشلەرگە نامە يازدۇرۇپ، ئايىغىغا ئۆزىنىڭ چوڭ مۆھۈرىنى بېسىپ خەتنى لىپاپىقا سالدى. گۆر ئوغلىنى چاقىرىپ: بۇ تۆھپە بىلەن نامىنى قەلئەقۇندۇزغا ئاپىرىپ، ئىنىم شاھ مەھەممەتخانغا تاپشۇرۇپ بەر، لېكىن ئۈچ كۈندە ئالدىمدا ھازىر بولغىن، ئەگەر ئۈچ كۈندە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدىغان بولساڭ، سېنى ئۆلتۈرىمەن! — دەپ، ئۇنى يولغا سالدى.

گۆر ئوغلى شاھ مەھمۇرخانىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن نامىنى تاجىسىغا قىستۇرۇپ، سەيدلەرنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ، قەلئە قۇندۇزغا راۋان بولدى. ئۇ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يارى - بۇرادەرلىرى ئەپسۇس - نادامەتلەر قىلىپ، ۋاي ئىسىت، زالىم پادىشا مۇشۇ بانا بىلەن گۆر ئوغلى بىچارىگە بىر گۇنا قويۇپ، ئۇنى شەھىت قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئون كۈنلۈك يەرگە ئىشقا بۇيرۇپ، ئۈچ كۈندە كەلمىسەڭ ئۆلتۈرىمەن دەمدۇ؟ قانداق ئىنسان ئۈچ كۈندە قەلئە قۇندۇزغا بېرىپ كېلىدۇ؟ دېيىشىپ گۆر ئوغلى ئۈچۈن غەم قىلىشتى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلىدىن ئىشىتىڭ:

گۆر ئوغلى پادىشا ئالدىدىن چىقىپ بىر يەرگە كەلگەندە، يول ئۈچكە ئايرىلدى. قايسى يولغا كىرسەم بولار ئىكىن دەپ، ئاخىرى تەۋەككۇل قىلىپ بىر يولغا كىردى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ يولنىڭ ئاخىرى تۈگەپ بىر دەشت - باياۋانغا چىقىپ قالدى. گۆر ئوغلى ھەر تەرەپتىن يول ئىزلەپ ئېتىنى چاپتۇرۇۋەرگەچكە، ئات بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرى جان تەسلىم قىلدى. گۆر

www.uyghurkitap.com

ئوغلى سەيدلەرنى يۇدۇپ مېڭىپ، ئون ئالـ
تە كۈن بولغاندا، قۇندۇز شەھرىنىڭ تەۋەـ
سىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر ئاز ئارام ئېـ
لىپ، يەنە يولغا چۈشتى. بىر يەرگە كەلـ
گەندە، كۆزىگە بىر چاھار باغ نامايەن
بولدى. گۆر ئوغلى، شۇ كۆرۈنگەن باغدا ئاـ
دەم بولسا، شەھەرنىڭ يولنى سوراپ ماڭاي،
دىگەن نىيەت بىلەن يېقىن كېلىپ قارىغان
ئىدى، كۆز ئالدىدا يەتتە ئاچا يول پەيدا
بولدى. لېكىن ئۇ، قايسى يولنىڭ شەھەرگە
ئېلىپ بارىدىغانلىغىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
بۇ چاھارباغ شاھ مەھەممەتخاننىڭ
بولۇپ، شۇ كۈنى شاھنىڭ قىزى مەلىكە پاـ
تىمە ئۈچ يۈز كېنىزىگى بىلەن باغ سەيلىـ
سىگە چىققان ئىدى.
بىر كېنىزەك قازاي ھاجەت ئۈچۈن
چاھارباغنىڭ سىرتىغا چىقىپ، گۆر ئوغلىنى
كۆردى ۋە دەرھال باققا كىرىپ مەلىكە پاـ
تىمەگە باغنىڭ ئالدىدا گۆر ئوغلىنىڭ تۇرغانـ
لىغىدىن خەۋەر بەردى. مەلىكە پاتىمە كېنىزىـ
گىدىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە
كېنىزەكلەر بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقـ
تى ۋە ناز ـ كەرەشمە بىلەن تازىم بىجا كەلـ
تۈرۈپ، ئۇنى باققا تەكلىپ قىلدى. گۆر
ئوغلى خوپ بولغاي، دەپ باغ سىرى ماڭدى.
ئىككىسى باغدا يۈرگەچ بىر بىرىدىن ئەھـ
ۋال سوراپ مۇنداق دىيىشتى:

مەلىكە:

كۈن توي قىلدى بۇگۈن باغ سىرىگە،
كەلدى جانىمنىڭ ھۇزۇرى، دەرتكە دەرمانىمۇسەن؟
بىر نەزەر ئەيلەپ قەدەم قويساڭ بۇ قەسىرگە،
كەلدى جانىمنىڭ ھۇزۇرى، گۆر ئوغلى مېھمانىمۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

شەمىستەك شۇئلا ئۇرۇپ چىقىشىڭ نىمە سەۋەپ،
ئېلتىپات بىرگە قىلۇرسەن، تازە جانانىمۇسەن؟
بۇنچە سورىماقتا بۇگۈن مۇددىئا نەدۇر تەلەپ،
ئېلتىپات بىرگە قىلۇرسەن، يارى جانانىمۇسەن؟

مەلىكە:

نە سەۋەپتىن مۇندا كەلدىڭ ئازغىنىپ رەنا يىگىت،
مەن كەمىنە قىزنى ئال، ھۆسنۈڭگە باپ رەنا يىگىت،
ئارزۇلۇقدۇرمەن سىنىڭ ھۆسنۈڭگە ئەي يارىم خەرىد،
كەلدى جانىمنىڭ ھوزۇرى، شاھى دەۋرانىمۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

تولغۇنۇر جانىم قۇشى، مەن يارنى كۆرگەندىن كېيىن،
سەد ھەزار بولسۇن تەسەددۇق سىزنى كۆرگەندىن كېيىن
قوزى يەڭلىغ ئارقىسىدىن ئەرگىشىپ يۈرگەندىن كېيىن،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن تازە گىريانىمۇسەن؟

مەلىكە:

نەچچە يىلدۇر كىم سىنىڭ ئوتۇڭدا كۆيگەن خەستە مەن،
ئەقلى ھۇشۇم ھىلى يوق، بىر تەلبە قالغان مەستىمەن،
ھىجىر ئوتى باغرىمدا بار دائىم كۆيگەن پىستىمەن،
كەلدى جانىمنىڭ ھوزۇرى، گۆرى خاقانىمۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

نە سەۋەپتىن ماڭا كۆيدۈك — بىر غېرىپ بىچارىگە،
تەلبە يۈرگەن ئىت كەبى مەن يول تاپالماي خانىگە،
كېچە - كۈندۈز قويسام ئازدۇر باشىمە ئاستانىگە،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن، تازە بەريانىمۇسەن؟

مەلىكە:

كىملەردىن يەتتى ئەلەم بولمىسۇن ھالى پۈتۈن،
ساڭا زۇلۇم ئەتكەن كىشىنىڭ كۈنى خار بولسۇن زەبۇن،
ئەمدى سەن بىر ئىش قىلىپ بەرمىگىل ئاڭا بويۇن،
كەلدى جانىمنىڭ ھوزۇرى گۆرى سۇلتانىمۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

بۈيرۈدى سۇلتانى ئالەم ماڭا بىر بىرىش - كېلىش،
بار بۈگۈن ئۈچ كۈندە كەل دەپ ئېردىلەر قالدى بۇ ئىش،
يولدا ئۇلدىلەر ئاتىم كىلىبان مۇندا ياتىش،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن قازە جانانىمۇسەن؟

مەلىكە:

شەھرى بەلىختىن مۇندا كەلدىڭ بىزگە مىيمان بولغىلى،
نەچچە كۈنلۈك يول يۈرۈپ كەلدىڭ بۇ يەرگە ھىلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ساڭا يوقتۇر باغىمە كىرمەسەڭ يول ئۆتكىلى،
كەلدى جانىمنىڭ ھوزۇرى، گۆرى سۇلتانىممۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

ئەمىر ئېتىپ بۇ سەھەد گۆش ئىبەردىلەر مەندىن بۇيان،
بۇ سەبىل بارغاندىن ئىنىم مەھەممەتخان بىر نىشان،
دىدى بەردىلەر ئۇنى شول دەمدە بولدۇم مەن راۋان،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن تازە جانانىممۇسەن؟

مەلىكە:

نىمە دەپ بەردى بۇ گۆشنى، بىر كۆرەي نامەڭنى مەن،
نامە قانداق يېزىلىپتۇ سۆزنىڭ مەزمۇنى ھەم،
ساختا دىلدۇر بىلىسەم ئانى زۇلۇمگۇي شاھى بى رەھەم،
كەلدى جانىمنىڭ ھوزۇرى، گۆرى دەۋرانىممۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

مەن بىرەلمەسمەن ئامانەت ئىگىسىن تاپماي بۇگۈن،
نە بولۇر ئەفئالى خەت يۈزىدىن مەجنۇن بۇگۈن،
چىقمىسۇن ھەر ئىككى شاھ لەۋزىدىن ئەفسۇن بۇگۈن،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن، تازە جانانىممۇسەن؟

مەلىكە:

پاتمەدەر ئەي يىگىت كىر بۇندا بىر دەۋران قوياي،
كېچە بولۇپتۇر باغدا قون، ئالدىڭدا مەن بەر يان قوياي،
ھال دەردىم مۇڭدىشىپ سەن بىلەن ئىشرەت قىلاي،
كەلدى جانىمنىڭ ھۇزۇرى، گۆرى مېھمانىممۇسەن؟

گۆر ئوغلى:

ساڭا دەر گۆر ئوغلى شول سۆزۈمنى ئەمدى ئىشىت،
ئەلچىنىڭ مەجلىسنى شاھ بولۇپ ئۆزۈڭ قىزىت،
سۆزدۇر ئۆزىچە ئەمەسسەن مېنىڭ ھالىمغا يەت،
ئىلتىپات بىزگە قىلۇرسەن تازە خەندانىممۇسەن؟

مەلىكە گۆر ئوغلى بىلەن باغىنىڭ ئىچىدە هال ـ ئەهۋال سورىشىپ ئاندىن ئۇنى شاھ سوپىغا تەكلىپ قىلدى. گۆر ئوغلى تەكەللۇپ بىلەن: ئەي مەلىكە جاھان، مەن بۇ يەردە هايال بولۇپ قالسام، ئىش مەھەلدىن ئۆتۈپ كېتەر. شاھ مەھمۇرخان ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۇھلەت بەلگىلەپ بەرگەن ئىدى، لېكىن ئاردا خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. يەنە هايال بولسام شاھنىڭ قەھرى ـ غەزىۋىگە قالۇرمەن، ــ دىدى.

مەلىكە پاتىمە: ئەي بەرنا يىگىت، ئەمدى مىلك ئالدىرىغان بىلەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قانچە ئالدىرىساڭمۇ، يەنىلا پادىشا مەھمۇرخانىنىڭ قەھرى ـ غەزىۋىگە گىرىپتار بولۇرسەن. ئۇنىڭدىن كۆرە باقىقا كىرىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىل. بۈگۈن بۇ يەردە قونۇپ ئەتە سەھەر بار! ئاتاممۇ شەھەردە يوق، شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى، بۈگۈن ـ ئەتە كېلىپ قالار، ــ دەپ گۆر ئوغلىنى تۇتۇپ قالدى ۋە ئالدىغا زەر باپ داستىخان سېلىپ، خىلمۇ ـ خىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى قويۇپ، ئۇنى مېھمان قىلدى.

مەلىكە ئۆزى ساقى بولۇپ گۆر ئوغلىغا بىرنەچچە نۆۋەت شاراپ تۇتتى. گۆر ئوغلىغا سەپەرنىڭ هاردۇقى يەتكەن ئىدى. ئىچكەن شاراپنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ ئوتمەي مەستۇ ـ مۇستەغرات بولدى ۋە زالىم شاھنىڭ قەھرى ـ غەزىۋىنى ئۇنتۇپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى. مەلىكە گۆر ئوغلىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. يىگىتنىڭ جامالىغا قاراپ ئۇنىڭ بۇرۇن يانغان ئىشقى يەنە ئوتى لاۋۇلداشقا باشلىدى. گۆر ئوغلىنىڭ تاجىسىغا قىستۇرۇلغان نامەگە ئۇنىڭ كۆزى چۈشتى، ئۇنى ئاستا ئېلىپ ئوقۇپ هەيران قالدى. نامەدە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

«ئەي مېھرىۋان قېرىندىشىم شاھ مەھەمەتخان، سىزگە بۇ نامە بىلەن سەھەد گۆش ئەۋەتتىم. مۇشۇ نامە يېتىپ بارغان هامان، هايال قىلماي گۆر ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ماڭا ئەۋەتىڭ! كۆڭلۈم سىزدىن خوشنۇد بولسۇن. ئۇنى ئۆزەم ئۆلتۈرەي دىسەم، نەۋرەم ئىكەن. ئانىسى مەندىن رەنجىگۈدەك. ئەگەر ئۆلتۈرمەي دىسەم. ئۇ ئاخىر بىر كۈن بېشىمغا چىقىپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى مەندىن تەلەپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا قېرىنداشلىق هەققىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ماڭا خەۋەر قىلىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن.»

مەلىكە پاتىمە بۇ نامىنى كۆرۈپ: «ۋا ئەجەبا، گۆر ئوغلى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتىرىپ كېلىپتۇغۇ! ئۇنىڭ بۇ هىلە ـ نەيرەڭدىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ. بۇ نامەنى مەن كۆرمىگەن بولسام، ئۇ ناھەق ئۆلۈپ كېتەر ئىكەن. ئەمدى گۆر ئوغلىنىڭ سالامەت قېلىشىغا مەن بىر سەۋەپ قىلىپ باقاي. ئۇنىڭ ئەجىلى تولمىغان بولسا، قىلغان ئىشىم كارغا ياراپ قالار، دەپ كۆڭلىگە پۈكتى. بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن شاھ مەھمۇرخان قۇندۇز شەھرىگە كەلگەندە، پاتىمە ئۇنىڭ پادىشالىق مۆھۈرىنى قەغەزلەرگە بېسىپ ئويىنىغان ئىدى. مەلىكە ئۇ قەغەزلەرنى هەر دائىم ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرەتتى. هازىر شۇ قەغەزلەردىن بىرىگە مۇنداق دەپ يازدى:

«ئەي مېھرىۋان قېرىندىشىم شاھ مەھەمەتخان، مېنىڭ بۇ نامەم سىزگە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، مەن شىكارغا چىقىپ بىرمۇنچە سەيدلەرگە ئىگە بولدۇم. ئۇ سەيدلەرنى نامە بىلەن سىزگە تۆھپە قىلىپ ئەۋەتتىم. ئۇشبۇ نامەم يېتىپ بارغان هامان، ئۆزى كەلمەپتۇ دىمەستىن، قىزىڭىز مەلىكە پاتىمەنى مۇشۇ خەتنى ئېلىپ بارغۇچى نەۋرەم گۆر ئوغلىغا ئەقدە نىكاھ قىلىپ قويغايسىز. مەن شىكاردىن قايتىپ چوڭ توي

www.uyghurkitap.com



ئۆتكۈزۈپ قىزىقىمىزنى ئېلىپ كېلىمەن.»
مەلىكە نامەنى لىپاپىقا سېلىپ گۆر ئوغ-
لىنىڭ تاجىسىغا قىستۇرۇپ قويىدى. بىر سا-
ئەتتىن كېيىن، گۆر ئوغلى ئويغىنىپ: ئەي
مەلىكە، ئەمدى ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ئىشىمغا
مۇقەت بولاي، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەن كېتەي رۇخسەت بېرىپ مۇندا قېلىڭ،
شەھەر سىرتىگە مەن بارايىن بۇ زامان.
باش ئېلىپ مۇندىن كېتەي رۇخسەت بېرىڭ،
مۇنتىزاردۇر پادىشاھىم بۇ زامان.

نەچاپا سالۇر ئىكەن بارسام قاشى،
ساقلىغاندۇر مەن ئۈچۈن غەزەپ ئوقى،
ۋەھشەتتىدىن ماڭا چۈشتى ئاتەشى،
نىمە كۈن كۆرەر ئىكەن بىچارە جان.

گۆرئوغلى دەر جانانىم مەن نائىلاج،
مەن ئۈچۈن قىلغىل دۇئا ياشىڭنى ساچ،
مەن ئۈچۈن ئەي يارىما قىلغىل ئىلاج،
بۇ سەبەبدىن قورقىمەن ئەي مېھرىبان.

مەلىكە پاتىمە گۆر ئوغلىغا: ئەي بەرنا يىگىت، شەھەرگە بارغاندا، نامەنى ئاتامغا بېرىپ سۆز قىلماي جىم تۇرۇڭ. بېشىڭىزدا قازايى مۇھەللەت باردۇر. سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇم. مۇشكۇلىڭىزنى خۇدا ئۆزى ئاسان قىلغاي! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بار بۇگۈن گۆرئوغلى شەھەرگە تېز راۋان،
بىھۇدە سۆز قىلما كۆپ پايىڭ كۈيەر.
مۇشكۇلۇڭ ئاسان ئەتكەي قادىر مەۋلان،
بىلمىسەڭ بۇ ئىشنى سەن پايىڭ كۈيەر.

بۇ پەلەك باشىڭغا نۇش ئۇرغان ئىكەن،
مەن سەبەپ قىلدىم سۇنۇپ كەتتى تىكەن.
مۇشكۇلۇڭ ئىنشائاللا بولغاي ئاسان،
بىخەبەر يۈرمە ئېزىپ مالىڭ كۈيەر.

سەن ئۆزۈڭ باشىڭنى بەرمەككە كېلىپ،
تاشلىماپسەن نامەنى يولدا ئوقۇپ،
يىغلار ئېردىڭ سۆكرە سەن ئاندىن بىلىپ،
ئەمدى قوي سەدقىڭنى ئىخلاسىڭ كۈيەر.

سەن ئۆزۈڭنى ھۇشىمەند چاغلاپ يۈرۈپ،
جەبرە ئەيلەر ئىكەنسەن جانىڭغا مۇندا كېلىپ،
سېنى ئەيلەر ئىكەن زالىم مۇندا شىھىت قىلىپ،
تاشلا نەۋكەرلىكنى سەن جانىڭ كۈيەر.

ئاخىر ئېردى بولمىسام ئۆمرۈڭ سېنىڭ،
بارچىدىن قالغاي ئىدى قۇرۇپ جېنىڭ،
سەن ئۈچۈن بۇزۇق ئىكەن كۆڭلى ئۈنىڭ،
تۈختاقىل ھەر ئىشنى سەن زۇلمىدىن بارىڭ كۈيەر.

پاتىمە ھالىڭ كۆرۈپ قىلدىم بىر ئىش،
قوي كۆڭۈل ئۆمرۈڭگە سەن شۈكرى قىلىش،
ئوت يېنىپ تۇرغان ئىكەن ھەم يازۇ قىش،
ئوت قېشىغا بارمىغىل تەلبە سەن پايىڭ كۈيەر.

مەلىكە پاتىمە گۆر ئوغلىغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئاتىقا مىندۈردى ۋە ئۇنىڭ جامالىنى يەنە بىر كۆرۈش ئىستىگىدە: يېنىمىشىڭىزدا ئاتنى ماڭا تاپشۇرۇپ كېتەرسىز، دەپ تاپىلىدى. گۆر ئوغلى مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ، ئېلىپ كەلگەن سەيدىلىرىنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا مەھكەم باغلاپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ بىر سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرۈپ شەھەرگە داخىل بولدى. ئوردىغا كىرىپ شاھ مەھەممەتخانغا تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن تۆھپىسى بىلەن نامەنى ئەلچىلىك قائىدە - يوسۇنى بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

شاھ مەھەممەتخان تۆھپىلەرنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ بەردى. نامىنى ئوقۇپ مەزمۇنىغا مۇتالىئە يۈرگۈزدى. ئاندىن چاھار باققا كىشى ئەۋەتىپ مەلىكە پاتىمەنى ھازىر قىلدى، قازى - قۇززاتلارنى ئوردىغا چىللاپ گۆر ئوغلىغا مەلىكە پاتىمەنى ئەقدە نىكاھ قىلىپ قويدى. ھەممە بىردەك گۆر ئوغلىنى مۇبارەكلىدى. شۇندىن كېيىن، شاھ مەھەممەتخان گۆر ئوغلىغا قىزىنى تەخىرسىز نىكاھ ئەقدە قىلىپ رەسمىيىتىنى بىجا كەلتۈرگەنلىك ھەققىدە شاھ مەھمۇرخانغا نامە يېزىپ ئاخىرىغا مۆھۈرنى باستى. ئۇ، گۆر ئوغلىغا شاھانە تونلار يېپىپ ۋە ئۇن نەپەر كاتتا بەگنى قوشۇپ، ئۇنى بەلىخ شەھرىگە يولغا سالدى.

پەسلى داستان، ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى پادىشا مەھمۇرخاندىن ئىشىتىڭ:

پادىشا مەھمۇرخان، ئۆزى شىكار قىلىپ يۈرگەن باياۋاندا، گۆر ئوغلىنىڭ بېشىنى قاچان ئېلىپ كېلىشەركىن، دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن شۇنچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، گۆر ئوغلىدىن نامۇ - نىشان ياكى ئىنىسى شاھ مەھەممەتخاندىن بىرەر خەۋەر بولمىدى. بىر كۈنى شاھ مەھمۇرخان، ئىنىم، گۆر ئوغلى دىگەن تۇزكور بەدبەختنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرگەندۇر، بولمىسا گۆر ئوغلى بۇچاقىچە يېتىپ كېلەتتى، دەپ ئويلاپ تۇراتتى، باياۋان تەرەپتىن توپا - چاڭ كۆتىرىلىپ، گۆر ئوغلى ۋە شاھ مەھەممەتخان قوشۇپ ئەۋەتكەن بەگلەر يېتىپ كەلدى. گۆرئوغلى ئۇستىگە شاھانە تونلار، بېشىغا تاج كىيىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، شاھ مەھمۇرخانغا تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شاھ مەھەممەتخاننىڭ نامىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، گۆر ئوغلىنى سالامەت كۆرگەن شاھ مەھمۇرخاننىڭ بېشىغا خۇددى قارا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. ئۇ قەھرى - غەزەپ بىلەن: ئەي نائىنساپ بەدبەخت! مەن سېنى قۇندۇزغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئەۋەتكەن ئىدىم. ھالا بىر ئايدىن بۇيان نەگە يوقالدىڭ؟ — دەپ ئۇنى سوراق قىلدى.

گۆر ئوغلى يولدا ئېزىقىپ كەتكىنىنى، قەلئە قۇندۇزدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ - بىر بايان قىلدى.

شاھ مەھمۇرخان نامەنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: ئەي ئىتنىڭ بالىسى، مەن سېنى شاھ مەھەممەتخاننىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ كەلگىن دەپ ئەۋەتمىگەن. يازغان نامەمدىمۇ شاھ مەھەممەتخانغا قىزىڭنى گۆر ئوغلىغا بەرگىن دىمىگەنغۇ؟ سەن مېنىڭ پەرمانىمغا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ كەپسەن! — دىدى ۋە جاللات! — دەپ ۋاقىرىدى.

گۆر ئوغلى بىلەن بىللە كەلگەن بەگلەر شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ: ئەي پادىشا، مەستمۇ سەن ياكى ساراڭمۇ؟ ئۆزەڭ قىلغان ئىشتىن نىمە ئۈچۈن تانىسەن؟ ئەگەر پادىشاھىمىزنىڭ ئەۋەتكەن نامىسىگە ئىشەنمىسەڭ، مانا ئۆزۈڭ يازغان نامەنى كۆر! — دەپ، مەلىكە پاتىمەنىڭ چاھار باغدا يازغان نامىسىنى شاھ مەھمۇرخانغا سۇندى.

شاھ مەھمۇرخان ئۇ نامەنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتى ۋە: مەن بۇنداق نامە يازمىغان، گۆر ئوغلى يولدا بارغىچە باشقا نامە يېزىپ شاھ مەھەممەتخانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ ۋە ھىلى - مىكىر بىلەن قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پەرمانىمدىن تاشقىرى ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن گۆر ئوغلى دىگەن بۇ بەدبەختنىڭ بېشىنى كېسىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇندۇز شەھرىدىن كەلگەن بەگلەر: ئەي پادىشا، ئەگەر نامەنى يالغان دىسەڭ، بۇ مۆھۈرگە نىمە دەيسەن؟ بۇ مۆھۈر سىنىڭمۇ ئەمەس؟ ئويلاپراق گەپ قىلغىن! — دىگەن ئىدى، شىكار مەيداندىكى ھەممە ئەمىر - بەگلەر تەڭلا: ئەي پادىشا، گۆر ئوغلى ساڭا نىمە گۇنا قىلدى؟ قەلئە قۇندۇزغا بۈگۈن مېنىپ ئۈچ كۈندە ئالدىڭغا ھازىر بول! دەپ، ئۇنى كىشىنىڭ چامى يەتمەيدىغان مۇشەققەت خىزمەتكە بۇيرۇدۇڭ. قۇندۇزغا ئون كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىشىڭ گۆر ئوغلىنى قەستلىگەنلىگىڭ ئەمەسمۇ؟ — دىيىشتى. شاھ مەھمۇرخان ئاچچىغىنى باسالماي: ئەي تۇزكورلار! ھەممىڭلار گۆر ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ماڭا يۈز ئۆرۈدۈڭلارمۇ؟ گۆرئوغلىنى ئۆلتۈرۈڭلار دىسەم، تېخى ماڭا نەسىھەت قىلامسىلەر!؟ ئات - ياراق، يىمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى مەندىن ئالغان تۇرۇقلۇق، نىمە ئۈچۈن پەرمانىمغا بويسۇنمايسىلەر؟ — دىدى.

ئەمىر - بەگلەر شاھنىڭ بۇ سۆزىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: ئەي پادىشا، سەن بىزگە ھەرنە بەرسەڭ، ساڭا خىزمەت قىلغانلىغىمىز ئۈچۈن بەردىڭ. سەن بىگۇنا ئادەملەرنى شۇنچە كۆپ ئۆلتۈرۈپمۇ يەنە مۇرادىڭغا يەتمەي، ئەمدى گۆر ئوغلىنى ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ گۆر ئوغلى سىنىڭ ئالدىڭدا نىمە گۇنا قىلدى؟ ئۇ ساڭا كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدىغۇ! بىز سىنى ئەمدى بىگۇنا ئادەملەرنى ئۆلتۈرگىلى قويمايمىز. سىنىڭ قەھرى - غەزىۋىڭگە پەرۋا قىلمايمىز. ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈش كېرەك! — دىيىشتى.

ئەمىر - بەگلەردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، شاھ مەھمۇرخانىنىڭ كۆزىگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى، ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، ئىككى ئوغلى بىلەن بىر قىسىم خاس خىزمەتچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىگە قارشى چىققان كىشىلەردىن يەتمىش - سەكسەن كىشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. لەشكەرلەر ئۆزلۈگىدىن ئىككى تەرەپ بولۇپ بۆلۈندى. كۆپچىلىك ئەمىر - بەگلەر دەرھال ئاتلىنىپ، شاھنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى.

شاھنىڭ خاس يىگىتلىرى بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ جەڭ قىلىۋاتقانلار، بىر بىرىنى يېڭەلمەي تۇرغان پەيتتە، گۆر ئوغلى ئات يۈگۈرتۈپ بېرىپ شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ئالدىنى توساپ، ئەي زالىم، قانخور، مېنىڭ ئاتا - بوۋام قېنى؟ ئۇلارنى سەن مۇشۇ مەيداندا ئۆلتۈرگەن ئىدىڭ. ئۇلار ساڭا نىمە گۇنا قىلغان؟ بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا ئۇلارنىڭ خۇنىنى مەن سەندىن ئالىمەن. ئەي بەدبەخت، مەن ساڭا نىمە گۇنا قىلدىم؟ مېنى ئىشقا بۇيرۇش باھانىسى بىلەن ھىلى - مىكىر قىلىپ باشقىلارغا ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولدۇڭ. ئەمدى مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرگىن! — دىدى. شۇ پەيتتە، نامەرت شاھ گۆر ئوغلىغا بىر قىلىچ ئۇردى. گۆر ئوغلى ئۇنىڭ ئۇرغان قىلچىنى قايتۇرۇپ، ئىككىنچى مەرتىۋە قىلىچ ئۇرۇشىغا ئامان بەرمەي، ئۇنىڭ بېشىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ، كاللىسىنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈردى.

شاھ مەھمۇرخانىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتىنى ئىرجىسخان، كىچىگىنىڭ ئېتىنى ئىلنىشخان دەر ئىدى، سابىت بەگ ئىلنىشخانىنىڭ ئالدىنى توساپ قىلىچۋازلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار گۆر ئوغلىنىڭ شاھ مەھمۇرخانىنى ئۆلتۈرگەنلىگىنى كۆرۈپ شىددەت بىلەن جەڭ قىلىشتى، سابىت بەگ بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئىلنىشخانىنى ئۆلتۈردى،

هاشىم بەگ ئىرجىسخاننى ئۆلتۈردى.

شاھ مەھمۇرخانغا خوشامەت قىلىپ يۈرگەن بەگلەرنى گۆر ئوغلىنىڭ تەرەپدارلىرى قەدەمۇ - قەدەم قوغلاپ يۈرۈپ سۈر - توقاي قىلغىلى تۇردى. بىر قىسىم بەگلەر قىلىچ - قالقانلىرىنى بوينىغا ئېسىپ ئامانلىق تىلەشتى، ئاخىرغىچە شاھقا بولۇشۇپ سوقۇشقانلارنىڭ بولسا، بىرسىمۇ ئامان قالمىدى.

گۆر ئوغلىغا ھامى بولۇپ يارى سازلىق قىلىشقانلار مەسلىھەت قىلىپ شاھ مەھمۇرخاننىڭ تاجىنى گۆر ئوغلىنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى ۋە ئۇنى پادىشا قىلىپ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئالتۇن مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ، مەيىنىڭ ئالدىدا تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتىرىشىپ، ناغرا - كانايلارنى چېلىپ، بەلىخ شەھرىگە قاراپ ماڭدى. گۆر ئوغلىدىن بىر كۈن ئىلگىرى بەلىخ شەھرىگە يېتىپ كەلگەن جاكاچىلار كوچا - گۆزەرلەردە ئات چاپتۇرۇپ بەلەن ئاۋاز بىلەن: ئەيىيۇھاننا س، ئەي خالايىقلار! ئاڭلىمىدىم - ئىشتىمىدىم دىمەڭ - لار! پادىشاھى ئالەم شىكاردا بۇغا - مارال، كىيىكلەرنى تولا تۇتۇپ، گۆشىنى تولا يەپ قوسىغى كوپۇپ ئۆلۈپتۇ. ئورنىغا گۆر ئوغلى دىگەن مەھرەمنى پادىشا قىلىپ ئېلىپ كەلدۇق!— دەپ ئۇقتۇردى. شەھەر خەلقى زالىم پادىشانىڭ ئۆلگەنلىگىگە ناھايىتى خوشال بولۇشتى. كوچىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ، گۆر ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئىستىقبالىغا سەپ - سەپ بولۇپ چىقىشتى.

ئەلقىسسە: شەھەر خەلقى چىقىپ بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن، باياۋان تەرەپتىن گۆر ئوغلى كاناي - سۇنايلار ساداسى ئىچىدە يېتىپ كەلدى. شەھەردىن چىققانلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ تازىم قىلدى، ئاندىن گۆر ئوغلى بىلەن شەھەرگە داخىل بولۇپ، ئوردىغا بارغىچە، ئېلىپ چىققان تۆھپىلىرىنى پىشكەش قىلىپ، ئۇنى مۇبارەكلىدى. ئەمىرلەر گۆر ئوغلىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، پەرمان بەردار بولدى.

گۆر ئوغلى سۇلتانلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، شاھ مەھمۇرخان توپلىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئەمىر - بەگلەرگە، لەشكەرلەرگە ۋە شەھەر خەلقىگە بۆلۈپ بەردى. ھەممە خەلق خوشۋاقىت بولدى. ئۇلار گۆر ئوغلىنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى ۋە ياخشى تەدبىرىنى كوچا - گۆزەرلەردە سۆزلىشىپ تۇرسۇن.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى قەلئە قۇندۇزنىڭ پادىشاسىدىن ئاڭلاڭ:

شاھ مەھەممەتخان ئاكىسى شاھ مەھمۇرخاننىڭ ئۆلگىنىنى، ئورنىغا گۆر ئوغلى پادىشا بولغىنىنى ئاڭلاپ، بىر بۆلۈك ئەمىر - بەگلەرنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، بەلىخ شەھرىگە راۋان بولدى، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بەلىخ شەھرىگە يېتىپ كەلدى.

گۆر ئوغلى شاھ مەھەممەتخاننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئەمىر - بەگلەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى. شاھ مەھەممەتخان گۆر ئوغلىنى مۇبارەكلەپ، بەلىختە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، خوشلىشىپ قەلئە قۇندۇزغا قايتىپ كەتتى.

گۆر ئوغلى سۇلتان بىر كۈنى ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان مېھرىۋان ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. ھەر ئىككىسى ئوز بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئېيتىشىپ، يىغلىشىپ تۇرغان مەزگىلدە، شاھ مەھمۇرخاننىڭ خوتۇنى دۇختەربانۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ نەۋرىسى گۆر ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوش كىتمىپتۇر دۇنيادىن،
يەتكەن ئېردى جاپاسى.
بارچە بىزار ياماندىن،
بۇ ئىش ئۇنىڭ جازاسى.

قىلدى ئەلگە يامانلىق،
يوق ئېردى ھېچ ئامانلىق،
ئەمدى بولدۇق ماكانلىق،
قەھرى ئەتكەندۇر خۇداسى.

بىزار بولغان بىز ئاندىن،
كىملەر قاچماس ياماندىن،
ئەمدى قالدۇق پىغاندىن،
خوشنۇد جاھان گۇۋاسى.

ئېردۇق بارچە زۇلمەتتە،
ئەل يىغلىشىپ كۈلپەتتە،
ھېچكىمنىڭ يوق غەيرەتتە،
قالدىمۇ گەنج دۇنياسى؟

دۇختەر ئېيتۇر بۇ سائەت،
سەن كۆرسەتتىڭ شىجائەت،
ئۆلدىمۇ راست ئۇ ئاپەت،
تېپىلىپتۇر داۋاسى.

مەلىكە دۇختەربانۇ گۆر ئوغلىنىڭ پادىشا بولغىنىغا خوشال بولۇپ ئۇنى مۇبارەكلىدى.

ئەلقىسسە: بىر كېچىسى گۆر ئوغلىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، شاھ مەھەممەتخاننىڭ قىزى مەلىكە پاتىمەنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئويلاپ ياتتى. ئۇ يارۋاپادارىنىڭ سەۋىۋى بىلەن سۇلتانلىق تەختىگە چىقتىم. ئەگەر ئۇ چاھار باغدا ماڭا ۋاپادارلىق قىلمىغان بولسا، ناھەق ئۆلۈپ كېتەر ئىكەنمەن. ئەمدى شاھانە توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئەتىسى كۆڭلىگە يېقىن ۋەزىر، بەگلەردىن بىرقانچىنى ئاندىسىغا مەسلىھەت سېلىشقا ئەۋەتتى. ئانىسى گۈل سەلىمە ئايىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى. توي تەييارلىقىنى باشلىنىپ كەتتى. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، گۆر ئوغلى سۇلتان كاتتا ئەمىر - بەگلەردىن تارتىپ ئاددى پۇقرالارغىچە ھەممە كىشىنى تويغا تەكلىپ قىلدى.

گۆر ئوغلى بەلىختىن قەلئە قۇندۇزغا بېرىپ ئون كېچە - كۈندۈز شاھانە توي قىلىپ، ياخشى كۈن ياخشى سائەتنى تاللاپ مەلىكىنى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئاندىن بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بەلىخ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

مەۋلانە ھەزرىتى موللا ئەنۋەر رەھمەتۇللا ئەلەيھى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئەسقەر شاھ شام شەھىرىدىن لەخمە كولاپ قېچىپ كەتتى. ئىغرىشخان ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، ھەممە سۇلتان، ئەمىر-بەگلەرنى ۋە لەشكەرلەرنى يەتتە بۆلۈك تەقسىم قىلىپ، ھەر بىر توپ لەشكەرگە جەسۇر، داڭلىق، سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنى باشلىق قىلىپ، ھەر بىر توپ لەشكەرنى بىردىن شەھەرگە ئەۋەتتى.

گۆر ئوغلى بىلەن مەھەممەت مۇلكىزات خاقانىي ھىندىستان ۋىلايىتىگە ئەۋەتتى.

ئىغرىشخان گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ لەشكەرلىرىگە ۋەز - نەسىھەت قىلىپ: ئەي بەگلەر! ئەي باتۇر چەۋەندازلار! گۆر ئوغلى سىلەرگە ھەرقانداق پەرمان قىلسا، بىجاندىل پەرمان بەردارلىق قىلىڭلار! — دىدى.

گۆر ئوغلى ئىغرىشخان بىلەن خوشلىشىپ ھىندىستان تەرەپكە ماڭدى. ئۇ شام شەھىرىدىن چىقىپ، بىرقانچە ھەپتە يول

يۇرگەندىن كېيىن، ئـاۋال بەلىخ شەھرىـگە
يېتىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ئۇستا تۆمۈرچى
قۇيىمگەرلەرگە توپ، زەمبىرەك، مىلـتىـق ۋە
قىلىچ - قالقان ياسىتىپ ماڭدى. ياغاچچى -
لارغا هارۋا ياسىتىپ، هەر بىر هارۋىغا خېچىر
قوشتۇردى ۋە ئۇستىلارغا ئىككى باراۋەر هەق
بەردى.

ئەلقىسسە: گۆر ئوغلى سۇلـتان قېينا -
تىسى شاھ مەھەممەت خاننى قەلئە قۇندۇز -
دىن بەلىخ شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ پادى -
شالىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن، خوتۇنى
مەلىكە پاتىمەنى مەيىمگە سېلىپ، شاھ مەھەم -
مەتخان باشلىق كىشىلەر بىلەن خوشلاشتى.
ئىككى ئاي يول يۇرگەندىن كېيىن، لەشكەر -
لەرنىڭ ئالدى نىشاپۇرغا يېتىپ باردى. ئا -
خىرىدا يۇرگەن ئەمىر - بەگـلەر بىلەن گۆر
ئوغلى نىشـاپورغا كېلىـپ سەلـتەنەت بىلەن
ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۆت يۇز قىرىق تۆت
بەگنى هىندىستان ئېلىگە ئەلچى قىلىپ ئە -
ۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر هىندىستانـنىڭ هەر بىر
ئايماق، شەهەر ۋە بازارلىرىغا قاراپ يۇرۇپ
كەتتى.

گۆر ئوغلى، بۇ ئەلچىـلەر هىندىـستان
ۋىلايەتلىرىدىن قايتىپ كەلـگىچە، لەشكەرلە -
رىنى نىشاپور مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇ -
مۇتـبازلـىق، نەيزىۋازلـىق ۋە قىلىچۋازلىق
مەشقى قىلغۇزدى، لەشكىرى ئىنتىزامنى چى -
ڭىتتى؛ ئـىـكـكىنچـى قەدەمـدە، ئۇلارغا ئات
مىنىش بىلەن قىلىچ ئۇرۇشنى ۋە ئات ئۇس -
تىدە بولىدىغان هەممـە هۆنەرلەرنى ئۈگەتـتى.
ئاخىرىدا، توپ - زەمبىرەكلەرنى قانداق ئىش -
لىتىشنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلـىپ، ئۇنىڭ
لەشكـەرلىرى ئۇرۇش قىلىشقا ماهىر چەۋەن -
دازلاردىن بولۇپ يېتىشتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۆر ئوغلىنىڭ يې -
قىن كىشىلىرى ئۇنىڭغا خوتۇنـىنىڭ پەرزەنت
تەۋەللۇت قىلغانلىـغىنى مەلۇم قىلـدى. گۆر
ئوغلى بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭـلاپ ئۆيىگە كىـ
رىپ كۆردىكى، مەلىكە پاتىمە راستىنـلا بىر
ئوغۇل تۇغۇپتۇ، گۆر ئوغلى غايەت خـوشال
بولۇپ، شەهەرنىڭ چوڭ - كىچـىك خەلقىـنى
چىللاپ قىرىق كۈن شاهـانە تـوي بەردى،
پەرزەنتىنىڭ ئېتىنى هاۋازخان قويدى.

پەسلى داسـتان، ئەمـدى بىر كەلـىمە
سۆزنى ئەلچىلەردىن ئىشىتىڭ:

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەنـدىن كېيىـن،
هىندىستان شەهرىگە كەتكەن ئەلچىـلەر گـۆر
ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئالدىـغا بەزىلـىرى قۇلاق،
بۇرنىدىن، بەزىلىرى تىلىدىن ئايرىلغان هالدا
يىغلىشىپ قايتىپ كەلـدى. بۇ ئەلچـىلەرنىڭ
ئېچىنىشلىق ئەهۋالىغا قاراپ گۆر ئوغلـىنىڭ
يۇرىگـى ئاغـرىـدى ۋە دەرغـەزەپ بولۇپ:
«لەشكەرلەر كەستىهام شەهرىگە يۇرۇش قىلـ -
ـسۇن! — دەپ پـەرمان قىلـدى. شۇ زامان
لەشكەرلەر يەر تەۋرىگەنـدەك، بۇلۇت كۆچ -
كەندەك ياكى دۇنيانى قارا بوران باسقان -
دەك هەيۋەت ۋە هەشەم بىلەن يولغا راۋان
بولدى.

گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ كېلىدىغان خە -
ۋىرىنى ئاڭلىغان قەلئە كەستىهامنىڭ هاكىمى
قەھقام هىندى هەممە لاۋۇ - لەشكىرىنى يىغىپ
مۇكەممەل تەييارلىق قىلىپ تۇردى.

گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىن ماڭغان لەشكەر -
لىرى كەستىهام شەهرىنىڭ ئەتراپىغا يېتىـپ
كېلىپ، يولنىڭ بىرقانـچـە ئون چاقىـرىـم
يېرىنى سۇپۇرۇپ سۇ چېچىـپ، سۇلتانـىنىڭ
كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى، ئانـدىن، ئەمىر -
بەگلەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ چېـدىر - بار -
گاللىرىنى تىكىپ، كەستىهام شەهرىنى هالقىغا
ئالدى. ئاخىرىدا، گۆر ئوغلى سۇلتان شانۇ -
شەۋكەت ۋە سەلتەنەت بىلەن چىقىپ كەلدى.
بالدۇر كەلگەن ئەمىر - بەگلەر گۆر ئوغلـىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىستىقبالىغا چىقتى. گۆر ئوغلى سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ بارگاھىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن: كەستىھام شەھرىگە يېزا - قىشلاقلاردىن كىرىدىغان ئاشلىقلارنى توساڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، لەشكەرلەر، ھىندىلارنىڭ يېزا - قىشلاقلاردىن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىق - چارپايلىرىنى، ئوتۇن-سامانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ شەھەرگە كىرگۈزمىدى.

قەھقام ھىندى بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ لەشكەرلىرى بىلەن، مەيدانغا چىقتى ۋە سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشۇشقا ھازىرلاندى. گۆر ئوغلى، قەھقام، قىلىچ - قالقانلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ ئالدىمغا كەلسۇن! دەپ بىر يىگىتنى ئۇنىڭغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، قەھقام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: ئەي ئەلچى، گۆر ئوغلىغا بېرىپ ئېيتقىنكى، ئۇنىڭ ئالدىغا مەن ھەرگىز بۇنداق شەرمەندىچىلىك بىلەن بارمايمەن. گۆر ئوغلى ھەرقانداق ھۈنىرى بولسا كۆرسەتسۇن. مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ جاۋاپ بەردى. ئەلچى يىگىت قەھقامنىڭ بەرگەن جاۋاۋنى گۆر ئوغلىغا يەتكۈزدى.

گۆر ئوغلى بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ئاچچىغىدا بىر ئات، بىر قامچا بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، ئوتتۇز ئىككى خىل ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، ئەي قەھقام، ھەرقانداق پالۋانىڭ بولسا پەرمان قىل، مەيدانغا چۈشسۇن دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەن بۇ ياندىن، سەن ئۇ ياندىن،
كەل بەدبەختلەر يەككە - يەككە.
كەچكىل بۇگۈن شىرىن جاندىن،
ئالدىمغا كەل يەككە - يەككە.

قاراشىپ تۇرغان قىزىلباشلار،
ئىنئاملارنى كۆپ ئالغانلار،
تۈيۈق ساۋۇتنى كىيگەنلەر،
كەلگىل بۇگۈن يەككە - يەككە.

تاماشا كۆرسۇن بەگۇ - خان،
مەيداندا ئاقسۇن قىزىل قان،
مەيداندىكى تۇرغۇن بىر جان،
كەلگىل بۇگۈن يەككە - يەككە.

ئابروي كىمگە بولادۇر،
كىملەر مەيداندا ئۆلەدۇر،
كىم مەيداندىن ساق چىقادۇر،
ئەمدى كەلگىل يەككە - يەككە.

گۆر ئوغلى دەپ مېنى ئېيتادۇر،
مەيداندا سىزلەرنى يىغلاتۇر،
ئەمدى تاماشا كۆرسەتۇر،
كەل قىزىلباش يەككە - يەككە.

گۆر ئوغلى مەيداننىڭ ھەر تەرىپىگە ئات سېلىپ: مەندۇرمەن، گۆر ئوغلى سۇلتاندۇرمەن، ئەي بەدبەختلەر، ئىشىتىڭلار، ئەگەر سىلەر قورقۇپ ئالدىمغا كەلمىسەڭلار، مانا مەن ئالدىڭلارغا كەلدىم! — دەپ ئۆزىنى قەھقامنىڭ لەشكىرىگە ئۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: بىلمىسەڭ بىلدىڭ، بىلمىسەڭ مەندۇرمەن مەھەممەت مۇلكىزات خاقاندۇرمەن! — دەپ يەنە بىر كۆچتىڭگىر ئۆزىنى ھىندى لەشكىرىگە ئۇردى. بۇ ئىككى سۇلتاننىڭ دۈشمەن سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، باھادىرلارچە جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەممە ئەمىر - بەگلەر ھىندىلارغا ئېتىلىپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىككى دەريايى لەشكەر ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە توختىماي جەڭ قىلدى: قەھقام ھىندى گۆر ئوغلىنىڭ بۇنداق جاسارەت بىلەن قىلىۋاتقان جېڭىگە تاقەت قىلالماي، لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە

توپىلاپ، قىپچىنىڭ كويىغا چۈشتى.
گۆر ئوغلى قەھقامنىڭ پىلانىنى سېزىپ قىلىپ توپ قاتارلىق چوڭ قوراللارنى ئىشقا سالدى. توپ ئوقلىرى ھىندى لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى مۇلدۇردەك تۆكۈۋەتتى.

قەھقام ھىندىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قىچىشقا باشلىدى. مەرگەنلەر قاچقانلارنى مىلتىق بىلەن ئاتتى. ئاخىرى ھىندىلار جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلىشىپ: ئەل ئامان-ئەل ئامان! — دەپ، ياراغ-جابدۇقلىرىنى بويىنىغا ئېسىشىپ گۆر ئوغلىدىن ئامانلىق تىلەشتى.
گۆر ئوغلى، تەبەل باز ئۇرۇپ، ئۇلارغا ئامانلىق بېرىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ مەيداندىن يېنىپ چىقتى.

ئەتىسى قەلئە كەستىھامنىڭ پۇقرالىرى كاتتا تۆھپىلەرنى كۆتىرىشىپ چىقىپ، گۆر ئوغلىغا شەرتسىز بويسۇندىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. گۆر ئوغلى ھىندىلارنىڭ تۆھپىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزىمۇ ئىنئاملار بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شات قىلدى. ئۇ، جەڭدە ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلدى، يارىدارلارنى داۋالاشقا پەرمان چۈشۈردى، ئاندىن قەلئە كەستىھامغا كىرىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: قىمارخانا، شاراپخانىلارنى بۇزۇپ، ئورنىغا مەسچىت-مەدرىسە بىنا قىلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئەمىر-لەشكەرلەر شەھەرمۇ-شەھەر، كەنتمۇ-كەنت يۈرۈپ قىمارخانا، شاراپخانىلارنى بۇزدۇرۇپ ئورنىغا مەسچىت-مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى توختاتتى.

گۆر ئوغلى شەھەر خەلقىدىن: قەھقام قېنى؟ ئۇ ئۆلدىمۇ، يە ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شەھەر خەلقى: ئەي شاھى سۇلتان، قەھقام ئۆلمىدى، ئۇ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قەلئە ئافغانغا قېچىپ كەتتى! — دەپ مەلۇم قىلدى.
گۆر ئوغلى ئەمىر-لەشكەرلەرنى باشلاپ داغدۇغا بىلەن قەلئە ئافغانغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە: كەستىھام خەلقى جەڭدە يېڭىلىپ ئامانلىق تىلىگەن كۈنى، قەھقام كەستىھامدىن قاچقىنىچە ھېچ يەردە توختىماي بىر كۈزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ ئافغان ھاكىمى سەھراپنىڭ ئالدىغا پانا تىلەپ باردى. سەھراپ قەھقامنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە ئۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئەھۋال سورىدى.
قەھقام ھىندى گۆر ئوغلى بىلەن بولغان ئىشلارنى ئەۋۋەلدىن-ئاخىرىغىچە بىر-بىر بايان قىلىپ، زار-زار يىغلىدى.

قەھقامدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، سەھراپ شاھنىڭ پۈتۈن جىسمى لەرزىگە كېلىپ، ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ياماشتى. ئۇ لەشكىرىنى يىغىپ شەھەرنى مۇستەھكەملەپ بولغىچە، گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ شەھەرنى ھالقىسىمان قورشاپ ئالدى ۋە كەستىھامدىكى ئۇرۇش تەجرىبىلىرىدىگە ئاساسەن، شەھەرگە يېزا-قىشلاقلاردىن كىرىدىدغان ئاشلىق-تۈلۈكلەرنى توساپ، شەھەرنىڭ ھايات مەنبەئىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

گۆر ئوغلى ئەلچى ئارقىلىق سەھراپ شاھقا نامە كىرگۈزدى. سەھراپ ئەلچىنىڭ قولىدىن نامىنى ئېلىپ ئوقۇدى. نامەدە: «مەندىكى گۆر ئوغلى سۇلتاندۇرمەن، كەستىھامنىڭ ھاكىمى قەھقام جەڭدە يېڭىلىپ سېنىڭ ھامىلىڭغا ئۆزىنى ئالدى، پەرمانىم شۇكى، قەھقامنى تۇتۇپ ماڭا تاپشۇر! ئۆزەڭ لاۋۇ-لەشكىرىڭ بىلەن ئالدىمغا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ مېنىڭ پەرمانىمغا بويسۇن! ئەگەر
رەت قىلساڭ، شەھىرىڭنى ۋەيران قىلىپ،
ئۆزەڭنى ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭ بىلەن قۇرۇتۇۋې-
تىمەن»، دەپتۇ.

سەھراپ دەر غەزەپ بولۇپ ئېيتتىكى:
ئەي ئەلچى! چىقىپ پادىشاھىڭغا دېگىن.
مەن قەھقامغا ئوخشاش قورقۇنچاق ئەمەس.
پادىشاھىڭنىڭ ھەرقانداق ھۈنىرى بولسا
كۆرسەتسۇن. زەررىچە ئەندىشە قىلمايمەن!

ئەلچى گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئالدىغا
بېرىپ سەھراپنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق يەت-
كۈزدى. گۆر ئوغلى سەھراپنىڭ جاۋاۋىنى
ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. شۇ مەز-
گىلدە سەھراپ شاھ لاۋۇ ـ لەشكەرلىرى بىلەن
شەھەردىن چىقىپ كەلدى. ئۇ لەشكەرلىرىنى
سەپ ـ سەپكە تىزىپ، تەبىلى جەڭ ئۇردى
ۋە يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىردى: لەشكىرىم
ئىچىدىن قېنى قايسى نامدار پالۋان چىقىپ
بۇ خۇداپەرەستلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدۇ؟

ئۇنىڭ ۋەزىرى ئەسراپ ئېيتتىنى يۇ-
گۈرتۈپ كېلىپ مەيدانغا چۈشۈشىنى تەلەپ
قىلدى.

بۇ تەرەپتىن ئاغا بەگ سەردار ئات
يۈگۈرتۈپ كېلىپ گۆر ئوغلى سۇلتاندىن مەي-
دانغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى ۋە ئىجا-
زەت ئالغاندىن كېيىن مەيدانغا كىرىپ ئەس-
راپنىڭ ئالدىنى توستى.

ئەسراپ ئەي خۇداپەرەست، نام-
نەسەبىڭنى بايان قىل! مېنىڭ قولۇمدا نامۇ
نىشانسىز ئۆلۈپ كەتمە! — دېدى.

ئاغا بەگ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت
قىلماي: مېنىڭ نام ـ نەسەبىمنى سورىغىچە
ئىشىڭغا مۇقىت بول! بولمىسا، ھېلى كۆرگۈ-
لۈكىڭنى كۆرسەن! — دېدى.

ئەسراپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاچچىغىدا
كەمەننى قولىغا ئېلىپ ئۈچ مەرتە ۋە ئوق
ئۈزدى. ئاغا بەگ ئەسراپنىڭ ئاتقان ئوقىنى
مىقراز بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ، تىزدىغا قويۇپ
سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى.

نۆۋەت ئاغا بەككە كەلدى. ئۇ كەمەن-
نى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ ئەسراپقا بىر ئوق
راۋان قىلدى. ئەسراپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ
بولغىچە، ئوق ئۇنىڭ سول كۆكرىكىگە تې-
گىپ، جېنىنى جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى.

سەرخاپ ھىندى ۋەزىرىنىڭ بۇ ئېچى-
نىشلىق ئۆلۈمىگە تاقەت قىلالماي، ئات يۇ-
گۈرتكىنىچە مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاغا
بەگ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ، ئۇنى زە-
خىمدار قىلدى. ئاغا بەگ مەيداندىن يېنىپ
چىقتى. قەتران مەرۋىزى گۆر ئوغلى سۇلتان-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن
كېيىن، مەيدانغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى.
ئىجازەت بولغاندىن كېيىن، ئۇ، مەيدانغا ئات
چاپتۇرۇپ كىرىپ، سەرخاپنىڭ ئالدىنى تو-
ساپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا
باشلىدى. سەرخاپ ماھىر لەشكەر باشلىغى
ئىدى. ئۇ قەتران مەرۋىزىنىڭ قىلىچۋازلىق-
تىكى ئاجىزلىق تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، قول-
تۇغىغا بىر قىلىچ ئۇردى ـ دە، ئۇنى ئۆل-
تۈردى. ئارقىدىن يەھيا ئىسپىھانى مەيدانغا
كىردى، ئۇمۇ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
قاسىم مەرۋىزى مەيدانغا كىردى ۋە ئۆلدى.
ئايۇپ دامغانى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مەيداندىن
ئېلىپ چىقتى ۋە يېنىپ مەيدانغا كىردى.
ئۇ سەرخاپقا بىر ئوق ئېتىپ، ئۇنى ئاتتىن
تىك موللاق چۈشۈردى.

ئەسراپ ناملىق يەنە بىر ھىندى مەي-
دانغا كىرىپ ئايۇپ دامغانغا ئامان بەرمەي
قىلىچ بىلەن گەدىنىگە چېپىپ شېھىت قىل-
دى. ئەسراپ ھىندى شۇ كۈنى بەش كىشى-
نى زەخىملەندۈرۈپ، سەككىز كىشىنى شېھىت
قىلدى. كەچ بولغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ

مەيداندىن چىقىپ ئۆز بارگاھلىرىغا بېرىپ
ئارام ئالدى.

ئەسراپ ھىندى ئەتىسى تاڭ سەھەردە
يەنە مەيدانغا كىرىپ مەرت تەلەپ قىلدى.
بۇ تەرەپتىن شاھزادە سىدىق رومى گۆر
ئوغلى سۇلتاندىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا
كىردى. ئۇ ئەسراپ ھىندىنىڭ ئالدىنى تو-
ساپ: ئەي ئەسراپ! قىلىچ، ساغداق - ئوق-
يالىرىڭنى كىشلەرگە داڭلاپ، ئۆزەڭنى نام-
دارلار قاتارىدا سانارسەن. شۇنچىلىك ئىش-
لىرىڭغا مەغرۇرلىنىپ لاپ ئۇرسەن. كەل-
گىن، ئىككىمىز كۈچ ئېلىشىپ كورەيلى. مۇ-
رات شاملى قايسىمىزغا ئۇرارئىكىن؟ —
دىدى.

ئەسراپ ھىندى سىدىق رومنىڭ سۆ-
زىنى ئاڭلاپ ئاچچىغىدا: ئەي نامى يوق
بى ئەقىل، گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى ئى-
چىدە قولىدىن سەندىن كاتتاراق ئىش كېلى-
دىغان پالۋان يوقمۇ؟ ئەگەر جەڭ قىلسام،
دەسلىۋىدىلا قولۇمدىن سالامەت چىقماي ئۆ-
لەرسەن، بارغىن، سېنى ئازات قىلدىم. بۇ-
گۈندىن باشلاپ مەندەك كاتتا، زور پالۋانلار
بىلەن جەڭ قىلمەن دەپ كەلمىگىن! —
دىدى.

شاھزادە سىدىق رومى مەيداندا جەۋ-
لان قىلىپ: ئەي هارامزادە، ھۈنىرىڭنى كۆر-
سەت! — دىدى.

ئەسراپ ھىندى دەرغەزەپ بولۇپ:
ئەي كەم ئەقىل شۇم، سېنى كىچىك ئىكەن
دەپ رەھىم قىلىپ شۇنچە نەسىھەت قىلسام
گېپىمگە قۇلاق سالماي كاجلىق قىلىۋاتىسەن-
غۇ؟ خەير، ئەمدى ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزەڭگە! —
دەپ سىدىق رومغا قىلىچ ئۇردى. سىدىق
رومى چاققانلىق قىلىپ سول قولى بىلەن
ئەسراپنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ ئالدى.
ئەسراپ قانچە يۇلقۇنۇپمۇ سىدىق

رومنىڭ قولىدىن بېغىشىنى ئاجرىتالماي:
ئەي شۇم، قولۇمنى قويۇپ بەرگىن. ماڭا
ھەرقانچە يالۋۇرساڭمۇ سۆزۈڭگە ئېتىۋار
قىلمايمەن. ئەمدى تازا ئاچچىقىم كەلدى! —
دىدى.

شاھزادە سىدىق رومى: ئەي ئىت،
قولۇڭنى پالۋانلىقىم بىلەن تۇتۇپ ئالدىم.
ساڭا ئەسلا يالۋۇرمايمەن. چامىڭ يەتسە
قولۇڭنى مەندىن ئاجرىتىپ ئال! — دەپ
بىر شەمشەر ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن شەھراپ
دىگەن بىر هارامزادە مەيدانغا كىردى. ئۇمۇ
يەر قۇچۇپ ياتتى.

ئەلقىسسە: ئۇ كۈنى ئون تۆت نەپەر
ھىندى پالۋانى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا
كىرىپ سىدىق رومنىڭ قولىدا جان بەردى.
سىھراپ شاھ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ دەر-
غەزەپ بولۇپ: ئەمدى ھەممە لەشكەرلەر
مەيدانغا تەڭلا باستۇرۇپ بېرىپ ئۇ يېتىم
ئوغلاقنىڭ بېشىنى كېسىپ ئەكىلىڭلار! — دەپ
پەرمان چۈشۈردى. شۇ هامان ھەممە
لەشكەرلەر تەڭلا ئات سېلىپ شاھ-
زادە سىدىق رومنى ئوتتۇرىغا ئالدى.
گۆر ئوغلى سۇلتان بۇنى كۆرۈپ، ئاللاھۇ
ئەكبەر! دەپ مەيدانغا ئات سالدى، ئارقى-
سىدىن ھەممە ئەمىر، لەشكەرلەر ئات سېلىپ
شۇنداق جەڭ قىلدىكى، خۇددى بۆرە قويغا
چاپقاندەك، ئۇياندىن - بۇيانغا قوغلاپ
يۈرۈپ ھىندى لەشكەرلىرىنىڭ ھېچ هالىنى
قويمىدى. گۆر ئوغلى سۇلتان پېشىنگىچە ھىن-
دىلار بىلەن جەڭ قىلدى. ئاندىن توپچىلارغا:
ئېتىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى. توپچىلارنىڭ
سەردارى بىر كاناي چالدۇرغان ئىدى، لەش-
كەرلەر جەڭدىن قولىنى يىغىپ دەرھال مەي-
داندىن يېنىپ چىقتى. ئارقىدىنلا تۆت تە-
رەپتىن توپ ئېتىلىشقا باشلىدى. ھىندى

www.uyghurkitap.com

لەشكەرلىرى دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدەك ئات ئۇستىدىن يەرگە تۆكۈلدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى گويا باغلاقلىق قوناق شىخىدەك ياتاتتى. سالامەت قالغانلىرى، ئەل ئامان ـ ئەل ئامان! ــ دەپ توۋلىشىپ قورال ـ ياراقلىرىنى بوينىغا ئاسقان ھالدا يىغلىشىپ ئامانلىق تىلەشتى.

گۆر ئوغلى ئۇلارغا ئامانلىق بىرىپ، شەھىتلەرنى دەپنە قىلدى. ئاندىن ئوردىغا كىرىپ تەختكە ئولتۇردى ۋە شەھەر ئەھلىدىن: قەھقام بىلەن سىھراپ قەيەرگە قاچتى، بىلەمسىلەر؟ دەپ سورىدى.

شەھەر ئەھلى: ئەي سۇلتانى ئالەم، قەھقام بىلەن سىھراپ بىرمۇنچە لەشكەرلىرى بىلەن سىجۇيگە قېچىپ كەتتى، ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئالدىنقى لەشكەرلەرگە قەلئە سىجۇيگە قاراپ يۈرۈشنى بۇيرۇدى. شۇ ھامان لەشكەرلەر تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتىرىشىپ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىشىپ، قەلئە سىجۇي تەرەپكە راۋان بولدى. ئاندىن، ئەمىر ـ بەگلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سىجۇيگە يۈرۈپ كەتتى. گۆر ئوغلى سۇلتان ھەممە ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئارقىسىدىن خاس لەشكەرلىرى بىلەن يولغا چىقتى. قەھقام بىلەن سىھراپ بىرمۇنچە لەشكەرلىرى بىلەن قەلئە سىجۇيگە كېلىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇردى ۋە بۇ شەھەرنىڭ ھاكىمىغا ئىشەنچ قىلالماي ئۇ يەردىن چىقىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يۈرۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە سەمبىگە يېتىپ كەلدى.

قەلئە سىجۇينىڭ ھاكىمى تەقرىپ شاھ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ياخشى تەرىپىنى ۋە ياخشى سۈپەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ شەھەر ئىچىنى تازىلىتىپ پۈتۈن لاۋۇ ـ لەشكەرلىرى ۋە پۇقرالار بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى، ئۇنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى بارلىق چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلىرى بىلەن قۇللۇق قىلىپ گۆر ئوغلى سۇلتانغا باش ئېگىپ تۇردى. گۆر ئوغلى تەقرىپ شاھدىن: قەھقام بىلەن سىھراپنى سىجۇيگە قېچىپ كېلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ ئىككى بەدبەخت قەيەرگە كەتتى؟ خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

تەقرىپ شاھ: ئەي سۇلتانى ئالەم، ئۇ ئىككى بەدبەخت كەلگەن ئىدى، شەھەرگە كىرگىلى قويمىدىم. ئۇلار قەلئە سەمبىگە كەتتى، ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

گۆر ئوغلى شۇ ھامان: قەلئە سەمبىگە يۈرۈش قىلىڭلار! ــ دەپ ئالدىن يۈرەر لەشكەرلەرگە پەرمان قىلدى.

لەشكەرلەر شۇ ھامان قەلئە سەمبىگە يۈرۈش قىلدى.

ئەلقىسسە: قەھقام بىلەن سىھراپ قەلئە سەمبىگە بېرىپ شۇكۇر شاھقا گۆر ئوغلىدىن كۆرگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئېيتىپ زار ـ زار يىغلاشتى. شۇكۇر شاھنىڭ بۇ ئىككىسىگە رەھمى كېلىپ: ئەي قەھقام، ئەي سىھراپ، سىلەر مېنى پانا تارتىپ زور ئىشەنچ بىلەن كېلىپسىلەر. سىلەرگە رەھمىم كەلدى. ئەمما سىلەر مېنىڭ مەھبۇبەمگە بەندە بولۇپ باش ئۇرساڭلار، ئاندىن سىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە مەدەت بېرىمەن. ئارقاڭلاردىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، سىلەرنى ئۆز شەھەرلىرىڭلارغا ھاكىم قىلىپ قويىمەن، ــ دىدى.

بۇ ئىككىسى شۇ ھامان بۇتخانىغا بېرىپ كالىنىڭ ھەيكىلىگە باش ئۇردى. ئارقىدىن شۇكۇر شاھ كالىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئىككى دانە «گەردەن بەنت» نى قەھقام بىلەن سىھراپنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى ۋە

ئۇلارنى مۇبارەكلىدى. ئاندىن قەلئە سەھبىنى مۇستەھكەم قىلىپ، ھەممە لاۋۇ - لەشكەر ۋە پۇقرالار بىلەن سىپىل ئۇستىگە چىقىپ گۆر ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۇتۇپ تۇردى.

بىر كۈنى باياۋان تەرەپتىن توپا-چاڭ كۆتىرىلىپ قارا كۆرۈندى. بۇ قارا بارغانچە روشەن كۆرۈنۈپ گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئالدىدىن يۈرەر لەشكەرلىرى چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ تەييار قىلىپ تۇردى. ئاندىن، ئەمىر - بەگلەر لەشكەرلىرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ قەلئە سەھبىنى يۆگەپ ھالقىغا ئېلىپ، چۈشكۈن قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا گۆر ئوغلى سۇلتان خاس لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى. ئەۋەل كەلگەنلەر سۇلتاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇنى بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. سەھبىنىڭ ئەتراپىدا ئاياق باسقۇدەك بوش يەر قالمىدى، شەھەر ئەتراپى لەشكەرلەر ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن تولدى، كەلگەنلەر ھەممە زەمبىرەكلەرنى شەھەر سەھبىگە قارىتىپ تىزىپ قويدى.

شۇكۇر شاھ سىپىل ئۇستىدە تۇرۇپ زەمبىرەكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ۋەزىرلىرىدىن: بۇ ئاجايىپ نەرسىلەرنى ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سورىدى.

ۋەزىرلەر: ئەي پادىشا، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر لەشكىرى ياراق ئىمىش. ئۇ ياراقلارنى بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما تەئرىپىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۇ ياراقلارغا ئوق سېلىپ شەھەرنىڭ ھەرقانداق مۇستەھكەم دەرۋازىسىغا ئاتسا، دەرۋازا ۋەيران بولۇپ يىقىلارمىش. لەشكەرلەرگە قارىتىپ ئاتسا، ئات ئۈستىدىكى ئادەملەر خۇددى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلەرمىش. سەن قەھقام بىلەن سىھراپنىڭ يىغلاپ - قاخشىغىنىغا ئالدىنىپ گۆر ئوغلى بىلەن ئۇرۇشساڭ، شەھەر ۋەيران بولۇپ، خالايىقلار ئات ئايىغىدا قالىدۇ. سەن ۋە بىزمۇ سالامەت قالمايمىز. ئاڭلىساق، بىرقانچە شەھەرنىڭ پادىشالىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۈچ ئېلىشالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شەھەرلىرىمۇ ۋەيران بولغانمىش، بۇ خۇداپەرەستلەرنىڭ گۆر ئوغلىدىن باشقا يەنە بىر چوڭ پادىشاھى بارمىش. ئۇنى ئىغىرىشخان - يۇنۇسخان دەپ ئاتارمىش. ئۇلارنىڭ چوڭ پادىشاسى ئەسقەر شاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭدىن شام شەھرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى شەھەرمۇ - شەھەر قوغلاپ يۈرەرمىش ۋە يەنە بىر قىسىم لەشكەرلىرى رۇم شەھرىنىڭ پادىشاسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانمىش. ئۇلارنىڭ ئازغىنا بىر بۆلۈكى بۇ شەھەرگە كېلىپتۇ. بۇنداق تولا لەشكىرى بار پادىشاغا قانداق تەڭ كېلەلەيسەن؟ بۇنداق خام - خىيالنى قىلما! قەھقام بىلەن سىھراپنىڭ سۆزىگە كىرمىگىن! ئۆزەڭ زىيان تارتىسەن. ۋاقىت ئۆتسە، پۇشمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

قەھقام بىلەن سىھراپ شۇكۇرشاھنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، شۇ كېچىسى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەي بۇ شەھەردىن چىقىپ قېچىشتىنىچە قەلئە مىلانغا كەلدى.

مىلاننىڭ ھاكىمى مىلانشاھ ھىندى بۇ ئىككى بەدبەختتىن ھال سورىدى. بۇ ئىككىيلەن يىغلاپ تۇرۇپ گۆر ئوغلى بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياق بايان قىلدى، مىلانشاھ بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ قالدى ۋە ئۇلارنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى گۆر ئوغلى سۇلتاندىن ئىشىتىڭ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شۈكۈر شاھ گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈگىنى كۆرۈپ قورقتى. ئۇ ۋەزىرلەرنىڭ سۆزى بىلەن گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا جان - دىلى بىلەن بويسۇندىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ تازىم بىجا كەلتۈردى ۋە گۆر ئوغلىنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئۈچ كۈن مېھمان قىلدى.

گۆر ئوغلىنىڭ بىردىن - بىر ئارزۇسى قەھقام بىلەن سەھراپنى دەستىگىر ئەيلەش ئىدى. شۇڭا شۈكۈر شاھدىن ئۇلارنىڭ مىلانغا قاچقانلىغىنى ئاڭلاپ، لەشكەرلىرى بىلەن شۇ ياققا راۋان بولدى.

گۆر ئوغلى ئۇلارنىڭ قەلئە مىلاندىن قائىئە دەكىنگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، مىلان شەھرىگە كىرمەي دەكىنىگە يۈرۈپ كەتتى.

قەھقام بىلەن سەھراپنىڭ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۆزلىرىگە باشپانا ئىزلەپ ئۇ قەلئەدىن بۇ قەلئەگە قېچىپ يۈرۈپ ھېچ ھالى قالمىغان ئىدى. ئۇلار ئاخىرى قەلئە دەكىنگە كېلىپ شەنجەر شاھقا ئۆزلىرىنى ئاتتى. شەنجەر شاھتىن ئۆزلىرىگە باشپانا بولۇشنى تىلەپ، زار - زار يىغلاشتى.

شەنجەر شاھنىڭ بۇ ئىككىسىگە ئىچى ئاغرىپ يىراق - يېقىندىكى ھەممە لەشكەرلىرىنى يىغدى ۋە شەھەر ئاھالىسىگە سېپىلنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ياساشنى بۇيرۇدى.

شەنجەر شاھ ۋەزىر - ئەمىرلىرى بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ: بىرمۇنچە يۇرت بۇزۇغى خۇداپەرەستلەر قەھقام بىلەن سەھراپنىڭ شەھەرلىرىنى تارتىۋاپتۇ. بۇ ئىككى شاھ مېنى پانا تارتىپ شەھرىمىزگە كېلىپتۇ. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ دادىغا يېتىپ، دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقامنى ئېلىپ بەرمەكچىمەن! — دېدى ۋە بىر بۆلۈك ئادىمىنى، سىلەر چىقىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توساپ تۇرۇڭلار. مۇبادا ئۇ قاراقچىلار قەھقام بىلەن سەھراپنى قوغلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، دەرھال خەۋەر قىلىڭلار! مەن ئۇ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن قۇرۇتىمەن! — دەپ يولغا سالدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قەلئە دەكىنگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى كۈنگە چوقۇناتتى. ئۇلار گۆر ئوغلىنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى شەنجەر شاھقا مەلۇم قىلدى. شەنجەر شاھ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، قەھقام بىلەن سەھراپنى ئەگەشتۈرۈپ ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقتى ۋە گۆر ئوغلىنىڭ كېلىدىغان تەرىپىگە قاراپ يول توساپ ياتتى. كۆپ ئۆتمەي گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىن يۈرەر لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. شەنجەر شاھ ئۇلارنى كۆرۈپ: بۇ ئاز لەشكەر ئىكەن، چېدىر-بارگاھلىرىنى تارتىپ ئالايلى. ماڭا تازىمۇ لايىق بارگاھ ئىكەن، ھەممىڭلار تەڭ ئات سېلىپ بۇ ياۋايى قاراقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ بارگاھنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

شەنجەر شاھنىڭ لەشكەرلىرى تەڭ ئات سېلىپ، گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئوتتۇرىغا ئالدى. ئىككى تەرەپ قىزىق جەڭ قىلىپ، شەنجەر شاھنىڭ لەشكەرلىرى بارگاھنى تارتىپ ئالاي دەپ قالغاندا، توپچى لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، شەنجەر شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۈستىگە توپ ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇردى.

شەنجەر شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئات ئۈستىدىن خۇددى ئۈزمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كەتتى.

شەنجەر شاھ بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى يىغىپ شەھەرگە قاچتى.

قەھقام بىلەن سىھراپ شەنجەر شاھىنىڭمۇ شەرمەندە بولغانلىغىنى كۆرۈپ، يەنە باشقا شەھەرگە قاچتى. گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى ۋە دۈشمەنلەرنى ئۇچرىغان يەردە قىرىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي گۆر ئوغلى سۇلتان يېتىپ كەلدى. قارىسا، مەيداندا ئازلا لەشكەرلەر چېدىر-بارگاھلارنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئۇلاردىن: قالغان ئەمىر-بەگلەر بىلەن لەشكەرلەر قېنى؟ — دەپ سورىدى. بارگاھ ساقلاپ تۇرغان چەۋەندازلار بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

گۆر ئوغلى دەرغەزەپ بولۇپ: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى قاراقچى ئوخشايدۇ. ھەممەڭلار تەڭ ئات سېلىپ شەھەردە جەڭ قىلىۋاتقانلارغا ياردەم قىلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈردى ۋە ئۆزى ئاۋال شەھەرگە ئات سالدى. ئارقىسىدىن بارلىق لەشكەرلەر شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، بىر كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلدى ۋە شەنجەر شاھىنى كەمەن تاشلاپ تۇتۇپ ئالدى. گۆر ئوغلى تەبىلچىلەرگە ئۇرۇشتىن توختاش ناغرىسىنى چېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ھەممە ئەمىر-بەگلەرنى باشلاپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئۇ، شەھىتلەرنى دەپنە قىلىپ، ياردارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا ئادەم بەلگىلىگەندىن كېيىن، خاس يىگىتلەرگە: شەنجەر شاھىنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

يىگىتلەر شەنجەر شاھىنىڭ قول-ئايىغىدىكى زەنجىر-كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى گۆر ئوغلى سۇلتانغا توغرا قىلدى. گۆر ئوغلى ئۇنىڭغا سەندەل قويدۇرۇپ بېرىپ، ئالدىغا زەرباپ داستىخان سالدى، ئۇنى شاھانە تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى. تائامدىن كېيىن، جەننەتنىڭ راھەت-پارا-غەتلىرىدىن خەۋەر بېرىپ، دوزاقنىڭ ھەر خىل ئازاپلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى. ئەمما بۇ سۆزلەر شەنجەر شاھقا قىلچە تەسىر قىلمىدى. بەلكى ئۇ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: ئەي خۇداپەرەست مۇھەممەدى، مەن ئاتا-بوۋامنىڭ دىنىدىن ھەرگىز يانمايمەن. ئەگەر سەن مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بولساڭ، مەن بىر ئېغىز گەپ سورىماي، سېنى يالىڭاچلاپ، چوڭ قازاندا قايناپ تۇرغان ياققا بېسىپ ئۆلتۈرەتتىم. ئاھ، نە قىلاي، كۆڭلۈمدە بىر ئارمان قالدى. مەن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتۈم. ئىختىيار سەندە! ھەرنە قىلساڭ قىلغىن! — دېدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان شەنجەر شاھتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. يىگىتلەرگە: بۇ ئاپتاپپەرەستنىڭ دىگىنىدەك قىلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى.

لەشكەرلەر بۇ بەدبەختنى قازاندا قايناپ تۇرغان ياققا بېسىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن گۆر ئوغلى شەھەر ئەھلىدىن: قەھقام بىلەن سىھراپنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شەھەر ئەھلى: «ئەي پادىشا سۇلتان، ئۇ ئىككى نابكار شەھەر سىرتىغا جەڭ قىلغىلى چىققان ئىدى. قايتا شەھەرگە كىرمىدى. مەيداندا ئوق تېگىپ ئۆلدىمۇ يا بىر تەرەپكە قېچىپ كەتتىمۇ، بىلمىدۇق؟ — دېدى، گۆر ئوغلى شەھەر ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ داقا-دۇمباقلارنى ھەيۋەت بىلەن چالدۇرۇپ سىراندىپ تەرىپىگە راۋان بولدى.

گۆر ئوغلى لەشكىرى بىلەن شۇ يۈرگەنلىرىچە مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ سىراندىپ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ چۈشكۈن قىلدى. ئەتىسى سىران-

دىڭىنىڭ ھاكىمى چىقىپ گۆر ئوغلىنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى ئالدىغا قويۇپ، شاھانە بەزمىلەر ئۇيۇشتۇردى.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى ھاۋازخاندىن ئىشىتىڭ:

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھزادە ھاۋازخان قىرىق يىگىتى بىلەن شىكارغا چىقىپ دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ يۈرەتتى. بىر يەرگە كەلگەندە، ھەيھات، ئالدىغا شۇنداق بىر ئات ئۇچرىدىكى، ئۇ ئۈچ كۆزى بار، ئەزاسى گۈللۈك نەخشى نىگار، ھەر قېتىم قارىسا، ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەر خىل كۆرۈنىدىغان بىر ئات ئىدى. ئۇ ئات نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئالدى ئىككى ئايغىنى ئېگىز كۆتىرىپ قاتتىق كىشنىدى ۋە يەرنى چاپچىپ شۇ ھامان ھاۋاغا كۆتىرىلىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

شاھزادە ھاۋازخان ئۇ ئاتنى ئىككىنچى كۆرەلمىدى. ئۇ شۇ تۇرغانچە خېلى ۋاقىتقىچە ئاتنىڭ ئىشقى-پىراقىدا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قېتىپلا قالدى. ئاخىرى ھەمراھلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سىراندىپ شەھەرگە قايتىپ كېلىپ بىر خالى ھوجرىغا كىردى ۋە ھېچ كىشىگە كۆرۈنمەي، ھېلىقى ئاتنىڭ ئىشتىياقى بىلەن كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يېمەك-ئىچمەكتىن قالدى.

ئەلقىسسە: گۆر ئوغلى بىرنەچچە كۈنلۈك بەزمىدىن كېيىن قارىسا، ھەممە ئەمىر، بەگلەر، بەگزادىلەر ئولتۇرۇپتۇ، شاھزادە ھاۋازخان يوق. ئۇ بەگ-يىگىتلەردىن: ئوغلۇم ھاۋازخان قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ئىشتىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋازخاننىڭ ھېلىقى ئاتنىڭ ئىشقى-پىراقىدا خالى ھوجرىدا ئاش-نان يېمەي، كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يېرىم جان، پوستى ئۇستىخان بولۇپ ياتقانلىغىنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردى. گۆر ئوغلى شۇ ھامان ھاۋازخان ياتقان ھوجرىغا كىرىپ قارىسا، ئوغلى ھاۋازخان راستىنلا ئۆلەر ھالەتتە يېتىپتۇ. ئەگەر يەنە بىر-ئىككى كۈن خەۋەر ئالمىغان بولسا، ئىشق ئوتىدا ئۆلەر ئىكەن.

گۆر ئوغلى ھاۋازخاننىڭ بېشىنى يۆلەپ: ئەي ئوغلۇم شىكاردا ئالدىڭىزغا ئۇچرىغان قانداق ئات ئىكەن؟ ئۇ ئاتنىڭ رەڭگى قانداق؟ مەن ئۇ ئاتنى ھىندى يېرىدە بولسىمۇ، پەرەڭدە بولسىمۇ ئىزلەپ تېپىپ بېرەي. ئۆزىڭىزنى مۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا قىلماڭ! — دەپ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى.

ھاۋازخان ئاتىسىدىن بۇ شېرىن سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى شاد بولۇپ ئۇ ئاتنىڭ تەرىپى-تەۋسىپىنى قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئەي ئاتا كۆردۈمەن بىر ئات شىكاردا،
ئىككى ياندە باردۇر ئۇنىڭ قاناتى.
نەچچەن قىسمى كۆرۈنۇر ئادەم كۆزىگە،
ئاڭا مىنگەن يىگىتنىڭ ئاسان نىجاتى.

قۇلاقلىرى كىچىكدۇر كۆزلىرى نەركەس،
بويى ئېگىز، سىنەسى قىسقادۇر ئەتلەس،
باشلىرى يا ئاھۇ، يېشىلدۇر كەركەس،
مىڭ تىل بىرلە ئېيتسا ئازدۇر سىفاتى.

تۆت يۈز قىرىق تۆت يەردە، بىلىنىڭ، خالى بار،
بوينىدا مارجان شاختەك يالى بار،
ئىككىدە دۇر يا بىردە دۇر سالى بار،
بەرسە ئازدۇر يىمەكىگە ناۋاتى.

ئاياغلارى تېز ئېرۇرلەر شامالدىن،
جانۋاردۇر ھېچ گۇمانسىز ھالالدىن،
ھەم يەپ ئىچىپ تاپقان ئىكەن كامالدىن،
ئاتا مىنىپ ئۈلىسلەر بولماس ماماتى.

ھاۋاز سۆزى تەھقىقدۇر ئاتا بىلسىڭىز،
مەن بولۇرمەن ھايات جاھان قىلسىڭىز،
تېپىپ بېرىپ مېنى خوشنۇد قىلسىڭىز،
سەن پۈتمىسەڭ ئىچەي قەسەم ئايەتى.

گۆر ئوغلى شاھزادە ھاۋازخاندىن ئۇ ئاتنىڭ تەسىپ ـ تەرىپىنى ئاڭلاپ: ئەي ئوغلۇم، بىر ئاتنى دەپ ئۆزىڭىزنى مۇنچە جەۋرى ـ جاپاغا مۇپتىلا قىلماڭ! ئىنشائاللا، شۇ تەرىقە ئات قايسى ئىقلىمدا بولسا، ئۇنى سىزگە ھازىر قىلىپ بېرەي! — دەپ تەسەللى بېرىپ مۇنداق دىدى:

يىغلىماڭ جانىم بالام،
مۇددىئاغا مەن باراي.
قالماس ئىشىڭ ھېچ ناتامام،
قايسى ئاداغا مەن باراي.

قىلما جۇزۇ سەن ياش ئېلىپ،
كەزگۈم جاھاننى ئاختۇرۇپ،
پەرھات كەبى تاغلار كېزىپ،
سۈيى سىماغا مەن باراي.

مەشرىق بىلەن مەغرۇپنى،
ھەم رۇم، ئەجەم، خاقاننى،
ئورۇس، پەرەڭنىڭ جايىنى،
ئىزلەپ جاپاغا مەن باراي.

كوھى دەشت ئىزلەي چىقىپ،
چۆل ـ باياۋاننى كېزىپ،
بېرەي ساڭا مەن كەلتۈرۈپ،
كۆللى قازاغا مەن باراي.

گۆر ئوغلى بارسۇن كۆھقاپ،
قىلما بالام جاننى شىكاف،
تارتاي يولۇڭدا مەن ئازاپ،
دەردى داۋاغا مەن باراي.

گۆر ئوغلى ھاۋازخاننىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى مىڭ مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئالدىغا تائام قويدى.

گۆر ئوغلى لەشكەرلەر ئارىسىدىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇر چەۋەندازلارنى تاللىدى، شاھزادە ھاۋازخاننى ياساپ ـ جابدۇپ ئاتقا مىنگۈزدى. ئاندىن ئۇلارنى باشلاپ ئاشۇ ئۇچار ئاتنى تاپماق ئۈچۈن يولغا چىقتى.

ئۇلار چۆل ـ باياۋان، تاغۇ دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ ئاۋال ھىندى ئېلىگە كەلدى. قەلئە ھىندىنىڭ ھاكىمى پەتتارخان گۆر ئوغلىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، لەشكەرلىرى ۋە شەھەر خەلقىنى باشلاپ ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. ئاندىن، گۆر ئوغلى سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ: بۇ قەلئەگە نىمە سەۋەپ بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

گۆر ئوغلى ھاۋازخان ئاشىق بولغان ئاتنىڭ ۋەفەسىنى باشتىن ـ ئاخىر سوزلەپ: ئەگەر سىزنىڭ تەۋەيىڭىزدە شۇنداق ئات بولسا بىزگە بەرسىڭىز! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

پەتتارخان ھىندى: ئەي پادشاھى ئالەم، بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە بۇ سۈپەتلىك ئات يوق. بۇنداق ئات ھەققىدە باشقىلاردىن ھەم ئاڭلىمىدىم، — دىدى.

گۆر ئوغلى بۇلار بىلەن خوشلىشىپ قەلئە كوجۇراتقا ماڭدى. يول بويى ئاشۇ ئاتنىڭ خەۋرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى پايتەخت كوجۇراتقا كەلدى.

كوجۇراتنىڭ پادشاسى ئەرشىيۇن ھىندى گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ

www.uyghurkitap.com



ۋەزىر ـ ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى: گۆر ئوغلى سۇلتان شەھىرىمىزگە لەشكەر باشلاپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلامدۇق ياكى تەسلىم بولۇپ باش ئېگەمدۇق، ــ دېدى.

ۋەزىر ـ ئەمىرلەر دېدىكى: ئەي پادىشا، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلماي، ھەممىمىز ئالدىغا چىقىپ باش ئېگىپ ئەمىرگە بويسۇنايلى! ئاڭلىساق، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كۈچى يەتمەي مالۇ دۇنيا، خوتۇن ـ بالا ـ چاقا ۋە شەھىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇرۇشماي بويسۇنساق، ئۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىقىنى يەنە ئۆزەڭگە بەرسە ئەجەپ ئەمەس.

ئەرشيۇنغا ۋەزىر ـ ئەمىرلىرىنىڭ بۇ مەسلىھەتى خوپ كېلىپ، تۆھپە ـ سوغاتلارنى كۆتىرىپ، گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئەرشيۇن ھىندىنىڭ قارشىلىق قىلماي چىن دىلى بىلەن ساداقەتلىك كۆرسىتىپ باش ئەككىنىگە خوشال بولدى ۋە ئەرشيۇن ھىندى باشلىق ئەمىر ـ ۋەزىرلەر ھەممە شەھەر خەلقىگە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدى.

گۆر ئوغلىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ مېھرىۋانلىقىغا ئەرشيۇن ھىندىنىڭ كۆڭلى شاد بولۇپ ئۇنىڭدا گۆر ئوغلىغا قارىتا بىر مۇھەببەبەت پەيدا بولدى. ئۇ گۆر ئوغلى باشلىق ھەممە ئەمىر ـ بەگلەرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى بىرقانچە كۈن مېھمان قىلدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىقىنى يەنە ئەرشيۇنغا بېرىپ: ئەي بۇرادەر، سىزنىڭ تەۋەيىڭىزدە ئۈچ كۆزى بار ئۇچار قانات ئات بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ئەرشيۇن: ئەي سۇلتانى ئالەم، بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە بۇنداق ئات يوق ھەم بۇ ھەقتە ئاڭلاپمۇ باقمىدۇق، ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

گۆر ئوغلى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئەمىر ـ لەشكەرلىرى بىلەن دەريايى مۇھىت تەرىپىگە قاراپ راۋان بولدى ۋە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ دەريايى مۇھىت لېۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە لەشكەرلىرىنى بىر كۈن دەم ئالدۇرۇپ، ئەتىسى يەنە يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار كېتىۋاتقان باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر كاتتا باغ بار ئىدى. گۆر ئوغلى لەشكەرلىرى بىلەن بۇ ھەشەمەتلىك چاھار باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، باغنىڭ دەرەخلىرى مېۋىگە كىرىپتۇ. ئەمما ھېچقايسىسى پىشماپتۇ. باغنىڭ گۈللىرى رەڭگا ـ رەڭ ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. دەرەخلەردە بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرۇپتۇ. سۇنبۇل، بىنەپشە، ئوت ـ ئەنبەرنىڭ خۇشخۇي ھىدى ھەممە تەرەپنى قاپلاپتۇ. باغنىڭ ئىچىدە سۈزۈك سۇلار ھەر تەرەپكە شاقىراپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، ئېرىقلاردا، سۇنىڭ تېگىدە تاش ئورنىدا ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار تۇرۇپتۇ، يەنە بىر تەرەپتە سەنگى مەرمەردىن بىنا قىلىنغان راۋاق، ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن تۈرلۈك شەكىلدىكى ئايۋان ـ سارايلار قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. سارايىنىڭ ئالدىدىكى شاھ سۇپىنىڭ ئۈستىدە ئالتۇندىن ياسالغان بىر تەخت تۇرۇپتۇ. بىراق بۇ ھەشەمەتلىك باغدا بىرەر ئىنساننىڭ دىدارىمۇ كۆرۈنمەس ئىدى.

گۆر ئوغلى: مۇنداق كاتتا چاھار باغ ئىنساندىن خالى ئەمەستۇر. باغنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئۇچار ئات ھەققىدە بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دەپ بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى.

ئۇلار چاھار باغنىڭ ئىچىدە بىرەر

كىشى ئۇچرامىكىن دەپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز بىر ئوردىغا دۇچ كەلدى. كۆردىكى، ئوردىنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە زەنگىلەر قاپاق تىرەكتەك يىقىلىپ يېتىپتۇ.

بۇ زەنگىلەر باقتا كىرگەن كىشىلەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ئويغاندى ۋە يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئېيتتىكى: ھەيھات، ئەي چۆل - باياۋان سەرگەردانلىرى، بىزنىڭ ماكانىمىزغا ئەندىشە قىلماي كىرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپسىلەر، سىلەر قانداق ئادەملەر؟ بۇ باقتا ئېزىپ كىرىپ قالدىڭلارمۇ؟ بۇ باغنىڭ ئىچىدە ماڭىدىغان يول يوق. ئارقاڭلارغا يېنىپ بۇ باغدىن چىقىپ كېتىڭلار! ئەي چۆل - باياۋانلار، بۇ بىزنىڭ بېغىمىزدۇر. بىزلەر قىرىق زەنگى بىر تۇققاندۇرمىز. ھەربىرىمىزنىڭ تۆت - بەش مىڭدىن لەشكىرىمىز بار. بىزلەر بارلىق لەشكىرىمىز بىلەن مۇشۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يەپ ھايات كەچۈرىمىز. سىلەر باغنىڭ مېۋىسىنى يەپ كەتسەڭلار، بىز نېمە يەيمىز ۋە قانداق ھايات كەچۈرىمىز؟ تېزدىن ئارقاڭلارغا يېنىڭلار!

يىگىتلەر ئېيتتىكى: ئەي زەنگىلەر، بىز سىلەرنىڭ بېغىڭلارغا پىشمىغان توڭ غوراڭلارنى يېگىلى كەلمىدۇق، بىزنىڭ پادىشاھىمىز گۆر ئوغلى سۇلتان. ئۇ كىشىنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئوغلى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپى شاھزادە ھاۋازخاندۇر. ئۇ شىكارغا چىقىپ ئۈچ كۆزى بار ئۇچار قانات ئاتقا ئاشىق بولۇپتۇ. ئۇ شۇ ئاتنىڭ ئىشقىدا تائام يېمەي، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئاتىسى گۆر ئوغلى سۇلتان ئاشۇ ئاتنى تاپماق ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدى. پادىشاھىمىز بىزگە: باقتا كىرىپ بېقىڭلار، ئىگىسىنى تېپىپ شۇ ئاتنى سوراڭلار! دەپ بۇيرۇغان.

بۇ زەنگىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. ئارھام زەنگى سۇلتان ئەھمەدى زەمچىننىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

بۇ زەنگىلەرنىڭ چوڭى ئالبىرىز زەنگى گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق سوئال-جاۋاپلار بولۇپ ئۆتتى.

زەنگى:

نىچۈك ئىشتىن مۇندا ئازغىشىپ كەلدىڭ،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.
يولنى بىلمەي بۇ يەرلەرگە سەن كەلدىڭ،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

بۇگۈن چۈشتى بىرگە سەۋدا زەنگىلەر،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.
جەڭ قىلساڭ قىلۇرمىز مەن ھەم جەڭچىلەر،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

قايدا كۆردۈڭ ئۇ ئاتنى ماڭا دېگىل سەن،
تېپىپ بېرەي ئۇ ئاتنى ئېلىپ يانغىل سەن،
ئاڭا ھەيبەت بىلەن زەربى ئۇرمىغىل سەن،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

كۆرگەن دېدى قاناتى بار ئول ئاتنىڭ،
پايانى بار مىنسە ئاڭا نىجاتنىڭ،
كېزىپ كەلدۇق بىز بەش ئايلىق يولنى،
مۇندا بىزلەر ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

كىم كۆرۈپتۇ ئۇ ئاتنىڭ قايدا ئۇچقانىن،
كىملەر دېدى ئاڭا ئاتنىڭ تەئرىپىن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆرمەي ئېردى ئاتنىڭ مۇندا ئىكەنىن،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس،

گۆر ئوغلى:

يوشۇرۇرسەن ئاللا ماڭا بىلدۇردى،
ۋەسپىدىن ئېيتىپ ئاندىن رىسقىم كەلتۈردى.
جان ـ دىلىم ئۆلۈم ۋەھىمىنى سۇندۇردى،
مۇندا بىزلەر ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

سەن ئۆمرۈڭدە شۇنداق ئاتنى كۆرگەنمۇ،
كۆرسەڭ كۆرگەندۇرسەن، ئاتا مىنگەنمۇ،
سالىڭ مۇنچە بولۇپتۇ، مۇندا كەلگەنمۇ،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

مەن كەلمىگەن ئەمدى كەلدىم كۆرەي دەپ،
كەلتۈردىلەر رىسقىم ئاتنى تاپاي دەپ،
تەرىپ قىلار خەلق ئاتنى ئۇچار دەپ،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

ئاتنى كۆرگەن كىشىنى مەن بىر كۆرەي،
ماڭا لايىق بولسىلەر ئاتنى تۇتاي،
لايىق ئەمەس بولسىلەر يولغا سالاي،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

خۇدا بەرگەن بىر ئوغلۇم بار دۇنيادا،
شۇ ئات ئۈچۈن يىغلايدۇ كۆڭلى زىدە،
ئاتقا مىنمەي دائىم يۈرەر پىيادە،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

شول كىشىنى كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي،
ئاتنى تېپىپ ئالدىڭىزغا كەلتۈرەي،
مىنگۈزۈپ مەن ئاتقا ئۇنى يولغا سالاي،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

بالام شولدۇر ئاتلىرىنى دەر ھاۋاز،
شىرىن سۆخەن، ئەلگە بەسى دىلناۋاز،
تەئرىپ قىلسام ئوغلۇم ۋەسپىن ئىشقى باز،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

زەنگى:

ئالىبىرىز ئېيتۇر كۆردۈم بالاڭ بەختلىك،
ئاشۇ ئاتقا قىلمىسۇنلار ساختىلىق،
لايىق ئىكەن ئوغلۇڭغا زەررىن تەختلىك،
مۇندا يول يوق، بۇ باغ ئىچى يول ئەمەس.

گۆر ئوغلى:

گۆر ئوغلى دەر زەنگى بەرگىل بولسا ئات،
سۆز سورايسەن بەرمەي تۇرۇپ نەچچە قات،
ئەمدى بىزنى ھايال قىلماي سەن ئۇزات،
بىزلەر مۇندا ئاتنى ئىزلەپ كېلىپمىز.

ئالىبىرىز زەنگى: «ئەي گۆر ئوغلى، بىزلەر بۇرۇنلا سىزنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەلھەمدۇلىللا شۇكرى، بىزلەر ھەممىمىز مۇسۇلمان، زەررە دائىل ئىماندۇرمىز. سىزدەك بىر كاتتا پادىشا بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىر ئاتقا مۇھتاج بولۇپ كېلىپسىز. ھىلىقۇ بىر ئۇچار قانات ئات ئىكەن، ئۇنىڭ مىڭ ئۇچار قانات ئات بولسىمۇ دەرھال ئالدىڭىزغا ئەپچىقىپ تۆھپە قىلۇر ئىدۇق.

لېكىن سىز ئېيتقان ئات ھازىر بۇ يەردە ئەمەس. بىزنىڭ بىر سىگلىمىز بار، ئۇنىڭ ماكانىنى بۇ يەردىن بەش كۈندە بارغىلى بولىدۇ. ئۇ سىگلىمىز كاتتا جادىگەردۇر. ئۇ ئاتنى سەككىز خىل تىلسمات بىلەن يېنىدا ساقلاۋاتىدۇ. سىگلىمىزدىن باشقا كىشى ئۇنىڭ يەمەك ـ ئىچمىكىنى بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئاتنىڭ قېشىغا سىگلىمىزدىن باشقا ھېچكىم بارالمايدۇ. ئۇ ئاتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېۋىدۇر. ئۇلار ئات سۈرىتىدە بولۇپ جۈپلەشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىسىدىن ئات سۈرەتلىك تۇغۇلغاندۇر. ئۇ ئاتنىڭ يەمىگە گۈش سالمىغان پاخلان گۆشى، ئىچىشىگە سۈت بىلەن شېكەر قوشۇپ بېرىدۇ، ئۇ ئاتنىڭ ئىسمى «بادىتىران» دۇر، — دېدى ۋە مۇنداق نەزمە ئوقۇدى:

ئۇ ئاتنىڭ تەئرىپىنى ئىشىت گۆر ئوغلى،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.
خۇدايىم بەرگەندە بىزگە ئۇ ئاتنى،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇ ئاتنى باقىدۇ بىزنىڭ سىگلىمىز،
ئاتنىڭ قېشىغا بىز بارالمايمىز،
ئاتقا يەم بەرمەكتىن زېرىككەندۇرمىز،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇ ئاتقا بىزلەر يېقىن بارمىدۇق،
ئىگەر ـ يۈگەن ئاتقا ھەرگىز سالمىدۇق،
ئۆمرىمىزدە ئاتقا ھەرگىز مىنمىدۇق،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئاتخانىسى باردۇر بەلەن ياسىغان،
ئوقۇرغا پولاتتىن قوزۇق قېقىلغان،
تاملىرى ھۆپپەت جۇشدىن ياسىغان،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

سۇباتىنى ئاق نەھرىدىن سۇۋۇغان،
تۆپىسىگە نەقش نىگار ئەيلىگەن،
تاملىرىغا ئالتۇندىن قوزۇق قېقىلغان،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇ قوزۇققا ئالتۇن يۈگەن ئېسىلغان،
ئىككى يېرىگە گۆھەرلەردىن كۆز قويغان،
يۈگىنىگە ئۈنچە ـ مارجان تىزىلغان،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئوقۇرنىڭ قوزۇقلىرى پولاتتىن،
چىققان كىشى چۈشەلمەيدۇ ئوقۇردىن،
ھال قالمىدى ئاتقا يەمەك تاپۇردىن،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

كىشى بەرگەن يەمگە ھەرگىز تويمايدۇ،
ۋەھشىتى كۆپ سۇغارغىلى قويمايدۇ،
بىر مۇقامدا ھەپتىدە بىر قونمايدۇ،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۆزى كېتىپ ئۆزى كېلىپ تۇرىدۇ،
ئوتلاپ يۈرۈر ئاندا ـ مۇندا قونمايدۇ،
ئات كۆرسىلا كىشنەپ تۇرماي قاچىدۇ،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇچۇپ يۈرۈپ كېزىدۇ ئۇشبۇ دۇنيانى،
كۆھى دەشتىدۇر ئاتنىڭ چۈشەر ماكانى،
گاھى زېمىن، گاھى يوقلار سامانى،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

بويۇن بەرمەي قاچىدۇ ھەرگىز يامانغا،
پەرۋاز قىلۇر بىلىسىڭىز شۇلدەم ئاسمانغا،
كېلىپ توختايدۇ ئۆزىنىڭ ماكانىغا،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

باغرى قارا، قوساقلىرى سۈتتىن ئاق،
قۇيرۇقلىرى قىزىلدۇر يايلى زەڭگەرراق،
دولىسى كۆك، ساغرىسى بوز، پۇتلىرىدۇر ئاق،
مەندىن سورساڭ ئول قىسمى ئات بىزدە بار.

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى چىراقتەك يالتىراپ تۇرار،
لەختە ـ لەختە ئۇ ئات تۇرۇپ چالغۇنار،
تۆت پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ كۆپ چاپار،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

لايىغىدا باردۇر ئۇنىڭ نۇختىسى،
ئەۋرىشىدەك خوپ تۈگۈلگەن نۇختىسى،
ئالتۇندىندۇر تۆت پۇتىنىڭ تاقىسى،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

يۈگىنىنىڭ جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن،
ھۈنەر تاپقان ئىكەن ئۇنى سوقۇشتىن،
ھەزەر قىلماق كېرەك ئۇنى مىنىشتىن،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

جۈجەيلىرى پولاتتىن، ھالقا كۈمۈشدۇر،
ئىگەرىنىڭ قاشلارى شاخى مارجاندۇر،
ئىگىرىنى سورىسىڭىز غەرق ئالتۇندۇر،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

قامچىسىنىڭ دەستىسى دانە گۆھەردۇر،
قامچىسىنىڭ تىغى كۈمۈش سىمدۇر،
ياراتقۇچى ئۇنى خەللاق ئۆزىدۇر،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

يوپۇقلىرى ئۇ ئاتنىڭ ئەتلەس كىمخاپتۇر،
ئۇچىسىغا توقۇسا ئىگەر ئات ئويناپ تۇرۇر،
ئۇچىسىدىن ئالسا ئىگەر شول دەم چالغىنۇر،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇل ئاتقا بىز ئادەم سۈتى ئىچۈرگەن،
تۆئىمەسىگە قوي ـ پاخلاننى كەلتۈرگەن،
ئوت ـ ئەنبەر بىلەن زەپىران بەرگەن،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

ئۇنى بېقىپ بىزلەر مىنمەي كۈندۈدۈرق،
يىمەكىنى چار تەرەپتىن كەلتۈردۇق،
ياخشى ئاسراپ ئاتنى مۇندا ئۈندۈردۇق،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

بەرسەم ساڭا ئۇل ئاتنى ئۈگىنىپ قالارمۇ،
ياخشى يىمەك تېپىپ بېرىپ باقارمۇ،
ئىگەر ـ يۈگەن سېلىپ توقۇپ مىنەرمۇ،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

ئالىبىرىز ئېيتۇر ئاتقا بولغىل خەۋەردار،
قېچىپ كەتسە پۇشمانلار قىلۇرسىز بىسيار،
قاچۇرۇپ قويۇپ يىغلاشماڭلار زار ـ زار،
مەندىن سورىساڭ ئۇل قىسمى ئات بىزدە بار.

ئالىبىرىز زەنگى گۆر ئوغلىغا ئاتنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىنى قىلىپ، ئۇلارنى ھەمشەرىسىنىڭ مازانىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇ بىر نەۋكىرىنى سىڭلىسىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتتى. خەۋەرچى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ جادىگەر قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: ئاكىڭىز گۆر ئوغلى سۇلتان دىگەن پادشانى لاۋۇ ـ لەشكەرلىرى بىلەن باشلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئوردىڭىزنى چاقنىراق سىپىرىپ ـ سۈپۈرۈپ تەق قىلىڭ. ئاكىڭىز ماڭا شۇ ئىشنى بۇيرۇدى،— دەپ مەلۇم قىلدى.

جادىگەر قىز: ئاكام گۆر ئوغلى سۇلتاننى بۇ يەرگە نىمە سەۋەپتىن ئەكىلىدىكەن؟ ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ھىچ ئالاقىمىز بولمىسا،— دەپ سورىدى.

نەۋكەر ئاتنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:

ۋاقىپ بولسۇن دەپ ئەۋەتتى ئاكىڭىز،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.
ئاتنى ئىزلەپ كېلىپتۇ ئاڭلىسىڭىز،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

ئاڭلىشىپ كەلگۈدەكمىش ئۇل ۋەلى،
شاھ ئىمىش گۆر ئوغلى خەلقىنىڭ ئەبزەلى،

قىرىق مىلىڭ يىگىت بىلەن سەركەردىسى،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

ئاتنى دەپ كەلسە بىر جابدۇق بىلە،
مىنمەي باقتىڭ ئۇنى كۆپ غەم بىلە،
ئاتنى باردۇر دەپ كېلىپتۇر شاھ ـ گادا،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

كەلدىلەر ئول شاھ ماڭا مېھمان بولۇپ،
ئاتنى بەر گۆر ئوغلىغا خوشۋاقت بولۇپ،
ئات ئۈچۈن كەپتۇ ئۇلار ھەيران بولۇپ،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

ئاتنى ئال ئۇنىڭ قېشىغا بول راۋان،
بېقىشىڭدىن سۈبھى ـ شام تاپقىل ئامان،
بىر كۈنى ئۇ ئات قاچادۇر بى گۇمان،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

سەن بۇ سەۋدانى بېشىڭدىن قىل يىراق،
ھە قانچە باقساڭ بولمىدى ساڭا ئۇلاق،
تۇرمىسا يا ئۆيدە بىر كۈنلۈك سولاق،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

ئاككىز مېنى سىزگە ئىبەردىلەر،
كېلدۇ گۆر ئوغلىدەك بىر ياخشى ئەر،
رەھمەت ئالغىل زەنگى قىز تاپقىل نەزەر،
كەلگۈدەكمىش مۇندا گۆر ئوغلانى بەگ.

جادىگەر قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئوردىسىنى پادشاغا لايىق قونالغۇ قىلىپ تەييارلىدى.

ئالىبىز زەنگى گۆر ئوغلى باشلىق ئەمىر-بەگلەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ، گۆر ئوغلى سۇلتاننى ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سىڭلىسىغا قاراپ: ئەي سىڭلىم، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنىمدىن بۇ ئۇلۇغ مېھمانلارنى ماڭانىڭىزغا باشلاپ كەلدىم. ئەمدى سىز بۇ ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىڭ. بۇنداغ ئۇلۇغ مېھمانلارنى ئىزلەپمۇ تاپالمايسىز!— دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي سىڭىل ھوشيار بول،
ئۆيۈڭگە مېھمان كەلدىلەر.
خىزمەتكە سەن تەييار بول،
بىل گۆر ئوغلى سۇلتان كەلدىلەر.

گۆر ئوغلى دەپ ئات كۆتىرىپ،
سورار ئەجەم مۇلكى ئەرەپ،
قۇتلۇق ئاياغ خوش شىرىپ،
گۆر ئوغلى سۇلتان كەلدىلەر.

سۆزلە زۇبانىڭ ئىشتەيلى،
رەھمەت ۋىسالىڭ ئىستەيلى،
بىز خىزمىتىنى قىلايلى،
دەردىڭگە دەرمان كەلدىلەر.

ھالىڭنى ئېيتىپ ئاڭلار ئوشۇل،
سۆزۈمنى سەن قىلغىل قوبۇل،
ئەل كەلدى دەپ بولما مالال،
بىلمەدىسەن، ئول خان كەلدىلەر.

بولما سىڭىل مەستانىدىن،
ئۈمىت تىلە ئاستانىدىن،
رۇم، ئەجەم خاقانىدىن،
بىر ھۆكمى ئەئيان كەلدىلەر.

سەن مەن بىلەن ھەمخانە بول،
بىر ئاتنى دەپ كەلدى ئوشۇل،
قىلما ئۆزۈڭنى بى ھوسۇل،
بىر خەلقى ئىنسان كەلدىلەر.

ناقايىللىك بولسا سىنىڭ،
يۈزۈم كىتەر بوگۈن مېنىڭ،

نۇرغا تولغاي ئۇلسەڭ تېنىڭ،
بىر باغرى بەريات كەلدىلەر.

لايىق ئەمەس بەتخۇي كىشى،
بولماس ئۇنىڭ مەھزۇر ئىشى،
دۇئا قىلاي يازۇ - قىشى،
بىر جانغا جانان كەلدىلەر.

قىلغىل هايا ئەدەپ بىلەن،
گۆھەر ياتۇر سەدەپ بىلەن،
مېنىڭ ئىشىم سېنىڭ بىلەن،
بىر داغى ئارمان كەلدىلەر.

نومۇس بىلەن قىل سېخىلىق،
بولغاي ساڭا ئول ئاتىلىق،
دۇنيا ئىشى ئۆلگۈنچىلىك،
بىر ناله ئەفغان كەلدىلەر.

ئالىبىز مەن هەم ئارمان ئۆزۈم،
يېرەرمۇ دەپ سەندە كۆزۈم،
يولغايمۇ راۋا ئېيتقان سۆزۈم،
گۆر ئوغلى سۇلتان كەلدىلەر.

جادۇ قىز ئاكىسىنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي، ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئاتنى ئەگەر - جابدۇقلىرى بىلەن گۆر ئوغلى سۇلتانغا تەقدىم قىلدى. گۆر ئوغلى سۇلتان بۇ ئۇچار قاناتلىق ئۈچ كۆزلۈك ئاتنى قولغا كەلتۈرگىنىگە بىسيار شات بولۇپ، ئۇلارغا ئاتىسى ئەدهەم ساقادىن قالغان گۆھەر شامچىراغلاردىن ئون دانه ئىنئام قىلدى.

ئالىبىز زەنگى بىلەن جادۇ قىزمۇ بۇ گۆھەرلەر ئۈچۈن غايەت خوشال بولدى. ئاندىن، گۆر ئوغلى سۇلتان زەنگىلەر بىلەن خوشلىشىپ، قىرىق مىڭ لەشكىرى بىلەن بىر قانچە ئاي يول يۈرۈپ قەلئە سىرانديىقا قايتىپ كەلدى. قەلئە سىرانديپ شەهرىدە ئىرۇج شاه هىندى باشلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر قانچە نامىلەر يازدۇرۇپ، چاپارمەنلەردىن قەلئە - قەلئەلەردە قالغان لەشكەرلەرگە ئەۋەتتى. نامەدە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئەي پادىشالار، ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار، مەنكى گۆر ئوغلى سۇلتاندۇرمەن. سىزلەرگە ئۆزەت بىلەن نامە ئىبەردىم. بۇ نامەم يېتىپ بارغان هامان قەلئە سىرانديپ شەهرىگە يېتىپ كەلگەيسىلەر. ئەگەر ئەۋەتكەن نامەمگە بويسۇنماي بويۇنتاۋلىق قىلساڭلار، لەشكەر باشلاپ بېرىپ شەهرىڭلارنى ۋەيران، ئۆزەڭلارنى هەيران ۋە سەرگەردان قىلۇرمەن.»

شەهەرلەرنىڭ پادىشالىرى نامە ئېلىپ بارغان چاپارمەنلەرنى ئىززەت - ئىهتىرام بىلەن كۈتۈپ ئېلىشتى ۋە شاهانە توهپىلەر ئېلىپ قەلئە سىرانديپقا كېلىشتى.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئىرۇج شاه هىندىنى سىرانديپ شەهرىگە هاكىم قىلىپ، شەهەر ئەهلى بىلەن خوشلاشتى ۋە لاۋۇ - لەشكەرلەرنى ئېلىپ شام شەهرىگە راۋان بولدى. بىر قانچە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن شام شەهرىگە يېتىپ كەلدى. شاه جاهانگىر پادىشا ئىغىرىشخان گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، مۇلازىملىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ ئوردىغا باشلاپ كىردى ۋە گۆر ئوغلى سۇلتاندىن هال سورىدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان هىندىستاندىكى ۋەقەلەرنى، باشتىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى تولۇق بايان قىلدى. پادىشا ئىغىرىشخان يەتتە ئىقلىمغا ئەۋەتكەن لاۋۇ - لەشكەرلىرى جەم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە لايىق ئىنئاملار بېرىپ،

ئۆز شەھەرلىرىگە يولغا سالدى. گۆر ئوغلى سۇلتان ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بەلىخ شەھەرىگە راۋان بولدى.

گۆر ئوغلى سۇلتانىنىڭ كەلگەن خەۋدەرىنى ئاڭلىغان قىبىناتىسى شاھ مەھەمەتخان شەھەر خەلقى بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى داغدۇغا بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىردى. ئوردىدا ھەرقايىسسى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۆر ئوغلى ئۇزۇن سەپەردىن ساق - سالامەت كەلگىنىگە شۈكرى ئېيتىپ مۇنداق دىدى:

جاپا ۋە زۇلۇم دەردىدىن يۇرۇپ باغرىمنى قان ئەيلەپ،
تېنىمنى تەخت - پەندىگە ئالدىم ناتىۋان ئەيلەپ،
جاھاننى دۈشمەن ئەھلىگە تۇتارمەن چۈن نىشان ئەيلەپ،
ھاياتلىق تاغدىن ئاشتىم ئۆمرۈمنى سان ئەيلەپ،
ياراي دەردىمنى باغرىمدىن مۈشكۈلۇم ئاسان ئەيلەپ.

بۇ دۇنيا جىلۋىسى كۆڭلۈمنى ئالدى نەچچە پەند بىرلە،
بۇ جان بولماي بۇ دۇنيادا يۈرەلمەس خەستە تەن بىرلە،
قىلىپ مەن دۇنيانى ھاسىل قىيامەت مەشئەل ئەنت بىرلە،
مۇيەسسەردۇر ھەممە ئەشيا ئۆززۇمدە تەرپ كان بىرلە،
تېخى دۇنيا ۋاپا قىلماس كېتەر باغرىمنى قان ئەيلەپ.

ئەسىر بولدۇم بۇ دۇنياغا تامام ھاجەتلىرىم قالدى،
مېنى پەنت بىرلە بۇ دۇنيا جۇدالىق دەشتىگە سالدى،
دىلىم جۇش ئۇردى دۇنيا دەپ تېپىپ ھەم يېنىغا ئالدى،
پاراغەت زۇلۇم سەيرىگە مېنى رەھىم ئەتمەي چالدى،
يۈرەرمەن ئالتە كۆنلۈك دۇنياغا مەغرۇر جان ئەيلەپ.

ھىچ تۇتمايدۇ ھەرگىز مەغرۇر دۇنيا ئۈچۈن كۆڭلۈم،
باھارنى كۆرمىدى ھەرگىز بىر زامان ئۈچۈن كۆڭلۈم،
گۈلىستاندىن كېچىپ، قەستلەپ يۈرەر بۇلبۇل ئۈچۈن كۆڭلۈم،
پەقەت ئىشىم دائىم ھەر زامان دەۋران ئۈچۈن كۆڭلۈم،
يېقىن يۇرسەتتە ئايرىلغۇم، يۈرەرمەن ئەپتىھان ئەيلەپ.

قىيامەت بولسىلەر بىر كۈن، تۇرار ھەق ئالدىدا بەندە،
ھارارەت زەربىدىن بارچە ھوزۇردۇر تەشنا تەندە،
قايانغا ئەمىر ئېتەركىن دەپ يۈرەرلەر بارچە ماتەمدە،
ھىساۋنى ئالدۇ بەر دەپ قارا گۆر ئىچىگە كىرگەندە،
ئۇنى بىلگەن كىشى تۇتماس بۇ دۇنيانى يامان ئەيلەپ.

قورقارمەن ياررەب، مېنىڭ كۆڭلۈمنى روشەن ئەت،
ھېرىس دۇنياغا كۆڭلۈمنى كامالىڭ بىرلە دۇشمەن ئەت،
ياشىمنى ئاققۇزۇپ كۆزدىن ئۆزەڭ دەريايى ئىمارەت،
ئېلىپ دۇنيايى خاشەكنى، ئۆزەڭ راست يولغا پەرمان ئەت،
كېتەرمەن دۇنيادىن بىر كۈن، قويۇپ تەرك جاھان ئەيلەپ.

گۆر ئوغلى دەر كېتەر بارچە خالايىق ئاھ ـ ۋاھ بىلەن،
يېنىپ دۇنيانى تاپقانلار، يۈرەر كۈن، ھاۋا بىلەن،
تەكەببۇر تووۋابىنى ئارتىپ، بوينىغا دائىم گۇنا بىلەن،
ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغايسەن رەپىق بول ماسىۋا بىلەن،
بىر كۈن كۆپ نادامەتتە كېتەرسەن باغرىڭنى قان ئەيلەپ.

گۆر ئوغلى سۇلتان بىر تەرەپتىن خالايىقنىڭ دەردىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، يەنە بىر تەرەپتىن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.






نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيۇم خوجا

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىق — «مائىتري سىمت» (مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى) نى 1959 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تىيانشان گۈڭشېسى تۆمۈرتى دادۇيىنىڭ «باشتۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىسىدىكى چارۋىچى يەھيا رېھىم دىگەن كىشى مال بېقىپ يۈرۈپ، تۆمۈرتىنىڭ «كىچىك داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان جايىدىكى قارىغايلىقتا تاشلار ئارىسىدىن تېپىۋالغان ۋە شۇ يىلى بۇ بىباھا قولىيازمىنى قۇمۇل ناھىيىلىك مەدىنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى مەرھۇم يولداش ئىسمايىلغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقنى تېپىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇيغۇر چارۋىچىسى يەھيا رېھىم 1978 - يىلى دۇنيادىن ئۆتتى.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىق — «مائىتري سىمت» — بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئائىت سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇ بۇددىزم تەلىماتىدا «ھەممە مەۋجۇت» دەپ قارايدىغان ۋايباچىكا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ۋايباسىكى دىيىلگەن) تارمىغىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى ھىساپلىنىدۇ. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەر جەمئىي 293 ۋاراق (586 بەت) بولۇپ، ھەر بىر ۋارىقىنىڭ چوڭلۇغى 47.5×21.7cm كېلىدۇ. قەغىزى قېلىن، قارامتۇل سېرىق رەڭلىك. ئەسەرنىڭ ھەر بىر بېتىگە قارا سىيا بىلەن سولدىن - ئوڭغا، تىك شەكىلدە چىرايلىق ۋە رەتلىك قىلىپ 30 ۋە 31 قۇردىن خەت يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تولۇق ۋە بىرقەدەر تولۇق ساقلانغان ۋاراقلىرى ئازراق بولۇپ، كۆپ قىسمى يىرتىلغان ۋە چىرىپ كەتكەن. بەزى بۆلۈملىرىنىڭ باش ۋاراقلىرىدىكى ۋەقەلىك يۈز بېرىۋاتقان ئورۇنى ئىپادىلىگۈچى جۈملىلەر قىزىل سىيادا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ۋاراقنىڭ سول چېتىگە قارا سىيادا قايسى بۆلۈمنىڭ نەچچىنچى ۋارىغى

ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ھەر بىر ۋارىقىنىڭ 8 ـ ۋە 10 ـ قۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا دىئامېتىرى 0.5cm كېلىدىغان تۆشۈكچە بولۇپ، ئۇ كىتاپنى تۇپلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

چەتئەل ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى 27 پەردىلىك چوڭ تىپتىكى دىراما ئەسىرى دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى ئەسەرنىڭ توخرى تىلى (توخار تىلى ـــ يەنە قەدىمقى قارا شەھەر تىلى) نۇسخىسىدا ئۇنىڭ نامى «مائىترىيا سامىتىناتاكا» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «ناتاكا» سۆزى سانسكرىت (ئەنەتكەك ياكى قەدىمقى ھىندى تىلى) تىلىدا «دىراما» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە ھەر بىر بۆلۈم (پەردە) نىڭ ئالدىدا، ئورۇن، سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار ۋە ئورۇنلانغۇچى كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. لېكىن ئەسەرنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكى قۇمۇل نۇسخىسىدا كۈي ۋە سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار كۆرسىتىلمەي پەقەت ئورۇن خاتىرىلەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئەسەرنىڭ بۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ يەنىلا قويۇق دىراما تۈسىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى ھىس قىلالايمىز. قەدىمقى بۇددىزىم ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرق قىلىنغانلىغى بىزنىڭ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئا. ۋۇن. لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىدى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە سىڭگىم قاتارلىق جايلىرىدىكى خارابىلەردىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترى سىمىت» نىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. گېرمانىيىلىك گابائىن خانىم 1957 ـ ۋە 1961 ـ يىللىرى مائىنز ھەم بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى پارچە ۋاراقلارنىڭ فوتوسى بىلەن تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىغى» دىگەن ئەسىرىدە، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترى سىمىت» نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان پارچىلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دىيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى توخرى (توخار) تىلىدىكى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا، قەدىمقى ئۇيغۇرچىسىنىڭ توخارچىسىغا مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىگىنى، لېكىن ئۇسلۇپ جەھەتتىن ئۇنىڭدىن پەرق قىلىدىغانلىغىنى بايقىغان.

ئەسەرنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئەسلى نۇسخىسى (يەنى سانسكرىتچە نۇسخىسى) «مائىترىيا» مىلادى 3 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا بىر بىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلار، جۈملىدىن ساق تىلىدىكى (قەدىمقى خوتەن ساق تىلىدىكى) تەرجىمە نۇسخىسىمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئەسلىدىكى سانسكرىتچە نۇسخىسىدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىر ئاز ئوخشاشمايدىغان ماۋزۇلاردىكى سانسكرىتچە، تىبەتچە، خەنزۇچە، سوغدىچە ۋە توخارچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ بارلىغى مەلۇم.

ئەسەرنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ نۇسخىسى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى «مائىترى سىمىت» نىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان بىرقەدەر تولۇق ساقلانغان بىردىن ـ بىر نۇسخىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.①

① ئەسەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قۇمۇل نۇسخىسىدا 25 بۆلۈم (پەردە) ۋە ئۆز زامانىسىدا تاس يىگەن تۇتۇق دىگەن ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغان «يۈكۈنچ ئۈلۈش» (كىرىش قىسمى) بار.

«ئەسەر»دە تەسۋىرلەنگەن مائىترى — سانسكرىتچە [Maitreya] دىن كەلگەن خاس ئىسىم بولۇپ، ئۇ بۇددىستلار تەسەۋۋۇرىدا كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا (بۇرخان)دۇر. مائىترى، بارلىق بۇددىزىم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى خۇدا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە Aditja دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ بۇددىزىم تارىخىدىكى ئالاھىدە مەشھۇر شاگىرتلاردىن بولمىسىمۇ، ئەمما دىنىي ئەپسانىلەردە ئۇنىڭ ساكيامۇنىنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدىكى مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ساكيامۇنىنىڭ ئۇنى توچىتا دېگەن جايدا ئۇچراتقانلىقى، ئۇنى ئۆزىنىڭ 5 مىڭ يىلدىن كېيىنكى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

«مائىترى سىمىت» تېكىستىدە جانلىق ئۇسلۇپ ۋە تەسىرلىك ئەدەبىي ۋاستىلەر ئارقىلىق، بۇددانىڭ ھەممىگە قادىرلىقى، مائىترىنىڭ مېھرىۋانلىقى بايان قىلىنغان، بۇددا (بۇرخان)، تەڭرى، مائىترىلارنىڭ ئالەمدىكى جانلىقلار (ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلار، ئومۇمەن بارلىق جانلىقلار) نى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ھىمايىلەر سۆزلەنگەن. ئەسەردە بۇددىزىم نەزىرىيىسى، پەلسەپىسى ۋە بۇددىزىم نوقتىئىنەزەرلىرى شەرھلەنگەندىن تاشقىرى، نۇرغۇنلىغان تەمسىللەر قوللىنىلغان، دىئالوگلاردا پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەسەردە مائىترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ياخشى ئالامەتلىرى، شەپقەتلىك ئۇستازىدىن ئايرىلىپ، تويىن بولمىشى، ساكيامۇنىنىڭ ئىنىگئانىسى گائۇتامى خاتۇن بۇرخانغا ئاتاپ تىككەن تونىنى قولدىن - قولغا ئايلاندۇرۇشى، تەڭرى بۇرخاندىن كەلگۈسىدىكى بۇتىنى تىلىشى، جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا قىلغان ساخاۋەتلىك، ساۋاپلىق ئىشلىرى تەپسىلى بايان قىلىنىپ بۇددا دىنىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، خىلمۇ - خىل ۋە مۇرەككەپ ئەقىدىلىرى مەدھىيىلەنگەن. ئەسەر ئومۇمەن باشتىن - ئاياق بارلىق بۇددىزىم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى بۇرخان — مائىترىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇددىزىم ئۆزىنىڭ 2 مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ ۋە پارچىلىنىپ نۇرغۇن دىنىي مەزھەپلەر ۋە دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىملارغا بۆلۈندى. بۇددا دىنىدا ئاساسەن ئىككى چوڭ مەزھەپ بولۇپ، بىرسى «ھىنايانا»، ئىككىنچى «ماھايانا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھىنايانا» مەزھىپى «ھەممە مەۋجۇت» دېگەنگە ئېتىقات قىلىش بىلەن ساكيامۇنىنىڭ ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئازاپ سەۋەبلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزگەندىلا نىرۋانغا (مەقسەتكە) يەتكىلى بولىدۇ، ساكيامۇنىمۇ بۇددا (بۇرخان) غا ئايلانغان، كېيىن مائىترىمۇ شۇنداق ئىلاھىي دەرىجىگە يېتەلەيدۇ، كىشىلەر ھەرقانچە قىلسىمۇ پەقەت «ئارخات»① لا بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. «ماھايانا» مەزھىبى ئۆزىنى پۈتۈن جانلىقلارنى ئازاپ دەستىدىن قۇتقۇزىدىغان چوڭ هارۋىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇلار ھىنايانا مەزھىپىنى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە شەخسەن ئۆزى چۈشىدىغان كىچىك ھارۋىغا ئوخشىتىدۇ. ئومۇمەن ماھايانا مەزھىپى يات تەرىقەت بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئارىلاشما گەۋدىسى بولۇپ، لاپ ۋە گەپ كۆپتۈرمىچىلىك بىلەن تولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيمىز. تەركى دۇنيا بولمايمۇ ئىستىقامەت بىلەن بۇددىساتۋالىق ھەم بۇددالىققا يەتكىلى بولىدۇ... ۋەھاكازا دەپ قارايدۇ.

① ئارخات — (ئارخانت) — سانسكرىتچە [Arhat] دىن كەلگەن خاس ئىسىم. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە «ئارخانت» ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسى، بارلىق شاگىرتلارنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنى ھىنايانا مەزھىپىدە ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان «مائىترى سىمىت» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىزگە ئۆز زامانىسىدىكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقى تەۋەسىدە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدە ئوخشاشلا بۇ مەزھەپنىڭمۇ راسا گۈللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەسىلىسىدە، مىلادى 8 - 9- ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا. «مائىترى سىمىت» نىڭ 3 - بۆلۈمىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئابزاس سۆز بىزگە ئەسەرنى كىم تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

«... ئالقۇسا ساتارلارىغ ئۆتكۈرمىس، تۆپكەرمەس، ۋائىباس ساستىر بوسغوتمىس، ئاريا چانترا بودىسۆت كىسى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توخرى تىلىنچە ياراتمىس، پرتاراكىست... رمايازىك توخرى تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋرىمىس مائىترى سىمىت نوم بىتىگدە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى ئاتلىغ ئۇچۇنچ ئۆلۈس تۈكەدى.»

[بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، ۋائىباس شاستىرنى ئۆگەنگەن ئاريا چانترا بودساتۋا ئاچارى (ئۇستاز) ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىچە ياراتقان؛ پرتاراكىست... رمايازىك توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرۈگەن مائىترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى ئاتلىق ئۈچىنچى ئۆلۈش (بۆلۈم) تۈگىدى.]

ئەسەرنىڭ تىلى ئېنىق، راۋان، يېقىملىق ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىجادىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنداقلا ئوخشىتىش ۋاستىسىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك ۋە جانلىق پايدىلىنىلغان، تەرجىماننىڭ تىل ماھارىتى ئەسەرگە بەدىئىي جەھەتتىن ھۆسىن قوشقان. ئەسەردىكى نۇرغۇنلىغان سۆز - ئاتالغۇلار تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا ئەينەن ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە، شۇنىڭغا ئاساسەن، تەرجىمانىنى ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن بوددىستى ۋە ئۆز ئانا تىلىنىڭ پىشقان ئۇستىسى، قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئەدىب ۋە ئاتاقلىق تەرجىمە ئۇستازى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق ئورۇنسىز بولمايدۇ. قولىمىزدا ھازىرچە تەرجىماننىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، تەرجىمان توخرى تىلىنى تولۇق بىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە. تەرجىماننىڭ ئىسمى توغرىسىدا شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىشقا باشلىغاندا، مەشھۇر ئەرباپلار ۋە زىيالىيلار ئۆزلىرىگە ئەرەب (پارسى) ئىسىم قوللانغانلىقى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، قەدىمقى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان دەۋرلەردە، ئۇيغۇر بوددىست زىيالىيلىرىمۇ سانسكرىتچە (ياكى توخرىچە) ئىسىم ياكى تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن.(1)

(1) ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەرجىمان پرتاراكىست (بەزى قۇرلاردا پىرتانراكىست دەپمۇ يېزىلغان.) نىڭ يۇرتى توغرىسىدا مۇنداق قاراشلار بار: گېرمانىيىلىك گابائىن خانىم پىركاراكىستنى «il ba lik» لىق يەنى ئىلى رايونىدا تۇغۇلغان، دەپ قارايدۇ. فرانسىيىلىك خامىلتون (J.Hamilton) ئىلى بالىق ilbalik ياكى elbalik دەپ ترانسكرىپتسىيە قىلىدۇ. ئۇ بۇ سۆز «پايتەخت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى «قوچۇ» (ھازىرقى تۇرپان ۋادىسى) نى كۆرسىتىشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

بۇددا دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىشقا ئەگىشىپ، ئەسەرنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ نۇرغۇن نۇسخا كۆچۈرۈلگەن بولۇشى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 850—1250 - يىللار) دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەنلىكىدە گۇمان يوق. بۇ نۇقتىنى ئەسەرنىڭ يۈكۈنچ ئۈلۈش (كىرىش قىسمى) دىكى: [... يەمەبۇ بۇ ياناغ ئاڭ ئۆڭرە ئەۋرەر بىز تەڭرى بۆگۈ ئىلبىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر تەركەنىمىز قوتىڭا ئالقاتمىس ئون ئۇيغۇر ئىلى.. ئوتۇز تىگىت ئوغلانى توقۇز ئىلچى بىلگەسى.. مىڭ تاپىنۇر تۈمەن ئىچرەكىلەرى بىرلە مىڭ يىلقا تەگى ئىل ئاسايۇ يارلىقاماقلارى بولزۇنلار...]

[... تەڭرى بۆگۈئىل بىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر تەركەنىمىز ئالىلىرىغا بېغىشلايمىز. (ئۇ) مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئون ئۇيغۇر ئېلى، ئوتتۇز تىگىت ئوغلانى، توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى، مىڭ (تۈرلۈك) ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان تۈمەن ئوردا ئىچىدىكىلەر بىلەن بىللە مىڭ تۈمەن يىلغا قەدەر ئەل تۇتسۇن...] دېگەن سۆزلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىدۇ.

«مائىترى سىمىت» گەرچە تەرجىمە ئەسەر بولسىمۇ، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخى، مەدەنىي مىراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى، تىل خۇسۇسىيىتى ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1980 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق تارىخى مۇزېيىدا «قەدىمقى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى» قۇرۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترى سىمىت» نى تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدى. ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ مۇزېيىمىزدا ساقلىنىشى بىزنى كۈچلۈك ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. مۇزېي رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا ئىشخانىدىكى خادىملار ھازىرغىچە ئەسەرنىڭ يۈكۈنچ ئۈلۈش (كىرىش قىسمى) ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بۆلۈم قاتارلىق 5 بابىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىپ چىقتى. تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى، ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستى تولۇق ۋە توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان يەشمىسى، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە بىر قەدەر تولۇق ئىزاھاتى بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈپ، ئەسەر جىددى نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ. ئەسەرنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بۆلۈملىرى بىر توپلام قىلىنىپ نەشردىن چىقىشتىن ئىلگىرى، كەڭ كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بۇ قېتىم «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئەسەردىن پارچە تونۇشتۇردۇم. ئاخىرىدا ئەسلى تېكىستىكى قىسمەن ئاتالغۇلارغا ئايرىم ئىزاھ بېرىلدى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمقى تىل - تەتقىقاتىدىكى تەرجىمىلەردە مەنە تەرجىمىسى ياكى ئەدەبىي تەرجىمە ئاساس قىلىنمايدۇ، بەلكى سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. شۇڭا بىزمۇ تېكىستلارنى ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېشىپ بەردۇق.

ئەسلى تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى (ئەينەن ئوقۇلۇشىنى) ھازىرقى ئۇيغۇر

يېزىقىدا بىرىشكە توغرا كەلدى. لېكىن، هازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ē» تاۋۇشىنى توغرا ئىپادىلىگۈچى بەلگە (ھەرپ) بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تاۋۇش هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ى» ئارقىلىق ترانسكرىپتسىيە قىلىندى. مەسىلەن:

ئارىغ — atīoq، بالىق — balīk

بالىقتاقى — balīktakī، قىلىنچ — kīlīnq

يېغىلمىس — yīoqīlmīs، تىنلىغ — tīnlīoq

... قاتارلىقلار. تېكىستتىكى «..» (ئىككى چېكىت) تىنىش بەلگىسى كۆرسىتىدۇ. كۆپ چېكىت (... ... ...) لەر ئەسلى ئۇچۇق بولمىغان، يىرتىلىپ كەتكەن يەرلەردىكى سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. يەشمىسىدىكى تىرناق ( ) ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر تېكىست مەزمۇنىغا قاراپ ئۆزىمىز تولۇقلىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىچىك تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان (؟) سوئال بەلگىسى، مۇشۇ بەلگە قويۇلغان ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنىڭ دېگەندەك ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

1 · يۈكۈنچ بۆلۈمىدىن:

«يۈكۈنچ» بۆلۈمىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن چۇتاس يىگەن (Qütas ygən) ئاتلىق بۇددىزىم مۇرتى ئۆزىنىڭ بۇدداغا، بۇددىزىم قانۇنىغا، راھىپلارغا ۋە مائىترىغا بولغان قاتتىق ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆز نامىدىن ئالاھىدە يازدۇرغان. «يۈكۈنچ» [yükünq] سۆزى — يۈكۈنۈپ باش ئۇرماق، سەجدە قىلماق، دۇئا قىلماق، چوقۇنماق، ھۆرمەت - ئېھتىرام دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. «يۈكۈنچ» بۆلۈمىدە، ئاساسەن سەدىقە بەرگۈچىنىڭ «ئۈچ ئەردىنى» (بۇرخان، نوم، راھىپ)لارغا بولغان ساداقەتمەنلىكى يېزىلغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭدا يەنە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ كۆزقارىشى ئەكسلەنگەن.

ئەدەبىي ئىستىلى جەھەتتە «يۈكۈنچ» بۆلۈمىنىڭ تىلى بىلەن ئەسەرنىڭ تىلى ئوخشاش بولۇپ، ئىنتايىن قېلىپلاشقان، ئۇنىڭدا بەدىئىي تەسۋىرلەر گۈزەل ئوبرازلىق ۋە جانلىق بولۇپ، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان، كامالەتكە يەتكەن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نامايەن قىلىنغان. «يۈكۈنچ» بۆلۈمى بىلەن «ئەسەر» نىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە باغلىنىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەسەردىن ئايرىلمايدۇ. بۇ خۇددى مەلۇم ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىگە مەلۇم كىشىنى مۇقەددىمە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغىنىدەك، «يۈكۈنچ» بۆلۈمىمۇ پۈتۈن «ئەسەر» گە بېغىشلىما (كىرىش) ئورنىدا قوشۇلغان. «يۈكۈنچ» خاتىمىسىدە، تەتقىقات ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان مەزمۇنلار پۈتۈلگەن. بۇنىڭدا سەدىقىچى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «... يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە، تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق ۋە قۇتلۇق قىلىدىغان ۋاقىتقا، قۇتلۇق قوي يىلى ژۇئىن 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگە، مەنكى ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقاتچان كۆڭۈللۈك qü tas ygən tutuk ئايالىم تۇزۇن بىلەن كەلگۈسىدە كېلىدىغان مائىترى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ، بىر مائىترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق، بىر مائىترى سىمىت نومىنى كۆچۈرتكۈزدۇق......» دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئابزاستا يەنە سەدىقە بەرگۈچى ئۆزىنىڭ خاقانى، ئاتا - بوۋىسى، قېرىنداشلىرى، ئوغۇل - قىزلىرى ۋە كېلىنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلار بىزنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم دەلىل بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سەدىقە بەرگۈچى ئاخىرىدا يەنە: «... قايسى ۋاقىتتا ئالىجاناپ مائىترى بودىسۋت تۇزىت تەڭرى يېرىدىن تۆۋەنگە چۈشكەندە، بىز يەنە بارلىق قېرىنداش ئاندىن كىتۇماتى شەھىرىگە بىللە چۈشەيلى. مائىترى بودىسۋت بۇرخان بەختىنى تاپقاندا، بىز ھەممىمىز ئۇ يەردە بۇرخان بەختىگە مەدھىيە ئوقۇيلى، شۇ چاغدا بۇ نومنى شۇ يەردە ئالتۇنلۇق قەغەزگە يازدۇرايلى...» دەپ يېزىپ «يۈكۈنچ» بۆلۈمىنى تاماملايدۇ. تۆۋەندە «يۈكۈنچ» بۆلۈمىدىن ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز:

1) تېكىست: يۈكۈنچ تۆرت پىتر ①

[... ... ... ...

...... يەمە بىر ئوغۇردا ئاداقىي ئاغارلاغ ئىچلىگ ئۇدچىي قىزىي يوغرۇت ساتقالىي بالىققا بارىر ئەردى. يارىم يولتا ئوغۇل ئاغرىغىي كىردى .. ئاڭي يارنىپ قورىپ، كۆزى تەلمىرىپ، ئاناسىن ئاتايۇ ئىغلايۇر - سىغتايۇر ئەردى.. تۇگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئانىڭ ئەمگەكىن كۆرۈ، سەرۇ ئۇماتىن ئاناسىنىڭ ئەت ئۆزىن بەلگۈرتۈپ، يىلىغ - يۇمساق ساۋىن ئايىتۇ، ئىدۇق ئەلگىن ئاۋۇچتا ئىسىن ئىسلەپ، كەنچ كىيەسىن يۇپ، ئەسەن تۈگەل بالىققا تەگۈرۈ ئىلتىدى. يانايەمە يېنچكە يىپ ئەگىردەچى كۈۋەنچاڭ كۆكۈلمۈگ ئىسلەرنىڭ كۈۋەنچ كۆڭلىن تۇرغۇرغالىي - تارقارغالىي قۇنچۇلار ئەت ئۆزىن بەلگۈرتۈپ، ئىدۇق ئەلگىن ئىكىگ تۇتۇپ، يىپ ئەگىرە يارلىقادىي .. يەمە كۈۋەز قاتىقىي كۆكۈلمۈگ ساسىچىي ئەرنىڭ كۈۋەنچىن سىغالىي - بۇزغالىي ئۈچۈن ئىدۇق ئەت ئۆزىن ساسىچىي ئەت ئۆزىن بەلگۈرتۈپ، ساسىلىقتا كىرىپ ئولمايپا ئولۇردى..]

1) يەشمىسى: يۈكۈنچ بۆلۈم تۆتىنچى ۋاراق

(..............

........ يەنە بىر چاغدا ئېغىر ئاياق ھامىلدار پادىچى قىزى قېتىق ساتقىلى شەھەرگە كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا (ئۇ قىزنىڭ) ئوغۇل تولغىقى تۇتۇپ قالدى. (ئۇنىڭ) كۆزى تەلمۈرۈپ، ئانىسىنى قىچقىرىپ، يىغلاپ ھەسرەت چېكەتتى. ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇنىڭ ئازاۋىنى كۆرۈپ چىدىيالماي، (دەرھال) ئانىسىنىڭ قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، سىلىق - يۇمشاق سۆز قىلغاچ، مۇقەددەس قولى بىلەن ئاۋۇچتا① ئىشىنى ئىشلەپ، كەنجى تايىنى يۇيۇپ، ئامان - ئېسەن شەھەرگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇندىن باشقا يەنە نازۇك يىپ ئىگىرگۈچى مەغرۇر كۆڭۈللۈك ئاياللارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى توختىتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن مەلىكىلەر قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، مۇبارەك قولى بىلەن يىپ تۇتۇپ، يىپ ئىگىردى. ئۇندىن باشقا مەغرۇر قاتتىق كۆڭۈللۈك ساسىچى② ئەرنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇقەددەس تېنىدە ساسىچى ئەر قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، ساسلىققا كىرىپ، داۋاملىق كوزا ياساپ ئولتۇردى.)

2) تېكىستنىڭ داۋامى:

[گانتار ئىلتەكى پۈسكارا سارى ئىلىگ بەگنىڭ كۈۋەنچ كۆكۈللۈگ تاغ ساڭرىن يىمىرگەلىر

① پىتر (ptr) — سانسكرىتچە [pattara] دىن كەلگەن سۆزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا يېزىلىشى بولۇپ، «ۋاراق، ياپراق» دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن، ئۇلۇغ قارى تويىن ئەت ئۆزىنى بەلگۈرتۇپ ئىكى يىگرمى بەرە يىردە ئۇتىرۇ ياداغ بارۇ يارلىقاپ قۇتغارۇ يارلىقادى، تاقى يەمە ئىنىسى نانتى تىگىنىگ قۇتغارغالىر ئۇچۇن ئانانتىرىس يازۇقلۇغ تىنلىغ ئوسۇغلۇغ ئاۋس تامۇقا بارى يارلىقادى ..كتۇرمانى ئاتلاغ براماننى ئۇرىسىن قۇتغارغالىر ئۇچۇن ئاي تەڭرى كۆركىن بەلگۈرتۇپ، نوم نوملايۇ يارلىقاپ قۇتغارۇ يارلىقادى.. سۇپرىي كانتارۋلار ئىلگىن قۇتغارغالىر ئۇچۇن قۇڭقا ئۇچى ئەت ئۆزىن بەلگۈرتۇپ، قۇڭقا ئۇچى ئەتزىپ قۇتغارۇ يارلىقادى ..مۇنىتادا ئۇلاتى ئۆكۈس تۈرلۈگ ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى بىلگ كۆچىنتە سانسىز تۈمەن تىنلاغلارقا ئاساغ ـ تۇسۇ قىلۇ يارلىقادى. ئىكىنتى سارۋاتىنا ئاتلاغ بىلگە بىلگ ئۆزە ئاساغ ـ تۇسۇ قىلماقى ئانتاغ ئەرتى. قۇترۇلتاچى تىنلاغلارنىڭ كۆڭۈل ـ كۆگۈز، تۆز ـ يىلتىز قىلىنچ ئەرىگلەرىن ئوتغۇراق كۆرۈر ئەرتى.. بارمۇ مۇنۇڭ كۆگۈزۈنتە قۇترۇلماقلاغ ئۇرۇغ ـ تارىخ ئازۇ يوقمۇ، (بارمۇ) مۇنۇڭ كۆڭلىنتە كۆگۈزىنتە قورقۇنچ ئاينچلىغ ئەدگۈ تۆز يىلتىز ئازۇ بۇلتۇقمازمۇ.. قايۇ دىئان سامار كۆچىنتە سەكىز تۈرلۈگ تۈزۈن يولتا ئىنگۈسىن ـــ ئىنمەگۈسىن ئوتغۇراق ئۇقا يارلىقار ئەردى.........]

2 ) يەشمىسى:

(گانتار ئىلدىكى پۇسكارا سارى③ ئىلىك بەگنىڭ تاغ تۇمشۇغىدەك تەكەببۇر كۆڭلىنى يىمىرىش ئۇچۇن ئۇلۇغ ياشانغان تويىن قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، ئون ئىككى بەرە④ يەرگىچە پىيادە بېرىپ قۇتقازدى. تېخى يەنە ئىنىسى نانتى⑤ تىگىننى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئاي تەڭرى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، نوم نوملاپ (تەپسىر قىلىپ) قۇتقازدى. سوپرىي⑥ كانتارۋلار⑦ ئىلگىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن غۇڭقا ئۇچى (غۇڭقا چالغۇچى) قىياپىتىنى كۆرسىتىپ، غۇڭقا چېلىپ قۇتقازدى. بۇنىڭدىن باشقا كۆپ تۈرلۈك ئۇلۇغ مېھرىبان ئەقىل ـ پاراسەت كۈچىدە سانسىز تۈمەن جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزدى. سارۋاتىنا ئاتلىق ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن پايدا مەنپەئەت يەتكۈزمىگى مۇنداق ئىدى. قۇتقۇزۇلىدىغان جانلىقلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى، ماھىيىتىنى، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئېنىق كۆرەتتى. بۇنىڭ كۆڭلىدە قۇتۇلۇشىنىڭ ئۇرۇغى بار ـ يوقلۇغىنى، ...... بۇنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىدە قورقىدىغان ئەيمىنىدىغان ياخشى ماھىيەت زادى تېپىلىدىغان ياكى تېپىلمايدىغانلىغىنى ۋە قايسى دىئان سامار⑧ كۈچىدە سەككىز تۈرلۈك توغرا يول⑨ دىن چۈشىدىغان ياكى چۈشمەيدىغانلىغىنى تەلتۆكۈس بىلەتتى.

... ... ... ...

... ... ... ... )

3 ) تېكىست: يۈكۈنچ ئىكى يىگرمى پىتر

[تىگىن ئۆگە ئانىڭا ئابىسىك قىلمىس، بىس ئازۇن تىنلىغ ـ لارىغ ئۇرۇنچاق تەگىنمىس، بىس يىگرمى ئاسانگى نايۇت سانىنچا تىنلىغ ئوغلانى نىڭ ئۇمۇغى ـ ئىناغى، كىن كەلىر ئۆدۈن سەكىز تۈمەن ياسلىغ تىنلىغلارنىڭ ئۆزىنتە ـ ياسىنتا، تۆرت ئەردىنى ياراتىغلىغ، سەكىز تۈمەن تۆرت مىڭ كەنت ـ ئۇلۇسلاردا، بارچادا باستىن ئاچىسىز ـ قىزسىز، قىسىغسىز قىۋرىغسىز ياغىسىز ـ بۆرسىز، باسىنچسىز ـ ئىينچسىز، ئىرتىسىز ـ برتىسىز، مۇڭسۇز ـ تاقسىز، تەلىم ـ تەسىم، باي باراملاغ، سانسىز ئۆكۈس كوتىسۋار باياغۇتلار ئەۋلەرى بارقلارى ئۆزە تىقمىستەك يىگى

سەكىز يىگرمى ئۇلۇغ ئەردىنى ئىتىلمىس قايلارىن بەلتىرلەرىن ياراتاغلاغ، يىر تەڭرىسىنىڭ دىدىمىڭا بەسەگىڭە ئوغساتى، قۇتلۇغدا - قۇتلۇغ، كىتۈماتى ئاتلاغ كەنت ئۇلۇستا سەكىز يىگرمى ۋىتياستان ساساتار بوسغۇنمىس كۆزۈنۈر قۇت تەڭرىسىڭە ئۇلەسى براخمايۇ ئاتلاغ ئۆگ ئىسىكە ئوغساتى (كونتىن تۇغۇلۇپ)، بەلگۈلۈگ بولۇپ، بۇرخان قۇتىن بولۇ، يارلىقاداچى تۇۋدت تەڭرى يىرىنتەكى (ئۆچ؟) دىئان ئاتلاغ قارسىدا ئولۇرۇ يارلىقار، ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودسۇت قۇتىڭا، يانا يانا يالىنسا يىنچكە ئۆتۈگ ئۆتۈنۈ، ئەت ئۆزۈمىن ئۇرۇنچاق تۇتۇزۇ، قوپ ئازۇنتاقى ئەت ئۆزىن يىنچۈرۈ تۆپۈن يۈكۈنۈرمەن.]

3) يەشمىسى:

(تىگىن دانىشمەن نامىغا ئاتاپ ئابىنك⑩ قىلغان، بەش دۇنيا جانلىقلىرىنى گۆرۈگە قويغان، ئون بەش ئاسانگى نايۇت⑪ سانىچە جانلىق ئوغلانلىرىنىڭ ئۈمىت - ئىشەنچىسى، كەلگۈسىدە سەككىز تۈمەن يىشغا يەتكەن جانلىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۆرت ئەردىنى⑫ بىلەن يارىتىلغان، سەككىز تۈمەن تۆرت مىڭ شەھەر دۆلەتلەردە ھەممىدىن ئىلگىرى باياشات، كەڭ - كۇشادە، ياغىسىز (دۈشمەنسىز) — بۆرىسىز، جەبرى - زۇلۇمسىز، ئالۋاڭ - ياساقسىز، غەم - ئەندىشىسىز، ھەددى - ھىساپسىز، باي - پاراۋان، سانسىزلىغان كۇتساۋار⑬ بايلارنىڭ ئۆي - ۋاقىلىرى بىلەن لىقمۇ - لىق تولغان، كوچا ۋە يوللىرى ئون سەككىز خىل كاتتا ئەردىنىلەر بىلەن ئىتىلگەن، يارىتىلغان يەر تەڭرىسىنىڭ تاجىسىغا⑭، بېزىگىگە ئوخشاش قۇتلۇقتىن - قۇتلۇق كىتۇماتى⑮ ئاتلىق كەنت - ئۇلۇستا ئون سەككىز خىل سىھرى كارامەتلىك شاستىر⑯لارنى ئۆگەنگەن قىياپەتتە كۆرۈنىدىغان قۇت تەڭرىسىگە ئوخشاش براھمايو⑰ ئاتلىق براھمانلار ئىلگىدىن براھماۋاتى⑱ ئاتلىق ئانىغا ئوخشاش قاتۇندىن تۇغۇلۇپ، دۇنياغا كېلىپ، بۇرخان بەختىگە ئېرىشكۈچى تۇۋدت⑲ تەڭرى يېرىدىكى (ئۆچ) دىئان ئاتلىق ئوردىدا ئولتۇرۇپ، يارلىق قىلغۇچى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىجاناپ مائىترى بودسۇت بەختىگە قايتا - قايتا يېلىنىپ، ئىنچىكە ئۆتۈنچ ئۆتۈنۈپ، تېنىمنى گۆرۈگە قويۇپ، پۈتكۈل ئاۋۇندىكى ۋۇجۇدۇم بىلەن باش ئېگىپ يۈكۈنىمەن.)

•2 بىرىنچى بۆلۈمدىن ئۈزۈندە:

«ئەسەر» نىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ ساقلىنىپ قالغىنى 8 ۋاراق (16 بەت) بولۇپ ئۇلار:

1-، 4-، 5-، 6-، 7-، 14-، 15-، 16 - ۋاراقلار. قالغان بەتلىرى يوقالغان. ھازىر قولىمىزدا بار يۇقۇرىدىكى 8 ۋاراقنىڭ خېلى كۆپ قىسمى (بەزى ۋاراقلارنىڭ تەڭ يېرىمىدىكى قۇرلار) ئۆچۈپ، تىتىلىپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغان ۋاراقلاردىكى قۇرلاردىن بۇ بۆلۈمنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئاساسلىق ھالدا مائىترىنىڭ دىكساپىت دىگەن ئەلدىن كېلىپ، براھمان قائىدىسىنى تاشلاپ، تويىن بولۇشقا تەييارلىنىپ يولغا چىقىدىغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

4) تېكىست: باستىنقى بىر پىتر

[نامۇ بۇت ..نامو درام.. نامۇ ساڭ.

ئەمتى بۇ نوملۇغ ساۋاغ ئاڭ ماگىت ئىلتە،

www.uyghurkitap.com



راچاگرى كەنت ئۇلۇستا ئۇقمىس كەرگەك. ئانتا ئۆترۇ ۋايسرۋانى ماخاراچىنىڭ ئۇچ ئۇلۇغ
كۆچلۈگ ئىناناچ بويرۇقلارى، قاتىپ ساداكارى خايماۋاتى بۇراناكۇ بۇلار ئۇچەگۇ كۆك
قالىغداقى يولقا ئۇچا كەلىپ، بىر ئىكىنتىسگە نوملۇغ ساۋ سۆزلەسۇ بۇراناكۇ ئىنچە تىپ
تىدى: كۆرۈگلەر كۆچلۈگلەر .. بۇ يىر تۇنچۇدە ئاكسىز - ئۆكۈس نوملۇغ تەلىم - تەسىم،
چوغ - يالىن بەلگۈلۈگ بولمىس ئەرۈر. ئانتا ئۆترۇ خايماۋاتى ئىنچە تىپ تىدى، ئەمتى قىئا
ياغرۇ ئۆدتە بەلگۈلۈگ بوامىس ئەرۈر كىم تەڭرى - تەڭرىسى بۇرخان قۇتىن بولۇ يارلىقاپ
بىر باغداسىن (؟) قۇرۇپ، يىتى - يىتى كۈن **دىنتار** دىئانلىغ مەڭى تەگىنۇ ئارتۇرۇ يارلىقادىپ.
تاقى يەمە نەڭ نوم نوملايو يارلىقا مادىپ. ... ... بۇلتى. ئۇلۇغ ئىلگ ئەزرۇئا... ...
باراناس كەنتتە..... ئۇچ تەگزىنچ ئىكى يگرمى بۆلۈك ... ...

... ... ...

... ... ماهانامى دا ئۇلاتىپ بىس بانچىكى تويىن ... ... تەڭرى بۇرخان قۇتغارۇ... ئون
ياكىپ ئارخانت تويىنلار بولتىلار تەڭرى بۇرخان بىرلە بىر يگرمى. ......]

4) يەشمىسى: بىرىنچى (بۆلۈم) بىرىنچى ۋاراق

(نامۇ⑳ بۇت، نامۇ درام㉑ نامۇ ساڭ㉒. ئەمدى بۇ نوملۇق㉓ سۆزنى ماگىت㉔
ئەلدىكى راچاگرى㉕ شەهەر دۆلىتىدىن ئۇقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ۋايسرۋانى ماهارا -
جىنىڭ㉖ ئۇچ ئۇلۇغ كۆچلۈك ئىناناچ بۇيرۇقلىرى㉗ يەنى ساداكارى㉘، هايماۋادى㉙،
بۇراناكۇ قاتارلىق ئۇچەيلەن كۆك ئاسماندىكى يول بىلەن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ، بىرى ئىككىن -
چىسىگە نوملۇق سۆز سۆزلەشتى. بۇراناكۇ مۇنداق دېدى: «قاراڭلار كۆچلۈكلەر، بۇ دۇنيادا
ئىنتايىن كۆپ، ئۇرغۇنلىغان نوملۇق تەلىملەر چوغ - يالقۇن بەلگىلىك بولۇۋاتىدۇ.» ئاندىن
كېيىن هايماۋادى مۇنداق دېدى: «يېقىنقى ۋاقىت ئىچىدىلا بەلگىلىك بولۇۋاتىدۇكى، تەڭرى
تەڭرىسى بۇرخان، بۇرخان بەختىنى تېپىپ، بىر باداشقان قۇرۇپ، يەتتە - يەتتە كۈن دىنتار㉚
دىئانلىغ شاتلىقنى ئۆتكۈزدى. (تېخى) هېچقانداق نوم تەپسىر قىلمىدى. ...... تاپتى. ئۇلۇغ
ئىلىگ ئەزرۇئا㉛...... باراناس㉜ كەنتتە...... ئۇچ جىلد ئون ئىككى بۆلەك ..............
... ... ماهانامى قاتارلىق بەش بانچىكى㉝ تويىن㉞ ...... تەڭرى (بۇرخان) قۇتقۇزۇپ،

... ... ... ...

... ... ... ...

ئون يېگى ئارخانت تويىنلار تەڭرى بۇرخان بىلەن ئون بىر بولدى. ..........)

5) تېكست: باستېنقىپ تۆرت پىتر

...] ... ... ...

... ... ... ...

هايماۋاتى ئىنچە تىپ تىدى. ...... ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودسۋت دىكسانىپت
ئىلتىن كەلىپ، باسانگ تاغقا تەگدۈكتە برامان تۆرۈسىن قودۇپ، تەڭرى بۇرخان نومىنتا
ئەۋىگ - بارقىغ قودۇپ، ساچىن ساقالىن يۇلۇپ، ۋازانپات قىلىپ تويىن بولۇر ..ئول ئانتاغ
**تەڭرى** تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئۇلۇغى ئوغلى **ئاياغقا** تەگىملىگ مائىترى بودسۋتنىڭ تويىن
**دىنتار** بولغۇلۇق ئۇلۇغ تۆرۈلۈگ...... ياكىپ كۆنۈك كۆرۈنچلەرىگ كۆرگەلى تەڭرىدەم قۇۋراغ

يېتىلۇرلار...... ئىسكە بارېر بىز.. ئانتا ئۆترۇ...... ئىنچە تىپ تىدى.. ئانتاغ ئەرسەر تۇزۇن مائىترى بودىسۋت قايۇتا ئەركى، ئۆترۇ ساداكارى ئىنچە تىپ تىدى، بۇ بىزنىڭ ئىنىمىز تۇرك تۇركىس ئۇلۇستا بالىقتا ئۇتۇرۇپ، ... ياڭاقاغتىن يورىر ئۇچۇن ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودىسۋتنىڭ ئەدگۇسىن... ... ... ئەمتى مۇڭار كۆركۇرۇ ئايۇ بىرىڭ. ئانتا ئۆترۇ خايماۋاتى ئىنچە تىپ تىدى: ئەسدگىل سەن، ئەمتى ساڭا ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودىسۋتنىڭ ئەدگۇسىن ـ ئەردەمىن كۆنى ئايۇ بىرەيىن كىم، ئول ساڭا ئاۋانت تىلتاغ بوازۇن. قالتى... ئىكى يگرمى ياسلاغ تېنلىغلارنىڭ ئۆزىنتە ـ ياسىنتا ساكىمۇنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىرلە سوقۇسۇپ، ئەدگۇ قىلىنچ بويان بۆگتەك، تاپاغ ـ ئۇرۇغ قىلتىلار ئەرسەر ئانچۇلايۇ يەمە كىن ئۆدۇن سەكىز تۇمەن ياسلىغ تېنلىغلارنىڭ ئۆزىنتە ـ ياسىنتا تۇزۇن مائىترى بۇرخان بىرلە توسۇسۇپ، ئەدگۇ قىلىنچ قازغانغايسەن.

... ... ... ...

... ... ... .. ]

5) يەشمىسى: بىرىنچى (بۆلۈم) تۆتىنچى ۋاراق

(... ... ...

... ... ... هايماۋاتى مۇنداق دىدى:...... هۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسۋت دىكسانىپت[35] ئەلدىن كېلىپ، پاسانگ[36] تاغقا تەككەندە بىرامان[37] قائىدىسىنى تاشلاپ، تەڭرى بۇرخان نومىدا ئۆي ـ ۋاقىنى تاشلاپ، چېچىنى ـ ساقىلىنى چۈشۈرۈپ، ۋازانپات[38] قىلىپ تويىن بولىدۇ. ئۇ ئۇنداق تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئۇلۇغ (چوڭ) ئوغلى هۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسۋتنىڭ تويىن دىنتار بولغۇلۇق ئۇلۇغ مۇراسىملىق يېڭى كۈننى (ۋە) كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى تەڭرىلىك جامائەت يىغىلىدۇ؛ ... ... ئىشقا بارىمىز. ئاندىن كېيىن... ... مۇنداق دىدى: «ئۇنداق بولسا، ئالىجاناپ مائىترى بودىسۋت قەيەردە ئىكەن؟» ئاندىن كېيىن ساداكارى مۇنداق دىدى: «بىزنىڭ ئىنىمىز تۇرك تۇركەس دۆلەتدە، شەهەردە ئۇچرىشىپ...... تەرەپتىن يورۇش ئۇچۇن هۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسۋتنىڭ ياخشىلىغىنى ... ... ئەمدى بۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئېيتىپ بېرىڭ.» ئاندىن كېيىن هايماۋاتى مۇنداق دىدى: «ئاڭلىغىن سەن (بوراناكۇ)، ئەمدى ساڭا هۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسۋتنىڭ ياخشىلىغىنى پەزىلىتىنى توغرا ئېيتىپ بېرەيكى، ئۇ ساڭا ئاۋانت تىلتاغ[39] بولسۇن. (سەن) ئون ئىككى ياشلىق جانلىقلارنىڭ ئۆز هاياتىدا ساكىمۇنى[40] تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىلەن ئۇچرىشىپ، ياخشى قىلمىش قىلغان، خىزمەت كۆرسەتكەن، ئىززەت ـ هۆرمەت قىلغان بولساڭ، شۇنداق قىلىپ يەنە كەلگۈسىدە، سەككىز تۇمەن ياشىغان جانلىقلارنىڭ ئۆمرىدە ـ هاياتىدا ئالىجاناپ مائىترى بۇرخان[41] بىلەن ئۇچرىشىپ، ياخشى قىلمىش توپلىغايسەن.........)

3. ئىككىنچى بۆلۈمدىن ئۈزۈندە:

«ئەسەر» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى «ئەسەر» نىڭ ئەڭ مۇهىم بۆلۈمى هىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ۋەقەلىكلەر خىلمۇ ـ خىل ۋە مۇرەككەپ، پېرسونازلار كوپ، بەدىئىلىگى ئۈستۈن، گۈزەل تەسۋىرلىرى ۋە ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى بار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



2 ـ بۆلۈمدە ۋەقە بادارى بىراھماننىڭ ئۆيىدىن باشلىنىدۇ. مائىترى قاتارلىق 16 ئوغۇل تاڭ سەھەردە ئۇستازى بادارى بىراھماننىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى بۇرخان (ساكيامۇنى) نىڭ قېشىغا بېرىپ، تويىن بولماقچى بولۇۋاتقانلىرىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن، بادارى بىراھمان ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىللە بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇلار تەڭرى بۇرخاننىڭ ئالدىغا بارغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان مەسىلىلىرىنى سوراپ كۆرۈشلىرىنى؛ تەڭرى بۇرخاننىڭ 32 تۈرلۈك بەلگىسى تولۇق بولسا ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئېنىق جاۋاپ بەرسە، ئاندىن ئۇنىڭ شاگىرتى بولۇشلىرىنى جېكىلەيدۇ. مائىترى ئۇستازىنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، دىكسانىپۇت ئېلىدىن ماتىيادىس دۆلىتىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يولغا چىققاندا يول ئۈستىدە مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا زور ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ھەتتا چول ـ باياۋانلاردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئارسلان، يولۋاس، پىل قاتارلىقلارمۇ ئۇنى كۆرگەندە، خۇددى كۆندۈرۈلگەندەك يۇۋاشلىنىدۇ، پىللار خارتۇملىرى بىلەن نىلۇپەر گۈللىرىنى تۇتۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. شىر، يولۋاسلار يەر بېغىرلاپ يېتىپ ئۇنىڭ تاپانلىرىنى يالايدۇ ۋە زۇۋانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشىدۇ...... بۇلار بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان قۇتقازغۇچى ئىلاھ مائىترىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ بەك كۈچەيتىدۇ. ئاخىرى مائىترى تەڭرى بۇرخان بىلەن ئۇچرىشىدىغان قەتئىي ئىرادە بىلەن، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، تەڭرى بۇرخان ئالدىغا يېتىپ بېرىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ.

6) تېكىست:

ئىكىنتى ئۈلۈس ئالتىپ پىتر

[ ..ياسرو كۆڭلىن ئىنچە تىپ سىزنىك ئايتىڭلار، بىزنىڭ باخشىمىز باردارى برامان نە ئوسۇغلۇق ـ تۆزلۈگ ئەركى، نەچە ياسلاغ ـ سىبىسلاغ ئەركى، تىنتسلارېڭا قايۇ ساساتارلار بوسفۇرۇر ئەركى: تاقى يەمە ئىنچە تىپ سىزنىك ئايتىڭلار.. تۆپۈ نەگۇ بولۇر ئەركى.. تۆپۈدىن تايىماق نەگۇ بولۇر ئەركى، بۇ مۇنتاغ تۈرلۈگ ئايتمىس سىزنىكلەرنىڭىزنى ئادارتىلايۇ يارلىقاسار، ئۆترۈسىزلەر ئىنچە ئۇقۇڭلار.. سىزنىكسىز تۆگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرمىس نە ئۈچۈن تىپ تىسەر كىم قايۇ قۇتلۇغ تېنلاغلارنىڭ ئىكى قېرق قۇت بۇ يانلاغ ئىرۇ بەلگۈسى تۆگەل بار ئەتسەر.. ئول تېنلاغ تۆگەل بىلگە بىلگىلىگ بۇرخان ئاتانۇر..]

6) يەشمىسى:

ئىككىنچى بۆلۈم ئالتىنچى ۋاراق

(يوشۇرۇن كۆڭۈل بىلەن مۇنداق دەپ گۇمانلارنى سوراڭلار: «بىزنىڭ ئۇستازىمىز بادارى برامان قانداق قىياپەتلىك، نەسەپلىك؟ ياش قورامى قانچىدە بار؟ شاگىرتلىرىغا قانداق ـ قانداق شاستىرلارنى ئۆگىتىدۇ؟» تېخى يەنە مۇنداق دەپ گۇمانلارنى سوراڭلار:

«تۆپە (چوققا) قانداق بولىدۇ؟ تۆپىدىن تايماق قانداق بولىدۇ؟» (ئۇ) سىزلەرنىڭ سورىغان مۇشۇنداق تۈرلۈك گۇمانلىرىڭلارنى ئېنىق ئايرىپ بەرسە، ئاندىن سىلەر شۇنداق ئۇقۇڭلاركى، ئۇ شۈبھىسىز تۇگەل دانا تەڭرى تەكرىسى بۇرخان بولىدۇ.)

7) تېكىستنىڭ داۋامى:

[سىزلەرنىڭ ئارا قايۇسى ئۇلۇغ ئەرسەرسىزلەر.. ئول ئۆگرەكى سىزنىڭ ئايىتسۇن. ئانتادا باسا كەزىكچە كەنتۇ - كەنتۇ بوسغۇنمىس ۋىت ئوپاۋىت ياۋاگان لوكاياتا ئولاتى ساساتارلار ئىچىنتەكى تەرىڭ - تەرىڭ يۆرۈگلەر سىزىك ئايىتىڭلار. تاقى يەمە يۇلتۇز كۆرۈم ئىچىنتەكە ئالپ - ئالپ سىزىك ئايىتىڭلار.. ئول ئايىتمىس سىزىكلەرىڭىزلەرنى تېدىغ - سىز - تۇتۇغسۇز كىڭىنچ بىرۇ ئۇسار.. تىمىن ئۆك ئانىڭ تېتىسىسى بولۇڭلار.. ئالپ بولغۇلۇق بۇرخان قۇتىلىغ ئەردىنىلىگ ئوترۇۋتا كىرىپ، قۇترۇلماقلاغ يولۇغ ئەدگۇاۋگ ئەردىلىلەر كۆكىلچە ئىدىڭلەر. قاچان سىزلەر مەنگۈلۈگ مەڭىگە تەكسەرسىزلەر ماڭا يەمە ئەدگۇاۋگ ئۇاۋس يانتۇرۇ ئىدىڭلار. ياسقا سىسقا تەگمىس قارى قاغىزلارنى قانمادۇق كۇسۇسلۇگ قىلماڭلار..]

7) يەشمىسى:

(سىزلەرنىڭ ئارىڭىزلاردا قايسىڭىزلار چوڭ بولسىڭىزلار، شۇ ئاۋال گۇمانىنى سورىسۇن. ئاندىن كېيىن (چوڭ - كىچىكلىك) رېتى بويىچە ئۆزەڭلار ئوقۇغان «ۋىت ئوپاۋىت ياۋاگان لوكا ياتا»㊷ قاتارلىق شاستىرلار ئىچىدىكى تىرەن - چوڭقۇر ئۇقۇملار توغرىسىدا گۇمانىڭلارنى سوراڭلار. تېخى يەنە يۇلتۇز كۆرۈم (مۇنەججىملىك) ئىچىدىكى ئىنتايىن قىيىن (مەسىلىلەر توغرىسىدا) گۇمانىڭلارنى سوراڭلار. ئۇ سىلەر سورىغان گۇمانلارغا تۇتۇلماي ئېنىق جاۋاپ بېرەلىسە، دەرھال ئۇنىڭ شاگىرتى بولۇڭلار. ئەستە تاپقىلى بولىدىغان بۇرخان بەختلىك ئەردىنىلىك ئارالغا كىرىپ، قۇتۇلماقلىق يولىنى خەيرلىك ئەردىنىلىرى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بېرەڭلار. سىزلەر قاچان مەڭگۈلۈك شاتلىققا ئېرىشسىڭىزلەر ماڭىمۇ ياخشىلىق نېسۋىسىدىن ئەۋەتىۋېتىڭلار. ياشانغان قېرى ئاتاڭلارنى ئارماندا قالدۇرماڭلار.)

8) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئانتا ئۆترۇ تۈزۈن مائىترى قانداسى ئاچىتىدا ئۇلاتى بىس يىگىرمى ئۇرىلار بىرلە بادارى برامانىڭ ئېناغ ساۋىن تەگىنىپ، ياسلارى سەۋرىلۇ - ئېغلايۇ بادارى برامانىغا كسانتى قىلىپ، بىس يۈز برامان ئۇرىلارىغا تەگۈرۈ بارارى برامان بالىقىنتىن ئۇنۇپ باردىلار. ئانتا ئۆترۇ دىكسانىت ئىلتەكى قالىن قارا بودۇن ئىنچە ئىسدىتلەر.. تۈزۈن مائىترى باخشىسى بادارى براماناغ قودۇپ، ماتيادىس ئۇلۇسقا بارىرمىس، قالتى ئامراق ئۆگىنتىن قاڭىتىن ئادرالمىس ئوسۇغلۇغ بولۇپ، مىڭ - مىڭ، تۈمەن - تۈمەن ئەرەن ئىسىلەر ئۇلۇغ كىچىگ ئوغلانقا تەگى بولۇگتىن - يىگاقتىن تويىن - تويىن يىغىلىپ، ئىغلايۇ - سىغتايۇ تۈزۈن مائىترىقا ياقىن كەلىپ، ئاغار ئاياماقىن ئىنچە تىپ تىدىلەر:]

8) يەشمىسى:

(ئاندىن كېيىن ئالىجاناپ مائىترى قاندىشى (قېرىندىشى) ئاچىتى㊸ قاتارلىق ئون بەش ئوغۇل بىلەن بىللە بادارى برامانىڭ سەممى سۆزىنى ئاڭلاپ، ياشلىرىنى ئېقىتىپ

يىغلاپ، باداري برامانغا كاسانتى (تۆۋە) قىلىپ، بەش يۈز برامان ئوغلىغا (ئۇنىڭ سۆزىنى) يەتكۈزۈپ، باداري برامان شەھرىدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن دىكسانىپت ئەلدىكى نۇرغۇن ئاددى پۇقرا مۇنداق (سۆز) ئىشىتتى: «ئالجاناپ مائىترى ئۇستازى باداري برامانىنى قويۇپ، ماتىيادىس دۆلىتىگە بارغۇدەك.» (بۇ سۆزنى ئىشىتىپ) خۇددى ئامراق ئاتا - ئانىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئەر - ئاياللار، ئۇلۇغ - ئۇششاق ئوغلانلارغىچە تەرەپ - تەرەپتىن توپ - توپ بولۇپ يىغىلىپ، يىغا - زارە قىلىشىپ، ئالىجاناپ مائىترىغا يېقىن كېلىپ، زور ھۆرمەت بىلەن مۇنداق دېيىشتى:)

9) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئەدگۈلۈگ قۇت تەڭرىسى برامانلار ئارىغى ئەزرۇئا تەڭرى قوپ ئۇمۇغسۇز - ئىناغسىز تىنلىغلارنىڭ ئۇمۇغى - ئىناغى، ئالقۇ دىكسانىپت ئىلىنىڭ ئاتلىغى ئالقۇقا تۈز يارلىقانچۇچى بىلگىلىگ ئەردىڭىز، بىزنى ئۈزەكى ئامرانماق بىلگىڭىز قانتا باردى .. بىزنى قودۇپ، قانچا بارغالى ساقىنۇرسىز .. بۇ مۇنتاغ تۈرلۈگ ئامراقتىن ئادرالماق ئاچىغ ئەمگەك قانتاران بەلگۈردى ئەركى .. بۇ مۇنتاغ ئىرىنچ يارلاغ، ئاغاز يارلاغ، كۆز ياشلىغ نەچۈكىن قودۇپ بارىرسىز.]

9) يەشمىسى:

(«خەيرلىك، بەخت تەڭرىسى، برامانلارنىڭ پاكى، ئەزرۇئا تەڭرىسى بارلىق ئۈمىتسىز - ئىشەنچسىز جانلىقلارنىڭ ئۈمىت - ئىشەنچى، پۈتكۈل دىكسانىپت ئېلىنىڭ شۆھرىتى، ھەممىگە تۈز (بىردەك) مېھرىبان، پاراسەتلىك ئىدىڭىز. (ئەمدى) بىزگە بولغان مۇھەببەتلىك پاراستىڭىز نەگە كەتتى؟ بىزنى قويۇپ، نەگە كەتمەكچىسىز؟ بۇ مۇنداق تۆرلۈك ئامرىغىدىن ئايرىلىدىغان ئاچچىق ئازاپ نەدىن پەيدا بولىدى؟ مۇشۇنداق بىچارە، دەرتمەن ئاغزى يارلىق، كۆزى ياشلىق (جانلىقلارنى) نىمشقا تاشلاپ كېتىسىز.)

10) تېكىستنىڭ داۋامى: ئىكىنتى ئۈلۈس يىتى پىتر

[ئانتا ئۆترۈ ئاياغقا ئەگىملىگ مائىترى بودىسۇت كۆزۈنۈر ئەزرۇئا تەڭرى ئوسۇغلۇغ ئول دىكسانىپت ئىلتەكى بودۇن - بوقۇنۇغ بۇسۇسلۇغ - قادغۇلۇغ كۆرۈپ، ياڭالار بەگى ئوسۇغلۇغ ئوڭارۇ تەگزىنۈ قادرىلۇ قايىپ ئامراق ئاتاسى بىر: بىرەمۈك ئوغلاغۇ ئوغلىن ئەمرەيۈرچە باليقلاغ بودۇنقا ئىنچە تىپ تىدى: ئارتۇق بۇسۇسلۇغ - قادغۇلۇغ بولماڭلار. يىرتىنچۇ يىر سۇۋنۇڭ تۆرىسى مۇنتاغ ئەرۈر .. نەئۈچۈن تىپ تىسر، نەچە ئۆركىچ بۇ تىنلاغ ئوغلانى بىس تۆرلۈگ سەۋىگلىگ مەڭى تەگىنسەرلەر .. سور سۇۋ ئىچمىس ئوسۇغلۇغ تودماز - قانمازلار، نەچە ئۆركىچ ئامراقلاغۇ قوۋراغ بىرلە مەڭىلەسەر - ئۆگرۈنچۈلەسەر كىنىڭە ئامراقتىن ئادرالماق ئاچىغ ئەمگەك كەلمەگى بار .. ]

10) يەشمىسى: ئىككىنچى بۆلۈم يەتتىنچى ۋاراق

(ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسۇت ⑭ كۆرۈنەر ئەزرۇئا تەڭرىگە ئوخشاش ئۇ دىكسانىپت ئەلدىكى ئەل - خەلقنى غەملىك - قايغۇلۇق كۆرۈپ، پىللار بېگىگە ئوخشاش ئوڭغا ئايلىنىپ، قايرىلىپ - بۇرۇلۇپ، ئامراق ئاتىسى بىردىن - بىر سەممى نازۇك ئوغلىنى بەزلىگەندەك شەھەرلىك خەلققە مۇنداق دېدى: ئارتۇقچە غەم - قايغۇلۇق بولماڭلار. يەر - جاھاننىڭ (ئالەمنىڭ) قانۇنى مۇشۇنداق بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن دېسە، بۇ جانلىق ئوغلانى بەش تۈرلۈك مۇھەببەتلىك شاتلىققا قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئېرىشسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

خۇددى شور سۇ ئېچكەندەك (شاتلىقتا) تولمايدۇ، قانمايدۇ. ئامراق كۆرىدىغان جامائەت بىلەن قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ھوزۇرلانسا، شات - خورام ئۆتسە، ئاخىردا ئايرىلماقتەك ئاچچىق ئازاپنىڭ كەلمىگى بار.)

11) تېكستنىڭ داۋامى:

[نەچە ئۆركىچ بۇ ئەت ئۆزۈك ئائيايۇ - چىلتەيۇ، كۆيۇ - كۈزەدۇ تۇتسار، ئول ئوق تۈپىنتە ئۆلمەگى بار .. ئانى بىلگە يالڭۇق ئوغلى ئەدگۇ قىلىنچ قىلمىس كەرگەك. كىم ئاژۇن - ئاژۇنتا كۈلگە تەك باسا بارىر .. كۆرۈ تېتماز. ئەمتى يەمە بۇ يىر سۇۋدا نوملۇغ چاكرىرت ئېلىگ قان بەلگۈرمىس ئەرۈر .. كىم ئاڭار ئۇمۇغ - ئىناغ تۇتسار تۆرت تۈرلۈگ تويىن تۇسىن ئۆگدىر بىرۈ يارلىقار .. ئامارىڭا پىردىكا سانبۇت قۇتىڭا ئالقىس بىرۈر .. ئامارىڭا تۈزكەرىنچسىز بۇرخان قۇتىڭا ئۇرۇغ - تارىخ ساچار. ئۆستۈنكى ئۇلۇغ كۈچلۈگ قۇت ۋاخسىك لار ئاڭار ياقىن بارسارلار، ئالقىنچسىز ئاژۇنلۇغ ئاساغ ئالىرلار.]

11) يەشمىسى:

(بۇ تېنىنى قانچە ئۇزۇن زامان ئاياپ - قەدىرلەپ، ئاسراپ تۇتسىمۇ، ئۇنىڭ تۈۋىدە ئۆلمەكلىك بار. شۇڭا ئەقىللىق ئادەم بالىسى ياخشى قىلمىش قىلىشى كېرەككى، (ئۇلارنىڭ ياخشى قىلمىشلىرى) ئاژۇن - ئازۇندا كۆلەڭگىدەك كەينىدىن (ئەگىشىپ) بارىدۇ، كۆرۈپ ۋاز كەچمەيدۇ. ئەمدى يەنە بۇ يەر - سۇدا (جاھاندا) نوملۇق چاكرىرت ئېلىگ ⑮ خان پەيدا بولدى. كىم ئۇنىڭغا ئۈمىت - ئىشەنچ باغلىسا، تۆت تۈرلۈك تويىن ھەققى بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ. بەزىلەرگە پىردىكاسانبوت ⑯ بەختى ئۈچۈن ئالقىش ئاتا قىلىدۇ. بەزىلەرگە، ئادىل بۇرخان بەختى ئۈچۈن ئۇرۇق چېچىپ زىرائەت تېرىيدۇ. ئۈستۈنكى ئۇلۇغ كۈچلۈك قۇت ۋاخسىكلار ⑰ ئۇنىڭغا يېقىن بارسا، يوقالمايدىغان ئاژۇنلۇق پايدا ئالىدۇ.)

12) تېكستنىڭ داۋامى:

[تاقى تامۇ پىرىت يېلقى ئاژۇنىنتا توغمىس ئىرىنچ يارابىغ تېنلىغلار ئانىڭ ئەدگۈسىن ساقىنىپ، ئانچاقىيا ئۆدتە سۈزۈگ كۆڭۈل ئۆرىتسەرلەر .. ئول ئەدگۈ قىلىنچ كۈچىنتە ئۈچ ياۋلاق يولۇغ ئۆزلەردىن ئوزار .. قۇترۇلۇرلار. ئەمتى بىزىڭە يەمە يارۇق - يالتىرىقلاغ يالاۋاچى كەلتى. ئانىڭ يارلىقىن تۈگەل قىلمىس كەرگەك. ئانىن ئەمتى بۇ ئۇلۇستىن ئۇنۇپ بارىرمەن. سىزلەر ئارتۇق بۇسانماڭلار. ئانتا ئۆترۈ مىڭ - مىڭ، تۈمەن - تۈمەن تېنلىغلار كەنتۈ ئۆگلەرىن، قاڭلارىن ئەۋلەرىن - بارقلارىن قودۇپ، ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودسۇت ئىيە باردىلار. ئانتا ئۆترۈ بۇرخانلىغ چاكرىرت ئېلىگ خانىنىڭ ئۇلۇغى ئوغلى تۈزۈن مائىترى بودسۇت دىكسانىپت ئىلتى.]

12) يەشمىسى:

(تېخى دوزاق پىرىت ⑱ ھايۋانلار ئاژۇنىدا توغۇلغان بىچارە دەرتمەن جانلىقلار ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلاپ، شۇنچىلىك ۋاقىتتا سۈزۈك كۆڭۈل تۇرغۇزسا، شۇ ياخشى قىلمىش كۈچىدە، ئۈچ يامان يوللۇق روھلاردىن ئوزىدۇ، قۇتۇلىدۇ. ئەمدى بىزگىمۇ نۇرلۇق - يالتىراقلىق ئەلچىسى كەلدى. ئۇنىڭ يارلىغىنى تۈگەل ئورۇنلاش كېرەك. شۇڭا، ئەمدى

www.uyghurkitap.com



بۇ ئەلدىن چىقىپ كېتىۋاتىمەن. سىزلەر ئارتۇق غەم قىلماڭلار.» ئاندىن كېيىن مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن جانلىقلار ئۆز ئانىلىرىنى، ئاتىلىرىنى، ئۆي-ۋاقلىرىنى تاشلاپ ھۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودىسەۋتقا ئەگىشىپ مېڭىشتى. ئاندىن كېيىن بۇرخانلىق چاكىرىت ئېلىگ خانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىجاناپ مائىترى بودىسەۋت دىكسانىپت ئەدىن)

13) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ماتيادىس ئۇلۇسقا تەگىنچە، قايۇ-قايۇ ئۇلۇسقا تەگسەر، سانسىز-ئۆكۈس تېنلىغلار ئۇلۇغ ئاغار ئاياغىن ئۇترۇ ئۈنەرلەر ئەردى.. ئۆكۈس تۇرلۇگ تاپاغ-ئۇدۇغ قىلۇرلار ئەردى.. قاچان بالىقتىن-ئۇلۇستىن ئۈنۈپ بارسار، ئەرۈس-ئۆكۈس تېنلىغلار، ئەدگۇ ئۆگلىلەر ئامراقلاغۇ قوۋراغلارىن قودۇپ، تېتىپ، تۈزۈن مائىترى بودىسەۋت باساسىنتا بارىرلار ئەردى.. سانسىز-ئۆكۈس ئاژۇنتا مائىترى ئەدگۇ ئۆگلى ساقىنچ بىسۇرمىس ئۈچۈن، ئالقۇ ئەدگۇنۇڭ ئىدىسى بولمىس ئۈچۈن قايۇ ئاداغ-سەمەگكە تەگسەر، ئول ئاراغدا ئەرىگمە قادار ياۋلاق ئارسلان، بارس، ياۋادا ئۇلاتى كەيىكلەر ياۋالمىس ياۋاس بولۇر.. بولۇرلار ئەردى. ياۋالار تۇمسۇغلارىنتا لىنخۇئا چەچەك يۆرگەپ، تۈزۈن مائىترى بودىسەۋت ئۇترۇسىنتا كەلىپ، ئوۋارۇ تەگزىنىپ ئاغار ئاياغ قىلۇرلار ئەردى. ئارسلانلار، بارسلار باغىرىن تۈسۈپ، سۈزۈگ كۆڭلىن مائىترى بودىسەۋتنىڭ ئاداقىن ئۇلىن يالغايۇرلار ئەردى......]

13) يەشمىسى:

(ماتيادىس ㊾ دۆلىتىگە يەتكىچە قايسى دۆلەتكە بارسا، سانسىز نۇرغۇن جانلىقلار ئىنتايىن زور ھۆرمەت بىلەن ئالدىغا چىقاتتى. كۆپ تۈرلۈك ھۆرمەت-ئېھتىراپ بىلدۈرەتتى. شەھەر-دۆلەتتىن چىقىپ ماڭغاندا، نۇرغۇن جانلىقلار، ياخشى نىيەتلىكلەر ئامراق كۆرىدىغان جامائەتلىرىنى قويۇپ-تاشلاپ، ئالىجاناپ مائىترى بودىسەۋتنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى. سانسىز-نۇرغۇن ئاۋۇندا ㊿ مائىترى ياخشى نىيەتلىك ئوي (پىكىر) يوشۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن، قايسى ئورمانلىققا يەتسە، شۇ ئورمانلىقتىكى ياۋايى ۋەھشى ئارسلان، يولۋاس، پىل قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆندۈرۈلگەندەك يۇۋاش بولاتتى. پىللار تۇمشۇقلىرىدا نىلۇپەر گۈللىرىنى يۆگەپ، ئالىجاناپ مائىترى بودىسەۋتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭغا ئايلىنىپ زور ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئارسلانلار، يولۋاسلار يەر بېغىرلاپ يېتىپ، سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ئالىجاناپ مائىترى بودىسەۋتنىڭ پۇتىنىڭ ھۇلىنى (تاپىنىنى) يالايتتى......)

4. ئۈچىنچى بۆلۈمدىن ئۈزۈندە:

«ئەسەر» نىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى بىرقەدەر تولۇق ۋە ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەر بەتكە 31 قۇردىن خەت يېزىلغان. بۇنىڭدا ۋەقە كاپىلاۋاستۇ شەھىرىدىكى نىكۇدارام ئىبادەتخانىسىدىن باشلىنىدۇ ۋە ساكيامۇنىنىڭ ھامماچىسى ۋە ئىنىكئانىسى «ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى خاتۇن» نىڭ ساكيامۇنىغا ئاتاپ، ئۆز قولى بىلەن كېۋەز تېرىپ، تىتىپ-ئادالاپ، يىپ ئىگىرىپ، بۆز توقۇپ ئۆز قولى بىلەن تون تىككەنلىكى، سانتۇدان ئىلىك بەگ مىڭلىغان مەلىكىلەرگە نوم ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلغانلىقى قاتارلىق بىرمۇنچە گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن تولغان تەسىرلىك ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭدىن ئۈزۈندە تونۇشتۇرىمىز:

14) تېكىست: ئۈچۈنچ ئۆلۈس بىر پىتر

[نامۇ بۇت، نامۇ درام، نامۇ ساڭ. ئەمتى بۇ نوملۇق ساۋاغ كاپىلاۋاستۇ بالىقتاقى نىكودارام ئاتلىغ ساڭرامتا ئۈقمىس كرگەك.. ئانتائۆترۇ ماھاپرا جاپاتى گائۇتامى قاتۇنۇڭ پاتنى ئاتلىغ يۇمۇسچى قىز، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ سىراۋىست كەنتتىن كاپىلاۋاستۇ بالىقا كەلگۈسىن ئايىتغالىپ بالىقتىن ئۈنۈپ، نىكودارام ساڭرامغا باردى.. ساڭرام قاپىغىڭا تەگىپ، ماھانامى ئۇراكوغ ئۈنتەيۈ ئايىتۇ تۇردى.. ئانتا ئۆترۇ تەلىم ئۈكۈس ساڭرامغا..قۇنچۇلار ئارا بىر ئۇپاسانچ ئىبىسلەر ئۈنە كەلىپ، ئول پاتنى قىز كۆرۈپ، ئىنچە تىپ ئايىتى.. قانتا ئەردىڭ، نە ئىسكە كەلتىڭ .. ئۆترۇ پاتنى قىز ئىنچەتىپ تىدى.. تۈگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كاپىلاۋاستۇ بالىقا كەلگۈسىن ماھانامى ئۇراكۇ بەگكە ئايىتغالى كەلتىم ئەردى ..ئۆترۇ ئول ئۇپاسانچ ئىنچە تىن تىدى.. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كەلمەگى ساڭا نە كرگەك ئەرۈر ..پاتنى قىز ئىنچە تىپ تىدى.. ساكىلارنىڭ قاتۇنى ماھاپر جاپاتى گائۇ تامى كەنتۇ ئىلكىن ئۇلۇغ ئەمگەكىن ئىسلەپ، تەڭرىدەم كەس ئاتلاغ ئاغىقا ئۆلەسى بۆز توقۇپ، ئاراغ يۇپ، ئانۇق قىلمىس ئەرۈر..]

14) يەشمىسى: ئۈچىنچى بۆلۈم بىرىنچى ۋاراق

(بۇتقا چوقۇنايلى، (بۇددا) قانۇنىغا بويسۇنايلى، راھىپلارغا ئىخلاس قىلايلى. ئەمدى بۇ نوملۇق سۆزنى كاپىلاۋاستۇ[51] شەھرىدىكى نىكۇ دارام[52] ئاتلىق ساڭرامدىن[53] ئۇقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ماھاپرا جاپاتى گائۇتامى[54] خاتۇننىڭ پاتنى[55] ئاتلىق خىزمەتچى قىزى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ سىراۋىست[56] كەنتتىن كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە قاچان كېلىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ، نىكۇ دارام ساڭرامغا باردى. ئۇ ساڭرام قاپقىسىغا كېلىپ، ماھانامى ئۇراكۇنى[57] چاقىرىپ (ئۈنىگدىن) سورىدى، ئاندىن كېيىن ساڭرامغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان مەلىكىلەر ئارىسىدىن بىر راھىبە چىقىپ، پاتنى قىزنى كۆرۈپ مۇنداق دەپ سورىدى: «سەن قەيەردىن ئىدىڭ، نىمە ئىشقا كەلدىڭ؟» كېيىن پاتنى قىز مۇنداق دىدى: «ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە (قاچان) كېلىدىغانلىقىنى ماھانامى ئۇراكۇ بەگدىن سورىغىلى كەلگەن ئىدىم.» كېيىن ھىلىقى راھىبە مۇنداق دىدى: «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كەلمىگى ساڭا نىمىگە كېرەك ئىدى؟» پاتنى قىز مۇنداق دىدى: «ساكىلارنىڭ خاتۇنى ماھاپر جاچاتى گائۇتامى ئۆز قولى بىلەن ئىنتايىن جاپالىق ئىشلەپ تەڭرىلىك كەش ئاتلىق گۆھەرنى ئاتىلاشتۇرۇپ بۆز توقۇپ پاكىز يۇيۇپ تەييارلاپ قويغان ئىدى.»)

15) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئانىن باسا مەنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاناغ ئايىتغالىپ ئىدۇر. بۇ ساۋاغ ئىسىدىپ ئول ئۇپاسانچ ئىسلەر مۇڭادىپ ـ ئادىنىپ ئىنچە تىپ تىدى: قوپ قۇنچۇلاردا قۇتادمىس ئوغلاغۇن ئۆلغادمىس گائۇتامى قاتۇن ئەرۈر ..ئىنچىپ يەمە قاماغ ئۇزانماقتا قودىقى ياۋاز يىرتىمىس بۆز توقىماق ئەرۈر .. يانا گائۇتامى قاتۇن ئىدۇق ئىلىگىن بۆز نەچۈك توقىيۇر يارلىقادى ئەركى.. ئانى ئىسدىپ پاتنى قىز ئىنچە تىپ تىدى.. يالۇڭۇز بۆز توقىدى ئەرسەر نە ئەمگەك ئەردى ..ئۆترۇ ئول ئۇپاسانچ ئىسلەر ئىنچە تىپ تىدى: ئانتادا ئادان تاقى

نەگۇ قىلتى ئەركى .. ئۆترۇ پاتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى .. كەپەز تارساغۇق ئۆدتە گائۇتامى قاتۇن كەنتۇ ئىلىگىن ئۇرۇغ ساچتى.. ئوتاغۇ ئۆدتە كەنتۇ ئىلىگىن ئوتادى، سۇۋاغۇ ئوغۇردا سۇۋتىن سۇۋاپ ئاچىنتى.. ئۆزئىلىگىن ئىدىدى .. كەنتۇ ئۆزى ئارىتىپ، قانلاپ ئۆز ئىلىگىن تىدىپ، ئۆزى ئەگىرىپ ئۆزى بۆز توقىدى..]

15) يەشمىسى:

(شۇندىن كېيىن مېنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ (قاچان كېلىدىغانلىقىنى) سورىغىلى ئەۋەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھىلىقى راھىبە ھەيران بولۇپ دېدى: «بارلىق مەلىكىلەرگە بەخت كەلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ نازاكىتىنى كۈچەيتكەن گائۇتامى خاتۇندۇر. شۇنداق تۇرۇپ، بارلىق چىۋەرلىكنى تۆۋەنلىتىدىغان ناچار (ۋە) ئاسان يىرتىلىدىغان بۆز توقۇپتۇ. گائۇتامى خاتۇن يەنە نېمىشقا مۇقەددەس قولى بىلەن بۆز توقۇيدىكەن؟» ئۇ (سۆزنى) ئاڭلاپ پاتىنى قىز مۇنداق دېدى: «يالغۇز بۆزلا توقۇغان بولسا نېمە جاپا بولاتتى ...» كېيىن ھىلىقى راھىبە مۇنداق دېدى: «ئۇندىن باشقا يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟» كېيىن پاتىنى قىز مۇنداق دېدى: «كېۋەز تېرىيدىغان مەزگىلدە، گائۇتامى خاتۇن ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇق چاچتى. ئوتاش مەزگىلدە ئۆز قولى بىلەن (ئوت) ئوتىدى. سۇغۇرۇش مەزگىلىدە سۇ بىلەن سۇغۇرۇپ پەرۋىش قىلدى. پاختىنى ئۆز قولى بىلەن تەردى. ئۆزى تازىلاپ، ئۆز قولى بىلەن تىتىپ، ئۆزى يىپ ئىگىرىپ، ئۆزى بۆز توقۇدى.»)

16) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئۆترۇ ئول ئۇپاسانچ ئىنچە تىپ تىدى .. مەن يۈكەرۈ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئاغزىنتا ئانتاغ ئىشىد مىسىم بار.. ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى قاتۇن ... ۋىپاسى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاناغ تاتاغلاغ سۇچىگلىگ ئاسىن ئىچگۈن يىدلاغ ـ يىپارلاغ تۇتسۇكىن تاپانىمىس ئۇدۇنمىس ئەرۈر ... ... ئەدگۈ قىلىنچ كۈچىنتە ئاقۇ ساكىلار ... ... ـلىۈك قۇنچۇي قاتۇن بولۇپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئىگىدمىس ئاناسى بولمىس ئالتى يىگرمى ياسلاغ قىزلارنىڭتەگ ئەتى يىنى كۆركى مەنگۈ ئەرۈر .. يانا يەمە ئۈلگۈسۈز ـ سانساز تاپاغچىلارى تەگرە تولى تاپىنو ـ ئۇدۇنۇ تۇرۇر.. نە ئۈچۈن ئۆز ئىلىگىن كەپەز تارىپ تود تولى كىسى ئوسۇغلۇغ بۆز توقىدى ئەركى .. ئانتا ئۆترۇ پاتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى، ئۈلۈغ كىرتگۈنچ كۆڭۈلىن ئاغار ئىيناغىن بۇ مۇنتاغ تۈرلۈگ ئىس ئىسلەدى.. مۇنتا تود تولىيلاغ نە ساۋ ئول.. تاقى يەمە بەرۈ ئىسىدىلىڭ، بۆز توقىماقىنىڭ تىلتاغى نەگۇ ئەردى تىپ تىدىلەر .. ئانى سىزدكە ئايۇ بىرەيىن.. قايۇ]

16) يەشمىسى:

(كېيىن ھىلىقى راھىبە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئىلگىرى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئاغزىدىن مۇنداق ئىشىتكىنىم بار ئىدى. ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى خاتۇن ... چاغدا ۋىپاسى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى لەززەتلىك ئاش ـ تائاملار، ئىپارلىق خۇشپۇراقلار بىلەن كۈتۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئىكەن ... ياخشى قىلمىشلار ئارقىلىق بارلىق ساكىلار ... لىك مەلىكە خاتۇن بولۇپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئىنىگئانىسى بولغان ئىكەن؛ ئۇنىڭ بەدەن ـ

چىرايى ئۇن ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك مەڭگۈ ياش تۇرىدىكەن. يەنە سان ـ ساناقسىز خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن.» «بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن كېۋەز تېرىپ خارلانغان كىشىگە ئوخشاش بۆز توقۇيدۇ؟» ئاندىن كېيىن پاتىنى قىز مۇنداق دىدى: «(ئۇ) ئۇلۇغ ساداقەتمەن كۆڭۈل، قاتتىق ئىخلاس بىلەن مۇشۇنداق تۈرلۈك ئىشلارنى ئىشلىدى. بۇ خارلانغان دىگەن قانداق گەپ؟ ئەمدى يەنە ئاڭلاڭ، بۆز توقۇشنىڭ سەۋىۋى نىمە دىسىڭىز، ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي..»)

17) تېكىست: ئۈچۈنچ ئۇلۇس ئىكى پىتر

[ئۇدۇن تۆگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان قۇتېن بولتى.. تۇزۇن مائىترى بودسۋدىتاغ ئەۋدەن ـ بارقتېن ئۇنتۇرۇپ تويېن قىلتې. ئانتاداكىن مىلك توغېرلاردېن يولسېس ياكى تويىنلار بىرلە قاڭې سانتۇدان ئىلىگ بەگىگ، ئۆگى ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى قاتۇنۇغ تاقې ئادان ساكى تۆزلۈگ بەگ ئىسى بۇدۇن ـ بۇقۇنۇغ ئۆگۈرتۈرگەلى ـ سەۋىنتۈرگەلى ئۈچۈن كاپىلاۋاستۇ بالىققا كەلى يارلىقادې. ئول ئوغۇردا ساكى تۆزلۈگ بەگلەر ئانتاغ بىر بەدۈك تۆرۈ تۇرغۇردېلار. قاچان تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئىركەك ئەرەنگە نوم نوملايۇ يارلىقاسار.. ئانتا ئىسلەر، قۇنچۇي بەگلەر ئارىتې ... ... كىرگەك.. ئانتا ئۆترۈ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئاڭ ئىلكى بىر قۇرلا نوم نوملايۇ يارلىقامىسدا سەكىز تۇمەن ساكىلار قۇتقا تەگدى.]

17) يەشمىسى:

(ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بەختىنى تاپقان چاغدا ئالىجاناپ مائىترى بودسۋتنى ئۆي ـ ۋاقىدىن چىقىپ راھىپ قىلدى. ئاندىن كېيىن تاجىلىرىنى ئېلىۋەتكەن مىلك نەپەر يېڭى راھىپ بىلەن ئاتىسى سانتۇدان ئىلىك بەگنى، ئانىسى ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى خاتۇننى يەنە ئۇندىن باشقا ساكى ئۇرۇغىدىكى بەگلەر، بەگ ئايالىرى (ۋە) خەلقلەرنى شاتلاندۇرۇش ـ سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە كەلدى. شۇ مەزگىلدە ساكى ئۇرۇغىدىكى بەگلەر شۇنداق بىر كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە نوم تەپسىر قىلغاندا، ئۇ يەردىكى ئايالار مەلىكە بەگلىرى ... ... كېرەك. ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەڭ ئالدىدا بىر قۇرلا نوم نوملىغاندا، سەكىكىز تۇمەن ساكى بەختكە ئېرىشتى.)

18) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئىكىنتى ئوغۇرلۇغ نوم نوملايۇ يارلىقا مېستا ئالتې تۇمەن ساكىلار قۇت بولۇ تەگىنتىلەر. ئۈچۈنچ قاتا نوم نوملايۇ يارلىقامېستا تۆرت تۇمەن ساكىلار قۇت بولتېلار.. قاماغ بىرلە سەكىز يىگرمى تۇمەن ئىركەك ئەرەن ساكىلار نىزۋانى باسېنچ تىن ئوزتېلار.. بىر يەمە ئىنچىپ ساكى تۆزلۈگ ئىسلەر قۇت بولمادى ئەرۈر .. ئول ساۋىغ كۆرۈپ، ساكى تۆزلۈگ قۇنچۇيلار ئاڭىسىز ـ بوسۇسلۇغ ساقېنچلىغ كۆڭۈللەرى يىرىنچلىگ بولۇپ، بىر ئىكىنتىگە يىغلايۇ كەڭرەنۈ ئىنچە تىپ تىدىلەر..نە تېلتاغېن نە ئۈچۈن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرەنگە نوم نوملاپ، بىزىنگە ئىسلەرگە نە گۈلۈك نوملايۇ يارلىقاماز ئەركى.. مۇنچۇلايۇ سۆزلەسىپ، قاماغېن يىغىلىپ ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى قاتۇنقا ئىنچە تىپ ئۆتۈنتىلەر.]

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



18) يەشمىسى:

(ئىككىنچى قېتىملىق نوم نوملىغاندا، ئالتە تۈمەن ساكى بەختكە ئېرىشتى. ئۈچىنچى قېتىم نوم نوملىغاندا تۆت تۈمەن ساكى بەختكە ئېرىشتى. ھەممىسى بولۇپ ئون سەككىز تۈمەن ساكى (ئەر) نىرۋانى[58] زولۇمدىن قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ساكى ئۇرۇغىدىكى مەلىكىلەر ئىنتايىن قاتتىق قايغۇغا چۆمۈپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ، بىر ـ بىرسىگە يىغلىشىپ، ھال ئېيتىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «نېمە سەۋەپتىن نېمە ئۈچۈن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە نوم نوملاپ بېرىدۇ ـ يۇ، بىز ئاياللارغا نوملاپ بەرمەيدۇ؟» ئۇلار مۇشۇنچىۋالا سۆزلىشىپ، ھەممىسى يىغلىشىپ ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى خاتۇنغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:)

19) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئۇ دۇمبار چەچەككە يۈلەسى بۆگۈ بىلگىلىك بۇرخانلار ئەلپىن ئەمگەكىن يېر سۇۋدا بەلگۈرۈر ئەرمىسلەر.. ئانتاغ ئەلپ بولغۇلۇق قۇتلۇغ تېنلىغ بىرلە تۇسىمىس ئەرۈر بىز.. ئەمتى يانا بىزنىڭە ئارىتي نوملۇغ يارلىغ يارلىقاماز.. كۆرۈ قانىپچىسىز كۆركىن يەمە كۆرگەلى بولماز بىز. ئەمتى سىز ئىنچە قاتىغلانىڭ كىم، بىز يەمە سىزنىڭ قۇتۇڭۇزتا نوم ئىستگەلى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانىغ كۆرگەلى بولالىم. ئانتا ئۆترۈ ئول ساكى تۆزلۈگ گائۇتامى قاتۇن ئول ئىسلەر ئۆتۈنمىس ساۋالارىغ ساكلار بەگى سانتۇدان ئىلىگ خانقا تۇتۇزۇ ئۆتۈنتى. ئىلىگ خان يەمە بۇسۇغ يارلىقادى.. بۆگۈنتە ئېنارۇ قۇنچۇيلار نوم تىڭلازۇن. بۇ بۇسۇغ يارلىغ ئىسدىپ ...... يىغلاپ تۇۋلاپ كاپلاۋاستۇ بالىقتىن ئۈنۈپ نىكۇدارام ساڭرامغا بارديلار ئەردى.]

.........

19) يەشمىسى:

(ئۇدۇمبار[59] گۈلىنى كۆتەرگەن دانىشمەن تالانتلىق بۇرخانلار مۇشكۇل جاپالار بىلەن دۇنيادا مەيدانغا چىقىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق تەستە تاپقىلى بولىدىغان بەختلىك جانلىق بىلەن ئۇچراشقانمىز، ئەمدى يەنە بىزگە زادى نوملۇق يارلىق بەرمىدى. كۆرۈپ قانغىلى بولمايدىغان جامالىنى يەنە كۆرۈشكە ئېرىشەلمىدۇق. ئەمدى سىز شۇنداق غەيرەت قىلىڭكى، بىز يەنە سىزنىڭكى شاراپىتىڭىز بىلەن نوم ئاڭلاشقا، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولايلى.» ئاندىن كېيىن ساكى نەسەبلىك گائۇتامى خاتۇن ئۇ ئاياللارنىڭ ئۆتۈنگەن سۆزلىرىنى ساكلار بېگى سانتۇدان ئىلىگ خانغا يەتكۈزدى. ئىلىگخان كەڭچىلىك يارلىغى چۈشۈردى: «بۈگۈندىن باشلاپ مەلىكىلەر نوم ئاڭلىسۇن.» بۇ كەڭچىلىك يارلىغىنى ئاڭلاپ ...... ئاياللار يىغلىشىپ قوزغىلىپ كاپىلاۋاستۇ شەھرىدىن چىقىپ نىكۇدارام ساڭرامغا مېڭىشتى.)

.........

5. تۆتىنچى بۆلۈمدىن ئۈزۈندە:

«ئەسەر» نىڭ 4 ـ بۆلۈمىنىڭ باشتىكى 1 ـ ۋارىقى، 3 ـ ۋارىقى، ئوتتۇرىدا 12 ـ ۋارىقى ۋە ئاخىرىدىكى بىرنەچچە ۋاراقلىرى يوقۇلۇپ كەتكەن. ساقلىنىپ قالغان ۋاراقلىرى ئىچىدە كۆپرەكىنىڭ بەزى قۇرلىرى سىيىپ ـ تىتىلىپ بۇزۇلغانلىقتىن بەزى ۋەقەلىكلەرنى

تولۇق يېشىپ بېرىشكە بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ساق بەتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن «مائىترىنىڭ تۇيىن بولمىشى»، «گائۇتامى خاتۇن بۇرخانغا ئاتاپ تىككەن تونىنى قولىدىن - قولغا ئايلاندۇرۇشى» قاتارلىقلار ئۈزۈندە قىلىپ تونۇشتۇرۇلدى.

20) تېكست: تۆرتىنچى ئۆلۈس توقۇز پىتر

[... ئىنچە يارلىقادى.. كاپىلاۋاستۇ بالىقتاقى گائۇتامى قاتۇنىنىڭ ئالتۇن ئۆڭلۈك بۆزىن بۇرسۇڭ قۇۋراغقا ئۆلەگەلى ئالتىڭ ئەردى. ئەمتى قالىن قۇۋراغ يېغىلمىس ئەرۇر.. ئول بۆزۈگ كەلۈرۈپ، قۇۋراغ ئارا كەزىكچە يورىتىبىل كىم، گائۇتامى قاتۇنىنىڭ كۆسۈسى قانزۇن. بۇ يارلاغ ئەسىدىپ، ئاياغقا تەگىملىگ ئانانت ئول ئالتۇن يالتىرىغلىغ بۆزۈگ قاماغ تويىن قۇۋراغ ئارا كىگۈرۈپ، باسلايۇ تەگرى تەگرىسى بۇرخان تاپا ئىلتدى. ئاڭقۇ تىنلاغلار ... ... ساقىنۇ يارلىقاپ، ئول تونۇغ ... ... ... ... ... ... ... سارىبۇتىرى، مۇتكالايان ... ... ئانىرۇتى - دائۇلاتى ئارخانتلارقا ... تەگۈرۈپ تۇتدى. ئارتىپ ... ... ... تىپ ساقىنتىلار. ئۈچ قات يىر سوۋ ... تەگرى تەگرىسى بۇرخان بىرلە ... ... ... ]

20) يەشمىسى: تۆتىنچى بۆلۈم توققۇزىنچى ۋاراق

( ... مۇنداق دېدى: كاپىلاۋاستۇ شەھىرىدىكى گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك بۆزىنى بۇرسۇڭ[60] جامائەتكە ئۈلەشتۈرگىلى ئالغان ئىدىڭ، ئەمدى بارلىق جامائەت يىغىلىپتۇ، ئۇ بۆزنى كەلتۈرۈپ، جامائەت ئارا رەت بويىچە تارقاتقىنىكى، گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئارزۇسى قانسۇن. بۇ يارلىقنى ئىشتىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانانت[61] ئۇ ئالتۇن يالتىراقلىق بۆزنى بارلىق تويىنلار جامائىتى ئارا كىيگۈزۈپ، ئالدى بىلەن تەگرى تەگرىسى بۇرخان تەرەپكە سۇندى. بارلىق جانلىقلار ... ... ئويلاپ، ئۇ تونىنى ... ... ... ... ... ... ... ... ... سارىپۇترى[62]، مۇتكالايان[63] ... ... ئانىرۇتى[64] قاتارلىق ئارخانتلارغا[65] ... ... يەتكۈزۈپ تۇتتى. باشقا ... ... ... ... دەپ ئويلىدى. ئۈچ قات يەر - سۇ ... تەگرى تەگرىسى بۇرخان بىلەن ... ... ... )

21) تېكستنىڭ داۋامى:

[... ئارتى يوق. ئىنچىپ يەمە يىرتىنچۈدە ... ئوسۇغلۇغ ئادان بۆز ئارتى بولتۇقماز. بۇ ئالتۇن ئۆڭلۈگ بۆز ئوغرىنتا ... تىنلاغلارقا ئەدگۇ قىلغالى ساقىنۇر ... ... تۇتا يارلىقادي بىز يەمە بۇ بۆزۈگ تەگىملىگ ئەرمەزبىز. ئۆترۇ ... ... ئانانت كەزىكچە ... ... بىرلە تۇزۇن ... ... ... ... ... ... ... ... باسىن ماخاسراكلار بۇ بۆزۈگ تۇتمادىلار ئەرسەر، ئالقۇ منى ئۈچۈن تۇتمادىلار.. ئەمتى مەن يەمە بۇ بۆزۈگ تۇتماسىم كەرگەك.. ئۆترۇ تۇزۇن مائىترى بودىسىۋت ئانانت تويىنتىن ئول بۆزۈگ ئالتى. تۇزۇن ئانانت يەمە ئول بۆزۈگ مائىترىقا سۇنۇپ، كەنتۇ كەزىكىنتە ئورناندى ئولۇردى..]

21) يەشمىسى:

(... زادى يوق. شۇنداق قىلىپ يەنە يەر - جاھاندا ... ئوخشاش ئالاھىدە بۆزنى زادىلا تاپقىلى بولماس ... بۇ ئالتۇن ئۆڭلۈك بۆز شۇ چاغدا ... ... جانلىقلارغا ياخشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىشنى ئويلار ... تۇتۇپ، بىز يەنە بۇ بۆزگە تېگىشلىك ئەمەسمىز. ئاندىن كېيىن ... ... ئانانت نۇۋەت بويىچە ... ... بىلەن ئاق كۆكۈل ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... باشتا ماھاسراۋاك ⑯ لارنىڭ بۇ بۆزنى تۇتمىغانلىقى بولسا، پۇتۇنلەي مەن ئۇچۇن ئىدى. ئەمدى مەنمۇ بۇ بۆزنى (ئالدى بىلەن) تۇتماسلىقىم كېرەك. ئاندىن كېيىن ئالىجاناپ مائىترى بودسۇت ئانانت تويىدىن ئۇ بۆزنى ئالدى. ئاق كۆكۈل ئانانت ئۇ بۆزنى مائىترىغا سۇنۇپ، ئۆز رېتىدە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى.)

22) تېكىستنىڭ داۋامى:

[ئانتا ئۆترۈ ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودسۇت ئول يالىڭايۇ تۇرۇر ئالتۇن ئۆڭلۈگ بۆز ... ئورنىنتا تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاغار ئاياماقىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرقانقا ئىنچە تىپ ئۆتۈنتى .. قوپ قاماغ ... ... قۇتادمىس تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ... ئالقۇ كەدگۇ - تېناغۇ بۆز ئارا ... ... ئەرۈر. ياراغاي ئەردىنىگ ... ... قىلغالى. ئانىن ئەمتى ... ... ... مەنتەدە ئالىپ يارلىقاغاي ... ... سانسىز كالىپ ئاژۇنلاردا بىز ... ساقىنۇ سۆزلەيۈ، يىتىنچىسىز ئەمگەك ... ... ئول ئاياغاغ ساقىنۇ يارلىقاسار]

22) يەشمىسى:

(ئاندىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودسۇت ئۇ يالتىراپ تۇرىدىغان ئالتۇن ئۆڭلۈك بۆز ... ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇلۇغ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: بارلىق ... ... قۇتلۇق قىلغۇچى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ... بارلىق بۆز ئارا ... ... ئىدى. يارامىلق ئەردىنىنى ... ... قىلغىلى، ئۇنى ئەمدى ... ... ... مەندىن ئالغاي ... ... سانسىز كالىپ ئاژۇنلاردا بىز ... ... ئويلاپ، سۆزلەپ چەكسىز ئازاپ ... ... ئۇ ھۆرمەتلەشنى (؟) ئويلىسا.)

23) تېكىستنىڭ داۋامى:

[بۇ بۆزۈگ تۇتا يارلىقازۇن .. بىزنىڭ ئەدگۈلۈگۈن، ئادانغۇقا ئاساغلىغىن .. ئانتا ئۆترۈ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان نە تېلتاغىن گائۇتامى قاتۇنتىن ئول بۆزۈگ تۇتا يارلىقامادىي .. ... ئول ئوق بۆزۈگ تۆزۈن مائىترى ... .. تۇتا يارلىقادىي ... ... ... ... ... ... ... ...]

23) يەشمىسى:

(بۇ بۆزنى تۇتسۇن. بىزگە ياخشىلىقنى، باشقىلارغا مەنپەئەتنى (يەتكۈزسۇن). ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان نىمە سەۋەپتىن گائۇتامى خاتۇندىن ئۇ بۆزنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ... ... دەل شۇ چاغدا بۆزنى ئالىجاناپ مائىترى ... ... تۇتسۇن دېدى ... ... ... ... ... ... ...)

(24) تېكىست: تۆرتىنچى ئۇلۇس ئون پىتر

[تۆزۈن مائىترى ئارتۇقتا - ئارتۇق سۆزۈلۈپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئىكى قىرىق ئىرۈ بەلگۈ قۇت بۇيانىن، سەكىز يگىرمى تۇرلۇگ ئاگانىيۇك(؟) ئەدگۈسىن يۆكەرۈ تۇرغۇرۇپ، ئەرتىنگۈ سۆزۈگ كۆڭلى تۇرغۇردى .. ئول سۆزۈگ كۆكۈل كۈچىنتە ئەلك تۇرلۇگ لاكساۋىپىگا ئاتلىغ كۆكۈلتەكى ئەدگۈ قىلىنچ تىردى .. ئۆترۈ ئىنچە تىپ قۇت قولتى: سىزنىڭ

ئەت ئۆزۈكۈز نەتەگ ئەرسەر، ئانچۇلايۇ يەمە مەنىڭ ئەت ئۆزۈم بولىزون .. بۇ مۇنتاغ قوت ... ... ئوق ئەلىك تۇرلۇگ لاكساۋىپگا ئاتىلاغ كۆكۈلتەكى ئەدگۈ قىلىنچىپ تۇردي.. ... ... ئارا ئەدگۈ قىلىنچىپ ئادغاناغۇ ... ... ... مۇنچا يۈز بىر تۇرلۇگ ... ...]

24) يەشمىسى: تۆتىنچى بۆلۈم ئونىنچى ۋاراق

(ئالىجاناپ مائىترى ئارتۇقتىن-ئارتۇق سۆزلۈپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ ئوتتۇز ئىككى خىل ياخشى بەلگىسى، بەخت-سائادىتىنى، ئون سەككىز تۈرلۈك ئاگانىيۇك(؟) (بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس — ئاپتور) ياخشىلىغىنى قەدىرلەپ، ئىنتايىن سۆزلۈك كۆكۈل تۇرغۇزدى. ئۇ سۆزلۈك كۆكۈل كۈچىدە ئەللىك تۈرلۈك لاكساناۋىپگا ⑥⑦ ئاتىلىق كۆكۈلدىكى ياخشى قىلمىشلىرىنى يىغدى. كېيىن مۇنداق دەپ: سىزنىڭ تېنىڭىز قانداق بولسا، مېنىڭ تېنىممۇ خۇددى شۇنداق بولسۇن، دەپ بەخت تىلىدى. بۇ مۇنداق قۇت- ... ... ئەللىك تۈرلۈك لاكساناۋىپگا ئاتىلىق كۆكۈلدىكى ياخشى قىلمىشى مەلۇم بولدى ... ... ئارا ياخشى قىلمىشى سېزىلىپ، ... ... مۇنچە يۈز بىر تۈرلۈك ... ... ...)

25) تېكىستنىڭ داۋامى:

[قىلىنچ كۈچىنتە ئالتۇن ... ... ... ئۆكلۈگ ئۆكى قىرتىپسى ... ... ... ئانتائۆترۈ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان گائۇتامى قاتۇنىۇك كەنتۇ ... ... ئەڭرمىس ئالتۇن ئۆكلۈگ بۆزۈگ ... تۇزۇن مائىتىرىدىن ئالىي كەدە يارلىقاپ، يالتىرىيۇ-ياسۇيۇ ئەزرۇئا تەڭرىنىڭتەك ئۇنىن تويىنىلاراغ ئوقۇپ، ئىنچە يارلىقادىي: بولغاي كىن كەلىگمە ئۆدتە سەكىز تۈمەن ياسىلاغ تېنلاغلارنىڭ ئۆزىنتە-ياسىنتا مائىترى ئاتلاغ ئانچۇلايۇ كەلمىس ئاياغقا تەگىملىگ كۆنى تۇزۇن... ... ئالقۇ نوملار ئۇقمىس تەڭرى بۇرخان بەلگۈلۈگ ... ... ... ... ... ... ... ... ...]

25) يەشمىسى:

(قىلمىش كۈچىدە ئالتۇن ... ... ... ئۆكلۈك ئۆكى چىرايى ... ... ... ئاندىن كېيىن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان گائۇتامى خاتۇنىنىڭ ئۆزى ... ... ... توقۇغان ئالتۇن ئۆكلۈك بۆزنى ... ئالىجاناپ مائىتىرىدىن ئېلىپ كىيىپ، ... ... يالتىراپ-چاقناپ، ئەزرۇئا تەڭرىنىڭكىدەك ئۇنى بىلەن تويىنلارنى چاقىرىپ، مۇنداق دىدى: كەلگۈسىدە سەككىز تۈمەن ياشانغان جانلىقلارنىڭ ھاياتىدا مائىترى ئاتلىق ئاشۇنداق كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەقىقى ئالىجاناپ ... ... بارلىق نوملارنى بىلىدىغان تەڭرى بۇرخان بەلگۈلۈك ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...)

52) تېكىستنىڭ داۋامى:

[توسۇن ئەرەنىگ تۇرغۇرداچىپ .. تەڭرى يالڭۇقنۇڭ باخسېسى ئاتىپ كۆترۈلمىس تەڭرى يالڭۇقوغ، يىر سۇۋۇغ كەنتۇ بىلگە بىلگىن ئۇقۇپ، تانۇقلاپ، ئالقۇ ئەمگەكلىگلەرنىڭ ئالقىنماقىن ئۇقىتغالى، قالتى بۇ ئۆدۈن ئالقۇ ئەمگەك ئالقىنماقىڭا نوم نوملار ئەرسەر، مەن ئىسىنچىپ ئەدگۈ نوم نوملاغاي. ئاڭ ئىلكى، ئورتۇدا، ئۇزلۇنچۇدە ئەدگۈ-ئەدگۈ يۆرۈگلۈگ،

www.uyghurkitap.com



ئاراغ ـ سۆزۈگ، ياروۇق ـ ياسۇق تۇرقارۇ، تولۇ ـ تۆگەل ... ... ... تەڭرى يالڭۇقا ئادارتـ ... ... ... مەن بۇ ئۆدۆن نىرۋان ... ... ... مەن. تاقى يەمە ئول ... ... تىتىـ سىلەرى مائىترى تۆزلۈگ ... قالتى مەنىڭ بۇ ئۆدۆن تىتسى ]

26) يەشمىسى:

(تۇسۇن ئەرلەرنى كۆندۈرگۈچى، تەڭرى ئىنسانلىرىنىڭ ئۇستازى، نامى چىققان تەڭرى، ئىنسانلارنى، يەر ـ جاھاننى ئۆز دانىشمەنلىگى بىلەن ئۇقۇپ، ئىسپاتلاپ بارلىق ئازاپلىقلارنىڭ ئازاۋىنىڭ تۆگەيدىغانلىغىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداقلا بارلىق ئازاپ ـ ئوقۇبەتنىڭ تۆگىشى ئۈچۈن نوم نوملىسا (تەپسىر قىلسا)، مەنمۇ شۇنداق قىلىپ ياخشى نوم نوملىغايمەن. ئەڭ دەسلىۋىدە، ئوتتۇرىدا (ۋە) ئاخىرىدا ناھايىتى ياخشى مەنىلىك، ساپ (ۋە) سۈزۈك، يورۇق يالتىراپ تۇرىدىغان، تولۇق ـ تۆگەل، ... ... ... تەڭرى ئىنسانلىرىغا ئايرىمـ ... ... ... مەن بۇ چاغدا نىرۋان ... ... ... مەن. ئۇندىن باشقا ئۇ ... ... ... شاگىرتلىرى مائىترى نەسەپلىك ... ... مېنىڭ بۇ چاغدا شاگىرت ... ...)

27) تېكىستنىڭ داۋامى:

[... تۆزلۈگ ئاتانۇرلار ئەرسەر، ئىنچىپ ... سانسىز تۈمەن تىتسىلاراغ ئۇدۇزۇپ ... تەگۈرگەي .. قالتى مەن بۇ ئۆدۆن ئەرۈس ـ ئۆكۈس تىتسىلاراغ ئەسەنگۈلۈگ يولقا .... ئەر- سەر مەن .. ئانتا ئۆترۈ ئاياغقا تەگىملىگ مائىترى بودسۇت بىر ئەرسەر ئالتۇن ئۆڭلۈگ ئۆڭ قىرتىس بولۇپ، ئىككىنتىگە كىن كەلىر ئۆدتە بولغۇلۇق كەنتۈ چوغىن يالىنىن ئىسىدىپ، ئاڭسىز سۈزۈلۈپ، تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئاداقىنتا يىنچۈرۈ يۈكۈنۈپ، ئ.چە تىپ ئۆتۈنتى .. ئادىنچىغ ـ مۇڭادىنچىغ ئاياغقا تەگىملىگ تەڭرىم ... ... ... تىنلاغ ]

27) يەشمىسى:

(... نەسەپلىك ئاتانسا، شۇنداق قىلىپ ..... سانسىز ـ تۈمەن شاگىرتلارنى ئەگەشتۈرۈپ، .... يەتكۈزگەي. يەنە مەن بۇ چاغدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى ئېسەنلىك يولغا ... سام، ئانـ دىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر مائىترى بودسۇت بىرىنچىدىن ئالتۇن ئۆڭلۈك چىرايىغا ئىگە بولۇپ، ئىككىنچىدىن كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ چوغدەك يالقۇنلۇق ئاڭلاپ، ئىنتايىن سۈزۈلۈپ، تەڭرى بۇرخان ئايىغىغا باش ئۇرۇپ مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: ئاجايىپ خىسلەتلىك، ھۆر- مەتكە سازاۋەر تەڭرىم ... ... ... ... جانلىق ... ... ... ... ... ...)

28) تېكىست: تۆرتىنچى ئۈلۈس بىر يىگرمى پىتر

[بولۇ تەگىنەيىن .. قالتى سىز سوقانچىغ ـ تاتاغلاغ نوم نوملاپ، ئەرۈس ـ ئۆكۈس تىنلاغلارقا ئەدگۈ قىلۇر ئەرسەرسىز .. ئانچۇلايۇ يەمە مەن كىن كەلىر ئۆدۆن مائىترى تۆزلۈگ تىتسىلارىمقا باستىن ئەدگۈ، ئورتۇدا ئەدگۈ، ئاداقتا ئەدگۈ ئۈچ تۈرلۈگ ئادرۇقىئا نوم نوملاپ، سانسىز ـ تۈمەن تىنلاغلارقا ئاساغ تۇسۇ قىلايىن .. ئۆترۈ تۆزۈن مائىترىنىڭ سۆزلەمىس ئۈنى ئۈچ ملىڭ ئۇلۇغ ملىڭ يىر سۇۋدا ئالقۇ ئىستىلتى. (ئۇستۈن) كوك تەڭرى ئالتى تۈرلۈگ تەبرەدى ... تالۇي ـ ئۆگۈز سۇۋى يايقانتى، سۇمىر تاغلار ... تەڭرىلەر ئوردۇلارى تىترەدى. كۆك قالىغتا ... ... كوزاتار خۇا ـ چەچەكلىگ ياغمۇر ياغدى .. يىدلاغ ـ يىپارلاغ يەل يىتىـ

لىپ، يىنچكە ـ يىنچكە ... يۈزكەن (؟) ياغمۇر ياغدى .. ئۈستۈن تەڭرى ئالتىن يالگۇق ئالقۇ ئۆگىرەدىلەر ـ سەۋدىنىتلەر، ئايالارىن قاۋسۇرۇپ سۆزۈك كۆڭلىن تۈزۈن مائىترى تاپا كۆرۈ، ئابىسكلاغ ... گەلى ئانۇق ئەردىلەر .. ئۆترۈ تۇگەل بىلگە بىلىگلىگ چاكرىرت ئىلىگ خان مائىترىلاغ تىگىن ئۆگە ئوغۇللۇغ تىترۇ كۆزىن كۆرۈپ، يانا يەمە ئاغىنچىسىز قاتىغ كۆڭلىن تۈكەمىس بۇيانىن ئىنچە تىپ ئۇقۇپ كۆاچىرە يارلىقادى. ... ... ... ... ... ... ...]

28) يەشمىسى: تۆتىنچى بۆلۈم ئون بىرىنچى ۋاراق

(بولاي. ئەمدى سىز لەززەتلىك، تاتلىق نوم نوملاپ، نۇرغۇنلىغان جانلىقلارغا ياخشىلىق قىلىسىڭىز، شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ كەلگۈسىدە مائىترى نەسەپلىك شاگىرتلىرىمغا باشتىمۇ ياخشى ئوتتۇرىدىمۇ ياخشى (ۋە) ئاخىرىدىمۇ ياخشى ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدە نوم نوملاپ، سانسىز ـ تۈمەن جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەي. ئاندىن كېيىن ئالىجاناپ مائىترىنىڭ ئۈنى جاھان ـ ئالەمنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلاندى .... كۆك تەڭرى ئالتە تۈرلۈك تەۋرىدى .... دەريا ـ دېڭىز سۇلىرى چايقالدى. سومىر تاغلار (دىكى) تەڭرىلەر ئوردىلىرى تىترىدى. كوك ئاسماندىن ... ... ... كوزاتار ⑱ گۈل ـ چېچەكلىك يامغۇر ياغدى. ئېپار ھىدلىق شامال چىقىپ ئىنچكە ـ ئىنچكە (سىم ـ سىم) ... ... يامغۇر ياغدى. ئۈستۈن تەڭرى، تۆۋەندە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى شاتلاندى، سۆيۈندى. (ئۇلار) ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، سۈزۈك كۆڭلى بىلەن ئالىجاناپ مائىترى تەرەپكە قاراپ ئابىسكلىق ... گىلى تەييارلاندى. ئاندىن كېيىن تۇگەل بىلگە دانا چاكرىرت ئىلىك خان مائىترىلىق تىگىن (شاھزادە) دانا ئوغۇلنى ئۆتكۈر كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يەنىمۇ تەۋرەنمەس كۆڭلى بىلەن ... ... ... شۇنداق دەپ ئۇقۇپ كۈلۈمسىرىدى ... ... ... ... ... ...)

**ئىزاھلار**

① ئاۋىچتا — سانسكرىتچە [Aveśa] دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «مۇقەددەس، سېھرىگەرلىك» دىگەن مەنىدە.

② ساسىچى — سانسكرىتچە [śācī] دىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، «سەدىقە» دىگەن مەنىدە. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» ئۇلىنىپ «ساسىچى» يەنى «سەدىقىچى» بولغان.

③ پوسكارا سارى — خاس ئىسىم بولۇپ، ئارىلاشما سانسكرىتچە (ھىبرىتچە) [puşkarasārin] دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر پادىشانىڭ نامى.

④ بەرە — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، سانسكرىتچە [yojana] دىيىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ توخارچىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

⑤ نانتى — سانسكرىتچە [nanda] دىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، غەرپنىڭ ئىگىسىنى كۆرسىتىدۇ. نانتى تىگىن «شاھزادە نانتى» دىگەن مەنىدە.

⑥ سۇپرىي — سانسكرىتچە [supriya] دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ گاندارۋالارنىڭ پادىشاسى ھىساپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



⑦ كانتارۋ — سانسكرىتچە [gandharva] دىن كەلگەن بولۇپ، (1) (ئىنسانلار ئۈستىدىكى) جىنلارنى، (2) ئىندرانىڭ مۇزىكانتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ دىئان سامار — بۇددىزىم ئاتالغۇسى بولۇپ، دىئان — سانسكرىتچە [dhyāna] دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇ «سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش»، «يامانلىقتىن ۋاز كېچىش»، «ساۋاپ ئورمانلىقى» دېگەن مەنىدە. سامار — سانسكرىتچە [samādhi] دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى يۇقۇرقىغا ئوخشاش. ئۇ بۇددىستلارنىڭ تۈپكۈسىدىكى چوڭقۇر ئوي-خىيالنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ سەككىز تۈرلۈك توغرا يول — بۇددىزىم ئاتالغۇسى، قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «سەككىز تۈرلۈگ تۈزۈن يول»، سانسكرىتچىدا — [Aryaṣṭagikamarga] دېيىلىدۇ. ئۇ نىرۋانىغا يېرىشنىڭ سەككىز خىل توغرا ئۇسۇلى ۋە يولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددىزىمنىڭ قارىشىچە مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ، «بەندىلىكتىن ئەۋلىيالىققا يەتكىلى»، «ئېزىتقۇ قىرغاقتىن ئويغىنىش قىرغىقىغا ئۆتكىلى» بولارمىش. شۇڭا ئۇ يەنە «سەككىز كېمە ياكى سەككىز سال» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑩ ئابسك — سانسكرىتچە [Abhiseka] دىن كەلگەن دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ: 1) ئىبادەتخانا ئىچىدە پادىشالىق تەختىگە چىقىدىغانلارنىڭ ماڭلىيىغا ماي سۈرتۈلىدىغان بىر خىل «مۇقەددەس مۇراسىم» نى كۆرسىتىدۇ. 2) مەرتىۋە ئۆستۈرۈش، ئابرۇي، نوم تەپسىرلەش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

⑪ ئاسانگى نايۇت — بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، مەنىداش سۆزلەر. نايۇت — سانسكرىتچە [Nayuta] دېيىلىدۇ. بۇ، «سان-ساناقسىز» دېگەن مەنىدە. «ئاسانگى» نىڭ مەنىسىمۇ يۇقۇرقىغا ئوخشاش.

⑫ ئەردىنى — سانسكرىتچە [Ratna] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «مەرۋايىت، گۆھەر، ئەنگۈشتەر» دېگەن مەنىدە.

⑬ كۇتساۋار — سانسكرىتچە [Puru-kutsạva] دىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ، ئىندرانىڭ رەقىبىنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ تاج — قەدىمقى ئۇيغۇرچە تېكىستتە «didim» دېيىلگەن. بۇ ئەسلى سوغدىچە [dydm̀] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «تاج، سەلتەنەت» دېگەن مەنىگە ئىگە.

⑮ كىتۇماتى — سانسكرىتچە [ketumatī] بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى «ئون تاغ پادىشاسى — 十山王» نىڭ بىرسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑯ شاستىر — سانسكرىتچە [sastra] دىن كەلگەن بولۇپ، سۇترانىڭ شەرھىسى ھېساپلىنىدۇ.

⑰ براھمايۇ — سانسكرىتچە [Brahmayu] بولۇپ، بەنارستىكى براھمانلار پادىشاسىنىڭ نامى. براھمان — سانسكرىتچە [Brahmana] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، 1) بىر خىل ئىجتىمائى ئابرويىنى كۆرسىتىدۇ؛ 2) دىنىي تېرمىن بولۇپ «پاك، پاك قىلىنىشلىق» دېگەن مەنىدە.

⑱ براھماۋاتى — سانسكرىتچە [Brahmāvatī] دېگەن خاس ئىسىم بولۇپ، ئۇ، مائىترىنىڭ ئانىسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑲ تۇژىت — سانسكرىتچە [tusita] دىن كەلگەن بۇددىزىم ئاتالغۇسى. بۇددا نوملىرىدا ئېيتىلىشىچە، بۇ تەڭرى يېرىدە ئىچكى - تاشقى ئوردا - قەسىرلەر بار بولۇپ، تاشقىرىسىدا «ئاھ - راتماق ئۇلۇس» تا تۇرىدىغان تەڭرىلەرنىڭ بىر قىسمى تۇرىدىكەن، ئىچكى قەسىرىسى مائىترى تۇرىدىغان «پاك تۇپراق» لاردىن بىرى ھېساپلىنىدىكەن، بەزى نوملاردا يەنە مائىترىنىڭ شاگىرت - مۇرىتلىرى بۇنىڭ نامىنى دائىم تىلغا ئېلىپ ئەسلىسە، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ تەڭرى يېرىدە تۇرارمىش. بۇ يەردە تۇرغۇچىلارنىڭ بەدىنىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن، ئۇ نۇر ئالەمنى يورۇتىدىكەن.

⑳ نامۇ — سانسكرىتچە [namah] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «بويسۇنماق، ئېتىقات قىلماق» دېگەن مەنىدە.

㉑ درام — سانسكرىتچە [dharma] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «بۇددىزىم قانۇنى»، قانۇن، قائىدە دېگەن مەنىدە.

㉒ ساڭ — سانسكرىتچە [sangha] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «راھىپ» دېگەن مەنىدە. ھەرقانداق بۇددا نومى «نامۇ بوت، نامۇ درام، نامۇ ساڭ» (بۇتقا چوقۇنايلى، بۇددا قانۇنلىرىغا بويسۇنايلى، راھىپلارغا ئىخلاس قىلايلى) دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. «بوت، درام، ساڭ» قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «ئۈچ ئەردىنى» (يەنى ئۈچ گۆھەر، ئۈچ ئەڭگۈشتەر)، سانسكرىتچىدا «tri - ratna» دېيىلىدۇ.

㉓ نوم — سوغدىچە [nwm] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، 1) قانۇن، قائىدە؛ 2) كىتاپ، بۇددىزىم كىتاۋى دېگەن مەنىدە.

㉔ ماگىت — سانسكرىتچە [Magadha] دىن كەلگەن بولۇپ، مەركىزىي ھىندىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى. ئۇ يەر بۇددىزىمنىڭ بۆشۈگى ھېساپلىنىدۇ.

㉕ راچاگرى — سانسكرىتچە [Rājagṛha] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ماگىت دۆلىتىنىڭ پايتەختى. ئۇ ساكيامۇنى دىن تارقاتقان مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ھىندىستاننىڭ بىھار شتاتىدىكى «تىلايا» دېگەن جاينىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

㉖ ۋايسرۋانى ماھاراج — سانسكرىتچە [Vaiśravana - maha - raja] بولۇپ، بۇددىزىم رىۋايىتىدىكى ئالەمنى قوغدىغۇچى ئاسمان پادىشالىرىنىڭ 4 - سىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، بەدىنى يېشىل، ئوڭ قولىدا كۈنلۈك، سول قولىدا ئاق سۆسەر تۇتقان ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ.

㉗ ئىنانچ بۇيرۇق — قەدىمقى تۈركچە ئەمەل ناملىرى بولۇپ، ئىنانچ — «ئىشەنچلىك» دېگەن مەنىدە، ئۇ يۇقىرى مەمۇرى ئەمەلنى؛ بۇيرۇق — بۇيرۇقچى بەگلەرنى يەنى ھەربىي ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ.

㉘ ساداكارى — سانسكرىتچە [śatakri] دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ياكسا گېنېراللىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

㉙ ھايماۋادى، بۇراناكۇ — سانسكرىتچە [haimavata] [pūrṇaka] بولۇپ، ياكسالارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

㉚ دىنتار — سوغدىچە [dyn - dr] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «مانى دىنى مۇرىتى»، «تاللانغان» دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ ئەۋلىيا راھىپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

㉛ ئەزرۇئا — سوغدىچە [ʾzrwʾ] نام بولۇپ، ئەسلىدە مانى دىنى ئىلاھىنى كۆرسەتكەن.

www.uyghurkitap.com



قەدىمقى ئۇيغۇرلار براھمان دىنى ھىندى دىنىنىڭ ئىجاتچىسى بولغان ئىلاھ براھمانى «ئەزرۇئا» نامى بىلەن ئاتىغان. مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلدى.

㉜ باراناس — [vārānasi] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمقى شەھەر بەگلىگىنىڭ نامى.

㉝ بەش بانچىكى — ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەش شاگىرتى: ئاناتاكا ئۇن دىنا [Ānātakauṇdina]، ئاسۋايات [Aśvjit]، بادارىكا [Bhadrika]، داسابىلا كاشاياپا [Daśablakāśayapa] ۋە ماخانامالىكا [Mahānāmalika] لارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئەسلىدە ساكيامۇنىنىڭ ئاتىسى سۇددۇخادانا [Śadduhodana] (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «سانتۇدان ئىلىگ بەگ») نىڭ ھەقەم-سايىلىرى بولۇپ، ساكيامۇنى ئاتىسىنىڭ نەسىھىتى ۋە توسۇشىغا ئۇنىماي ئۆي-ۋاقنى تاشلاپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئاتىسى يۇقۇرىدىكى بەش ئادەمنى ساكيامۇنىغا ھەمرا بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار ساكيامۇنىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نوم تەپسىرىنى ئاڭلاپ، ئۆي-ۋاقلىرىدىن ۋاز كېچىپ راھىپ بولغان. بانچىكى — سانسكرىت تىلىدا [pañcu-ka] بولۇپ، «بەش» دىگەن مەنىدە.

㉞ تويىن — خەنزۇچە «道人» دىن كەلگەن دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، «راھىپ» دىگەن مەنىدە.

㉟ دىكسانپىت — قەدىمقى دۆلەت نامى.

㊱ پاسانگ — پاسانگ دەپمۇ يېزىلىدۇ. ئۇ، ماگىت دۆلىتىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

㊲ براھمان — سانسكرىتچە [Brahmana] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، 1) بىر خىل ئىجتىمائى ئابرۇينى يەنى ھىندىستاندىكى براھمانلارنىڭ دەرىجە پەملىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ 2) دىنىي تېرمىن بولۇپ، يۇرۇش-تۇرۇشى ساپ ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. دىمەك براھمان — «پاك، پاك قىلىنمىشلىق» دىگەن مەنىدە.

㊳ ۋازانىپات — سانسكرىتچە [Pāśupata] دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، راھىپ بولغۇچىلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، بۇتقا چوقۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ.

㊴ ئاۋانت تىلتاغ — سانسكرىتچە [Hetupratya-ya] دىيىلىدۇ؛ ئاۋانت — سوغدىچە [ʻnBʼnt] بولۇپ، «ۋەج-سەۋەپ» دىگەن مەنىدە. تىلتاغ — قەدىمقى تۈركچە ئاتالغۇ بولۇپ مەنىسى «ئاۋانت» بىلەن ئوخشاش.

㊵ ساكىمۇنى — سانسكرىتچە [Śakyamuni] دىگەن خاس ئاتالغۇ بولۇپ، «ساكىلارنىڭ ئەۋلىياسى» دىگەن مەنىدە. ئۇ [Siddhārtha] (ساكيامۇنىنىڭ ئەسلى ئىسمى) نىڭ ھۆرمەت نامى. ساكيامۇنى بۇددا دىنىنى ئىجات قىلغاندىن كېيىن، بۇددىزىم مۇرىتلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان.

㊶ بۇرخان — بۇددىزىم ئىلاھى بۇددانىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى.

㊷ ۋىت ئۇپاۋىت-ياۋاگان لوكاياتا — بىر خىل شاستىرنىڭ نامى. لوكاياتا — سانسكرىتچە [Loka-yata] دىيىلىدۇ.

㊸ ئاچىتى — ئادەم ئىسمى.

44 بودسۇت ــ سانسكرىتچە [Bodhisattva] سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھىس ـ تۇيغۇسىنى بىلىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ساكيا ـ مۇنىنىڭ دەرۋىشلىك قىلىپ يۈرگەن تېخى بۇدداغا ئايلانمىغان ۋاقتىدىكى نامى ئىدى. كېيىن بۇددىزىم ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىلەشتۈرگۈچىلىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

45 چاكىرىرت ــ سانسكرىتچە [Cakravatiraja] دىن كەلگەن خاس ئىسىم بولۇپ، ئۇ قەدىمقى ھىندى ئەپسانىسىدىكى «مۇقەددەس خان» ھىساپلىنىدۇ.

46 پىردىكاسانبۇت ــ سانسكرىتچە [Pratyeka-bodhi] دىن كەلگەن چۈنكى «bodhi» يەنە «Saṃbodhi» دەپمۇ يېزىلىدۇ. «پەۋقۇلئاددە سەزگۈ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

47 قۇت ۋاخشىك ــ «قۇت» ــ قەدىمقى ئۇيغۇرچە «بەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە «قۇت» سۆزى ۋاخشىكنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ كەلگەن. ۋاخشىك ــ سوغدىچە [W'XŠK] بولۇپ، «قوغدىغۇچى ئىلاھ»نى كۆرسىتىدۇ.

48 پىرىت ــ سانسكرىتچە [Preta] دىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ، «جىن ـ ئالۋاستى» دېگەن مەنىدە.

49 ماتىيادىس ــ سانسكرىتچە [Madhayadea] دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «ئوتتۇرا دۆلەت» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى.

50 ئاژۇن (~ ئازۇن) ــ سوغدىچە [ʾzwnʾ] دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن بولۇپ «دۇنيا، ئالەم، جاھان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

51 كاپىلاۋاستۇ ــ [Kapilavastu] قەدىمقى شەھەر بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ساكيامۇنى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى نىپال تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ.

52 نىكۇدارام ــ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى.

53 ساڭرام ــ سانسكرىتچە [Sangharama] دىن كەلگەن بولۇپ، «ئىبادەتخانا» دېگەن مەنىدە.

54 ماھاپىرا جاپاتى گائۇتامى ــ سانسكرىتچە [Mahaprajapati] بولۇپ، «نۇرلۇق ئايال، تالانتلىق ئايال» دېگەن مەنىدە. ئۇ ساكيامۇنىنىڭ ھاممىسى ۋە ئىنىگئانىسى ۋە بار ـ لىق ئاياللارنىڭ (ئاياللار مۇناستىرىنىڭ) ئەڭ بۇرۇنقى باشلىقى ھىساپلىنىدۇ.

55 پاتىنى ــ گائۇتامى خاتۇنىنىڭ خىزمەتچى قىزىنىڭ ئىسمى.

56 سىراۋىست ــ سانسكرىتچە [Sravsti] دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «ئەۋلىيالار تۇرىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە. ئۇ قەدىمقى دەۋردىكى بىر پادىشالىق شەھىرى بولۇپ، كاپىلاـ ۋاستۇ شەھرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 500 يول كېلىدىغان جايدا. بۇ شەھەر مىلادى 600 ـ يىللىرى خارابىغا ئايلانغان.

57 ماھانامى ئوراكۇ ــ سانسكرىتچە خاس ئىسىم بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بەش شاگىرتىنىڭ بىرى (Mahanaman]نى كۆرسەتسە كېرەك.

58 نىزۋانى ــ سوغدىچە [nyz'Bny] بولۇپ: 1) زوق ـ ھەۋەس، ئىشقىۋازلىق؛ 2) دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق؛ 3) دىلخەستىلىك، ئازاپ دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

59 ئۇدۇمبار ــ سانسكرىتچە [Udumbara] بولۇپ، ئۇ بىرخىل پۇراقلىق گۈلنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com



⑥⓪ بۇرسۇك (~ بۇرساك) ـــ خەنزۇچە «佛僧»، سانسكرىتچە [Buddha-san'gha] دېيىلىدۇ. «بۇددا راھىپلىرى» دېگەن مەنىدە.

⑥① ئانانت ـــ سانسكرىتچە [Ananda] بولۇپ، «خوشاللىق، شاتلىق» دېگەن مەنىدە. چۈنكى ئاناندا دەل ساكيامۇنى بۇددا بولغان كۈنى تۇغۇلغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىلىكلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا نومى (سۇترا) تەھرىرلىگەن ئىكەن.

⑥② سارىپوترى ـــ ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، ئەقىللىق ھېساپلىنىدۇ.

⑥③ ماھامۇتكالايان ـــ سانسكرىتچە [Màhàmaudgalyàyana] دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، ئەسلى براھمان ئۇرۇغىغا تەئەللۇق. ئۇ قەدىمقى ھىندىستاندىكى ماگىت ئېلىنىڭ پايتەختى راجاگارخا [Ràjagṛha] شەھىرىدىن (بۇ شەھەر مىلادى 7 - ئەسىردىلا خارابىلىققا ئايلانغان). ئۇ ساكيامۇنىغا چوقۇنغاندىن كېيىن، ساكيامۇنىنىڭ «10 چوڭ شاگىرتى»نىڭ بىرى ھېساپلانغان.

⑥④ ئانىروتى ـــ بىر ئارخانتنىڭ نامى.

⑥⑤ ئارخانت (~ ئارخات) ـــ رىۋايەت قىلىنىشىچە «ئارخانت» ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ ئىسىل شاگىرتى ۋە ئەڭ قابىل ياردەمچىسى ھېساپلىنىدىكەن. ئارخانت (ئارخات) ھىنايانا بۇددىزىمى غايىسىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك، ئەڭ يۇقۇرى ئورۇن ھېساپلىنىدۇ.

⑥⑥ ماھاسراۋاك ـــ خاس ئىسىم. بىر ئارخانتنىڭ نامى.

⑥⑦ لاكساناۋىيگا ـــ سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

⑥⑧ كوزاتار ـــ سانسكرىتچە [Kasturī] دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنى ئەپساندىلىرىدىكى بىر خىل ئىسىل پۇراقلىق گۈلنىڭ نامى.



## ئەلىشىر ناۋايى

(بېشى ئومۇمى 11 - ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى

## يەنە ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى

دىدى ھۇدھۇدكى ئى خىيالىڭ بارچە ھىچ،
شەرھىدە بۇ قىلۇ قالىڭ بارچە ھىچ.
(ھۆپۈپ ئېيتتىكى: بارلىق خىياللىرىڭنى چۈشەندۈرۈپ دىگەن گەپلىرىڭ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ.)

گەرچە زىبا گۈلشەنى دىلكەش دۇرۇر،
كۆزگە سۇ بىرلە ھاۋاسى خۇش دۇرۇر.
(گۈزەل ۋە دىلغا يېقىملىق گۈللۈك باغ بولۇپ، ئۇنىڭ ھاۋاسى ۋە سۇلىرى كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ،)

ئاندا تۇباۋەش ياغاچلار جىلۋە ساز،
گۈللىرى يۈز لەۋن بىرلە ئىشۋە ناز.
(ئۇنىڭدا جەننەتنىڭ تۇبا دەرەخلىرىدەك دەرەخلەر جىلۋە قىلىپ، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ناز قىلىپ تۇرسىمۇ،)

ھەم ۋەفاسىز كەلدى نە سىرىن گۈلى،
ھەم باقاسىز سەرۋ بىرلە سۇنبۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(لېكىن ئۇ باغنىڭ سىرتى گۈللىرى ۋاپاسىز، سەرۋىسى بىلەن يېشىل مايسىلىرى مەڭگۈ-لۈك ئەمەستۇر.)

چۈن باھارىغا خازان سالۇر شىكەست،
بولۇر ئول گۈللەر قارا تۇپراققا پەست.

(چۈنكى ئۇ گۈللەرنىڭ باھارىغا كۈز شۇئىرغانلىرى زەربە بېرىپ، گۈزەل، زىبا گۈللەر-نى توزۇتۇپ، قارا يەرگە تۆكىدۇ.)

قەسرىنى ھەم چەرخ چۈن دەۋران قىلۇر،
خەستە ئاشىق كۆڭلىدەك ۋەيران قىلۇر.

(پەلەك گۈزەل گۈلباغچا سارايلىرىنى خۇددى دىلى سۇنۇق ئاشىقنىڭ كۆڭلىدەك ۋەي-ران قىلىپ تاشلايدۇ.)

شاھغە داغى جاپايىنى روزىگار،
تەخت ئۆزرە تەختىدىن بېرۇر قارار.

(زامان ئۆزىنىڭ جاپاسىنى جاھان شاھىغا سېلىپ، ئۇنى شاھلىق تەختىدە تۇرغۇزۇپلا جىنازىدىن ئورۇن بېرىدۇ.)

باغىغا گۈلچەھرەلەردەك يوق ۋافا،
شاھىغا بەرمەھرلەردەك يوق باقا.

(گۈزەللەرنىڭ ھۆسنى - جامالىدا ۋاپا بولمىغىنىدەك، بۇ جاھاندا زامان شاھلىرىغىمۇ ئەبە-دىيلىك يوق.)

سەندىن ئاندا كىم دىسۇن خۇد ئەي زەئىف،
بىر تىكەن بەرگىگە ئېرمەس سەن ھەرىف.

(ئەي ئاجىز! قىيامەت كۈنى سەندىن: ئۇ دۇنيادا نىمە قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ چاغدا سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ تىكەننىڭ بىر يوپۇرمىغىغا ئەرزىمەيدۇ.)

ئەر ئىسەڭ قافى باقاغا ئەزم قىل،
ئەۋجىدە بىر شاھ ۋەسلى ئىستەگىل.

(ئەر بولساڭ مەڭگۈلۈك دۇنياغا يۈرۈش قىلىپ، بىرلا شاھنىڭ ۋەسلىنى ئىزلىگىن.)

كىم بۇ گۈلشەنغە كامال ئاندىن دۇرۇر،
ھەم خازانۇ ھەم زاۋال ئاندىن دۇرۇر.

(چۈنكى بۇ گۈلشەنگە كامالەت تېپىشمۇ، كۈز شۇئىرغانلىرىدا زاۋال تېپىشمۇ ئاشۇ شاھتىن كېلىدۇ.)

شەھەر زىبۇ فەر جامالىدىن ئانىڭ،
ئەزل فەۋق ھەم جالالىدىن ئانىڭ.
(زىننەت، ھەشەمەت ئۇنىڭ جامالىدىن، مەنسەپكە ئۆرلەش ۋە مەنسەپتىن چۈشۈش ئۇ-
نىڭ ئۇلۇغلۇغىدىن كېلىدۇ.)

قەسىر ئاباد ئەيلەگەن ھەم ھىكمىتى،
سوگىرە ۋەيران داغى قىلغان قۇدرىتى.
(شاھنىڭ سارايلىرىنى ئاۋات قىلغان ئۇنىڭ ھىكمىتى بولسا، كېيىن ۋەيران قىلغانمۇ ئۇ-
نىڭ قۇدرىتىدۇر.)

ھىكايەت

بىر قەلەندەر بار ئىدى مەبھۇت رەڭ،
سۇبھى - شام ئانىڭ غىزاسى ئېردى بەڭ.
(رەڭگى تاتىرىپ يۈرىدىغان بىر قەلەندەر بار ئىدى، ئۇنىڭ كۈن بويى قىلىدىغان ئىشى
نەشە چېكىش ئىدى.)

تۈرك ئەھلىدەك نەمۇدارى ئانىڭ،
جۈرئەدانىدا لېكىن ئەسرارى ئانىڭ.
(ئۇ تۈرك ئادىمىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرى مەيخانىدا ئىدى.)

چۈن «غىزا» يەپ ئۆزنى ئەيلەر ئېردى لال،
ئىش ئاڭا قىلماق خىيالاتى ماھال.
(ئۇ نەشە چېكىپ ئۆزنى بىخۇت قىلىۋېلىپ، تېگى يوق، بىھۇدە خىياللارنى سۈرەتتى.)

تۈشتى بىر كۈن كۆپرەك ئول نافىئ «غىزا»،
مۇنقەئىنى چەكتى بۇ ۋەيران ئارا.
(كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ نەشىنى قانغىچە چېكىۋېلىپ، ۋەيرانە بىر خارابىگە كىرىپ،)

تەكيە سالدى بىر بۇزۇق دىۋارغە،
سائىر ئولدى ئالەمى ئەسرارغە.
(ئەسكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈشكە باشلىدى:)

كۆردى ئۆزنى بىر نېچە گۈلشەندە شار،
تىكرەسىدە جەمئ ئەسبابى مۇدار.
(ئۇ ئۆزنى باغۇ بوستانلاردا خوشال ھالدا كۆردى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ كۆڭلى خالىغان
نەرسىلىرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەسكەنى، قەسرى بىناسى بەس قەۋى،
زىبى ئانىڭ گاھ كارى مانەۋى.
(ئۇ باغۇ بوستانلاردا ناھايىتى مۇستەھكەم بىنا ۋە قەسرلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ نەقىشلىرى خۇددى مانى سالغان نەقىشلەرگە ئوخشايتتى.)

ئۆزى بىر تەخت ئۈستىدە جەمشىدۋەش،
ياندا گۈلچېھرەئى خۇرشىدۋەش.
(ئۇ، تەخت ئۈستىدە جەمشىتكە ئوخشاش ئولتۇراتتى، يېنىدا بىر ئاي يۈزلۈك گۈزەل بار ئىدى.)

ئەيش ئېتىپ ئول خۇسرەۋى ئالى ماقام،
تاپىب ئول گۈلچەھرەدىن ھەر لەھزە كام.
(ئۇ بەگگە خۇددى بىر ئالى مەرتىۋىلىك پادىشادەك، دەممۇ-دەم ئاي يۈزلۈك ئۇ گۈزەلدىن ئىشرەت تاپاتتى.)

بۇ خىيالات ئىچىدە ئۇ كاشانەئى،
ياتمىش ئېردى گوشەئى ۋەيرانەئى.
(ئۇ بۇ شىرىن خىياللار بىلەن خارابىنىڭ بۇلۇڭىدا ياتاتتى.)

كىم بۇزۇقنىڭ گوشەسىدىن بىر چايان،
نىش نەۋكىدە ئەجەل زەھرى ئايان.
(ۋەيرانە تامنىڭ بۇلۇڭىدىن نەشتىرىدە ئەجەلنىڭ زەھرى بار بىر چايان)

چىقتى ئول ۋەيران تاۋاپىن مەيل ئېتىپ،
سانجار ئېردى نىش ھەريانكىم يېتىپ.
(چىقىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇ، ئۇچرىغانلا نەرسىگە نەشتىرىنى سانجىيتتى.)

نۇش لەبىدىن كام ئالۇردا ھەر زەكىش،
ئول چاياندىن ئېرنىگە سانجىلدى نىش.
(بەگگى بىھۇدە خىيال بىلەن يېتىپ ئاي يۈزلۈك گۈزەلدىن مەقسىدىنى ھاسىل قىلىۋاتقاندا، چايان كېلىپ ئۇنىڭ لېۋىنى چېقىۋالدى.)

قىچقىرىپ قوپتى قەلەندەر بىقارار،
زاھىر ئەيلەپ ئىزتىرابۇ ئىزتىرار.
(قەلەندەر ۋاقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ تىترەيتتى، بىئارام بولۇپ، داتپەريات قىلاتتى.)

نى گۇلۇ گۇلشەن ئىدى، نى قەسر تەخت،
نى ياندا مەھۋەشۇ فىرۇز بەخت.
(ئۇنىڭ ئالدىدا نە گۇلشەن، نە ساراي، نە تەخت، نە ئاي جامالىق گۈزەل كۆرۈنمەيتتى.)

ئول خىيالاتى تاپىب بارى خەلەل،
يەپ ۋە لېكىن ئېرىنىگە نىش ئەجەل.
(ئۇنىڭ خىياللىرى بەربات بولۇپ، ئۆزى ئاخىرى ئەجەلنىڭ نەشتىرىنى يەپ ئۆلدى.)

بىلدى ھەرنە قىلغانى ئېرمىش خاتا،
قىلمدى سۇدى پۇشايمانلىق ئاڭا.
(ئۇ قىلمىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىگىنى بىلدى، پۇشايمان قىلدىيۇ، لېكىن پايدىسى بولمىدى.)

ساڭا مۇتلەق ھەم ئاندىن كەلدى ھال،
يول دىماغىڭغا تاپىب پاسىد خىيال.
(ئەي قۇش! سەنمۇ ئەنە شۇ قەلەندەرگە ئوخشاش بولمىغۇر خىيالغا چۈشۈپ قاپسەن.)

چۈن ئەجەل نىشىن يىبان سەسكەنگەسەن،
غەفلەتىڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاسەن.
(سەنمۇ ئەجەلنىڭ نەشتىرىنى يىگەن چېغىڭدا، ئاندىن سەسكىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىسەن.)

ھەرنىچە قىلساڭ فىغانۇ زارلىق،
قىلغۇسى يوق بىر سەرمويى ئاسىغ.
(ئۇ چاغدا قانچە يىغلاپ، زارلىغىنىڭ بىلەنمۇ ئەسقاتمايدۇ.)

ئاڭلا غۇكۇم، كىمدىن ئولمىش سەن يىراق،
قالغۇسى جانىڭ ئارا داغى پىراق.
(سەن كىمدىن يىراقلىشۋاتقانلىغىڭنى، جېنىڭ جۇدالىقتا قالىدىغانلىغىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى**

**(يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)**

كۆرمىسەم مەشۇق رۇخسارىن دەمى،
تىيرەدۇر ئول دەم كۆزۈمگە ئالەمى.

www.uyghurkitap.com



(مەشۇغۇمنىڭ جامالىنى بىردەم كۆرمىسەم، ئالەم كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ،)

بىر نەفەس ئانىسىز قارارىم يوق تۇرۇر،
دەرد ـ غەمدە ئىختىيارىم يوق تۇرۇر.
(ئىختىيارسىز غەمگە چۆكىمەن. ئۇنىڭسىز بىردەممۇ تۇرالمايمەن.)

ئارەزى نەززارەسى كامىم مېنىڭ،
ۋەسلىدىن كۆڭلۈمدە ئارامىم مېنىڭ.
(ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇش مېنىڭ ئارزۇيۇم، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم ئارام تاپىمەن.)

ئانداق ئانىڭ بىلە ئۆلپەتدۇر ماڭا،
كىم ئېرۇر ئانىسىز گۇمان شىددەت ماڭا.
(مەشۇغۇم بىلەن ھەمسۆھبەتلىكىم ئارام بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلسام گۇمان شىددىتىگە دۇچار بولىمەن.)

قىلماسام لەھنىن زامانى ئىستىماﺋ،
جىسمىدىن روھىم قۇشى ئەيلەر ۋەراﺋ.
(ئۇنىڭ ئاۋازىنى بىردەم ئاڭلىمىسام، جىسمىمدىن روھىمنىڭ قۇشى ۋىدالىشىدۇ.)

ئول سەنەم ئىشقىن نەچۈك تەرك ئەتكەمەن،
ئايرىلىب ئاندىن قايانى كەتكەمەن؟
(شۇنداق ئىكەن، ئۇ مەشۇغۇمنىڭ ئىشقىدىن قانداق ۋاز كېچىمەن؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ نەگىمۇ بارارمەن؟)

ھۇدھۇدنىڭ ئول قۇشقە جاۋاۋى
(ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دېدى ھۇدھۇدكى: ئى ئىشىڭ سوزۇ گۇداز،
سالىبان كۆڭلۈڭگە ئوت ئىشقى ماجاز.
(ھۆپۈپ ئېيتتىكى: سېنىڭ ئىشلىرىڭ كۆيۈپ ئۆرتەنمەك بوپتۇ، كۆڭلۈڭگە ماجاز (غەيرى ھەقىقى) ئىشق بۇ ئوتنى سالپتۇ.)

تۇشكەنىڭ ئىشقى ھەقىقىدىن يىراق،
ئۆرتەگەن كۆڭلۈڭ ئارا داغۇ پىراق.
(ساڭا چۈشكەن ئىشقىنىڭ ئوتى ھەقىقى ئىشق ئەمەس، كۆڭلۈڭنى ئۆرتىگەن پىراقىنىڭ دېغىمۇ ھەقىقى ئەمەس.)

ئەسلى يولدىن كۆكلۈك ئەتكەن ئىجتىناپ،
پەرز سارى ئەزمنى كۆرگەن ساۋاپ.
(سېنىڭ كۆكلۈك ئەسلى يولدىن يىراقلىشىپتۇ، غەيرى يولغا مېڭىشنى توغرا يول دەپ يۈرۈپسەن.)

چەشمەئى ھەيۋاندىن ئۆتكەن خوشك لەب،
بەرگىدىن دەفئى ئەتىش قىلغان تەلەب.
(ئابى ھايات بۇلىغىدىن لېۋىڭ قۇرۇق ئۆتتۈپسەن، يوپۇرماقتىن سۇسىزلىقنى قاندۇ-رۇشنى تەلەپ قىلىپسەن.)

دۇررى يەكتادىن قىلىپ غافىل كۆڭۈل،
ژالە سارى ئەيلەگەن مايىل كۆڭۈل.
(تەڭداشسىز گۆھەردىن كۆكلۈك بىخەۋەر قاپتۇ، كۆكلۈك شەبنەمگە مايىل بولۇپ قاپتۇ.)

مېھر خاۋەر يۈزىدىن قىلغان ئەدۇل،
شەمئى مەشئەل پەرتەۋىن ئەتكەن قەبۇل.
(قۇياشنىڭ نۇرىدىن يۈز ئۆرۈپ، چىراقنىڭ يورۇغىنى قوبۇل قىلىپسەن.)

سۇرەتى زاھىر بىلە تاپقان فەرىب،
تاپمىغان مەئنى جامالىدىن نەسىب.
(سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئالدانساڭ، ھەقىقى مەنە جامالىدىن نەسىۋە تاپالمايسەن.)

ھۆسن زاھىرنىڭ نە نەۋئى بولغاي ئىشى،
يۈزدە بەلغەم بىرلە قان ئارايىشى.
(ھۆسنى - جامال دىگەن قانچىلىك نىمە ئىدى؟ ئۇ، بەلغەم بىلەن قاننىڭ يۈزگە تېپىپ چىقىشىدۇر.)

يۈزنى نە ۋەسفىن دىدىڭ ھۆرى چىگىل①،
بەلغەمۇ قاندىن ئىسە ئاقۇ قىزىل.
(سەن يارىڭنىڭ چىرايىنى چىگىلنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشايدۇ، دىدىڭ، گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى ئاق ۋە قىزىللىق بەلغەم بىلەن قاننىڭ تەسىرى ئەمەسمۇ!)

ھۆسن زاھىرنىڭ ۋافاسى يوق تۇرۇر،
ھەم سۇباتى ھەم باقاسى يوق تۇرۇر.
(ھۆسنى - جامالدا ۋاپا يوق ھەم ئۇ، مەڭگۈلۈكمۇ ئەمەس.)

① چىگىل — بىر تۈركى قەبىلىنىڭ نامى، ئادەملىرى ناھايىتى گۈزەل بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاشىقى شەيدا بولۇرغە ئەرزەمەس،
ئىشقىدىن رەسۋا بولۇرغە ئەرزىمەس.
(شۇڭا ئۇ شەيدا بولۇشقا ۋە رەسۋا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ.)

كىم ئاڭا باقى ئىمەستۇر خۇبلۇق،
ئارىيەتتۇر شەكلدە مەھبۇبلۇق.
(ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئۇنىڭ شەكلىدىكى گۈزەللىك بىۋاسا ئارىيەتتۇر.)

گەر بۇ كۈندۇر خۇب، تاڭلا خۇب ئىمەس،
خۇبكىم بۇ نەۋئىدۇر مەرغۇب ئىمەس.
(يۈگۈنى گۈزەللىشىپ، ئەتىسى سەتلىشىپ كېتىدىغان مۇنداق گۈزەللىك گۈزەللىككە كىرمەيدۇ.)

يۈز تۇمەنىڭ سەندەك ئۇلسا ئاشىقى،
بولمىغاي ئاشىقلىغىنىڭ لايىقى.
(مۇنداق گۈزەللىك ئاشىقلىرى يۈز تۇمەنىڭ بولغاندىمۇ يەنىلا ئۇلارغا لايىق كەلمەيدۇ.)

ئانى سۆيكىم ھۆسنى بولغاي بەركامال،
بولمىغاي مۈمكىن قۇياشغا ھىچ زاۋال.
(شۇڭا سەن شۇنداق مەشۇقنى سۆيگىنكى، ئۇ ھۆسنى - جامالدا كامالەتكە يەتكەن ۋە قۇياشتەك زاۋالسىز بولسۇن.)

بەرسەلەر ئىشق ئەھلى يۈزجان ھەر بىرى،
ھۆسنى يۈزمىڭ مۇنچەغە قىلغان كىمى.
(ئاشىقلارنىڭ ھەر بىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزلەپ جان بەرگەندىمۇ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە يۈز مىڭلىغان ئاشىقلار يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ.)

**ھىكايەت**

بارئىدى شەيخى ئارىستوغا مۈرىد،
ھەلقەئى دەرسىدە ئېردى ئول مۇفىد.
(شەيخ ئارىستونىڭ بىر مۈرىدى بولۇپ، ئۇ ئارىستودىن ئىلىم ئۆگىنەتتى.)

ئەيلەبان ئانى ھېكىم ئەرجۈمەند،
جۈملەئى شاگىردلار ئىچرە پۈسەند.

(ئۇلۇغ ھېكىم ئۇ شاگىرتىنى شاگىرتلىرى ئارىسىدا ئەزىز بىلەتتى.)

ئاڭا مەخفى ئىلىملەرنى ئېيتىبان،
تىفىل ئىكەن دىن ئالدا ئۆرگەتىبان.
(ئارىستو ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا مەخپى ئىلىملەرنى ئۆگەتكەن ئىدى.)

تۆرت يۈز ھىكمەت ئىلىدىن ئالىم ئول،
بارچەدىن ئارتۇق ئارىستودىن كەم ئول.
(ئۇ تۆت يۈز شاگىرتىنىڭ ئىچىدە ھەممىسىدىن بىلىملىك ئىدى، پەقەت ئارىستودىنلا تۆۋەنرەك تۇراتتى.)

كۆڭلىدە مۇنداغ خىيال ئەيلەب ھەكىم،
كىم ئىسكەندەرگە ئانى قىلغاي نەدىم.
(شۇڭا، ئارىستو ئۇنى ئىسكەندەرگە ھەمسۆھبەت قىلىپ قويۇشنى ئويلىدى.)

كىم ئۆزى بىر سارىكىم قىلسا خىرام،
بولغاي ئول بەرزەنددەك قايىم ماقام.
(ئارىستو ئۆزى بىر تەرەپكە كېتىپ قالسا، ئۇ ئارىستونىڭ ئۆز بالىسىدەك ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇراتتى.)

ھىكمەت ئىچرە نۇكتەئى مەۋزۇن بىلە،
سۆز دىگەي مەجلىسدە ئەفلاتۇن بىلە.
(ئارىستو ئۇنىڭ، ئىلىم ـ ھىكمەت مەجلىسلىرىدە ئەفلاتۇن بىلەن سۆھبەتتە بولۇشنى ئۈمىت قىلاتتى.)

بارۇر ئېردى يول بىلە بىر قاتلا ئول،
ئۇردى كۆڭلىگە بىراۋنىڭ ئىشقى يول.
(بىر كۈنى ئۇ شاگىرت يولدا كېتىۋاتقىنىدا، بىر گۈزەلنىڭ ئىشقى كۆڭلىگە تەسىر قىلدى.)

كۇفر دەيرىدىن چىقىپ ماھ پەيكەرى،
كافىرى سەنگىن دىلى سىيمەنبەرى.
(بۇتخانىدىن كۈمۈش تەنلىك، ئاي غا ئوخشايدىغان، ئەمما تاش يۈرەك بىر گۈزەل چىقىپ كەلدى.)

ناز ئىلە يۈز دىننى يەغما قىلغۇچى،
ھىكمەت ئەھلىن زاشەيدا قىلغۇچى.

(ئۇ نازىنىن ناز - خۇلقى بىلەن دىنىنى يۈز قېتىملاپ ۋەيران قىلىپ، ھىكمەت ئىگىلىرىنى ئۆزىگە ئاشىق قىلدۇالاتتى.)

ئول ھېكىم ئولغاچ گىرىفتارى ئانىڭ،
كۆڭلىنى قىلدى ئەجەپ زارى ئانىڭ.
(ئۇ ھېكىم گۈزەلنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولدى، ئۇ ھېكىمنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ ئىنتىزار قىلدى.)

باغلاپ ئانىڭ ۋەسلىنى يەتمەككە بەل،
سەئيلەر ئەيلەب ئاراغە سالدى ئەل.
(ھېكىم ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتمەككە بەل باغلاپ، كۆپ كىشىلەرنى ئارىغا سالدى.)

تا كۆرۈب خەرج ئەيلەبان بىسيار نەقد،
رام ئېتىپ ئول دىلرەبانى قىلدى ئەقد.
(نۇرغۇن پۇل خەجلەپ يۈرۈپ ئۆزىگە رام قىلىپ ئۇ نازىنىنىنى ئاخىرى نىكاھىغا ئالدى.)

ئەيدىكىم ئول بۇت ۋىسالى بەردى دەست،
كۇفر ئەھلى يەڭلىغ ئولدى بۇتپەرەست.
(ئېيتىشلارچە، ئۇ نازىنىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ كاپىرلاردەك بۇتپەرەست بولۇپ كەتكەن ئىمىش.)

كېچە - كۈندۈز كۆز ئاندىن ئالمايىن،
ۋاله ئولدى سەفھەغە كۆز سالمايىن.
(ھېكىم كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيدىغان، كىتاب سەھىپىلىرىگە قاراپمۇ قويمايدىغان بولدى.)

بولدى ئول مەھۋەشقا ئانداغ شىفتەئى،
كىم سەبەق بەختىدىن ئانداغ گۈفتەئى.
(ھېكىم، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە مەپتۇن بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بەخت ساۋاقلىرىنى ياخشى ئوقۇغان ئىكەنمەن»، دەيتتى.)

ئەيلەبان ئۇستاد ئانىڭ نەززارەسى،
دىدى ئەيلەي پەند بىرلە چارەسى.
(ئۇستاز ئارىستو شاگىرتىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلاي دىدى.)

بەردى ئىستەپ كۆپ نەسىھەت بىرلە پەند،
بولمىدى ئول پەند بالاغە سۇد مەند.

(شاگىرتىنى ئىزلەپ تېپىپ ئۇنىڭغا كۆپ پەندى - نەسىھەتلەرنى قىلدى. لېكىن بۇ نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.)

كۆردىكىم ئىلمۇ ھۈنەر زايە بولۇر،
نەچچە يىللىق زەھمىتى زايە بولۇر.
(ئۇ، ئىلمۇ ھۈنەرنىڭ، نەچچە يىللاپ چەككەن جاپاسىنىڭ زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.)

نىچە پىكىر ئەتتى ھەكەى بى نەزىر،
كۆرمىدى ئۇل ئىش داۋاسىدىن گۈزىر.
(ئىلىم ھىكمەتتە تەڭداشسىز ھېكىم قانچە قىلىپمۇ شاگىرتىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىشقا ئىلاج تاپالمىدى.)

مەخپىي ئاندىن ئۆزنى تۈتتى چارەغە،
بەردى مۇھلىك رەھرەۋى مەھ پارەغە.
(ئاخىرى ئارىستو بىر چارە ئويلاپ تاپتى — ئۇ شاگىرتىغا بىلدۈرمەي، نازىنىنىغا ھالاكەتلىك بىر دورا بەردى.)

كىم يىقىلدى ئاھ - ئەفغان ئەيلەبان،
دەمبەدەم ئۇل ناتىۋانلىغ ئارتىبان.
(ئۇ گۈزەل دورىنى ئىچتى - دە، زار قاخشاپ يىقىلدى. ئۇنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلىششقا باشلىدى.)

چارەلەر قىلدى يىگىت، سۇد ئەتمىدى،
ئۇل سەنەمدىن ناتىۋانلىغ كەتمىدى.
(يىگىت مەشۇقىغا تۈرلۈك داۋالارنى قىلىپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ كېسلى ساقايمىدى.)

ئاجىز ئولغاچ چارەدىن ئۇل دەردمەند،
كەلدى ئۇستاز ئالدىغا زارۇ - نەژەند.
(ئۇ دەرتمەن نازىنىنغا چارە قىلىشقا ئاجىز كېلىپ، پەرىشان ھالدا ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.)

باش قويىپ سالىپ مالالەتلەر بىلە،
شەرھى ھال ئەتتى خىجالەتلەر بىلە.
(ئۇ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇستازىغا ئەھۋالنى خىجالەت بىلەن بايان قىلدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆردى چۈن ئۇستاز ئانداغ ئېھتىياج،
كەلدىكىم بىچارەغە قىلغاي ئىلاج.
(ئۇستازى شاگىرتىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ بىچارىگە ياردەم قولىنى ئۇزىتىش قارارىغا كەلدى.)

دىدىكىم، قوپ سەن بۇگۈن خىزمەتكە بار،
تۇر ئىسكەندەر ھەزرەتىدە بەندەۋار.
(ئارىستو ئۇنىڭغا: ئورنىڭدىن تۇر! خىزمەتكە بىرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىدا قۇللارچە تۇرغىن!)

مەنمۇ داۋا ئەيلەيىن بىمارىڭە،
يەتكۈرەي سەھەت پەرىۋەش يارىڭە.
(مەن سىنىڭ كىسەل مەشۇقىڭغا داۋا قىلاي، پەرىگە ئوخشاش بۇ يارىڭنى ساقايتاي، — دىدى.)

ئول قەبۇل ئەيلەپ راۋانى تۇتتى يول،
سۈندى ئۇستازى ئىلاج ئەيلەرگە قول.
(ھاكىم ئۇستازىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇستازى نازىنىنىڭ كىسىلىگە داۋا قىلىشقا تۇتۇندى.)

مۇسھىلىساز ئەتتى بىھەد زورمەند،
بەردىكىم ئانى سۇمۇردى مۇستەمەند.
(ئارىستو ناھايىتى كۈچلۈك سۈرگە دورىسىنى ياساپ ئۇنى گۈزەلگە ئىچكۈزدى.)

دىدى مەھرەملەرغە كىم ۋاقىپ تۇرۇڭ،
تەشت ئىلىپ ئول ئىشىكتە ئولتۇرۇڭ.
(ئارىستو مەھرەملەرگە: بىر داس ئىلىپ كىلىپ ئىشىك ئالدىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇڭلار!)

ھەر نەكىم خارىج بولۇر تۆكمەڭ ئۇنى،
بىر ئاياق ئىچرە سالىپ ئاسراڭ ئۇنى.
(گۈزەلدىن نىمە چىققان بولسا، ئۇنى تۆكۈۋەتمەي بىر قاچىغا سىلىپ ساقلاپ قويۇڭلار! — دىدى.)

چىققاچ ئىيتىپ سۆزلەر ئول ئالى مەھەل،
قىلدى مۇسھىل داغى بۇنيادى مەھەل.
(ئۇ ئالى مەرتىۋىلىك ھىكىم بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ چىقىپ كىتىشى بىلەن تەڭ سۈرگە دورىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.)

قىلدى يۈز مۇسھىل چە ئىخراجى موۋار،
ئۇلتۇرۇپ ئېردى ئىشىكدە ئۇستاز.
(گۈزەلگە بېرىلگەن سۇرگە دورىسى ئۆزىنىڭ يۈز باراۋېرىدە غەلە ـ غەش نەرسەلەرنى سۈرۈپ چىقاردى، ئۇستاز تېخى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇراتتى.)

خەستەنىڭ تابۇ تاۋانى قالمادى،
جىسمدە بىر قەترە قانى قالمادى.
(كېسەلنىڭ تېنىدە ماغدۇر، جىسمدا بىر تامچە قان قالمدى.)

كەچقۇرۇن قىلغاچ يىگىت ئەزمى ۋۇساق،
دىدى دانا كىم كىرىپ يارىڭغە باق.

(كەچقۇرۇن يىگىت ھوجرىسىغا قايتقاندا ھېكىم ئۇنىڭغا: ئۆيگە كىرىپ يارىڭغا قاراپ باق! — دىدى.)

كىرگەچ ئىستەر ئېردى شوخى دىلكەشى،
كۆردىكىم ياتمىش كەرىھ ـ ناخۇشى.
(ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆرۈمسىز ۋە كەيپسىز ھالدا ياتقان يارىنى كۆرۈپ،)

تانۇماي دىدى مېنىڭ يارىم قانى؟
سەرۋ بويلۇق ماھى رۇخسارىم قانى؟
(ئۇنى تونۇيالماي: مېنىڭ يارىم قېنى؟ بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن ئاي يۈزلۈگۈم قېنى؟ — دىدى.)

ئىشتىپ كىردى ھەكىمى كاردان،
ئەقلى كۆلدەك ئالىمى بىسياردان.
(ئەقلى دېڭىزدەك، كۆپنى بىلىدىغان ھېكىم ئۆيدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە كىرىپ:)

دىدى تابشۇرغان ئىنانى كەلتۈرۈك،
نازىنىننى ئاشقىغە يەتكۈرۈك.
(قاچىنى ئېلىپ كېلىڭلار! نازۇك گۈزەلنى ئاشىقىغا يەتكۈزۈڭلار! — دىدى.)

بارىبان كەلتۈردىلەر چۈن زەفىنى،
كىم ئىشتىمەسدۇر بۇ يەڭلىغ ھەرىپىنى.
(كىشىلەر بېرىپ قاچىنى ئېلىپ كەلدى، كىشىلەر ئۇنىڭدا ئاڭلاپمۇ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇختەلىپ ئەخلەت بىلە مەملۇ ئىدى،
مۇھلىكۇ مەكرۇھ، لەۋسى بۇ ئىدى.
(ئۇ قاچا خىلمۇ-خىل پاسكىنا، يىرگىنىشلىك ۋە سېسىق، كىشىلەرنى ھالاك قىلغۇچى نەرسىلەر بىلەن تولغان ئىدى.)

دېدى ئالىملىكىم پەرىزاتىلىك بۇدۇر،
گۇل جەبىنلىك سەرۋ ئازادلىك بۇدۇر.
(ئارىستو شاگىرتىغا: مانا بۇ نەرسىنى ئال، بۇ سېنىڭ مەكزى گۈلگە ئوخشاش، قامىتى زىبا، پەرىزاتتەك گۈزەل مەشۇغۇڭ بولىدۇ، — دېدى.)

بۇدۇر ئۇلكىم مۇبتالا بولمىش ئىدىڭ،
ئاشىقى ۋالە ھوشيا بولمىش ئىدىڭ.
(سېنىڭ ئاشىق بولغان نەرسىلىرىڭ مانا شۇ ئىدى، دېدى.)

ئول يىگىت ئۇستازىدىن بولدى خىجىل،
كۆرگەچ ئانى ئۇستازى مۇزمەھىل.
(ئۇ يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ناھايىتى ئۇيالدى ۋە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.)

دېدى: ئەي پەرزەندە كۆردۇم ئېھتىياج،
يوق ئاڭا، بىلكىم ساڭا قىلدىم ئىلاج.
(ئارىستو ئېيتتىكى: ئەي پەرزەندىم، مەن ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى ساڭا داۋا قىلدىم.)

سەن داغى ئاشىق سەنۇ، مەھبۇبۇڭ ئول،
زار-شەيدا ئەيلىگەن مەتلۇبۇڭ ئول.
(ئاشىق بولۇپسەنۇ، مەھبۇبۇڭ شۇ ئىكەن، ئۇ ساڭا شەيدا قىلغۇچى ئارزۇ بولۇپتۇ.)

بۇيلە ئاشىقلىقدىن ئەي ئالۇدە زاد،
پاك ئىشق ئەھلى قاشىدادۇر ئۇيات.
(بۇ خىل ئاشىقلىق، پاك ئىشق ئەھلى ئالدىدا ئۇيات بىر ئىشتۇر!)

## يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى
## (يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)

يەنە بىر سائىل دېدى تارتىپ پىغان،
كى ئى سەن ئۇلاغان ۋاقىپ سىررى نىھان.

(يەنە بىر قۇش يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى: ئەي مەخپى سىرلارنى بىلگۇچى،)

يولدا جانىمغا ئۆلۈمدىن بىم ئىدى،
جان بۇرۇن مەنزىلدە ئوق تەسلىم ئىدى.
(بۇ يولدا جېنىمغا ئۆلۈم خەۋپى بار ئىدى، مەن يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا جېنىمنى تاپشۇرغان ئىدىم.)

خەۋف مۇستەۋلى، يەقىن بىھەدزەئىف،
بۇيلە يولغا نەيلەپ ئولغايمەن ھەرىف.
(خەۋپ كۈچلۈك، ئىرادەم ئاجىز، مەن مۇنداق يولدا قانداق يۈرەلەيمەن؟)

## ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى

دىدى ھۇدھۇدكى نەھىفى خەستە دىل،
نىچە قىلغۇڭ ئالەم ئىچرە قالۇ قىل.
(ھۆپۈپ ئېيتتىكى: ئەي ئاجىز، دىلى سۇنۇق، ھەرقانچە سۆزلىگىنىڭ بىلەن،)

كىمكى كەلدى ئاقىۋەت بارغۇسىدۇر،
كۆكسىنى تىغى ئەجەل يارغۇسىدۇر.
(كىمكى تۇغۇلغان ئىكەن، ئۆلىدۇ، كۆكسىنى ئەجەل تىغى يارىدۇ.)

زى ھايات ئۆلمەك ئۈچۈندۇر ئاقىبەت،
بۇيلە تەھقىق ئەتتى ئەھلى مەئرىفەت.
(مەرىپەت ئەھلى شۇنداق ھۆكۈم قىلغانكى، ھايات ئىگىسى دۇنياغا ئاخىرقى ھىساپتا ئۆلۈش ئۈچۈن كېلىدۇ.)

يوقكى ئارىف، كىمكى يوقدۇر ئۇيلە گول،
بۇ مۇھەھقەق ئەمرىدىن غافىلدۇر ئول.
(پەقەت دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتمىگەن نادانلارلا بۇ ھەقىقەتتىن خەۋەرسىزدۇر.)

مىلك يىل ئولساڭ دەھر ئارا تا بىر زامان،
كىم ئەجەل ئاخىر ساڭا بەرمەس ئامان.
(دۇنيادا مىڭ يىل ياشىساڭمۇ، ئەجەل ئاخىرى ساڭا يەنىلا ئامانلىق بەرمەيدۇ.)

ئەۋلىيا بۇ ۋەرتەغە بولمىش ئەسىر،
ئەنبىياغە بۇ يۈرۈشدىن يوق گۇزىر.

www.uyghurkitap.com



(بىلگىنكى، ئەۋلىيالارمۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان.)

ۋەھىم قىلماقدىن قۇتۇلماق يوقدۇرۇر،
قايغۇرۇپ ئازادە بولماق يوقدۇرۇر.
(ۋەھىمە، ئەندىشە قىلغان بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولمايدۇ.)

رىشۋە بەرمەك بىرلە يوق ئازادلىق،
ھەم قىلۇر تىنى ئەجەل جەللادلىق.
(ئەجەلگە پارە بېرىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئاخىر ئەجەلنىڭ تىنى ئۆزىنىڭ جاللاتلىغىنى قىلىدۇ.)

يىغلاماق بىلە ۋە يالبارماق بىلە،
چارە يوقتۇر جۇر بۇ يول بارماق بىلە.
(يىغلاش، يالۋۇرۇش بىلەنمۇ ئەجەلگە چارە قىلغىلى بولمايدۇ.)

زاھىدۇ پاسىق بىلە شاھۇ-گادا،
قىلمايىن بولماس بۇ يول قەتئىن ئادا.
(مەيلى تەقۋادار ياكى پاسىق بولسۇن، مەيلى شاھ ياكى گاداي بولسۇن، بۇ يولنى بەربىر بېسىپ ئۆتىدۇ.)

قورقماقدىن كىمسەگە يوق پائىدە،
غەير كۆرمەگلىك ھۇمۇمى زايىدە.
(ئۆلۈمدىن قورقۇش ھېچكىمگە پايدا كەلتۈرمەيدۇ. ئۆلۈمدىن غەم يېيىش ئارتۇقچە بىر ئىش بولىدۇ.)

ھېچ نەۋئى ئۇلماس چۇ ئۆلمەكدىن گۇزىر،
ئەۋلا ئۇلكىم بولغاسىن پەرمان پەزىر.
(ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ياخشىسى، تەقدىرگە تەن بەرگەن تۈزۈك.)

**ھىكايەت**

نەقلدۇركىم ئەۋج رىفئەت كەۋكەبى،
مېھتەرى ئەئزەم سۇلەيمانى نەبى.
(يۇلتۇز ماكانلىق، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى سۇلايمان پەيغەمبەر توغرىسىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى:)

بىر كۈن ئېردى تەخت ئۈزە ئارام گىر،
ئالدا دىۋۇ پەرى پەرمان پەزىر.
(بىر كۈنى ئۇ تەختتە ئولتۇراتتى، ئالدىدا دىۋە-پەرىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتقان ئىدى.)

جىنس مەخلۇقات ئىنس، ۋەهش تەير،
كۆرمەي ئانىڭ خىزمەتىدىن ئۆزنى غەير.
(ئالەمدىكى بارچە مەخلۇقات — ياۋايى هايۋانلار، جانىۋارلار، ئادەملەر ۋە پۈتۈن قۇشلار ئۇنىڭغا بوي سۇناتتى.)

نافىز ئول بارىغا فەرمانى ئانىڭ،
ئام مەجمۇئىغا ئېهسانى ئانىڭ.
(ئۇنىڭ بۇيرۇغى هەممە مەخلۇقاتقا ئۆتەتتى ۋە ئۇلارغا ئۇنىڭ ياخشىلىغى تېگەتتى.)

تۇرمىش ئېردى ئالدا بىر ئەهلى هۇش،
هۇش ئۇنى ئەيلەپ تەفەككۇردىن خەمۇش.
(ئۇنىڭ ئالدىدا تەپەككۇردىن جىم بولغان هالدا بىر دانا كىشى تۇراتتى.)

بۇيلە هالەتتە يېتىشتى بىر مەلەك،
قابىزى ئەرۋاھ جەللادى پەلەك.
(شۇ هالەتتە بىر پەرىشتە يېتىپ كەلدى، ئۇ جان ئالغۇچى ئاسمان جاللادى ئەزرائىل ئىدى.)

قىلدى پەيغەمبەرغە تەزىمۇ سالام،
سۆڭرە ئەرز ئەتتى كى ئەي پەخرى كىرام.
(ئۇ سۇلايمان پەيغەمبەرگە تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەرز قىلىپ ئېيتتىكى: ئەي ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىپتىخارى،)

ئەسرۇ مەخپىدۇر ئىلاهى هىكمەتى،
كىم ئېرۇر ئاندا خىرەدنىڭ هەيرەتى.
(خۇدانىڭ هىكمەتى تولىمۇ مەخپى، بۇ هىكمەتلەرگە ئەقىل هەيران قالىدۇ.)

بۇ ئەزىزى كىم قاشىڭدا بىر زامان،
تۇرمىش ئۆلمەكدىن ئاڭا يوقدۇر گۇمان.
(يېنىڭدا بىر مەزگىل تۇرغان بۇ ئەزىزگە ئۆلۈم يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى شۈبهىسىز بولۇپ قالدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆمرىغە تولمىش ئەجەل پەيمانەسى،
ھۆكم يەتمىش كىم بولۇپ ھەمخانەسى.
(ئۇنىڭ ئەجەل پەيمانىسى تولدى، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھۆكمى چۈشتى.)

ھەم بۇ سائەت قەتل تىغىن سالغامەن،
ھىند ئىقلىمىدە جانىن ئالغامەن.
(مۇشۇ سائەتتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىغىنى سالىمەن. جېنىنى ھىندى مەملىكىتىدە ئالىمەن.)

ئۇشبۇ ئىشدە غالىب ئولمىش ھەيرەتىم،
دەمبەدەم ئارتار ئۆزۈمگە ۋەھشەتىم.
(بۇ ئىشقا تولىمۇ ھەيرانمەن، دەممۇ ـ دەم ئۆزەمدىن ئەنسىرەيمەن.)

ئول بۇ مەئنىدە تەكەللۇمدىن راۋان،
كىم نەبى ئالدا تۇرغان ناتاۋان.
(پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇ بىچارە گەپنى ئۇچۇق قىلدى.)

كەلدى يەر ئۆپتى تۆكتى بەس نىياز،
سۆگرە دىدى يارەسۇلى سەرفەراز.
(ئۇ كېلىپ يەرنى سۆيدى ۋە ئۆز مۇھتاجلىغىنى بىلدۈرۈپ ئېيتتىكى: ئەي ئۇلۇغ پەيغەمبەر،)

بۇ كۈن ئۆز ھالىمغا ھەيران مەن بەسى،
مەرگ ۋەھمىدىن پەرىشان مەن بەسى.
(بۈگۈن ئۆز ھالىمغا تولىمۇ ھەيرانمەن، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىدىن تولىمۇ پەرىشان بولۇۋاتىمەن.)

چارە قىلغىل بولمايىن بۇ مۈلك ئارا،
كىم كۆزۈمنى ۋەھم ئەيلەبدۇر قارا.
(كۆزۈمنى ۋەھىمە قاراڭغۇلاشتۇردى، بۇ مەملىكەتتىن كېتىشىمگە چارە قىلغىن!)

يەلگە ئەمر ئەتتى سۇلەيمان ئول نەفەس،
كىم ئانى ئىلت ئانداكىم قىلغاي ھەۋەس.
(سۇلايمان پەيغەمبەر شامالغا بۇيرۇق قىلىپ: بۇ ئادەمنى ھەۋەس قىلغان يەرگە ئېلىپ بارغىن،)

قايسى يەردە كىم دىسە بەرگىل قارار،
دەفئە قىل كۆڭلىدىن ئانىڭ ئىزتىرار.

(قايەردە تۇرسەڭ دىسە شۇ يەردە قويۇپ، كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى كۆتەرگىن! دىدى.)

يەل ئانى ئىلتىپ ئۇچۇردى تۇند تىز،
بارى ئەئزاسىغا سالىپ رۇستىخىز.
(شامال ئۇنى شىددەت بىلەن ئۇچۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە ئىچىدە قويىدى.)

كىم ئىشارەت قىلدى ھىندۇستان سارى،
ئاندا يەتكەچ ئۆتمىدى ئاندىن نارى.
(ئۇ بىچارە ھىندىستان تەرەپىنى ئىشارەت قىلدى، شامال ئۇنى ھىندىستانغا ئىلىپ بىرىپ، ئۇ يەردىن نېرىغا ئۆتمىدى.)

دىدى بۇ يەردە ماڭا ئارام بەر،
كىم ئېرۇر بولماقىم مەتلۇبۇم بۇ يەر.
(ئۇ: ماڭا بۇ يەردە ئارام بەر!، مېنىڭ تىلىگىم شۇ يەردە تۇرۇش ئىدى، — دىدى.)

تۈشتى راكىب بادى رەخشى تىز تەگ،
ئۆزنى يەتكۇردى بۇ ھالەتتە مەلەك.
(شامال ئاتقا مىنگەن بىچارە يەرگە چۈشۈپ يۈگۈرۈك ئاتتەك ئۆز ئورنىغا يېتىپ باردى. شۇ چاغدا جان ئالغۇچى پەرىشتەمۇ يېتىپ كەلدى.)

تەڭرى سۇئىغا دىبان كۆپ ئاپىرىن،
ئانى ھەم قىلدى پانالەرگە قەرىن.
(پەرىشتە تەڭرىنىڭ ئىشىغا كۆپ ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇ بىچارىنىڭ جېنىنى ئالدى.)

يەل بىلە ھەمتەڭلىك ئەتسە گەر كىشى،
روھ قەبزى كەلدى ئەزرائىل ئىشى.
(ئەگەر كىشى شامال بىلەن تەڭ ماڭغان تەقدىردىمۇ، ئەزرائىل يەنىلا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋېرىدۇ.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى**

يەنە بىر سايىل دىدىكى پاك زات،
جۇملەئى ئۆمرۈمدە كۆرمەيمەن مۇرات.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى: ئەي پاك نىيەتلىك كىشى، ئۆمرۈمدە مۇرادىمغا يەتمىدىم.)

دائىما غەم بىرلە ئىلتىپ سەر ـ بەسەر،
شادلىقدىن مەندە يوق ئېرمىش ئەسەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



(ھەمىشە غەم ـ قايغۇ بىلەن يۈرىمەن. مەندە خۇشاللىقتىن ئەسلا ئەسەر يوق.)

يول بارۇرغا خاتىرى خۇررەم كېرەك،
دەھر رەنجىدىن مالالەت كەم كېرەك.

(سەپەردە خاتىرجەملىك كېرەك، دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئازراق بولغىنى ياخشى.)

چۈن مېنى غەمپەرۋەر ئەتمىش رۇزىگار،
ھەر زامان بىر غەم بىلە جانىم فىگار.
(تەقدىرنىڭ مېنى غەمكىن قىلىپ قويدى. جېنىم ھەر زامان غەم ـ قايغۇدىن يارىدار بولۇپ تۇردى.)

نى كۆڭۈل خۇشلۇق بىلە يول قەتئى ئېتەي،
كۆڭلى خۇشلار قايدا كەتسە مەن كېتەي؟
(شۇنداق ئىكەن، بۇ يولنى قانداق قىلىپ كۆڭۈل خوشلۇقى بىلەن بېسىپ ئۆتىمەن؟ كۆڭلى خوشلار بارغان يەرگە بارالايمەنمۇ؟)

## ھۆپۈپنىڭ جاۋابى

دېدى ھۇدھۇدكى نەۋەندى غەم سەرىشت،
زاتىڭە غەمدىن باھانە سەرنەۋىشت.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: ئەي غەم بىلەن يۇغۇرۇلغۇچى، ۋۇجۇدۇڭدىكى غەم ساڭا باھانە بولۇۋېتىپتۇ.)

بۇيلە ۋادى قەتئىدە بى ئىشتىباھ،
غەمنى ئەتمىشلەر ئىرانلەر زاد راھ.
(مۇنداق ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈشتە غەم ـ قايغۇ شۈبھىسىزكى، ئەرلەرنىڭ يول ئوزۇقى بولىدۇ.)

يول غەمى كەلمىش ئىرانلارنىڭ ئىشى،
يولدا غەمسىزنى كىشى دېمەس كىشى.
(يولنىڭ غېمى ئەرلەرنىڭ ئىشىدۇر، سەپەردە غەمسىز يۈرگەن ئادەمنى كىشىلەر ئەسلا ئادەم دېمەيدۇ.)

غەمدىن ئەيلەرلەر ئىرانلار شادلىغ،
بۇ مۇقەييەدلىق دۇرۇر ئازادلىغ.

(ئەركەك كىشى غەمدىن خوشاللىق ھىس قىلىدۇ، غەم بىلەن بەنت بولۇشنى ئارامىلىق دەپ ھىساپلايدۇ.)

غەم يېرىدۇر مەھنەتى ئاباد جاھان،
ئاندا بىر نەۋئ ئەلگە بىر غەمدۇر ئايان.

(دۇنيا غەمنىڭ يېرىدۇر، ئۇ ئەمگەك بىلەن ئاۋات بولىدۇ، دۇنيادا ھەر بىر ئەلگە بىر غەم ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.)

ئالەم ئەھلى كۆڭلىدە ئالەم غەمى،
خۇد نىدۇر كۆبرەك بەنى ئادەم غەمى.

(جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭلىدە جاھاننىڭ غېمى بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن ئادەم ئەۋلادىنىڭ غېمى كۆپ بولۇشى كېرەك؟)

لىك ئۇلاركىم كەلدىلەر ئەھلى يەقىن،
يول غەمىدىن كەلدىلەر دائىم ئەمىن.

(لېكىن تەڭرى يولىنى تۇتقان كىشىلەر يولىنىڭ غېمىدىن دائىم خاتىرجەم بولۇپ كەلدى.)

كىمسەگە ئەۋۋەلقى غەم مەرغۇپ ئېرۇر،
ئادەمىدىن سوڭقى غەم مەتلۇپ ئېرۇر.

(كىمكى دۇنيانىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كەتسە ئۇنىڭغا كېيىنكى غەم — يەنى ئاخىرەت يولى غېمى دۇچ كېلىدۇ.)

گەر بۇرۇنقىدىن ئىسەڭ زارۇ نەژەند،
يولدىن ئۆزنى شاد قىل ئەي مۇستەمەند.

(ئەي مۇھتاج، دۇنيانىڭ غېمى بىلەن زارلانغان بولساڭ، ئاخىرەت يولى بىلەن ئۆزەڭنى شات قىل.)

سوڭقىدىن غەمكىن ئىسەڭ قىل شادلىق،
كىم تاپار ئاندىن كۆڭۈل ئازادلىق.

(ئاخىرەت غېمىدىن غەمكىن بولساڭ خوشاللىق ھىس قىل، چۈنكى ئاخىرەت غېمىنى يىمەكدىن كۆڭۈل ئازادلىك تاپىدۇ.)

غەمدىن ئەيلەر شادلىق ئەھلى ۋىداد،
بار ئۇلارغە نامۇراد ئولماق مۇراد.

(مۇھەببەت ئەھلى غەمدىن شاتلىق ھىس قىلىدۇ، مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەر مۇرادىغا يېتىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يول غەمدۇر كىمسەگە مەقسۇد ئۇچۇن،
كىم يەر ئۇل غەمنى كۆڭۈل بەھبۇد ئۇچۇن.
(ھەر كىمكى يولنىڭ غېمىنى يەقەت، كۆڭۈلنى شاتلاندۇرۇش ئۇچۇن يەيدۇ.)

ئاندا كىم يوقدۇر بۇغەم ئەر ئېرمەس ئۇل،
زار غەمدىن تاپتى قەتئى ئېتكەلى يول.
(بۇ يولنىڭ غېمىنى يېمىگەن ئادەمنى ئەر دېگىلى، بۇ غەم سەپەر ئۇستىدە ئوزۇق بولدۇ.)

**ھىكايەت**

مىسىردە بار ئېردى ئالى ھىممەتى،
ئالەمى مەئىندە ساھىپ دەۋلەتى.
(مىسىردا ئالى ھىممەتلىك بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ مەنىلەر ئالەمىدە دۆلەت ئىگىسى ئىدى.)

ئىشرەت ئەسبابى ئىدى تەييار ئاڭا،
نى خىيال ئەتمەك يۈز ئۇل مىقدار ئاڭا.
(ئۇنىڭغا ئەيش - ئىشرەت لاۋازىمەتلىرى تەييار ئىدى. نىمىنى خىيال قىلسا، شۇ نەرسە ئالدىدا يۈز ھەسسىلەپ تەييار بولاتتى.)

جەننەت ئاسا قەسر ئىچىدە مەنزىلى،
ھۆر ۋەش مەنزۇر ئاڭا، ھەم مەھمەلى.
(ئۇنىڭ جەننەتتەك سارايلىرى، ھۆرلىرى ۋە مەپىلىرى بار ئىدى.)

لىك ئۇل ئالى سۇفاتى پاك زات،
بار ئېردى بارچەغە بى ئىلتىفات.
(لېكىن ئۇ ئالى سۈپەتلىك زات ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىپەرۋا قارايتتى.)

دەرد - غەم ئېردى ئاڭا يارۇ نەدىم،
ھىجر زىندانىدا يۇسۇفدەك مۇقىم.
(ئۇ زاتقا دەردۇ - غەم ھەمسۆھبەت ئىدى، يۇسۇف پەيغەمبەرگە ئوخشاش ھىجران زىندانىدا تۇراتتى.)

دىدىلەر كۆڭلۈڭدە ئەندۇھ بىرلە ھۇفت،
بىزگە روشەن ئەيلە بۇ رازى نەھۇفت.
(كىشىلەر ئۇنىڭغا: كۆڭلۈڭدىكى غەم - قايغۇلىرىڭنى، مەخپى سىرلىرىڭنى بىزگە ئاشكارا قىلغىن!)

كىم مۇھەييا بارى ئەسبابى نەشات،
كىم كۆڭۈلگە بولغاي ئاندىن ئىنبىسات.
(خوشاللىقنىڭ بارلىق شارائىتلىرى سەندە تەييار، ئۇلاردىن كۆڭۈل بەكمۇ ئازادە بولىدۇ.)

خاتىرىڭ نىچۈن دەمى خۇررەم ئەمەس،
غەمدىن ئۆزگە كۆڭلۈڭگە ھەمدەم ئەمەس.
(شۇنداق ئىكەن، نىمىشقا خوشال ئەمەسسەن؟ كۆڭلۈڭگە غەمدىن باشقىسى ھەمنەپەس بولمامدۇ؟ — دىيىشتى.)

دىدى يول ئەھلىغە زىنداندۇر جاھان،
نىگەكىم مەتلۇبى كۆزدىندۇر نىھان.
(ئۇ كىشى: بۇ دۇنيا يولۇچىلارغا زىنداندۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ھامان پىنھان بولىدۇ،)

ئىش بۇدۇر، كىم ئەيلەگەي قەتئى ئۇشبۇ يول،
كۆڭلىنىڭ مەتلۇبىغە يەتكۈنچە ئول.
(كىمكى بۇ يولغا چۈشكەن ئىكەن، ئۇ بۇ يولدا تاكى كۆڭۈل مەقسىدىگە يەتكىچە ماڭىدۇ،)

كىمسە زىنداندا قاچان خۇررەم بولۇر،
بەيتۇل ئەھزاندا قاچان خۇررەم بولۇر.
(زىنداندا ياتقان كىشىنىڭ خوشاللىق تاپقىنىنى كىم كۆرگەن ئىدى؟)

مەنكى ياردىن ئايرىلىپ دەرمەندە مەن،
گەر ئىرەم باغىدامەن زىنداندا مەن.
(ياردىن ئايرىلىپ ھەسرەتتە قالدىم، باغى ئىرەمدە تۇرساممۇ ئۆزەمنى زىنداندا تۇرغاندەك ھىس قىلىمەن.)

بولماغۇنچە ۋەسل گۈلزارىغە خاس،
بولمىغۇم غەمخۇار خارىدىن خالاس.
(ۋەسل گۈلزارىغا يەتمىگىچە قايغۇ-ئەندىشىدىن خالاس بولالمايمەن، — دىدى.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى**
**(يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)**

يەنە بىر سائىل دىدىكى بىنەزىر،
مەن ئانىڭ ئەمرىغە كىم پەرمان پەزىر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى: ئەي جاھاندا مىسالى يوق مۆتىۋەر، مەن ھامان ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتىمەن.)

مەن مۇتىئ ئەمرى بىلە پەرمانىغە،
يوق مۇقەييەد قەھر ئىلە ئېھسانىغە.
(ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانىغا ئىتائەت قىلىمەنۇ، ئەمما ئىتائىتىمنى ئۇنىڭ قەھرىگە ياكى مەرھەمىتىگە باغلاپ ئالمايمەن.)

ھەرنە ئەمر ئەتسە تاپارمەندىن ھەمۇل،
ئول بىلۇر رەد ئەيلەسە ياخۇد قەبۇل.
(ئۇ نىمىنى بۇيرۇسا، مەن شۇنى قىلىمەن، قىلغانلىرىمنى رەت قىلامدۇ ياكى قوبۇل قىلامدۇ، بۇنى پەقەت ئۆزى بىلىدۇ.)

نى بۇيرۇسا ئول ئىشىمدۇر يازۇ قىش،
يوق ماڭا رەددى قوبۇلى بىرلە ئىش.
(مېنىڭ ئىشىم قىش - ياز ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بىجا كەلتۈرۈش. ئۇ رەت قىلامدۇ، قوبۇل قىلامدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىم بولمايدۇ.)

ئەمرىگە ئىقدام تائەتدۇر ماڭا،
چۈن ئادا قىلسام سائادەتتۇر ماڭا.
(ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلاش ماڭا ئىبادەت بولىدۇ ھەم ئۇنى سائادەت، دەپ بىلىمەن.)

### ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
### (ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇد خوپ سۆزدۇر بۇ سۆزۈڭ،
خۇبىراقكىم دىمەگەي ئانى ئۆزۈڭ.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: بۇ سۆزلىرىڭ ناھايىتى ئوبدان، لېكىن بۇنى ئۆزەڭ دىمىگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى.)

كىمسەكە بۇ يولدا «ھەييى لايەزال»،
بۇ تەرىق ئىچرە نەسىپ ئەتمىش كامال.
(قۇدرىتى تەڭداشسىز تەڭرى بۇ يولدا كىمگە كامالەت نېسىپ قىلسا،)

كىم ئانىڭ فەرمانىغە بولدى مۇتىئ،
كەلدى بۇ يولدا ئانىڭ جايى رەفىئ.

(ئۇ خۇدانىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىمۇ يۇقۇرى بولدۇ.)

ئەمرىدىن چەككەن بويۇن مەردۇد ئېرۇر،
غەيرىدىن ئۆزمەي كۆڭۈل مەترۇد ئېرۇر.
(ئۇنىڭ بۇيرۇغىدىن بويۇن تولغىغان كىشى قوغلاندى بولدۇ، باشقىدىن كۆڭلىنى ئۆزەلمەيدۇ - دە، تاشلاندى بولۇپ قالدۇ.)

نى هۇمايۇن پال مۇقبىل بەندەدۇر،
كىم ئانىڭ فەرمانىغە ئەفكەندە دۇر.
(ئۇنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغان كىشى بەخت - سائادەت تاپىدۇ.)

ئەمرىغە تائەت ئېرۇر كامى ئانىڭ،
يوق بۇ ئىشسىز هەردەم ئارامى ئانىڭ.
(ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنۇشنى مەقسەت دەپ بىلدۇ، بۇنىڭسىز ئۇ هەرگىز ئارام تاپالمايدۇ.)

لىك هەر نىچە ئىتائەت ئەيلەسە،
ئەمر هۆكمى بىرلە تائەت ئەيلەسە.
(لېكىن هەرقانچە ئىتاھەت قىلىپ پەرمانى بويىچە ئىبادەتتە بولغان كىشى،)

بۇ ئىشنى بىرلە مۇباهات ئەيلەمەس،
كىبرنى جانىغا ئاپات ئەيلەمەس.
(ئىبادەت قىلدىم دەپ كىبرىنى ئۆز جېنىغا ئاپەت قىلىۋالمايدۇ.)

تائەت ئېتسە ئارزۇ كۆپ ئېردى رەنج،
بارى يوقى ئانىڭ ئالىدا شىكەنج.
(ئىبادەتنى ئارزۇ قىلغانلارغا ئۇنىڭ مۇشەققىتى كۆپ بولدۇ، قىلغان ئىبادەت جەۋرى - جاپا بولۇپ قالدۇ.)

بولماسا مەقبۇل گىرداری ئانىڭ،
بەلكى يوق تاڭ بولسا ۋاداری ئانىڭ.
(ئۇ زاتلارنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولماي، ئەكس نەتىجە كۆرسەتسە، ئۇنىڭدىن ئەجەپ - لەنمىشكە بولمايدۇ.)

قىلمىسا ئۆزنى تاپاخىردىن ئەزىز،
تائەتىغە كۆرسە قىممەت بىر پەشىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(ئىبادەت قىلدىم دەپ كۆرەڭلەپ، ئىبادەتنىڭ ساۋابىنى بىر پۇل قىلىپ قويىماسلىق كېرەك.)

ئۇل دۇرۇر كويى سائادەت ئەيلەگەن،
نەفسنى تەقۋايۇ ئىبادەت ئەيلەگەن.
(شۇنداق قىلغانلارلا سائادەت يولىغا ماڭىدۇ، تەقۋادارلىق ۋە ئىبادەت قىلىشنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ.)

بەر يىگەندۇر تائەتۇ تەقۋاسىدىن،
بەھرەۋەر بولغان بۇ ئىش مەئناسىدىن.
(ئۇلار تەقۋادارلىقى ۋە تائىتىنىڭ مېۋىسىنى تېتىيدۇ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتدار بولىدۇ.)

تەمسىل

تەگرى ئادەمنى ياراتماسدىن بۇرۇن،
روھ شەمئىن تەنگە ياقماسدىن بۇرۇن.
(تەگرى ئادەمنى يارىتىشتىن، ئۇنىڭ تېنىدە روھ چىرىغىنى ياندۇرۇشتىن بۇرۇن،)

كىم مالائىك خەيلىغە ئېردى ھۇجۇم،
تائەتۇ تەقۋادا ئادابى ـ رەسۇم.
(ئۇنىڭ پەرىشتىلەرگە بولغان پەرمانلىرى ئېغىر ئىدى. ئىبادەتنىڭ قائىدە ـ رەسىمىيەت ـ لىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى.)

بارىغە سەرۋەر ئازازىل ئېردى بەس،
مۇشكۇلۇ ئېقدەلەرغە چارە رەس.
(پەرىشتىلەرگە ئازازۇل باشلىق ئىدى، مۇشكۇل ۋە ھەل بولمىغان مەسىلىلەرگە ئۇ چارە قىلاتتى.)

نىچە مىڭ يىل ئۇيلە تائەت ئەيلەدى،
تەگرى ئەمرىغە ئىتائەت ئەيلەدى.
(ئۇلار نەچچە مىڭ يىللار شۇ بويىچە ئىبادەت قىلىپ، خۇدانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ كەلدى.)

كىم ئېرۇر ۋەسفىدە ئانىڭ نۇتقى لال،
ئەقىل ئالىندا ئېرۇر ئەمرى ماھال.
(ئازازۇلنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىشقا سۆز كەملىك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەقلىنى سۈپەتلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى.)

نەقىل مۇنداغدۇركى سەتھى خاكدا،
يەنە بۇ ئالى توقۇز ئەفلاكدا.
(رىۋايەتلەردە شۇنداق ئېيتىلىپتۇكى: يەر يۈزىدە ۋە توققۇز قەۋەت ئاسماندا،)

قالماشىدۇر سەجدە قىلغۇنچە ماكان،
كىم يۈز ئاندا قويمامىش ئول ناتاۋان.
(ئازازۇل تەڭرىگە سەجدە قىلىپ باش قويمىغان بىرمۇ جاي قالماپتۇ.)

تەڭرى چۈن ئادەمنى مەخلۇق ئەيلەدى،
ئۆزنى ئاشىق، ئانى مەشۇق ئەيلەدى.
(تەڭرى ئادەمنى ياراتتى، ئۆزىنى ئاشىق، ئادەمنى مەشۇق قىلدى.)

ئەمر قىلدىكىم مالائىك سەر ـ سەر،
سەجدە قىلسۇنكىم بۇدۇر ئەبۇلبەشەر.
(تەڭرى بارلىق پەرىشتىلەرگە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلدى.)

چۈن مالائىككە بۇ ئەمر ئەتتى ئىلاھ،
قىلدىلەر ئادەم جانابىن سەجدە گاھ.
(خۇدا پەرىشتىلەرگە ئادەمنى ئۇلۇغلاپ ئۇنى سەجدىگاھ قىلىشقا پەرمان قىلدى.)

ئول نىچە مىڭ يىل ئىبادەت ئەيلىگەن،
ئەمر ئىلە تەقۋا ۋە تائەت ئەيلىگەن.
(نەچچە مىڭ يىل ئىبادەت قىلغان، تەقۋادارلىق ۋە ئىتائەتتە بولغان ئازازۇلنى،)

چۈن غۇرۇر ئەتتى ئىشىگە ئاشكار،
خەيل ئارا رەد قىلدى ئانى كىردىگار.
(ئۆزىنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە مەغرۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرى پەرىشتىلەر ئارىسىدىن قوغلاندى قىلدى.)

كۆڭلىدىن ئالىپ ئىبادەت زەۋقىنى،
سالدىلەر بويىنغە لەئنەت تەۋقىنى.
(ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئىبادەت قىزغىنلىقىنى ئېلىپ تاشلاپ، بويىنغا لەنەت ـ نىڭ بويۇن ـ چە ـ غىنى سالدى.)

نەچچە مىڭ يىل بولدىكىم مەردۇد ئىرۇر،
نەچچە مىڭ يىللىق ئىشى نابۇد ئىرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(شۇندىن بۇيان قانچە مىلك يىل بولدىكى، ئۇ قوغلاندىدۇر، ئۇنىڭ نەچچە مىلك يىللىق ئىبادىتى نابۇت بولدى.)

ئاڭلاكىم بۇ يولدا قىلمايدۇر ئىلاھ،
ئۆزنى كۆرمەكلىكدىن ئارتۇقراق گۇناھ.
(چۈشەنگىنكى، خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىبادىتىدىن مەغرۇرلىنىشتىن ئارتۇق گۇنا بولمايدۇ.)

ئۆزنى كۆرمەك تائەتىن كۆرمەكدۇرۇر،
قىلغانىن كۆڭلىگە كەلتۇرمەك دۇرۇر.
(ئۆزىنى بىلىش قىلغان ئىبادىتىنى كۆرۈش دىمەكتۇر. ئىنسان قىلغان ئەتكەنلىرى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشى كېرەك.)

**يەنە بىر قۇشىنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى**

**(يەنە بىر قۇشىنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)**

يەنە بىر سايىل دىدىكى سەرفەراز،
كىمكى بولسا ھەق يولىدا سەرفەراز.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى: ئەي ئالى مەرتىۋىلىك، كىمكى خۇدا يولىدا مەرتىۋە تاپسا،)

نەفئى ئانىڭ نى ئىكەن ئىزھار قىل،
چۇن ماڭا مۇبھەم ئېرۇر شەرھ ئەيلەگىل.
(ئۇنىڭ كۆرىدىغان پايدىسى نىمە بولىدۇ؟ بۇنى ماڭا ئېنىق چۈشەندۇرۇپ بەرسەڭ!)

كىم بۇ يولدا مەن ئېرۇرمەن پاكباز،
بارىن ئويناپ مەن تۆكۈپ ئەجزۇ نىياز.
(مەن بۇ يولدا پاك سەنئەتكارمەن، بىلگەنلىرىمنى ئاجىزلىق بىلەن ئويناپ كېلىۋاتىمەن.)

**ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى**

**(ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)**

دىدى ھۇدھۇدكىم بۇ ئىش دىشۋار دۇرۇر،
سەھل ئېيتەر تەڭرى ئاڭا كىم يار ئېرۇر.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: بۇنى چۈشەندۇرمەك قىيىن، خۇدا مەدەت بەرسە ئوڭاي بولىدۇ.)

تاپسا بۇ دۆلەتنى هەر ئالى نەهار،
مۇندىن ئارتۇق يوقدۇرۇر بۇ يولغا زار.
(كىمكى بۇ دۆلەتكە ئېرىشسە بۇ يولغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىنتىزار كىشى بولمايدۇ.)

يەئنى بۇ يول زاددۇر بىزارلىق،
زادۇ تۇشە قەيددىن ئازادلىق.
(بۇ يولنىڭ ئوزۇقى ــ ئوزۇقسىزلىق يول ئوزۇقى تەييارلىقلىرىنىڭ كىشىندىن ئازات بولۇشتۇر.)

لىك ئانىڭ شەرتى بۇدۇركىم راھرەۋ،
هەرنىكىم بارۇ يوقىنى جەۋ ـ بەجەۋ.
(لېكىن ئۇنىڭ شەرتى شۇكى، بۇ يولدا ماڭىنۇچىلار بار ـ يوقىنى.)

تائەتۇ زوهد، زىيانۇ سۇدنى،
هەق يولىدا بۇد ئىلە نابۇدنى.
(ئىبادىتىنى، پايدا ـ زىيىنىنى، هەققە ئاتىغان بارىنى ۋە يوقىنى،)

جەم ئېتىپ سالغان نىياز ئوتىغا پاك،
كۆيدۇرۇپ كۆل ئەيلەپ ئانى زەۋقىناك.
(ــ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئوتىدا كۆيدۇرۇپ كۆل قىلىپ،)

كۆلنى ساۋۇرغاي هاۋاغە سەر بەسەر،
ئول سۇپەتكىم قالمىغاي ئاندىن ئەسەر.
(كۆلنى هېچبىر ئەسەر قالمىغىچە هاۋاغا سورىسۇن.)

سوڭرە كۆڭلىگە سالىپ ئەفغان يېلى،
ئول چۇمەنغە ئەستۇرۇپ بوستان يېلى.
(ئاندىن كۆڭلىگە نالە ـ زار شاملىنى سېلىپ، ئۇ چىمەنگە بوستانىنىڭ شاملىنى يەتكۈزۈپ؛)

قىلغانىن مۇتلەق چىقارغاي كۆڭلىدىن،
هەرنە قىلمىش ئېردى بارغاي كۆڭلىدىن.
(قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ هەممىسىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسۇن.)

چۇن ۋۇجۇدىن بۇ سۇفەت قىلدى ئەدەم،
سوڭرە يول ئەزمىغە ئۇرغاي قەدەم.
(ۋۇجۇدىنى مانا مۇشۇنداق يوق قىلغاندا، ئاندىن بۇ يولغا قەدەم قويغىلى بولىدۇ.)

ئول قەدەم بۇدۇركى يوقۇ بارىنى،
ئۆرتەگەيكىم بار ـ يوق ئاسارىنى.
(ئۇ قەدەم شۇ بولىدۇكى: بار ـ يوقنىڭ ھەممىسى ئۆرتەپ تاشلىنىدۇ.)

بۇ قەدەم قويغاچ يىتەر مەتلۇبىغە،
ھەجر بارىپ قاۋۇشۇر مەھبۇبىغە.
(بۇ قەدەم قويغانلار تىلىگىگە يېتىپ، مەھبۇبى بىلەن قوشۇلىدۇ.)

ھىكايەتى ئىبراھىم ئەدھەم
(ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ ھىكايىسى)

ئول كى بۇ يولدا ئىشى تەسلىم ئىدى،
ئىبنى ئەدھەم شاھ ئىبراھىم ئىدى.
(ئۇ پادىشا ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ تۇتقان يولى ئۆزىنى تەڭرىگە تاپشۇرماق بولغان ئىدى.)

ھەق يولىندا مۇرشىدى دىن ئېردى ئول،
پاكباز ۇ پاك ئايىن ئېردى ئول.
(ئەدھەم ھەق يولىنى چىڭ تۇتقان پاك ۋۇجۇدلۇق كىشى ئىدى.)

كىم بۇ يولدا مۇلك تەختۇ كىشۋەرىن،
ئويىنادى تاشلاپ باشىدىن ئەفسەرىن.
(ئۇ بۇ يولدا دۆلەت، مال ـ مۈلۈك ۋە تاجۇ ـ تەختىنى تاشلاپ،)

ژەندە كەيدى كۆرگۈزۈپ يۈزمىڭ نىياز،
يولغا چۈشتى شاھ رىندى پاكباز.
(گادايلىق جەندىسىنى كىيىپ سەپەرگە چىقتى.)

بەلخدىن ئەزمى نىشاپۇر ئەيلىدى،
ئانى ۋەيران، مۇنى مەئمۇر ئەيلىدى.
(بەلخنىڭ پادىشالىغىنى تاشلاپ، نىشاپۇرنى ماكان قىلدى.)

بۇ ماكان بولدى چۇ ئول گۆھەرغە كان،
يەتتە يىل بىر تاغ ئارا قىلدى ماكان.
(نىشاپۇر ئۇ گۆھەرگە كان بولدى، ئۇ بىر غارنىڭ ئىچىدە يەتتە يىل ئۆمۈر ئۆتكۈزدى.)

ئاندا سۇلتان «سائىمۇررھر» ئېردى كۈن،
ئول سۇپەتكىم «قائىمۇللەيل» ئېردى تۈن.
(ئۇ، غار ئىچىدە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلدى.)

جەم ئېتىپ ۋادىدا كۈندۈز خەسۇ خار،
بىر قوچاق باغلار ئىدى مەردانە ۋار.
(ئۇ كۈندۈزى ۋادىدىن ئوتـۇن ـ چاۋا يىغىپ، يىققانلىرىنى بىر قۇچاق قىلىپ باغلايتتى.)

ئەكىلگە باغلاپ بارىپ بازارىغە،
ساتار ئېردى شام ئۈچۈن ئىپتارىغە.
(ئوتۇننى يۈدۈپ بازارغا ئاپىرىپ كەچكى ئىپتارلىقى ئۈچۈن ساتاتتى.)

بەس رىيازەتدىن ھىلال ئولمىش ئىدى،
جىسمى ئول يەكىلىكى نال ئولمىش ئىدى.
(بۇ خىل مۇشەققەتلىك ئەمگەكتىن ئۇنىڭ قەددى ھىلال ئايدەك ئېگىلىپ، ئۆزى قومۇشتەك ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى.)

بىركۈن ئەكىندە ئوتۇن جىسمىدا رەنج،
شەھەرغە بارۇر ئىدى ئول كان گەنج.
(بىر كۈنى ئۇ ئىلگ مۇشەققەت بىلەن ئوتۇننى يۈدۈپ، شەھەرگە كېتىۋاتاتتى.)

تۇتتىلار بۇ يولنى ئەقتابى زامان،
قىلغانى ئانىڭ سۇلۇكىن ئىمتىھان.
(زامانەنىڭ بىر ئۇلۇغى سىناپ بېقىش مەقسىدىدە ئۇنىڭ يولىنى توستى.)

ئۆردى بىر يۇمرۇق بىرى بويىنىغە رىست،
دىدى، ئول پەقرى پانا يولىدا ھىست.
(ئۇنىڭ بىر ئادىمى بويىنىغا بىر مۇشت ئۇرۇپ، ئۇنى دەرۋىشلىك يولىغا تاشلا! دىدى.)

كىم ئانىكىم سەن تىلەرسەن قالدى ئول،
بەلىخدىن مەن بۇ تەرەپ تۇتقاندا يول.
(ئەدھەم: سەن تەلەپ قىلغان نەرسە مەن بۇ تەرەپكە يولغا چىققاندا بەلىخدە قېپقالغان — دىدى.)

دىدىلەرىم ناتامام ئىرىمىش ھۇنۇز،
بۇ ئوتۇن ئاستىدا خام ئىرىمىش ھۇنۇز.
(ئۇنىڭ ئالدىنى توسقانلار: بۇ ئىشنى كامالەتكە يەتمەپتۇ، ئوتۇن ئاستىدىكى بۇ بەندە ئىشنى خام ئىكەن،)

بەلخ ئانىڭ چىقمايدۇر ئىرىمىش ياددىن،
كىم باش ئۇردى خاتىرى ناشاددىن.
(بەلخ ئىشنى بۇنىڭ ياددىن چىقماپتۇ، پەرىشان خاتىرىسى يەنىلا ئۇنى ئەسلەۋاتىدۇ،)

نەچچە يىل چەكسە بۇ يەڭلىغ رەنج - دەرد،
مۇلكىنىڭ ياددىن ئۇلغاي كۆڭلى فەرد.
(بۇ يەنە نەچچە يىل مۇشۇنداق جاپا چەكسە، ئاندىن يۇرت يادى كۆڭلىدىن ئايرىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.)

يىل ئۆتۈپ يانە ئول ئىكى - ئۈچ ھەددى،
تاپىدىلاركىم بارۇر ئىردى ئول نەھىق.
(يىللار ئۆتتى. ھالىقى كىشىلەر ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئەدھەمگە يەنە يولدا ئۇچرىشىپ قالدى.)

يانا بىر مۇش ئىمتىھانغا ئۇردىلەر،
ئازمۇن شەرتىن بىجا كەلتۇردىلەر.
(ئۇلار سىناش مەقسىدىدە ئۇنىڭ بوينىغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى.)

چىقمىدى بۇ قاتلا سۇلتاندىن نەفەس،
مۇمتە ھىنلەر بولدىلەر فەريادەرەس.
(بۇ قېتىم سۇلتاندىن ھىچقانداق ئۈن چىقمىدى، ئۇنى سىنىغۇچىلار پەريات كۆتۈرۈشتى.)

دىدىلەر تاپىپ ئول ئائىن بىرلە كام،
كىم سۇلۇك ئىچرە ئىشى بولمىش تامام.
(ئۇلار: ئەدھەم رىيازەت بىلەن مەقسىدىنى تاپتى، ئۇنىڭ ئىشى كامالەتكە يەتتى، — دېيىشتى.)

شۇكرىلەر بۇ ئىشدە ئىفشا ئەتدىلەر،
ئۆزنى سۇلتانغە پەدىدار ئەتدىلەر.
(ئۇلار، شۇكرى قىلىشىپ ئۆزلىرىنى سۇلتان ئالدىدا ئاشكارا قىلىشتى.)

بىر - بىرىگە ھەمدەمۇ دەمساز بولۇپ،
كەئبە ئەزمى قىلدىلەر ھەمراز بولۇپ.

(ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەممەپەس ۋە سىرداش بولۇشۇپ كەئبىگە سەپەر قىلىشتى.)

شەھىنە ئاندىن سوگرە يەتتى شاھلىق،
راھرەۋلەر يەتكۈزۈپ ئاگاھلىق.
(يول ھەمرالىرىنىڭ يۇقۇرقىدەك ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بىلەن، ئەدھەم ھەقىقى شاھلىققا ئېرىشتى.)

غەير يادى كۆڭلىدە تاپار ئىدى،
پەردە يەڭلىغ مانىئى ئەسرار ئىدى.
(ئۇ غەيرىنىڭ خىيالىدا بولۇپ قالسا، سىرلار پەردىسى ئۇ خىيالنى توسۇۋالاتتى.)

كۆڭلىدىن «بىلكۇل» چۇ زائىل بولدى ئول،
پەردە قوپقاچ پىشگەھگە تاپتى يول.
(ئۇ ھەق يولىدا ھەممىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، پەردە كۆتىرىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يول ئېچىلدى.)

بۇ پاناغا كىمكى تاپتى دەست رەس،
ئانى دەرلەر پاكباز ئەي بۇلھەۋەس.
(ئەي ھەۋەس قىلغۇچى! كىمكى دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن قول ئۈزەلىسە، ئۇنداق كىشىنى پاك ئىنسان، دەيمىز.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى**
**(يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)**

يەنە بىر سايىل دىدى ئەي ھۇشمەند،
مەندە باردۇر ھىممەتى بىھەد بەلەند.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتى: ئەي دانا، مەندە يۈكسەك ھىممەت بار.)

گەر بۈيۈك ھىممەتنىڭ ئەلگە نەفئى بار،
ماڭا نەفئى ئولماق كېرەكدۇر ئاشكار.
(بۇ ھىممىتىمدىن ئەلگە نەپ تەگسە، تۇرغان گەپ، ئۆزەمگىمۇ نەپ تېگىدۇ.)

مەن زەئىف ۋە ھىممەتىم ئەسرۇ قەۋى،
سۆز بۇ مەئنىدە نە ئەستۇر مەئنەۋى.
(ئۆزەم ئاجىز مەنۇ، لېكىن ھىممىتىم ناھايىتى كۈچلۈك. بۇنى مەنىۋى جەھەتتە نىمە دەپ ئاتايدۇ؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
## (ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكىم بۇ دەئۋاڭ بولسا خوب،
تاپقۇڭ ئاندىن ئۇشبۇ يولدا نەفئ كۆب.
(ھۆپۈپ ئېيتتىكى: ئەگەر بۇ داۋايىڭ راست بولسا، سەن بۇ يولدا ناھايىتى كۆپ نەپكە ئېرىشىسەن.)

پەست ئەلنىڭ گەر بۆيۈكدۇر ھىممىتى،
بار ئانىڭ خوردىدا ئىززۇ رىفئەتى.
(ئەگەر ئاجىز خەلقنىڭ ھىممىتى يۇقۇرى بولسا، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ.)

گۆھەر ئولدى ھىممەت ۋە ئادەم سەدەف،
بۇ سەدەفغە ئول گۆھەردۇر بۇ شەرەف.
(ئادەم سەدەپ بولسا، ھىممەت سەدەپتىكى گۆھەردۇر. گۆھەر سەدەپكە شەرەپ كەلتۈرىدۇ.)

ھىممەت ئولسا مەسنەدى جاھ ئولماسۇن،
مۈلك - مال ئانچە دىلخۋاھ ئولماسۇن.
(كىشى ھىممەتلىك بولسا، ئۇ مەنسەپكە ۋە مال - مۈلۈككە ئانچە بېرىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.)

كىم قويۇبدۇر نەقددىن پىرايەسى،
بىلكى ھىممەت بەس دۇرۇر سەرمايەسى.
(چۈنكى ھىممەت ئۇنىڭ سەرمايىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.)

كىمسەگە ھىچ ئىشغە گەر يەتمەس ئىلىك،
باك يوق گەر ھىممىتى بولسا بىيىك.
(بىر كىشىنىڭ ھىچقانداق ئىشقا قولى يەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھىممىتى ئۈستۈن بولسا بولغىنى.)

ئېرگە ھىممەتدىن ئېرۇر يۈز ئېتىبار،
جاھ، مۈلك، گەنجنىڭ يى ئېتىبار.
(ئەر ھىممەت بىلەن ئېتىۋار تاپىدۇ، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەنسەپ ۋە مال - مۈلۈكنىڭ قانچىلىك ئېتىۋارى بولاتتى؟)

مال ئۆلۈپ گەر يوق كىشىنىڭ ھىممىتى،
ئەھلى مەئنى ئالىدا يوق ئىززىتى.
(كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىلا بولۇپ ھىممىتى بولمىسا، ئۇنداقلارنىڭ بىلىملىك كىشىلەر ئالـ
دىدا ئىززىتى بولمايدۇ.)

كىمكى بولغاي ھىممەتى ئالى ئاڭا،
بەر بېرۇر بۇ ھىممەت ئىقبالى ئاڭا.
(كىشىدە ئالى ھىممەت بولسا، مۇنداق ھىممەت ئۇنىڭغا بەخت ـ ئىستىقبالىنىڭ مۇيەسسىنى
بېرىدۇ.)

شەھنە ھىممەت پەست ئەگەر بەردى خۇدا،
خۇشراق ئاندىن ھىممىتى ئالى گادا.
(پادىشاغا خۇدا ھىممەتنى كەمرەك بەرگەن بولسا، ئۇنداق پادىشادىن ھىممىتى يۇقۇرى
گاداي ياخشىراق بولىدۇ.)

پادىشاھكىم بولسا ھىممەت ئىچرە پەست،
كەلدى ھىممەتلىك گادادىن نىر دەست.
(ھىممەتسىز پادىشا، ھىممەتلىك گادايىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ.)

ئادەمنىڭ زىبى ھىممەتدىن دۇرۇر،
نەفسىنىڭ تەئدىبى ھىممەتدىن دۇرۇر.
(ئادەمنىڭ گۈزەللىگى، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىمۇ ھىممەتتىن بولىدۇ.)

پەست ھىممەت گەر تاپار بەختى بەلەند،
مۇدبىرى كۆھىدەك ئېرمەس ئەرجۇمەند.
(ھىممەتسىز ئادەم يۈكسەك بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردەمۇ ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتى
ھىممەتلىك سەھرالىقىقا يەتمەيدۇ.)

مىلك ئەدەد قوي بىرلە مۇزدۇرى چوپان،
مۇزد ئېلىپ قويلارغا بولمىش پاسىبان.
(بىر يالـلانما پادىچى مىلك تۇياق قوينى بېقىپ مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن
ئىش ھەققى ئالىدۇ.)

چۈن بۆرىدىن قويغا يەتسە تەمتەراق،
ئول چوپاندىن ئاندا بىر ئىت ياخشىراق.
(ئەگەر قويلارغا بۆرىدىن زىيان يەتسە، پادىچىدىن ئىت ياخشىراق بولىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈلكى گەنجى بار، يوق ھىممەت ئاڭا،
بۇ چوپانۇ قويغەدۇر نىسبەت ئاڭا.
(غەزىنىسى بولۇپ ھىممىتى بولمىغان ئادەمنى خۇددى شۇ قويلار بىلەن پادىچىغا نىسبەت قىلسا بولىدۇ.)

گەنجغە ئۇل بىر نەگەھبان پىش ئەمەس،
ئۇيلەكىم ئۇل قويغە چوپان پىش ئەمەس.
(غەزىنىسى بولۇپ ھىممىتى بولمىغان ئادەم بىلەن، پادىچى تۇرۇپ قويىنى ساقلىيالمىغان ئادەم ئوخشاش بولىدۇ.)

رىند ساھىب ھىممەت ئاندا چۇن يېتەر،
ئۇل سۇرۇكنى بىر گاداغە بەزل ئېتەر.
(ھىممىتى يۇقۇرى كەمبەغەل ئۆزىنىڭ مال پادىسىنى توغرا كەلسە بىر قەلەندەرگە سەدىقىمۇ قىلىۋېتەلەيدۇ.)

رىندغە ھىممەت بىلە بولسە كەرەم،
نەقد ئەنجۇمدۇر ئاڭا خەرجۇ دەرەم.
(ھىممەتلىك ۋە سېخى كەمبەغەلگە خەجلەي دىسە يۇلتۇزمۇ پۇل بولىدۇ.)

**ھىكايەت - تەمسىل**

بۇيلە سۆز مەنقۇل ئېرۇر ئەخبار ئارا،
ھىممەت ئەھلى ھالىدىن ئاسار ئارا.
(ھىممەتلىك ئادەملەر توغرىسىدا مۇنداق سۆز ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە:)

كىم قىيامەتكىم ئېرۇر «يەۋمەننۇشۇر»،
ئاندا ھەركىم قەبرىدىن ئەيلەپ زۇھۇر.
(قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ گۆرلىرىدىن تۇرىدۇ.)

زاھىدۇ پاسىق، گادايۇ مۇھتەشەم،
ئەرسەئى مەھشەر ئارا قويغاي قەدەم.
(تەقۋادار، گۇناھكارلار، گادايلار، بايلار ۋە شاھلار مەھشەرگاھ مەيدانىغا كېلىدۇ.)

شەيخ جام ئۇل مۇرشىدى ئالى ماقام،
زەندە فىل مەستدەك ئەيلەپ خىرام.

(ئالى مەرتىۋىلىك شەيخ ئەھمەد جامى مەس پىلدەك مېڭىپ،)

دەۋزەخ ئەھلى سارى چۈن قىلغاي گۈزەر،
سالىبان غەيرەت كۆزى بىرلە نەزەر.
(دوزاق ئەھلى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارغا غەيرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.)

كۆرگەچ ئاندا ئەلگە گۈنەگۈن ئەزاپ،
ھىممەتى بەھرىغە تۈشتى ئىزتىراپ.
(دوزاختا ئەلنىڭ تارتىۋاتقان خىلمۇ-خىل ئازاپلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھىممەت دېڭىزىدا دولقۇن كۆتىرىلدۇ.)

تەڭرىگە ئىزھار مۇناجات ئەيلەگەي،
بۇيلە ئايىنى مۇناجات ئەيلەگەي.
(ئۇ تەڭرىگە مۇنداق دەپ مۇناجات قىلىدۇ:)

كىم ئىلاھى ئەھلى دەۋزەخنى تامام،
ھەرنە بولغاي شەيخ-شابۇ، خاس، ئام.
(ئەي ئىلاھىم، دوزاختىكى قېرى-ياشنىڭ، خاس ۋە ئاۋامنىڭ،)

بارچەنىڭ قىلغان گۇناھىن ئەفۋەقىل،
يارلىقاپ لۇتپ ئەيلەپ ئازاد ئەيلەگىل.
(ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، پەرمان قىلىپ ئۇلارنى دوزاختىن ئازات قىلغىن!)

ساڭا بۇ لۇتپۇ كەرەم ئاسان ئېرۇر،
بۇ ئۇلۇس بارۇ يوقى ئاسان ئېرۇر.
(بۇ رەھىم-شەپقەتنى قىلماق سەن ئۈچۈن ئاسان، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاسانلىق بەرگىن!)

گەرمۇڭا رازى ئىمەسسەن بەرماڭا،
ئۇيلە جىسمى كىم تۇمۇغ بولغاي تولا.
(ئەي خۇدا، بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ، ماڭا دوزاخ تولۇپ-تاشقىدەك جىسىم ئاتا قىل.)

گەر ساڭا بولسا ئازاپ ئېتمەك غەرەز،
مەن بولاي بۇ ناتاۋانلارغا ئىۋەز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئەگەر سىنىڭ غەربىزىڭ ئازاپ سالماق بولىدىغان بولسا، بۇ بىچارىلەرنىڭ ئورنىغا مىنى ئازاپلىغىن.)

رىند ئالى ھىممىتى ئالى جاناپ،
چۈن شافائەتتە بۇ نەۋئ ئىتكەي خىتاپ.
(بۇنداق سۆزنى پەقەت ئالى ھىممەتلىك، ئالى جاناپ ئادەملەرلا قىلالايدۇ.)

بۇ سۈپەتكىم زاھىر ئەتكەي كۆشىشى،
ئاڭا لايىق ھەقدىن ئولغاي بەخشىشى.
(بۇ سۈپەتنى تىرىشىپ ئايان قىلغان كىشى ھەقتىن ئۆزىگە يارىشا ياخشىلىققا ئېرىشەلەيدۇ.)

چۈن ھۇمايى ھىممىتى ئاچقاي قانات،
يۈز تۈمەنىڭ خەلق تاپقايلار نىجات.
(دۆلەت قۇشىنىڭ ھىممىتى قانات ئاچسا، تۈمەنمىڭلاپ خەلق ئازاپتىن قۇتۇلىدۇ.)

يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى
(يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)

يەنە بىر سايىل دىدىكى پاك سەير،
كىمسەدە ئىنساپ بولغاي، بارمۇ خەير.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتىكى: ئەي پاك ئەخلاقلىق زات، كىشىدە ئىنساپ بولسا ياخشىلىققا ئىگە بولالامدۇ؟)

ھەق ماڭا ئىنساپ قىسمەت ئەيلەمىش،
قۇۋۋەت جانىم بۇيلە نىئمەت ئەيلەمىش.
(خۇدا ماڭا ئىنساپنى قىسمەت قىلىپتۇ، نىمەتنى جىنىمغا ئوزۇق قىلىپتۇ.)

بۇ سۈپەتكە ئولكى بولسا نىسبەتى،
بارمۇ ئول ھەزرەتتە ئانىڭ قۇربىتى.
(بۇ سۈپەتكە ئىگە بولغان كىشى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يېقىن بولالامدۇ؟)

ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
(ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكىم بۇ نەقىلدۇر ھەسەن،
بارچە خەلق ئالىندا مۇستەھسەن بۇ فەن.

(ھۆپۈپ ئېيتتىكى: ناھايىتى گۈزەل مۇنداق بىر رىۋايەت بار، ئۇنى ھەممە خەلق بىلىدۇ.)

ئارىغە ياخشى كۆپ ئەۋساف ئېرۇر،
لىك ئۇلارنىڭ ئەرشرەبى ئىنساف ئېرۇر.
(ئادەملەردە نۇرغۇن ياخشى سۈپەتلەر بار، ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىنساپتۇر.)

كىمگە كىم ئىنساپ يوق ئىنسان ئەمەس،
بۇنسىز ئەتۋاردا جوزنۇقسان ئەمەس.
(ئىنساپسىز ئادەم ئىنسان ھېساپلانمايدۇ. ئۇنداق ئادەم نۇقساندىن خالى بولالمايدۇ.)

بۇ سۈفەت كەلدى ئىرەنلەرنىڭ ئىشى،
بۇيلە دۆلەتغە يېتىشمەس ھەر كىشى.
(بۇ خىل سۈپەت ئەركەك ئادەمنىڭ ئىشى. مۇنداق دۆلەتكە ھەممىلا ئادەم ئېرىشەلمەيدۇ.)

ئادەم ئېرمەس ئولكى نائىنساپ ئېرۇر،
ئادەم ئىنساپ ئىستىمەس ئەمما بېرۇر.
(نا ئىنساپ كىشى ئادەم ئەمەس، ئادەمگە ئىنساپنى خۇدا بېرىدۇ.)

ئىستەمەسلەر ئەلدىن ئىنساپ ئەھلى ھەق،
كىم ئۇلەرگە كەلدى مۇنسىپلىق سەبەق.
(ھەقىقەت ئەھلى ئەلدىن ئىنساپ ئىزلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىنساپنى بىلىم دەپ بىلىدۇ.)

بەرمەي ئىنساپ ئولكى ئىنساپ ئىستەدى،
ئۆزنى نائىنساپ مۇتلەق ئەيلەدى.
(ئۆزى ئىنساپسىز تۇرۇقلۇق، باشقىلاردىن ئىنساپ ئىزلىگەن ئادەم مۇتلەق نائىنساپ ئادەمدۇر.)

**ھىكايىتى خۇجە پەرسا رەھمەتۇللا ئەلەيھى**
**(خۇجا پەرسا ھىكايىتى)**

خۋاجەئى دىن پەرۋەر ئالى نەسەب،
كىم ئاتىغە پەرسا ئېردى لەقەب.
(ئالى نەسەپلىك، دىندار بىر زات بار ئىدى. ئۇنى «خۇجا پەرسا» دەپ ئاتايتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەككە سەيرىن ئالدە جەزم ئەيلەدى،
كەئبەئى ئىسلامغە ئەزم ئەيلەدى.
(ئۇ مەككىگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ، ئەھلى ئىسلامنىڭ كەئبىسى — بەيتۇللاغا قاراپ يولغا چىقتى.)

خۇاجە ئەبۇ نەسر ئېردى خىزمەتكار ئاڭا،
خادىمۇ پەرزەند، خاسۇ يار ئاڭا.
(خىزمەتكار خوجا ئەبۇ نەسر ئۇنىڭ ھەم خىزمەتكارى، ھەم پەرزەندى بولۇپ، يولدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى.)

چۈن مۇشەررەف بولدىلەر مەقسۇدىغە،
شۇكر زاھىر ئەيلەبان مەئبۇدىغە.
(خوجا پەرسا كەئبىگە بېرىش مەقسىدىگە يەتتى. ئۇ خۇداغا شۈكرى ئىزھار قىلىپ،)

قىلدىلەر ھەرنەكى پەرز ئېردى ئادا،
خەلق ھەججىن مەقبۇل ئەيلەرگە دۇئا.
(خەلقنىڭ ھەج زىيارىتىنى تەڭرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ھەممە پەرزلەرنى ئادا قىلدى.)

كىم قوبۇل ئەيلەپ ھەق ئېتكاي ئىلتىپات،
خۇاجەنى مەجمۇئ كۆردىلەر يارات.
(ھەممە ھاجىلار خوجىنى دۇئاغا ياراملىق كىشى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى خۇدا قوبۇل قىلدۇ،)

ئالتى يۈزمىڭ رەھ نەۋەررى مەقشۇناس،
خۇاجەغە كۆرگۈزدىلەر بۇ ئىلتىماس.
(ھەقنى تونۇغان، يىراق مۇساپىلەردىن كەلگەن ئالتە يۈز مىڭ ھاجى، خوجا پەرساغا ئىلتىماس قىلىشتى.)

ساھىبى قۇد نىسبى فەسلۇلخىتاپ،
ئول جامائەتغە دىدى مۇنداغ جاۋاپ.
(سائادەت ئىگىسى، ھەقىقەتچىل خوجا پەرسا جامائەتكە مۇنداق جاۋاپ بەردى:)

كىم ماڭا بۇ ئىشقا تارتىپسىز رەقەم،
مەن خۇد ئاندىن تاشقارى قويمان قەدەم.
(سىلەر مېنى لايىق كۆرۈپسىلەر، مەنمۇ سىلەر لايىق كۆرگەن ئىشتىن باشقىغا قەدەم باسمايمەن.)

گەر مۇئا بائىس دۇرۇر پەزلۇ كامال،
ئالەمى ئىنساپ ئارا بى قىلۇ قال.
(ئەگەر دۇئا قىلىشقا پەزىلەت ۋە كامال سەۋەپ بولىدىغان بولسا، ئىنساپ ئالەمدە سۆزيوقكى.)

مەندىن ئەنسەبدۇر بۇ ئىش بۇ نەسرغە،
كىم دۇئا قىلغاي بۇ ئەھلى ئەسرغە.
( بۇ ئىشتا ئەبۇ نەسر مەندىنمۇ يارامىلىقتۇر، زامان ئەھلى ئۈچۈن ئۇ دۇئا قىلسۇن.)

چۈن بۇ يەڭلىغ ئانى تەئرىپ ئەيلەدى،
ئەل دۇئاسىن ئاڭا تەكلىپ ئەيلەدى.
(خۇجا پەرسا ئەبۇ نەسىرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ خەلق ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئەبۇ نەسرگە تەكلىپ قىلدى.)

خۋاجەنىڭ ئىنساپتىن ئۇل ئىھسان بىلە،
ئەل قوبۇل ئەيلەپ سەراسەر جان بىلە.
(خۇجا پەرسانىڭ ئىنساپ ۋە ياخشىلىغىنى خەلق چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلدى.)

خۋاجە ئەبۇ نەسر ئەتتى مىنبەرنى ماكان،
ئەل دۇئاسىن ئەيلەبان ۋىردى زەبان.
(خۇجا ئەبۇ نەسر مۇنبەردىن جاي ئېلىپ، ئەل ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا تۇتۇش قىلدى.)

تەڭرى ئالىندا مۇناجات ئەيلەدى،
خەلق ئۈچۈن ئىزھار ھاجەت ئەيلەدى.
(خۇدانىڭ ئالدىدا مۇناجات قىلىپ، خەلقنىڭ ھاجىتىنى ئىزھار قىلدى.)

خۋاجە مۇنبەرنىڭ تۆبىن ئەيلەپ مەقام،
سىدىق ئىلە «ئامىن» دەر ئېردى ۋەسسەلام.
(خۇجا پەرسا بولسا مۇنبەرنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرۇپ، سادىق نىيەت بىلەن دۇئا قىلىپ «ئامىن» دەيتتى.)

يەتكەچ ئاخىرغە دۇئا بىرلە سوئال،
دىدى سايىلكى ئىلاھى زۇلجالال.
(خۇجا ئەبۇ نەسر دۇئانىڭ ئاخىرىدا: ئەي ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان خۇدا،)

كۆرمەسەڭ لايىق دۇئا ئايىمنى،
قىلماغىل زايە ئانىڭ ئامىننى
(مېنىڭ دۇئايىمنى لايىق كۆرمىسەڭمۇ، لېكىن خۇجا پەرسانىڭ «ئامىن» دىگەن تىلىگىنى زايە قىلمىغايسەن! — دىدى.)

www.uyghurkitap.com



ئالتى يۈزمىڭ خەلق چۈن بولدى نەقىر،
زار يىغلاپ ھەم سەغىرۇ، ھەم كەبىر.
(ئالتە يۈزمىڭ ھاجى بۇنى ئاڭلاپ، پەريات چېكىپ، زار يىغلاشتى.)

ئاپىرىنلەر دەپ ئۇلار ئەۋسافىغا،
ھەم ئاتا ۋە ھەم ئوغۇل ئىنسافىغە.
(ئۇلار ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىنساۋىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.)

مۇندىن ئەھسەن كىمگە يوقدۇر بۇ سۇفەت،
ئاڭلاماس ئانى جۇزئەھلى مەئرىفەت.
(كىشى ئۇچۈن بۇنىڭدىن پاخشىراق سۈپەت بولمايدۇ، مەرىپەت ئەھلىدىن باشقا ئادەم ئۇنى چۈشىنەلمەيدۇ.)

يەنە بىر قۇشنىڭ ھۇدھۇددىن سوئالى
(يەنە بىر قۇشنىڭ ھۆپۈپتىن سوئالى)

يەنە بىر سايىل دىدىكىم خەيل ئارا،
بەندەغە گۇستاخلىق بارمۇ راۋا.
(قۇشلار توپىنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر قۇش ئېيتتى: بەندىگە ئەدەپسىزلىك قىلىش راۋا بولامدۇ؟)

سىدرەغە كىم كەلدى ئالى شاھلىق،
گەرقۇشى قىلسا ئايان گۇستاخلىق.
(جەننەتتىكى «سىدرە» دەرىخىگە ئالى شاھلىق نېسىپ بولدى. ئەگەر بىر قۇش ئۇ سىدرەگە ئەدەپسىزلىك قىلسا،)

جۇرئەتى جەنبىدە بولغايمۇ ئىقاب،
يوقسا ئىستىغناغە بولغايمۇ ھىساب.
(بۇ جۈرئەتكە ھىساپ بولامدۇ ياكى ئۇنىڭدىن تاشقىرى دەپ قارىلامدۇ؟)

ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
(ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكىم بۇكىم قىلدىڭ سوئال،
بىل جاۋابىدە ئانىڭ سەن ئىككى ھال.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: سەن بۇ ھەقتە سوراپ قالدىڭ، بۇنىڭدا ئىككى ھالەت بار.)

كىمسەكى گۇستاخ بولۇپ شاھ ئالدىدا،
پاكراق مەخسۇس دەرگاھ ئالدىدا.
(كىمكى شاھنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلغان بولسا، ئۇ پەقەت شاھ دەرگاھىدا تۇرىدىغان،
پاك نىيەتلىك خاس كىشىلا بولۇشى مۇمكىن.)

ئۆزلۈكنىڭ قەيدىدىن بولغاي خالاس،
ئۆزگە ئول، يوق بىرلە قىلغاي ئىختىساس.
(ئۇ، ئادەتتە مەنمەنلىك بەنتىدىن قۇتۇلغان بولىدۇ، شۇڭا، شاھ ئۇنى يېقىن كۆرىدۇ.)

ھەر نەبۇدەر ئول دىگەندەكدۇر يەقىن،
بارلىق، يوقلۇق بولۇپ دەفنى ئورتادىن.
(ئۇ نىمنى دىسە، جەزمەن ئۇنىڭ دىگىنىدەك بولىدۇ. بارلىق بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىدىن
كۆتىرىلىپ كېتىدۇ.)

مۇندا زاھىردە ئەگەر جۇرئەت دۇرۇر،
لىك مەئنى يولىدىن ۋەھدەت دۇرۇر.
(ئەمما بۇ كۆرۈنۈشتە، جۇرئەتتەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئەقىلغا يېقىن ئىش ئەمەس.)

پاكراقتۇر ئىشق سەۋداسىدا پەست،
ئاشىقۇ ئاشۇفتە ۋە مەجنۇن مەست.
(ئىشق مەجنۇنلۇغىدا يۈرگەن ئاشىقلار ئادەتتە پاك بولىدۇ.)

كىم مۇھەببەت قىلمىش ئولغاي ئانى زار،
بولغاي ئەيتۇر ھالىدا بى ئىختىيار.
(چۈنكى ئۇلارنى مۇھەببەت زار قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى
ئويلىمايدۇ.)

نى ئىناد ئولغاي، نى كىبر ئاندا ئىۋەر،
جۇز مۇھەببەتكىم ئاڭا يوقدۇر غەرەز.
(ئۇلاردا بويۇنتاۋلىق ۋە كىبر بولمايدۇ، ئۇلاردا مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق
غەرەز يوق.)

ئۇيلە ھەق مەشۇقى بولغاي مۇتلەق ئول،
كىم دىيالماغاي ھەدىسى جۇزھەق ئول.
(شۇلاردەك بولغانلىلا ھەقنىڭ مەشۇقى بولالى بولىدۇ، ھەق سۆزىدىن باشقا سۆزنى
دىمەيمىز.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### ھىكايەت

بار ئىدى دىۋانەئى ئالى سۈپات،
خەلق «مەجنۇنۇلھەق» ئېتىپ ئاتا ئات.
(ئالى سۈپەت بىر دىۋانە بار ئىدى. خەلق ئۇنى «خۇدانىڭ مەھنۇنى» دەپ ئاتايتتى.)

چۈنكى ھەق يادى ئاتا مەھبۇپ ئىدى،
تۈن - كۈن بۇ ياد ئىلە مەغلۇپ ئىدى.
(چۈنكى ئۇ كېچە - كۈندۈز خۇدانى ياد ئېتىشنى ياخشى كۆرەتتى.)

سۆز دىسە ھەقغە قىلۇر ئېردى خىتاپ،
ھەق تىلىدىن ئوق بىرۇر ئېردى جاۋاپ.
(ئۇ سۆز قىلسىلا تەڭرىگە خىتاپ قىلاتتى، كىشىلەرگە دەل تەڭرى تىلىدىن جاۋاپ بېرەتتى.)

بىر باھار ئەييام ئەزم ئەيلەپ سەپەر،
ئۆزگە بەيتۇلالاھنى ئەيلەپ مەقدەر.
(بىر باھاردا ئۇ سەپەر قىلىپ، بەيتۇللاغا بارماقچى بولدى.)

چۈن رىيازەتدىن تىنى ئېردى نەھىف،
مىنمىش ئېردى مەركەبى ئول ھەم زەئىف.
(ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى، مىنگەن ئۇلغىمۇ ئورۇق ۋە ئاجىز ئىدى.)

تۈن قاراڭغۇ بولدى ۋە تۈتتى ياغىن،
كۆردى مەجنۇن سەئب ئول يول بارماغىن.
(كەچ بولۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەجنۇنغا يول مۈشكۈل بولۇپ قالدى.)

بىر بۇزۇق كۆردى ۋە ساكىن ئولدى ئول،
دىدى ئەي تەڭرىم ئېشەكدىن ۋاقىپ ئول.
(ئۇ بىر ۋەيرانىنى كۆرۈپ شۇ يەردە توختىدى ۋە: ئەي خۇدا، ئېشىكىمدىن خەۋەر ئالغىن! — دىدى.)

كىردى مەركەپنى قويۇپ ۋەيرانەغە،
ئۇيقۇ غالىپ بولدى ئول دىۋانەغە.
(مەجنۇن ئېشەكنى ۋەيرانىنىڭ سىرتىدا قويۇپ، ئۆزى ئۇ يەرگە كىردى، ئۇنى ئۇيقۇ باستى.)

ياتدى ۋاش ئاستىغا قويۇپ بىر كېسەك،
ئول بۇزۇقدىن تاشقىرى قالدى ئېشەك.
(ئۇ بېشىغا بىر كېسەكنى قويۇپ ياتتى، ئېشىكى ۋەيرانىنىڭ تېشىدا قالدى.)

كۆزى بارغاچ ئۆيقۇغا ئەبرى باھار،
تىزلىك قىلدى ياغمىغە ئاشكار.
(كۆزى ئۇيقۇغا كېتىش بىلەن باھار بۇلۇتىدىن شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.)

تۆكتى ۋەيران ئىچرە ھەر ياندىن سۇنى،
تەلبە باشىدىن ئۇچۇردى ئۇيقۇنى.
(ۋەيرانىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، دىۋانىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى.)

قوپتى ئولتۇردى تۇرغۇنچە ياغىن،
چۇن ياغىن تۇردى بىلىپ بارۇر چاغىن.
(ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ يامغۇر توختىغىچە ئولتۇردى، ئۇنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى بىلـ
گەندەك يامغۇرمۇ توختىدى.)

چىقتى مەركەپنى قىلۇرغە تىز تەك،
يوق ئىدى ۋەيرانە تاشىدا ئېشەك.
(مەجنۇن ئېشەكنىڭ دېرىگىنى قىلىپ تاشقىرىغا چىقتى، ۋەيرانىنىڭ تېشىدا ئۇنىڭ ئېـ
شىگى كۆرۈنمەيتتى.)

قويدى يۈز مەجنۇنغا بىھەد ئىزتىراپ،
تەڭرىگە قىلدى غەزەپ بىرلە خىتاپ.
(مەجنۇن بىئارام بولۇپ، خۇداغا ئاچچىق بىلەن خىتاپ قىلدى:)

كىم ساڭا مەركەبنى تاپشۇردۇم بۇ دەم،
ياخشى ئاسرادىڭ كەرەم قىلدىڭ كەرەم.
(ئېشىگىمنى ساڭا تاپشۇرغان ئىدىمغۇ، ماڭا قىلغان ساخاۋىتىڭ شۇ بولدىمۇ!)

ئەل سېنىڭ مېھمانلىغىڭغا بارمىسا،
مەركەبىن ۋادى سارى باشقارمىسا.
(مەن سېنىڭ مېھماندارچىلىغىڭغا بارمىغان بولسام، ئېشىگىمنى باياۋاندا قويمىغان بولاتتىم.)

بولماغاي ئېردى بۇ بىپەرۋالىغىڭ،
غەفلەت ئىچرە مەھزىستىغنالىغىڭ.
(ئۇ ھالدا سېنىڭ بۇ بىپەرۋالىغىڭمۇ بولمايتتى.)

ئاسراماقدىن مەركەبىم ئار ئەيلەدىڭ،
تىيرە تۇندە نا پەدىدار ئەيلەدىڭ.
(سەن ئېشىگىمنى ئاسراشتىن نومۇس قىلىپ، قاراڭغۇ تۈندە ئۇنى يوقىتىپ قويدۇڭ!—
دىـدى.)

www.uyghurkitap.com


كوڭرانىپ ھەر يان ئۇرار ئېردى قەدەم،
غايىبدىن ئىستەرگە مەجنۇنى دەزەم.
(مەجنۇن بىسەرەمجان بولۇپ، يوقاتقان ئېشىگىنى ئىزلەپ ھەر تەرەپكە چاپتى.)

كىم چاقىلدى بىر ئەجەپ رەخشەندە بەرق،
ئەيلەدى ئالەمنى ئەنۋاردا غەرق.
(ئاجايىپ بىر يورۇق چاقماق چېقىلىپ، ئالەمنى نۇرغا چۆمدۈرۈۋەتتى.)

ھەركەبىن كۆردىكى ئوتلايدۇ يۈرۈپ،
خار ـ خەسغە ـ ھەر تەرەپ ئاغزىن ئۇرۇپ.
(دىۋانە كۆردىكى، ئېشىگى ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ ئوتلاپ يۈرۈپتۇ.)

كۆرگەچ ئانى تەلبە بولدى شادمان،
مىندى داغى يولغا چۈشتى ئول زامان.
(ئۇنى كۆرۈپ بۇ تەلۋە خوشال بولدى ۋە مىنىپ يولغا چۈشتى.)

توندلۇقلارنى باشىدىن تاشلادى،
لۇتپلەر بىرلە ناۋازىش باشلادى.
(دىۋانە ئاچچىغىنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، خۇداغا رەھمەت ئېيتىشقا باشلىدى:)

كى مېنىڭ جىسمىم ئارا جانىم پىدا،
بەلكى يۈز جانىم ساڭا بولسۇن پىدا.
(جىسمىمدىكى جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن! يۈز جېنىم بولسىمۇ ساڭا پىدا قىلىمەن.)

گەرچە ئول دەم مەركەبىمغە باقمادىڭ،
غايىب ئەيلەپ بوينىغە يىپ تاقمادىڭ.
(ئۇ چاغدا ئېشىگىمگە قارىماي، ئۇنى يوقىتىپ قويغاچقا،)

ماڭا يۈزلەندى ئەجەپ ئاشۇپتەلىق.
قەھردىن قىلدىم ساڭا ئالىپتەلىق.
(ماڭا ئاجايىپ بىر پەرىشانلىق يۈزلىنىپ، ئاچچىغىمدىن ساڭا قالايمىقان سۆزلەرنى قىلدىم.)

چۈن ئېشەكنى تابشۇرۇپ ئېردىم ساڭا،
ئانى تاپشۇرماق كېرەك ئېردى ماڭا.
(چۈنكى ئېشەكنى ساڭا تاپشۇرغان ئىدىم، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك ئىدى.)

ئاسراماقدىن چۈنكى تەقسىر ئەيلەدىڭ،
توند كۆرگەچ مېنى تەدبىر ئەيلەدىڭ.
(ئېشەكنى ساقلىمىدىڭ، خاپا بولغانلىغىمنى كۆرۈپ ئاندىن چارىسىنى قىلدىڭ.)

چارە ئەيلەپ چاقماقىڭنى چاقىبان،
كۆز يورۇتۇپ مەشئەلىڭنى ياقىبان.
(چاقماق چاقتۇرۇپ، مەشئەلىڭنى يېقىپ، كۆز ئالدىمنى يورۇتۇپ،)

كۆزۈمگە ئانى نەمۇدار ئەيلەدىڭ،
دەر مەھەل بۇ لۇتپ ئىزھار ئەيلەدىڭ.
(ئېشىگىمنى كۆزۈمگە كۆرسىتىپ، ماڭا مەرھەمەت ئىزھار قىلدىڭ.)

توندلىقتا گەرچە مەن ئېردىم مۇھىق،
سەن ھەم ئېرمەسسەن ھەرىفى بەس مۇرىق.
(خاپا بولۇشقا مەن ھەقلىق ئىدىم، ئەمما سەن مېنىڭ خاپا بولمايدىغان ھەمسۆھبىتىم ئىدىڭ.)

كىم ۋەقتىدا ئەيلەبان زاھىر ماڭا،
غايىبىمنى ئەيلەدىڭ ھازىر ماڭا.
(يوقالغان ئېشىگىمنى ماڭا ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بەردىڭ.)

دىگەنىمنى بىمادار ئەتتىڭ مېنى،
قىلغانىمدىن شەرمسار ئەتتىڭ مېنى.
(دىگەن سۆزلىرىمگە مېنى ئۇيالدۇرۇپ قويدۇڭ.)

سەن نىكىم قىلدىڭ ئۇنۇتتۇم مەن تامام،
سەن ھەم ئۆتكەننى ئۇنۇت لۇتپ ئىلە ئام.
(سېنىڭ قىلغىنىڭنى مەن تامامەن ئۇنتۇدۇم، ئەمدى سەنمۇ مەرھەمەت قىلىپ مەندىن ئۆتكەننى ئۇنتۇغىن.)

مەن ئۇنۇتتۇم ئەيلەبان زاھىر ۋىفاق،
سەن داغى كۆڭلۈڭنى مەندىن ئەيلەساف.
(مەن قىلغىنىڭنى ئۇنتۇدۇم، سەنمۇ كۆڭلۈڭدە ماڭا قارىتا داغ قالدۇرمىساڭ!)

مەن سېنى دەپ قىلما غۇمدۇر خىجىل،
سەن مېنى ھەم قىلما ئېتىپ مۇنپەئىل.
(مەن سېنى خىجىل قىلمايمەن، سەنمۇ مېنى شەرمەندە قىلما.)

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن سېنى بۇ قىسسەدە تۇتتۇم مائاف،
سەن داغى ئانى ئۇنۇتساڭ ياخشىراق.
(بۇ ئىشتا مەن سېنى كەچۇردۇم، سېنىڭمۇ ئۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ ياخشى بولىدۇ.)

ئۆزىنى ھەردەم ستايىشلار قىلىپ،
ھەقنى ھەم مۇنداغ ناۋازىشلار قىلىپ.
(مەجنۇن ئۆزىگىمۇ تەسەللى بەردى، خۇداغىمۇ ئۆزرەخالىق ئېيتتى.)

تەلبە رازى گەرچە نامەئقۇل ئىدى،
چۇن مۇھەببەتدىن ئىدىن، مەقبۇل ئىدى.
(مەجنۇننىڭ تەگرىگە سۆزلىگەنلىرى ناماقۇل گەپلەر بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئۇ گەپلەر قوبۇل كۆرىلەتتى.)

بولسە ھەر مەجنۇن بۇ يەڭلىغ زار ئاڭا،
ھەم يېتەر گۇستاخلىق ھەم ناز ئاڭا.
(مەجنۇنلارنىڭ تەگرىگە قىلغان بۇ خىلدىكى سۆزلىرى ھەم بىئەدەپلىكتىن، ھەم ئەركىلەشتىن بولىدۇ.)

تەگرىگە چۇنكىم بۇ ئەل مەھبۇپ ئېرۇر،
ھەرنە مەھبۇپ ئەيلەسە مەرغۇپ ئېرۇر.
(چۇنكى ئۇلار خۇدانىڭ مەھبۇپلىرى بولۇپ، ئۇلار نېمىلا قىلسىمۇ، قىلغانلىرى خۇداغا خۇش كۆرۈنىدۇ.)

**يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى**

يەنە بىر سايىل دېدىكى رەھ نەۋەرد،
غەيرىدىن مەن بولمىشام ئازاد ـ پەرد.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتى: ئەي، يوللارنى بېسىپ ئۆتكۈچى، مەن باشقىلاردىن يىگانە كىشىمەن.)

ئۆزنى ئەيلەپ مەن خىيالى بىرلە خۇش،
بولغالى بىر كۈن ۋىسالى بىرلە خۇش.
(مەن ئۆزەمنى ھەقنىڭ خىيالى بىلەن خوشال قىلىپ، ئاخىرى بىر كۈن ئۇنىڭ ۋىسالىغە يېتىمەن دەپ ئىشىنىمەن.)

مەن چۇ ئاندىن ئايرۇ ئالمان بىر نەفەس،
ئانى ئىستەپ نى سەفەر ئەيلەي ھەۋەس.
(مەن ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر دەممۇ ئايرىلالمايمەن، شۇنداق ئىكەن، ماڭا سەپەر ھەۋەسىدە بولۇشنىڭ ھاجىتى نىمە؟)

## ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
## (ھۆپۆپنىڭ جاۋاۋى)

ھەر كىشى ھەددى ئەمەس بۇ نەۋئ لاپ،
كىم ئۆزى ۋەسفىغە دىگەي ھەرگەزاب.
(ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىنى ماختاشقا، يالغان سۆزلەپ، پوچىلىق قىلىشقا ھەددى يوق!)

سەمۇنى كۆرگىم چىكىپ جان ئاي - يىل،
ئۆز - ئۆزۈڭنى ۋەسف ئېتەرسەن مۇتتەسىل.
(ئاي يىللاپ جان تىكىپ، جاپا تارتساڭ، ئەمما ئۆزەڭنى توختىماي ماختىساڭ،)

ئۆزنى غەيرىدىنكى دەرسەن پەرد بۇ،
ئالدا مەقبۇل ئىكىن مەردۇد ئۇ.
(ئۆزەڭنى باشقىلاردىن ئالاھىدە، يىگانە كىشىمەن دىسەڭ، تەڭرى ئالدىدا چوقۇم قوغلاندى بولىسەن.)

سەن دىمەكدىن راست كەلمەس بۇ ماقال،
تا، نى نەۋئ ئېركىن ئانىڭ ئالدا ھال.
(سىنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭنى راست دىگىلى بولمايدۇ، كىم بىلىدۇ ئاخىرقى ھىساپتا تەڭرى ئالدىدا قانداق ئەھۋال يۈز بىرىدۇ؟)

سەن بۇ دەئۋادىن ئۇرارسەن خۇد نەفەس،
تا ئاڭارنى نەۋئ ئىكىن بۇ مۇلتەمەس.
(مەنمەنچىلىك بىلەن داۋا قىلساڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك پايدا بولىدۇ؟)

ھەرنە سەن دەرسەن ئاڭا يوق ئېتىبار،
مۇئتە بەردۇر نەئول ئېتسە ئاشكار.
(سىنىڭ دىگەنلىرىڭنىڭ تەڭرى ئالدىدا ھىچقانداق ئېتىۋارى بولمايدۇ. ئەمما ئۇ نىمىنى قىلسا شۇ ئەتىۋارلىق بولىدۇ.)

سەن دىمەكدىن ئىش كىپايەت بولماغاي،
تا قوبۇل ئاندىن ئىنايەت بولماغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(قوبۇل قىلمىسا ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمىسە، سېنىڭ دىگەنلىرىڭ ھىساپ بولمايدۇ.)

دىمىگەن خۇشراق يەنە بۇ نەۋئ سۆز،
تىككەن ئەئلادۇر ئانىڭ لۇتفىغە كۆز.
(شۇڭا بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلماي، ئۇنىڭ مەرھەمىتىنى ئۈمىت قىلغىنىڭ ياخشىراق.)

ھىكايەت بايەزىد بەستامى

(بايەزىد بەستامىنىڭ ھىكايىسى)

شەيخ بەستامى ئەمىنى گەنجى راز،
ئەھلى مەئنى تەختى ئۈزرە سەرەفراز.
(شەيخ بايەزىد بەستامى تەڭرى سىرلىرى غەزىنىسىنىڭ ئىشەنچلىك غەزىنىچىسى، ھەقىقەت ئەھلى تەختىنىڭ سۇلتانى ئىدى.)

چۈنكى بۇ دارۇلفانادىن قىلدى ئەزم،
رەۋزەئى دارۇلباقاغا تۈزدى بەزم.
(ئۇ پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغا سەپەر قىلغان ئىدى.)

بىر كۈن ئانى تۈشىدە كۆردى بىر مۇرىد،
دىدى: ئەي ئىچكەن مەي «ھەل مىن مەزىد».
(بىر كۈنى بايەزىدنىڭ بىر مۇرىدى ئۇنى چۈشىدە كۆرۈپ: ئەي مۇھەببەت مەيىنى يەنە بارمۇ؟ دەپ ئىچكەن كىشى!)

بىزگە ھالىڭدىن ئايان ئەتكىل خەبەر،
كىم ساڭا نى قىلدى ھەيبى دادىگەر.
(بىزگە ئۆز ئەھۋالىڭدىن خەۋەر بەرگىن! باقى دۇنيادا ئادىل خۇدا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟)

قۇرقەتىڭدە چۈن بەسى كۆردۈك ئەلەم،
تاكى ئىتمىنان بولغاي بىز ھەم.
(سەندىن ئايرىلىپ تولا جەبىر - جاپالارنى كۆردۇق، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلسەك بىز - لەرگىمۇ خاتىرجەملىك بولار؟ — دىدى.)

مۇرشىدى كامىل دىدىكىم ئول زامان،
كىم لەھەد قەترى ماڭا بولدى ماكان.
(كامالەتلىك شەيخ بەستامى شۇ چاغدا: گۆرنىڭ تېگى ماڭا ماكان بولدى،

ئول مەلەكلەركىم ئېرۇر ئەھلى سوئال،
بولدىلەر ھازىر قىلۇرغە قىلۇ قال.
(بەندىلەردىن سوراق سورايدىغان پەرىشتىلەر مەندىن سوئال سورىماقچى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى.)

دىدىلەركىم گىردىگارىڭ كىم دۇرۇر؟
خالق پەرۋەر دىگارىڭ كىم دۇرۇر؟
(ئۇلار مەندىن: خۇدايىڭ كىم؟ ياراتقۇچىڭ كىم؟ ... دەپ سوراشتى.)

مەن دىدىم بۇ سۆزنى مەندىن سورماڭىز،
گەر جاۋابى دىمىسەم يازغۇرماڭىز.
(مەن: مەندىن بۇ سوئالنى سورىماڭلار، جاۋاپ بەرمىسەم گۇناھقا بۇيرۇماڭلار،)

ئەيلەڭىز بارىپ سوئال ئاندىنكى ئول،
بەندەلىك سارى ماڭا بېرۇرمۇ يول.
(سىلەر بۇ سوئالنى تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار! ئۇ مېنىڭ بەندىلىكىمگە يول بەرگەنمۇ ـ يوق؟)

قۇللۇغۇمغا گەر قەبۇل ئېتسە خىتاپ،
ئول خىتاپ ئۇق سىزگە كاپىدۇر جاۋاپ.
(ئۇ قۇللۇغۇمنى قوبۇل قىلىپ، مېنى بەندەم دەپ خىتاپ قىلسا، ئۇ خىتاپ سىلەرنىڭ سوئالىڭلارغا جاۋاپ بولالايدۇ.)

بەندەئى ئاڭلاڭ مېنى دەرگاھىدا،
مەسنەدى ئىقبال ئىززۇ جاھىدا.
(شۇ چاغدا، مېنى ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئىززەت ـ ئابرويلۇق بەندە ئىكەن، دەپ بىلىڭلار!)

گەر قوبۇل ئىقبالىدىن نەۋمىد مەن،
ھىجر ئارا ئاۋارەئى جاۋىدمەن.
(ئەگەر ئۇنىڭ قوبۇلىدىن ئۈمىتسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ھىجرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولسام،)

مېنى رەد ئەھلىدىن ئول سائەت بىلىڭ،
ھەرنە ئىستەر كۆڭلىڭىز ئولدەم قىلىڭ.
(مېنى تەڭرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان ئادەم، دەپ بىلىڭلار ۋە نىمە قىلىشنى خالىساڭلار شۇنى قىلىڭلار! — دىدىم.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈن بۇ يەڭلىغ تاپتىلەر مەندىن جاۋاپ،
كەلدى ئول سائەت خىتابى «مۇستەتاب».
(ئۇلارغا مەن شۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشىم بىلەن تەڭ، تەڭرىدىن خىتاپ بولدى:)

كىم سوئال ئەھلى بۇكىم مەسئۇلدۇر،
بەندەئى مۇستەھسەن مەقبۇلدۇر.
(سىلەر سوراق قىلغۇاتقان بۇ بەندە ياخشى ئادەم ۋە مەن قوبۇل كۆرگەن كىشىدۇر.)

بولمايىن رەۋشەن ئانىڭ يۈزىغە كۆز،
ئۆز دىمەكلىك بىرلە كەلمەس راست سۆز.
(خۇدانىڭ ئالدىغا بارماي تۇرۇپ، يۈزۈڭگە تەڭرىنىڭ رەھمەت نەزرى چۈشمەي تۇرۇپ، ئۆزەڭنى قانچە ماختىغىنىڭ بىلەن ئۇ راست بولمايدۇ.)

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

يەنە بىر سايىل دىدىكىم ئەي رەفىق،
بولمىشام بەھرى كامال ئىچرە غەرق.
(يەنە بىر قۇش ئېيتتى: ئەي ھەمرا بولغۇچى، مەن كامالەت دېڭىزى ئىچىگە غەرق بولغانمەن.)

ھەر كامالى نەفس بولمىش ھاسىلىم،
ئاندىن ئولمىش ۋاسىلىم كامى دىلىم.
(ۋۇجۇدۇم ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، شۇ كامالەتتىن كۆڭلۈمدىكى مەقسەتلىرىمگە يەتكەنمەن.)

بۇ مۇرادىم مۇندە چۈن ھاسىل دۇرۇر،
يول ئازابىن تارتماق مۇشكۈل دۇرۇر.
(مۇرادىم ھاسىل بولۇپ تۇرسا، يەنە يول ئازاۋىنى تارتىپ نىمە قىلىمەن؟)

ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى

دىدى ھۇدھۇدكى: مۇرادىڭدىن نۇفۇر،
كۆڭلۈڭگە غەفلەت سېلىپ جەھلى غورۇر.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: ئەي كۆڭلىگە نادانلىق غورۇرى چۈشكەن، مۇرات-مەقسەتتىن قاچقۇچى!)

ئۆز خىيالىڭدىن قىلىپ مەغرۇرلۇق،
ئىشىڭ ئەسلىدىن تاپىب مەھجۇرلۇق.
(يولدىن چەتنەپ، ئۆزەڭچە مەغرۇرلىنىپ يۈرۈپسەن.)

بۇ خىيالىڭ كەلدى بى ھاسىل خىيال،
①........................................
(بۇ بىھۇدە، نەتىجىسىز خىيالدۇر.)

ناقىس ئولدۇركىم، ئۆزىن كامىل دىگەي،
كامىل ئولدۇر نەپىي ئىسبات ئەيلەگەي.
(ئۆزىنى كامالەتكە يەتتىم، دەپ ھىساپلىغانلار ھامان كەمتۈك بولىدۇ، لىكىن كامالەتكە يەتكەنلەر ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدۇ.)

ئۆز كامالىدىن دىمەس ئەھلى كامال،
ئەھلى نۇقسان ئىچرە بولۇر قىلۇ قال.
(نۇقسانلىق ئادەملەر ھەممىشە ئۆز كامالىتى ھەققىدە سۆز ئىچىشىدۇ. ئەمما كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر ھىچقاچان ئۆز كامالىتى ھەققىدە سۆز ئاچقان ئەمەس.)

بەسكى نۇقسان ئىچرە كامىلسەن بەسى،
ئالىم ئىيتىپ ئۆزنى جاھىل سەن بەسى.
(سەن نۇقساندا كامالەتكە يىتىپسەنۇ، ئۆزەڭنى ئالىم چاغلاپ يۈرۈپسەن، ئەمەلدە تازىمۇ نادان ئىكەنسەن.)

ئۆز كامالىدىن دىمەكدۇر مەھزى جەھل،
جەھلدىن سۆز دىمەگەيكىم بولسا ئەھل.
(ئۆز كامالىتى ھەققىدە سۆز ئىچىش نادانلارنىڭ ئىشى، مەرىپەت ئەھلى مۇنداق نادانلىق قىلمايدۇ.)

كىم ئۆزىن كامىل كۆرە ناقىسدۇر ئول،
ناقىس بەرمەيدۇر كامالى سارى يول.
(كىمكى ئۆزىنى كامالەتلىك دەپ ھىساپلىسا، دىمەك شۇ كەمتۈك، يىرىم-ياتا ئادەم، شۇبھىسىزكى، كەمتۈكلۈك كامالەتكە يول بەرمەيدۇ.)

مىھر كۈن تۈش كۆرگەچ ئۆزنى بەركامال،
ئاڭا يۈزلەندى ھەمۇل سائەت زاۋال.

① بۇ مىسرا ئەسلى نۇسخىدا ئۆچۈپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(قۇياشمۇ دەل چۈش ۋاقتىدا ئۆزىنى كامالەتكە يەتتىم دەپ ھىساپلايدۇ ـ دە، ئارقـ ـ دىنلا زاۋاللىقىقا يۈزلىنىپ، كۈن پېتىشقا قاراپ ماڭىدۇ.)

باۋۇجۇدىكىم كامالى بار ئىدى،
چۈن ئانى كۆردى زاۋالى بار ئىدى.
(ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ كامالىتى بار ئىدى، ئۆزىنىڭ كامال تاپقانلىقىنى كۆرگەنلىگى ئۈچۈن زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى.)

گەر ئۆزىن كامىل دىگەي ناقىس ۋەشى،
خوشلۇق ئۆزرە سابىت ئەتكەي ناخۇشى.
(كەمتۈكلەر ئۆزلىرىنى كامالەتلىك دىيىشىپ، كۆڭلى يېرىمىلىقىنى خوشاللىق بىلەن يېپىشىدۇ.)

ئانى ئىسلاھ ئەيلەمەك دىشۋار ئېرۇر،
كىم بىناسى كىبر ئىلە پەيدار ئېرۇر.
(نادانلىقىنىڭ بىناسى ـــ كىبىردىن قۇرۇلغان، شۇڭا ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ناھايىتى قىيىن.)

بۇ كامال لىك ھەم قىلىبدۇرسەن گۇمان،
مەھزى نۇقسان بىل ئانى ئەي ناتۇۋان.
(ئەي ئاجىز، ئۆزەڭنى كامالەتلىك دەپ ئويلاپ قاپسەن، بۇ خىيالىڭنى نۇقسان دەپ ھىساپلىغىن.)

**ھەزرىتى شەيخ ئەبۇبەكرى ھىكايىتى**
**(ئەبۇبەكرى توغرىسىدا ھىكايەت)**

شەيخ ئەبۇبەكرى نىشاپۇرى كى ئول،
مۈلك مەئنى سارى تاپىب ئېردى يول.
(نىشاپۇرلۇق شەيخ ئەبۇبەكرى مەرىپەت مۈلكىدە يول تاپقان كىشى ئىدى.)

چىقتى بىر كۈن شەھرى نىشاپۇردىن،
سەير ئۈچۈن ئول خەتتەئى مەئمۇردىن.
(بىر كۈنى ئۇ تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئاۋات شەھەر ـــ نىشاپۇردىن چىقتى.)

شەيخلىق ئايىنىدىن غايەت فۇزۇن،
خادەەى مەجلىس نىھايەتدىن فۇزۇن.
(ئۇنىڭ شەيخلىق زىبۇ ـ زىننەتلىرى ناھايىتى پۈسۈن ۋە بىللە ئېلىپ يۈرگەن خىزمەتكار ـ لىرى كۆپ ئىدى.)

هەم مەهاپە، هەم رىكابۇ، هەم ئەلەم،
چۇق - چۇق ئەسهاب ئەپرادۇ خىدەم.
(شەيخنىڭ مەپلىرى، ئات - ئۇلاقلىرى، مۇرىتلىرى، بالا - ۋاقا ۋە خىزمەتكارلىرى ناهايىتى كۆپ ئىدى.)

شەيخ چۇن نەززارە قىلدى بۇ شۇكۇھ،
كەينىدە، ئالدىدا بۇ يەڭلىغ گۇرۇھ.
(شەيخ ئالدى - كەينىدە گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملىرىگە نەزەر سالدى.)

بىر خىيالى كۆڭلىگە چۇشتى ماهال،
كىم ئانى مەغلۇب قىلدى ئول خىيال.
(شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىر خىيال كەچتى، بۇ خىيال ئاخىر ئۇنى مات قىلدى.)

بۇ مەهەلدە بىر ئىشەك قىلدى فىغان،
چىقتى ئاندىن بىر بۆيۈك يەل ناگەهان.
(دەل شۇ چاغدا بىر ئىشەك هاڭرىدى ۋە يەل قويۇپ بەردى.)

شەيخنە بۇرەمزدىن ۋەقت ئولدى خۇش،
ۋەجد رەقس ئەيلەپ يىقىلدى قىلدى خۇرۇش.
(بۇ ئىش شەيخنىڭ كۇلكىسىنى قىستاپ، ئۇنى خوش چاغ قىلىپ قويدى. ئۇ قاقاقلاپ كۇلمەن، دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىۋىدى، ئىشەك ئۇستىدىن يىقىلىپ چۇشتى.)

چۇن ئاڭا بۇ نەۋئ هال ئولدى پەدىد،
قىلدىلەر ئىنكار ئەسهاب ۋە مۇرىد.
(ئۇ بۇ ئەهۋالغا دۇچ كېلىۋىدى، يارانلىرى ۋە مۇرىتلىرى ئۇنى ئىنكار قىلىشتى.)

بىر تەرەپ بولغان زامان ئول ئالەمى،
ئەيلەبان گۇستاخلىق بىر مەهرەمى.
(شەيخ ئۆز هالىغا كەلدى، بىر مەهرىمى ئۇنىڭدىن ئەدەپسىزلىك بىلەن:)

كەيفىيەت سوردىكى نى هال ئىردى بۇ؟
شەيخ ئەيتدىكى رەفىقى رازجۇ.
(بۇ نىمە ئەهۋال؟ — دەپ سورىدى. شەيخ دىدىكى: ئەي مەخپى سىرلارنى ئىزلىگۇچى بۇرادەر!)

چۇن نەزەر سالدىمكى خەلق ئەيلەپ هۇجۇم،
تابىئىم دۇرلەر بۇ ئىشدىن نەفس شۇم.

www.uyghurkitap.com

(ئەتراپىمدا كېتىۋاتقان خەلقىمگە قاراپ تەمەننا قىلغان ئىدىم، شۇم نەپسىم ماڭا شۇ خىـ
يالنى ساپتۇ.)

كۆڭلۈم سالدىكى ئېرشاد ئەھلى دىن،
تالىبى سالىككى ئىمداد ئەھلىدىن.
(بۇنى ماڭا دىن ئەھلى ۋە بۇ يولنى بۇرۇن بېسىپ ئۆتكەنلەر بىلدۇرۇپ قويدى.)

نى جۇنەيد، شىبلى ۋە نى بايەزىد،
نى ئۇبەيد، نۇرى ۋە ئەبۇسەئىد.
(جۇنەيد، شىبلى، بايەزىد، ئۇبەيد، نۇرى، ئەبۇ سەئىدلەر.)

قايسى بىر تاپىب ئىدى ئىركانۇ جاھ،
پەقر بوستانىدا بۇ خەيلى سۇپاھ.
(دەرۋىشلىك بوستانىدا مىنىڭچىلىك مۇنچە ئادەملەرگە، خىزمەتكارلارغا ئېرىشمىگەن ئىدى.)

نەفس چۇن كۆڭلۈمگە سالدى بۇيلە تاب،
بۇ مەھەلدە ئول ئېشەك بەردى جاۋاب.
(شۇلارنى ئويلاپ مەغرۇرلانغان ئىدىم، بۇنىڭ جاۋاۋى ئېشەكتىن بولدى.)

چۇن جاۋابىم تاپتىم ئانداغكىم كېرەك،
بائىسى بۇ ۋەجدىم ئېردى ئول ئېشەك.
(مەن غۇرۇرلانغان خىيالىمغا لايىق جاۋاپ ئالدىم، ئېشەكتىن يىقىلىپ ۋايداتلىدىم.)

شەيخ كىم ئەيلەب ئېشەك فەرياد ئاڭا،
بۇيلە يەتسە نەيلەگەي ئېرشاد ئاڭا.
(شەيخ ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى بىلەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالسا قانداق بولىدۇ.)

جاھ ئول بولغايكى ئەيلەب ۋەجد ھال،
باشىدىن يەلدەك چىقارغاي ئول خىيال.
(تەمەننا خىيالى كاللىدىن خۇددى يەلدەك چىقىپ كەتسە ياخشى بولىدىكەن.)

ئۇيلە ئىنساف ئەھلىدىن كەلگەي بۇ ئىش،
كىمكى ئول مۇنسىپ دۇرۇر بىلگەي بۇ ئىش.
(بۇ ئىش ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىشنى مۇناسىپ دەپ
بىلىدۇ.)

يوقسه بىر مەغرۇر دۇنى بولهەۋەس،
بۇ بىيىك دەۋلەتغه تاپماس دەست رەس.
(بىر پەستلىك غۇرۇرغا بېرىلگەن ئادەم مۇنداق بۈيۈك دۆلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.)

## يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

يەنە بىر سايىل دىدىكى ئى مۇھتەرەم،
بۇ مەهەل يولىنە قاچان قويسا قەدەم.
(يەنە بىر قۇش دىدىكى: ئەي هۆرمەتلىگىم، بىز سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن،)

ئۆزنى چۈن مەشغۇللۇقدىن شاد ئېتەي،
يەتسە غەم ئۆزنى نى نەۋئ ئازاد ئېتەي.
(يولنىڭ غېمى ئىچىدە قانداق شات بولىمەن؟ يەتكەن غەملەردىن قانداق قۇتۇلىمەن؟)

نى قىلايكىم كۆڭلۈمە يەتكەي سورۇر،
كىم ماڭا ئاندىن دەمى يەتكەي هوزۇر.
(قانداق قىلسام كۆڭلۈمگە خوشاللىق يېتىدۇ؟)

## هۇدهۇدنىڭ جاۋابى
## (هۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى هۇدهۇد ئۆزنى گەر شاد ئەيلەسەڭ،
هەرسۈپەت قايغۇدىن ئازاد ئەيلەسەڭ.
(هۆپۈپ ئېيتتىكى: ئەگەر ئۆزەڭنى قايغۇدىن ئازات قىلىپ كۆڭلۈڭنى شات ئېتىمەن دىسەڭ،)

ئۆزنى ئانىڭ يادىغا مۇئتاد قىل،
شادلىغ ئىستەرسەن ئانى ياد قىل.
(ياراتقۇچىنى يادلاپ ماڭغىن.)

شادلىغ كىم ئېرمەس ئانىڭ يادىدىن،
بولماغاي خۇشراق خىرەد ئېرشاددىن.
(چۈنكى، ئۇنى ئەسلەشتىن باشقىسى خوشاللىق ئەمەس، ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن ياخشىراق خوشاللىقمۇ يوق.)

ئاندىن ئايرۇ ئەيشدىن غەم ياخشىراق،
سۆزدىن يۈز قاتلا ماتەم ياخشىراق.

www.uyghurkitap.com

(ئۇنىڭ يادىدىن ئايرىلىپ تاپقان خوشاللىقتىن غەم ياخشىراق بولىدۇ، ئۇنى تىلغا ئالماي قىلغان سۆزدىن ماتەم يۈز ھەسسە ئارتۇقتۇر.)

غەمكى ئاندىن بولسە بىلگىل شادلىغ،
ھەر بەلىيىەت قەيدىدىن ئازادلىغ.
(ئەگەر غەم ئۇنىڭدىن كەلگەن بولسا، ئۇنى خوشاللىق دەپ بىل ئۇ غەم سېنى ھەر خىل بالا كىشەنلىرىدىن ئازات قىلالايدۇ.)

### ھىكايەت خۋاجە ئابدۇللا ئەنسارى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى
### (خوجا ئابدۇللا ئەنسارى ھىكايىتى)

خۋاجە ئابدۇللا ئەنسارىكى ئەقىل،
ئەيلەيالماس مىڭ ئىشدىن بىرنى نەقىل.
(خوجە ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ ئىشلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ نەقىل قىلىشقا ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.)

دىدىكىم ئولدۇر كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇغى،
يەقىر يولىندا كىراھى ۋەشلىغى.
(ئۇ كۆڭۈل خوشاللىغىنى دەرۋىشلىك يولىدا ئالى تەبىئەتلىك بولۇشتىن تاپقان.)

كىم كۆڭۈلدە ئاندىن ئۆزگە بولماغاي،
يادىدا جاناندىن ئۆزگە بولماغاي.
(خۇددى خىيال جاناندىن ئايرىلمىغاندەك كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمىسا،)

ھەركۆڭۈل مۇنداغدۇر ئانى بىل كۆڭۈل،
يوقسە بەھرۇ كان ئىسە ئاندىن تۇگۈل.
(مۇنداق كۆڭۈلنى كۆڭۈل دەپ بىلگىن، ئۇنداق بولمىسا، ئۇ كۆڭۈل دېڭىز ۋە كان بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن كەچ.)

كۆڭۈل ئولدۇركىم ئاڭا مەسكەن دۇرۇر،
يوقسە گۈلشەن بولسا ھەم گۈلخەن دۇرۇر.
(كۆڭۈل ياراتقۇچىنىڭ ماكانى، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ كۆڭۈل گۈلشەن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئوتخانا دەپ بىلىش كېرەك.)

### يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

يەنە بىر سايىل دىدىكى ئى بەختىيار،
چۈن ئانىڭ ئىشقىنى قىلدىم ئىختىيار.

(يەنە بىر قۇش دىدىكى: ئەي بەختكە يار بولغۇچى، مەن ئۇنىڭ ئىشقىنى ئىختىيار قىلدىم)

ناگىهان ۋەسلىغە بولسام سەرفەراز،
نى تىلەي ئاندىن قىلىپ زاھىر نىياز.
(مۇبادا ئۇنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولسام، ئۇنىڭدىن نىمە تىلىسەم بولىدۇ؟

ئاندىن ئىستەرنىمەنى ئەۋۋەل بىلەي،
ۋەسلىغە يەتكەن زامان ئاندىن تىلەي.
(نىمە ئىستەيدىغانلىغىمنى ئاۋال بىلىۋالاي، ۋەسلىگە يېتىشىم بىلەنلا، ئۇنىڭدىن شۇنى تىلەي...)

دۇدھۇدنىڭ جاۋابى
(ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكى ئى شۇئارىڭ خاملىق،
ھۇشى ۋادىسىدا بى ئاراملىق.
(ھۆپۈپ ئېيتتى: ئەي خام تەلەپ، ئەقىل - ھۇش ۋادىسىدا بىئارام بولۇپ يۈرگۈچى،)

چۇن ساڭا ئول مەقسەد مەتلۇب ئېرۇر،
ئاندىن ئۆزگە بار يوق بابۇد ئېرۇر.
(ئۇنىڭ ئۆزگە يەتمەك سەن ئۈچۈن مەقسەت، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن نابۇت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.)

چۇن مۇيەسسەر بولدى مەتلۇبۇڭ سېنىڭ،
كىردى ئاغۇشۇڭغا مەھبۇبۇڭ سېنىڭ.
(مەقسىدىڭگە مۇيەسسەر بولساڭ، مەھبۇبىڭنىڭ قۇچىغىغا كىرگەندەك بولىسەن.)

تاپىراق سەن كۆڭلۈڭگە ئولدۇر ھەۋەس،
جانىڭە يوق ئاندىن ئۆزگە مۇلتەمەس.
(مەھبۇبىڭدىن قانچە يىراق بولساڭ، ئۇنىڭ ھەۋىسى سەندە شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.)

ئەمدىكىم تاپتىڭ قىلىپ قەتئى فىراق،
ئىستەمەك نە بولغاي ئاندىن ياخشىراق.
(جۇدالىقنى بېسىپ ئۆتۈپ ۋىسالىغا ئېرىشسەڭ، ئۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە نىمىنى ئىستەيتتىڭ؟!)

ئول دۇرۇر چۇن تەن بىلە جاندىن مۇراد،
ئاندىن ئۆزگە نى بولۇر ئاندىن مۇراد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئۇنىڭ ۋىسالى جېنىنىڭ مۇرادى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نىمە مۇرادىڭ بولاتتى؟)

تاپقاچ ئانى غەيردىن كۆڭلۈڭنى ئۈز!
بار - يوقۇڭنى ئانىڭ ئىشقىدە بۇز!
(مەھبۇپ ۋىسالىنى تاپقاندا، كۆڭلۈڭنى غەيرىدىن ئۈزگىن، بار - يوقۇڭنى ئۇنىڭ ئىشقىغا بېغىشلا!)

ھەززەتى شەيخ ئەبۇسەئىد ھىكايىتى
(شەيخ ئەبۇسەئىد ھەزرەتلىرىنىڭ ھىكايىسى)

بۇ سەئىد ئول غەرق دەرياىي ۋۇسۇل،
كىم ئانىڭ ۋەسفىدە ئاجىزدۇر ئۇقۇل.
(ئەبۇ سەئىد ۋەسلىنىڭ دەرياسىغا چۆمگەن كىشى ئۇنى سۈپەتلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.)

ئۇلكى زاتىغە لەقەب خەرراز ئىدى،
تۈن - كۈن مەتلۇب ئىلە ھەمراز ئىدى.
(ئۇ كېچە - كۈندۈز مەھبۇپ ۋىسالىنى ئىزلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى.)

مەككەدە بىر كۈن دۇئا ۋاقتىدا خەيل،
قىلدىلەر ھەقدىن مۇراد ئىستەرگە مەيل.
(بىر كۈنى مەككىدە جامائەت دۇئا - تالاۋەت ۋاقتىدا، تەڭرىدىن مۇرات - مەقسەتلىرىنى تىلەشتى.)

ئول خالايىق «ئەۋلىيا ئۇللا» ئىدى،
بارچە ھەق ئەسرارىدىن ئاگاھ ئىدى.
(ئۇ جامائەت ئەۋلىيالاردىن بولۇپ، تەڭرى سىرلىرىدىن خەۋەردار ئادەملەر ئىدى.)

بارچەسى تەقۋا ۋە تائەت ئەيلەبان،
ھەقنى ئىستەرگە مۇناجات ئەيلەبان.
(ھەممىسى تائەت - ئىبادەت بىلەن بولۇپ، ھەقنى ئىستەپ مۇناجات قىلىشىۋاتاتتى.)

يۈزنى سۈرتۈپ بارچە بەيتۇللاھغە،
ئاشنالىق ئىستەپ ئول دەرگاھغە.
(ئۇلار بەيتۇللاغا يۈزلىرىنى سۈرتۈشۈپ، تەڭرى دەرگاھىدىن دوستلۇق ئىزلىشەتتى.)

لىك ئۇل سىررى ھەقايىق مەخزەنى،
ۋەسل باغى گۈللەرنىڭ گۈلشەنى.
(لېكىن ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ غەزىنىسى، ۋىسال بېغىدىكى گۈللەرنىڭ گۈلشەنى بولـغان ئەبۇسەئىد)

ئۇل تەلەپ ئەھلى ئارا خامۇش ئىدى،
كۆڭلى ۋەھدەت جامىدىن بىھۇش ئىدى.
(ئۇ تەلەپ ئەھلى ئىچىدە شۇك ئولتۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى ياراتقۇچىنىڭ مۇھەببىتى تەسىرىدىن بىھۇش ئىدى.)

ئەل دۇئا قىلغاندا ناگاھ سالسا كۆز،
ئاغزىغا گاھى كېلۇر ئېردى بۇ سۆز.
(دۇئا قىلىۋاتقانلارغا نەزىرى چۈشسە، تىلىغا ھامان مۇنداق بىر سۆز كېلەتتى:)

كىم ئىلاھى ھەرنە خەلق ئەيلەر تەلەپ،
مەن تاپىپمەن كۆرمەيىن رەنجۇ تەئەپ.
(ئەي تەڭرى، بۇلارنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى مەن جەۋر-جاپا كۆرمەيلا تاپتىم.)

سەنكى ئەل مەتلۇبىسەن مەن تاپىمشام،
ئىستەمەكدىن لاجەرەم كۆز ياپىمشام.
(ئەلنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى سەن، مەن سېنى تاپتىم، شۇڭا يەنە ئىستەش نىيىتىم يوق.)

سەندىن ئايرۇچۇن ئەمەسمەن بىر نەفەس،
لەغۇ ئېرۇر تاپقانىنى قىلماغلىق ھەۋەس.
(سەندىن بىردەممۇ ئايرىلالمايمەن، شۇنداق ئىكەن، تاپقاننى يەنە تاپىمەن دەپ يۈرۈش بىھۇدىلىك بولمامدۇ؟)

مەن چۇ ۋەسلىڭ بىرلە تاپىمش مەن كۇشاد،
بۇ تەلەپ ئەھلىغە ھەم بەرگىل مۇراد.
(مەن ۋەسلىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشتىم، ئەمدى بۇ جامائەتنىڭمۇ مۇرادىنى بەرگىن!)

**يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى**

يەنە بىر سايىل دىدىكىم ئەلەم كىش،
بۇ سەفەركىم كۆڭلىمىزنى قىلدى رىش.

www.uyghurkitap.com



(يەنە بىر قۇش دىدىكى: ئەي جاپاكەش! بۇ سەپەرىمىز كۆڭلىمىزنى جاراھەت قىلدى.)

قەتئى ئېيتىپ شەھ بەزمىغە بولساق ئەنىس،
تۆھپەئى ۋاجىب دۇرۇر بىھەد نەفىس.
(بۇ يولنى بىسىپ ئۆتۈپ ئۇ شاھنىڭ بەزمىسىگە ئۇلاپەت بولسىمىز، ئۇ يەرگە ناھايىتى گۈزەل سوغىلارنى ئېلىپ بارساق ياخشىراق بولىدۇ.)

شەھنى كۆرمەك تۆھپەئى مەقبۇل ئىلە،
بىزنى ئاندىن ئاگاھ ئەت مەئقۇل ئىلە.
(ئۇ شاھنىڭ يېنىغا قانداق سوغىلار ئېلىپ بارساق ياخشىراق بولىدۇ، بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭ!)

## هۇدهۇدنىڭ جاۋابى
## (هۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى: هۇدهۇدكى سوئالىڭ خوبدۇر،
تۆھپەئى شاھ ئالدىدا مەرغۇبدۇر.
(هۆپۈپ ئېيتتى: سوئالىڭ ئورۇنلۇق، شاھنىڭ ئالدىغا ئەۋۋەتتە سوغا بىلەن بېرىش لازىم.)

بىر نىمە تاپغىلكى ناياب ئولغاي ئول،
يوقكى دۇررى لەئل سىراب ئولغاي ئول.
(بۇ سوغا كەم تىپىلىدىغان نەرسە بولسۇن، ئۈنچە - ياقۇتتەك كۆپ ئۇچرايدىغان نەرسە بولسا بولمايدۇ.)

باردۇر ئول مەخزەندە نەقدى بىھىساپ،
دۇررى گۆھەرغە خۇد ئاندا نى ھىساب.
(ئۇنىڭ خەزىنىسىدە ياقۇت - گۆھەرلەر ھەددى - ھىساپسىز، شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغان بىلەن ھىساپقا ئۆتمەيدۇ.)

ئول مالائىك تائەتى تەقۋاسىدۇر،
پاكرۇلەرنىڭ شەرەف ئەنفاسىدۇر.
(ئۇ قىممەتلىك نەرسە — پەرىشتىلەرنىڭ تائەت - تەقۋاسى ۋە پاك كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ نەپەسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.)

زوهد ئەهلىدىن ئىبادەت ئاندا كۆپ،
جەۋهەرى تەقۋاي تائەت ئاندا كۆپ.
(ئۇ خەزىنىدە زاهىدلارنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرى، هەتتا تائەتنىڭ جەۋهەرلىرىمۇ ئىنـ ـ
تايىن كۆپ.)

ئەنبىيادىن هەم رىيازەت بى ئەدەد،
ئەۋلىيادىن هەم ئىبادەت بى ئەدەد.
(ئۇنىڭدا پەيغەمبەرلەرنىڭ چەككەن چەكسىز رىيازەتلىرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ هىسـاپـ ـ
سىز ئىبادەتلىرى بار.)

هەرنىكىم ئاندىن شەرىپ ئىرمەس گۇمان،
ئول هاماندۇر ئاندا ۋە تۇفراق هامان.
(ئۇ خەزىنىدە ئۇلۇغلۇغى شۈبهىسىز نەرسلەر قۇم ـ تۇپراقتەك هەددى ـ هىساپسىزدۇر.)

لىك ئاندا تۆهپە سىزۇ دەرد ئىرۇر،
بىر ئەسەرلىغ ئاه، غەم پەرۋەرد ئىرۇر.
(ئۇ خەزىنىگە نىسبەتەن سىغا پەقەت دەرت بىلەن غەملا بولىدۇ.)

بارگاهى ئىززى ئىستىغنادۇر ئول،
يۈز تۈمەن مىڭ ئەرشدىن ئەئلادۇر ئول.
(ئۇ دەرگاه ئىززەت ـ هۆرمەتنىڭ دەرگاهى، ئۇ يۈز ـ تۈمەن مىڭ ئەرشدىنمۇ ئەلادۇر.)

ئاندا كۆبدۇر ئىززۇ ئىستىغنا ۋە ناز،
ئولكى يوقتۇر ئول ئىرۇر ئەجزۇ نىياز.
(ئۇ دەرگاهىدا ئىـززەت ـ ئابـروي كـۆپ. ئاجىزلـىق، هاجەتمەنـلىك ۋە بىچارىـلىق
يوق.)

سەن ئۆزۈڭ بىرلە نىيازى دەرر ئىلىت،
جىسمىم زار جان غەم پەرۋەرد ئىلىت.
(ئۇ شاه قېشىغا ئۆزەڭ بىلەن بىللە دەرتنى ئېلىپ بار. زارلانغان ۋە ئاجىزلاشـقان،
غەملىك جېنىڭنى ئېلىپ بار.)

كىم بۇ، تۆهپە يوقدۇر ئول دەرگاهىدا،
نى تىلەر ئەجزۇ زەبۇنلۇق شاهىدا.
(ئۇ دەرگاهىدا بۇ خىل سوغات يوق، چۈنكى ئۇ شاهنىڭ ئۆزدە ئاجىزلىق، بىچارىـ
لىق يوق ئەمەسمۇ؟)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاندا يەتكۈر سوز ئىلە دەردى فانا،
ئىستەر ئۇلساڭ ئۆزنى قىلماق ئاشنا.
(ئۆزەڭنى تەڭرىگە ئاشنا قىلىشنى ئىستىسەڭ ئىلىپ بارىدىغان سوغىتىڭ پەقەت دۇنيانىڭ دەردى بولسۇن.)

همكايىتى شەھزادە
(شاھزادە توغرىسىدا ھىكايە)

شەھرى يارى بار ئىدى شاھلارغا شاھ،
ئالەم ئەھلى باشىدا «زىللى ئىلاھ».
(بىر شاھىنشاھ بار ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ جاھان ئەھلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن سايىسى ئىدى.)

تاجى مىھرۇ ئاندا كەۋكەبدىن گۆھەر،
مۈلك خاۋەر ھەددىدىن تاباختەر.
(قۇياش ۋە يۇلتۇزلار ئۇنىڭ تاجىسىنىڭ ئەتراپىغا ئورناتقان گۆھەرلەردەك ئىدى، مەملىكەت زىمىنى شەرقتىن ـ غەرپكە سوزۇلاتتى.)

بار ئىدى ئوغلى كىم چەرخى كۆھەن،
كۆرمەمىش ئېردى ئاڭدەك سەرۋ تەن.
(ئۇنىڭ دۇنيالىقتا كۆرگەن بىرلا ئوغلى بار ئىدى، دۇنيا ئۇ ئوغۇلدەك سەرۋى بەدەنلىك يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن ئىدى.)

ھۆسنى ئەۋجى ئۈزرە تابان ئەختەر ئۇل،
لۇتپ دۇرجى ئىچرە رەخشان گەۋھەر ئۇل.
(ئۇ ھۆسۈن ئاسمىنىدا پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇز، گۆھەرساندۇغى ئىچىدىكى يالتىراپ تۇرغان گۆھەر ئىدى.)

ھەم ساباھەت شامىدا شەمئى تەراز،
ھەم مالاھەت گۇلشەنىدە سەرۋ ناز.
(ئۇ كېچىدە يورۇپ تۇرغان نۇرلۇق چىراق، گۈزەللىك باغچىسىدا ئۆسكەن سۆۋادان ئىدى.)

شاھ ئانى ئاسراپ نىھانى قەسر ئارا،
ھۆسنىدىن ئوت تۇشمەسۇن دەپ ئەسر ئارا.
(شاھ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئالەمگە ئوت تۇتىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنى ئوردا سارىيىدا مەخپى ساقلايتتى.)

دەهر ئارا ئافەت تۇشەرنى چاغلابان،
ئاتلانىپ تۇشمەك يولنى باغلابان.
(ئۇنىڭ ئالەمگە ئاپەت كەلتۇرۇشىنى بىلىپ، پادىشاھ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى.)

ئول قىلىپ گۇلشەن ھەرەمدە ماقام،
باغ ئارا تاۋۇسدەك ئەيلەپ خىرام.
(شاھزادە گۇلزار ھەرەمنى ماكان قىلىپ، باغلاردا توزغا ئوخشاش يايراپ يۈرەتتى.)

شەھ چۇ چىقماقدىن ئاڭا مانىئ بولۇپ،
ئول چۇمەندە ئىشق ئىلە مانىئ بولۇپ.
(پادىشاھ ئۇنى سىرتقا چىقىشتىن توساتتى، ئۇ چىمەندە ئىشق بىلەن بەنت ئىدى.)

ناگاھان چەكتى ئەجەل جامىنى شاھ،
تەختىنى شاھزادە قىلدى جىلۋە گاھ.
(پادىشاغا ئۇشتۇمتۇت قازا يېتىپ، ئورنىغا شاھزادە ئولتۇردى.)

خۇتبەئى دۆلەت ئوقۇلدى زاتىغە،
سىلىككەئى رىيئەتۇ قىلدى ئاتىغە.
(ئۇنىڭ ھەققىگە دۆلەت خۇتبىسى ئوقۇلدى. ئۇنىڭ يۇقۇرى مەرتىۋىلىك نامى بىلەن
ئاقچىلار چىقىرىلدى.)

ئاتلانىپ بىركۇن تاماشا قىلغالى،
كۆڭلى مۇلكى سەيرىدىن ئاچىلغالى.
(بىر كۇنى سەيلە قىلىپ كۆڭلىنى ئېچىش ئۇچۇن ئۇ يولغا ئاتلاندى.)

كىردى ئاپەت سالغالى مەيدان ئارا،
سالدى گەردۇن سىرىنى مەيدان ئارا.
(ئۇ ئاپەت سېپىلىش ئۇچۇن مەيدانغا كىرىپ، پەلەكنىڭ سىرىنى مەيدانغا سالدى.)

ئات چاپىپ مەيداندا چەۋگان ئوينادى،
خەلق باشىت گۇي ئېتىپ جان ئوينادى.
(ئۇ مەيداندا ئات توپى ئوينىدى. توپ ئەمەس بەلكى بېشى ۋە جېنىنى ئوينايتتى.)

قايسى جانىبكىم تاكاۋۇر سۇردى تىز،
شەھرى مۇلك ئەھلىغە سالدى رۇستەخىز.
(ئۇ قايسى تەرەپكە ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كەلسە، شۇ تەرەپتىكى شەھەر خەلقىغە بىر قىيـ-
تىم غەۋغا سالاتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرگەن ئەل دىۋانەئى زار ئولدىلەر،
ئىشق دامىغە گىرىفتار ئولدىلەر.
(ئۇنى كۆرگەنلا ئەل ئۇنىڭ ئىشق دامىغا گىرىپتار بولاتتى.)

ئافەت سالىپ ئولۇسقا بەس ئەزىم،
ياندى گۈلشەن سارىكىم ئانداغ نەسىم.
(پادىشا خەلققە زور بىر ئاپەتنى سېلىپ قويۇپ، مەيىن شامالدەك گۈللۈك باغچىسىغا يېنىپ كەلدى.)

شەھەر خەلقى بارىپ ۋە غوغا چېكىپ،
ئىشقىدىن فەرياد ۋاۋەيلا چېكىپ.
(شەھەر خەلقى ئۆز جايلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، شاھزادىنىڭ ئىشقىدىن پەريات قىلىشىپ)

قالمايىن ئانى ئىبرىشتىلەر بارى،
قەسر باغىغا يېتىشتىلەر بارى.
(ئۇنىڭ كەينىدىن سارايىنىڭ بېغىغا يېتىپ بېرىشتى.)

شاھ زالىم ئەيلەبان مۈلكىن خاراب،
تۈشتى ۋە قىلدى خالايىقتا ئىتاب.
(زالىم پادىشا ئۆز مۈلكىنى خاراپ قىلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاچچىق بىلەن پەرمان چۈشۈردى:)

كىم بۇ غەۋغا ئەھلىنى ھەريان سۈرۈڭ،
كەتمىگەنلەرنى جازاغا يەتكۈرۈڭ.
(بۇ غەۋغا كۆتەرگەن خەلقنى ھەر تەرەپكە قوغلاڭلار! ئورىدا ئالدىدىن كەتمىگەنلەرنى جازالاڭلار!)

نىچە سۈردىلەر خالايىق كەتمىدى،
سەيئى كۈششى ئاندا كۆب سۇد ئەتمىدى.
(توپلانغانلار نەچچە قېتىم قوغلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئۈنۈم بولمىدى.)

شەھرى خەلقى سەربەسەر مەجنۇن بولۇپ،
بەلكى مەجنۇندىن داغى ئەپزۇن بولۇپ.
(شەھەر خەلقىغە مەجنۇنلۇق يېتىشتى، يەتكەندىمۇ مەجنۇندىنمۇ ئارتۇقراق سەۋدايىلىق چۈشتى.)

تۈن - كۈن ئاشۇفتە ۋە دىۋانەۋار،
تۇتدىلار شەھ باغى دەۋرىدە قارار.
(ئۇلار كېچە-كۈندۈز دىۋانىلەردەك، پادىشاھ بېغىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ ئېلىشتى.)

شەيخ، شاب، رىند، زاھىد، خاس، ئام،
قىلدىلەر ئىشقى جۇنۇن كويىن ماقام.
(قېرى - ياش، زاھىد-سوپىلارنىڭ ھەممىسى ئىشق جۇنۇنلۇغىنى مۇقام قىلىشتى.)

شەھ چۇ ئەلنىڭ سەئىب كۆردى ھالەتىن،
غالىپ ئۆز ھالىغە داغى ھەيرەتىن.
(پادىشاھ خەلقنىڭ بۇ دىشۋار ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھەيرانلىغىنىڭ كۆچىيىپ كەتكەنلىگىنى كۆردى.)

كۆردى بۇ غەۋغانى كىم پايانى يوق،
چارە قىلماغلىق ئاڭا ئىمكانى يوق.
(شاھ بۇ غەۋغانى ۋە ئۇنىڭغا چارە قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقلۇغىنى بىلىپ،)

ئول خالايىق سارى پەيغام ئەيلەدى،
بىر كىشىدىن بۇيلە ئەيلام ئەيلەدى.
(ئۇ خالايىققا پەرمان چۈشۈردى:)

كىم بۇلاردىن ئىشقىغە مەغلۇپ ئېرۇر،
ھەر بىرى بىر شىۋەغە مەنسۇپ ئېرۇر.
(بۇلاردىن كىمكى مېنىڭ ئىشقىم ئالدىدا مەغلۇپ بولسا،)

ھەركىم ئۆز پەندە قىلسۇن ئېھتىمام،
ھەرپەسىدىن ئەيلەسۇن بىر ئىش تەمام.
(شۇ كىشى ئۆز كەسپىدە بىرماھارەت كۆرسىتىپ، ھۆنىرى بىلەن بىر ئىشنى پۈتتۈرسۇن؛)

يارلىغىم ئولغاندا ھازىر ئەيلەسۇن،
ھەركىم ئۆز فەزلىنى زاھىر ئەيلەسۇن.
(ھۆنىرىنى ھازىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىغىنى ئاشكارا قىلسۇن!)

كۆڭلۈمە خۇش كەلسە ھەركىمنىڭ ئىشى،
ئالىمە بولسۇن مۇلازىم ئول كىشى.
(كىمنىڭ ئىشى كۆڭلۈمگە ياقسا، ئۇ مېنىڭ خىزمەتكارىم بولسۇن!)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپ تورى

ئانى ئۈز بەزمىم ئارا دەمساز ئېتەي،
سۆھبەتىمدە ھەمدەمۇ ـ ھەمراز ئېتەي.
(سۆھبەت ـ بەزمىلىرىمدە ماڭا ھەمسۆھبەت، سىرداش بولسۇن!)

دىل پەسەندىم بولمىسا بويىنى ئۈزەي،
كۆپ ئۇقۇبەت بىرلە ئانى ئۆلتۈرەي.
(ئەگەر دىلىمغا ياقمىسا بويىنى ئۈزۈپ ئۇنى ئازاپ بىلەن ئۆلتۈرەي!)

بۇيلە ھۆكم ئەتتى چۇشاھى زۇلم فەن،
تۇشتى ئۇششاق ئالىدا بىھەد مىھەن.
(زۇلۇمنى كەسىپ قىلغان پادىشاھ ھۆكۈم قىلىپ، ئاشىقلىرى ئالدىغا چەكسىز جەۋرى ـ جاپانى قويۇپ قويدى.)

ئەل بولۇپ بۇ ۋەئدەغە ئۇمىدۋار،
ئىشلارى كىنچە تۈتدىلەر قارار.
(ئەل بۇ ۋەدىگە ئۈمىتۋار بولۇپ، ھەر كىم ئۆز ئىشىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى.)

كىچە ـ كۈندۈز سەئيى ئېتىپ ئەل سەربەسەر،
ئەھلى فەزل، ئىلم ھەم ئەھلى ھۈنەر.
(پۈتۈن ئىلىم ـ پەزىلەت ئىگىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر، شاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىچە ـ كۈندۈز تىرىشىشتى.)

بارچە ئىشدىن ئۈزنى مەئزۇل ئەتدىلەر،
شەھ بۇيۇرغان ئىشغە مەشغۇل بولدىلەر.
(ھەممە ئادەم باشقا ئىشلىرىنى قويۇپ، شاھ بۇيرۇغان ئىشقا بەنت بولدى.)

باردى ئالىم نۇسخە تەسنىف ئەتكىلى،
كەتدى مۇترىب سەۋت تەلىپ ئەتكىلى.
(ئالىملار كىتاپ تەسىس قىلىشقا، مۇزىكانتلار ئاھاڭ ئىجات قىلىشقا كىرىشتى.)

شائىر ئەتدى مەدھى گۈستەرلىك ئايان،
كىم نەزەر قىلغاي ئاڭا شاھى زامان.
(پادىشاھنىڭ نەزىرى چۈشۈپ قېلىشنى ئۈمىت قىلغان شائىرلار، شاھنىڭ خىسلەتلىرىنى بايان قىلىشىپ مەدھىيە سەھىپىلىرىنى يېزىشتى.)

سۇردى مۇنشى ۋەسف ئۈزرە خامەنى،
كىم پەسەن ئېتكەيمۇ شاھ ئول نامەنى.

(ئىنشاچىلار، كاتىپلار پادىشانىڭ سۆپەتلىرىنى يېزىشقا قەلەم تەۋرەتتى.)

زەرگەر ئولتۇردى ئايان ئەيلەپ ھۈنەر،
كىم ياساغاي شاھغە لايىق كەمەر.
(زەرگەرلەر ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ شاھقا لايىق كەمەر ياسىغىلى تۇرۇشتى.)

جامە باف ئامادە قىلدى كارگاھ،
قىلغالى زەربەفتنى كەيمەككە شاھ.
(كىيىم تىكۈچىلەر كارخانىلارنى قۇرۇشۇپ پادىشاغا ئالتۇن يىپلىق زەرباپ رەختلەردىن كىيىم توقۇشقا كىرىشتى.)

ئاشكارا ئەيلىدى نەججار تەخت،
توختاغاي دەپ ئاندا شاھ نىكبەخت.
(ياغاچچىلار شاھ ئۈچۈن تەخت ياساشتى.)

ئەيلەدى قەۋۋاس ئۆزىن سەنئەتغە بەند،
شاھغا تۇشكەيمۇ دەپ ئول دىلپەسەند.
(ئوقيا ياسىغۇچىلار «شاھ يارىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس» دىگەن ئۈمىت بىلەن ئوقيا ياساشقا تۇتۇش قىلىشتى.)

ئوقچى ئەيلەپ ئۆزنى مىھنەتغە ئەسىر،
كىم بۇ شايەد شەھغە بولغاي دىلپەزىر.
(ئوق ياسىغۇچىلارمۇ شاھقا يارىغۇدەك ئوق ياساش ئۈچۈن ھۈنەرگە كىرىشتى.)

ھاسىلەن ئول شەھر ئېلىدىن خاس - ئام،
ئۆز ئىشكە ھەربىرى ئەيلەپ ئېھتىمام.
(قىسقىسى، شەھەرنىڭ پۈتۈن خەلقى، شاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ھۈنىرىگە كىرىشىپ كېتىشتى.)

كىم بۇ شايەد شاھغە تۇشكەي قەبۇل،
تا مۇرادىغە ئانىڭ بولغاي ھەسۇل.
(ئۇلارنىڭ ھەر بىرى، ھۈنىرىم شاھقا ياراپ قېلىپ مۇرادىمغا يەتسەم ئىدىم، دەپ ئويلايتتى.)

گەرچە كەلسە ئالغە رەنجۇ تەئەب،
بولغاي ئول كامى مۇرادىغە سەبەب.

(تارتقان جاپالىرىنى مۇرادىغا يېتىشنىڭ سەۋىۋى بولۇپ قالىدۇ، دەپ بىلىشەتتى.)

بىر كېچە ئىشرەتگەھدىن چىقتى شاھ،
شاھ قىلغان خەلق كارىغا نىگاھ.
(بىر كېچىسى شاھ ئەيش ـ ئىشرەت ئورنىدىن چىقىپ خەلقنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن،)

بىر ـ ئىككى مەھرەم نەدىمى بىرلە ئول،
تۈنتى شەب رەۋلەر كەبى شەھر ئىچرە يول.
(بىر ـ ئىككى يېقىن ئادىمى بىلەن كېچىسى ماڭىدىغان ھەييارلارغا ئوخشاش شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدى.)

تا ئول ئەل ئەھۋالىغا قىلغاي نەزەر،
بارچەنىڭ سەير ۋاقتىغە قىلغاي گۇزەر.
(شاھ خەلقنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقماقچى بولدى.)

قايسى بىرى ئىشگە قىلدى ئىلتىپات،
دىدى: كۆڭلىدە شاھ ئالى سۈفات.
(ئالى سۈپەتلىك شاھ قايسى بىرىنىڭدۇر ئىشىغا كۆز سالغاندىن كېيىن كۆڭلىدە:)

كىم بىزنىڭ مەخزەندە بۇ ئىش باردۇر،
بەلكى مۇندىن ياخشىراق بىسياردۇر.
(بىزنىڭ ئامبارلىرىمىزدا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقلىرى كۆپقۇ؟ دەپ ئويلىدى.)

تاكى يەتتى بىر غەرىبى زارغە،
ئاشىق ئازۇردە ۋۇ ئەفگارغە.
(پادىشاھ دىلى سۇنۇق بىر غېرىپنىڭ يېنىغا كەلدى.)

ئانى قىلغان ئىشق جاندىن نائۇمىد،
ھىجر پەيدا ۋە نىھاندىن نائۇمىد.
(ئىشق ئۇنى جېنىدىن ئۈمىت ئۈزدۈرگەن ئىدى.)

باغرىنىڭ خۇنابىدىن ئول ناتاۋان،
كۆز يولىدىن ھەر تەرەپ ئەيلەپ راۋان.
(ئۇنىڭ باغرى قان بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ يىغلايتتى.)

قان بىله تۇپراق ئارا كۆڭلىده تاب،
نىم بىسمىل قۇشدەك ئەيلەب ئىزتىراب.
(قان بىلەن تۇپراق ئارىسىدا يېتىپ كۆڭلى بىئارام هالدا چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك تىپچەكلەيتتى.)

هەردەم ئۆزگە ناله ۋە ئەفغان تۈزۈپ،
ناله ۋە فەريادى ئەل كۆڭلىن بۇزۇپ.
(هەر نەپەستە پەرياد ۋە ناله قىلاتتى. نالىسى خەلقنىڭ كۆڭلىنى بۇزاتتى.)

ئىشق تىغى خەسته كۆڭلىن چاك ئېتىپ،
كۆڭلىن ئۆزلۈك مىهنەتىدىن پاك ئېتىپ.
(ئىشقنىڭ تىغى ئۇنىڭ كۆڭلىنى جاراهەتلەندۈرگەن، كۆڭلىنى ئۆزلۈكنىڭ جەۋرى-جاپاسىدىن تازىلىۋەتكەن ئىدى.)

ئىشق جەۋرىدىن چېكىپ ئانچه ئەنا،
كىم ۋۇجۇدىن ئەيلەبان مەخپى پەنا.
(ئۇ ئۆزىنى يوقاتقانلىقىنى مەخپى تۇتۇپ، ئىشقنىڭ دەردىدىن ئازاپلىناتتى.)

بۇ پانا تۇپراققا ئەيلەپ ئانى پەست،
هەرسەرى مويىغه ئەيلەبدۇر شىكەست.
(بۇ «يوقلىش» ئۇنى تۇپراققا يىقىتقان ئىدى.)

دەپكى ئۆز فەنىده هەر ئاشۇپته هال،
كۆرگۈزۈپ ئەينى ماهارەتدىن كامال.
(ئۇ، هەر بىر ئاشىق ئۆز هۈنەرلىرىدىن مۇكەممەل نەرسىلەرنى تەييارلاۋاتىدۇ،)

تاڭلا شاه بەزمىنى ئەيلەپ جىلۋەگاه،
هەر بىرىگه لۇتفىلەر كۆرگۈزسه شاه.
(ئەته شاه بەزمىده بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەر بىرىگه مەرهەمەت كۆرسىتىدۇ،)

ماڭا يوقكىم تۆهپەئى جۇز ئاه - دەرد،
نەيلەپ ئولغايمەن ئۇلارغا هەم نه بەرد.
(ماڭا دەردتىن باشقا نەرسه تەگمەيدۇ، مەن قانداق قىلىپ ئۇلارغا تەڭ بولالايمەن؟)

لۇتپ بولسا، ياسياسەت شاهىدا،
كىم ماڭا يول بەرگەي ئول دەرگاهىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(پادشاھ مەرھەمەت قىلسىمۇ، غەزەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا باشقىلار ماڭا يول بېرەمدۇ؟)

ئۆزنى لايىق لۇتپ ـ ئېھسانغا دىمان،
كىم سىياسەت قىلغالى ھەم ئەزدىمان.
(مەن مەرھەمەتكىمۇ لايىق ئەمەسمەن، غەزەپكىمۇ ھەم ئەرزىمەيمەن.)

كاشكى تىغى سىياسەت سۇرسە ھەم،
ئۆز قىلىچىن بويىنۇمە يەتكۇرسە ھەم.
(پادىشاھ غەزەپ قىلىچىنى بويىنۇمغا سۇرسە ئىدى،)

ئۆمردىن مۇنچە شەرەپ بەسدۇر ماڭا،
كام مۇندىن ئۆزگە ئېرمەسدۇر ماڭا.
(ماڭا ھاياتتىن ئۆلۈم شەرەپلىك بولغان بولاتتى، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا مەقسىدىممۇ يوق ئىدى.)

لىك چۈن يوق مەندە ئانچە ئېتىبار،
قەتلغە داغى ئۈمىدىم قايدا بار.
(لېكىن ماڭا ئۇنچىلىك ئېتىۋارمۇ يوق، شۇنداق ئىكەن، ئۆلۈمدىن ئۈمىت قىلالايمەندۇ؟)

ۋاھكىم مۇھلىك دۇرۇر دەرد ـ غەمىم،
ئاندىن ئۆز ھالىمغە بولمىش ماتەمىم.
(دەرت ـ ئەلەم مېنى ئاخىرى ھالاك قىلىدىغان بولدى، ئۆز ئەھۋالىمغا ماتەم تۇتىدىغان بولدۇم، دەيتتى.)

شاھ كۆرگەچ بۇ غەرىب ئەھۋالىنى،
بۇ غەرىبى زارغە بۇ ھال نى.
(پادىشاھ بۇ بىچارە غېرىبنىڭ مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ،)

كۆڭلىگە ئەيلەپ ئەسەر مېھر ئېتتى پاش،
كىردى ئول ۋەيرانغا ئانداغكىم قۇياش.
(كۆڭلى يۇمشاپ، ئۇ غېرىبنىڭ ۋەيرانىسىگە كىرىپ كەلدى.)

لۇتپ كۆرگۈزدى ۋە كۆڭلىن ئوۋلادى،
بەلكى روھىن جىسمى ئۈيىدىن قاۋلادى.

(ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى ئوۋلىدى، بەلكى جىسمى ئۆيىدىن روھىنى قوغلىدى.)

ئاشىقى بىچارە كۆرگەچ بۇيىلە ھال،
غايەت ھەيرەتدىن ئولدى گۇنگى لال.
(بىچارە ئاشىق شاھنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.)

قىلدى ئول ھالەتدىن ئەيلەپ كۆڭلى غەش،
مىھمان ئالىدا جاندىن پىشكەش.
(بۇ ھالەتتىن ئىسى كىتىپ، مىھمانغا جىنىنى تارتۇق قىلدى.)

بىل بۇ نەۋئ ئۆلمەكنى جاندىن ياخشىراق،
مىڭ ھاياتى جاۋىداندىن ياخشىراق.
(مۇنداق ئۆلمەكنى ھايات ياشىغاندىن ياخشىراق دەپ بىلمەك كىرەك.)

بۇيىلە ئۆلمەك ئادەمگە بەرسە دەست،
ئادەم ئىرمەس جانغە بولسە پاي بەست.
(ئادەمگە مۇنداق ئۆلۈم مۇيەسسەر بولسا بولغىنى، مۇنداق ئۆلۈمدىن باش تارتقان ئادەم ئادەم ئەمەس.)

قىلدى ئانى ئىشق ئارا ئول دەردى سوز،
روھى شەمئىن مەشئەلى گىتى پۇروز.
(ئىشقىنىڭ ئوتى غىرىپ ئاشىقنى كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭ روھىنى ئالەمنى يورۇتقۇچى نۇر قىلدى.)

ئەشك، كۆيمەك شەمئىنى ھەر تىيرە شام،
كۆركى ئەيلەر مىھرىغە قايىم ماقام.
(قاراڭغۇ كىچىلەرمۇ كۆز يىشىنى ئاققۇزۇپ كۆيۈۋاتقان شامنى قۇياشنىڭ ئورنىدا دەپ بىلدۇ.)

فانىيا، ئىستەر ئىسەڭ مەقسەدغە يول،
ئاھ، دەردۇ سوز بىلە خۇرسەندە بول.
(ئەي نالە قىلغۇچى، مەقسەتكە يىتمەن دىسەڭ، دەرت تارتىشتىن خۇرسەن بولساڭ بولىدۇ.)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



### يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى

يەنە بىر سايىل دىدىكى ئى پاك قۇش،
راھبەرلىك فەننىدە چالاك قۇش.
(يەنە بىر قۇش دىدىكى: ئەي يولباشچىمىز بولغان پاك قۇش،)

كىم بۇ يولنىڭ شىددەتى ھەددىن فۇزۇن،
تۇنى ئانىڭ ھەد نىھايەتدىن ئۇزۇن.
(بۇ يولنىڭ مۇشكۇلى ھەددىدىن ئارتۇقكەن، كېچىلىرىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇن ئىكەن.)

بۇ بالا دەشتىن قاچان قەتئ ئېتكامىز،
ئەسلى مەنزىلغە نى يەڭلىغ يېتكامىز.
(بۇ بالانىڭ چۆللىرىنى قاچان بېسىپ ئۆتەرمىز؟ بارار يېرىمىزگە قانداقمۇ يېتەرمىز؟)

بىرنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئەيلەگىل،
سۇرەت ئارامنى ئىزھار ئەيلەگىل.
(بىزنى بۇ يولنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ، يۈرۈشىمىزۋە قاچان ئارام تېپىشىمىز توغرىسىدا بىزگە سۆزلەپ بەر!)

شەرھ قىل ئاغاز ئىلە ئەنجامنى،
ئەۋۋەل ئەمگەك، سوڭرە ئەيشى كامنى.
(بۇ يولنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىنى، مېھنەتلىرى بىلەن راھەتلىرىنى بىزگە چۈشەندۈرگىن!)

### ھۇدھۇدنىڭ جاۋابى
### (ھۆپۈپنىڭ جاۋاۋى)

دىدى ھۇدھۇدكىم ئەيا رەھرەۋ رەفىق،
بۇ سوئالىڭ ۋاقئ ئولدى بەس دەقىق.
( ھۆپۈپ ئېيتتىكى: ئەي ھەمرايىم، سېنىڭ بۇ سوئالىڭ تولىمۇ ئىنچىكە، نازۇك سوئال بولدى.)

چۈن سورارسەن بۇ سەفەر كەيفىييەتىن،
مەنزىل، ۋادى، نىشاتى شىددەتىن.

(سەن بۇ سەپەرنىڭ قانداقلىغىنى، مەنزىللەرنى بىسىپ ئۆتىدىغان ۋادا ۋە چۆل-جەزىرىلەرنى سوراۋاتسەن.)

كىم، نىچە ۋادى ۋە مەنزىلدۇر بۇ يول،
ئەمدى مەن شەرھ ئەيلەيىن سەن ۋاقىپ ئول!
(بۇ يولدا قانداق چۆل-ۋادىلار ۋە مەنزىللەر بار، مەن بايان قىلىپ بىرەي، سەن ۋاقىپ بولغىن.)

ئالىمىزدا يەتتى ۋادىدۇر ئەزىم،
ھەر بىرىدە بىھەدۇ ئەندازە بىم.
(ئالىمىزدا يەتتە چوڭ چۆل-باياۋان بار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە كۆپلەپ قورقۇنىچ-لۇق ئىشلار ئۇچرايدۇ.)

بىك ھەر ۋادىدا مەنزىل بىھساپ،
كىم ھىسابىدىن قىلۇر تەبئ ئىختىناپ.
(لىكىن ھەر بىر ۋادىدا ھىساپسىز مەنزىللەر بار، ئۇنى ھىساپلاشتىن كىشىنىڭ تەبىئىتى يىرگىنىدۇ.)

يەتتى ۋادى ئەسل مەنزىللەر پۇرۇئ،
ئەيلەلى ئول ئەسل شەرھىغە شۇرۇئ.
(بۇ يەتتە ۋادا بۇ سەپەردە بىسىپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك ۋادىلاردۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەسلى ئەھۋالى توغرىلىق بايان قىلىپ بىرەي:)

ۋادىئى ئەۋۋەل تەلەپ ۋادىسىدۇر،
باشلاغان ئوليان شەرەپ ھادىسىدۇر.
(بىرىنچى ۋادا — تەلەپ ۋادىسىدۇر. ئۇنىڭغا باشلىغۇچىغا شەرەپ مەنسۇپ بولىدۇ.)

ئىشق ۋادىسىدۇر ئاندىن سوڭرە بىل،
ئول ئوت ئىچرە بار-يوقىنى ئۆرتەگىل.
(ئىككىنچى ۋادا — ئىشق ۋادىسىدۇر. ئۇنىڭدىكى ئوتلاردا بار-يوقۇڭنى ئۆرتىسەڭ بولىدۇ.)

ئىشق چۇن قىلدى ۋۇجۇدۇڭنى ئەدەم،
مەئرىفەت ۋادىسىغە ئۇرغىل قەدەم.
(ۋۇجۇدۇڭ ئىشق بىلەن پاكلانغاندىن كىيىن، ئاندىن مەرىپەت ۋادىسىغا قەدەم قويىسەن!)

www.uyghurkitap.com



سوكره ئىستىغناغه ۋادىدۇر ۋەسىئ،
پەستدۇر جەنبىدە بۇ چەرخ رەفىئ.
(ئۈنىڭدىن كېيىنكىسى ئىستىغنا ۋادىسىدۇر. بۇ ۋادا ئالدىدا ئاسمانمۇ پەس تۇرىدۇ.)

ۋادىئى تەۋھىد بىل ئاندىن نارى،
فەرد بولماق نىچە بارساڭ ئىلگارى.
(ئۇندىن كېيىن «تەۋھىد» ۋادىسى بار، ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسىرى، جاھاندىن ئالاقەڭ ئۈزۈلىدۇ.)

مۇندىن ئۆتسەڭ ۋادىئى ھەيرەت دىگىل،
جەھد ئىلە بۇ ۋادىنى قەتئ ئەيلەگىل.
(ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ ھەيرانلىق ۋادىسى بار. بۇ ۋادىنى غەيرەت قىلىپ بېسىپ ئۆتسەن!)

بارچەدىن سوڭ ۋادىئى فەقرۇ فانا،
ئۆتمەس ئاندىن سەير ئەتسەڭمۇ يانا.
(ئەڭ ئاخىرقى ۋادا — پەقىرلىق ۋە يوقلۇق ۋادىسىدۇر، قانچە قىلساڭمۇ ئۇ ۋادىدىن نېرىغا ئۆتەلمەيسەن!)

قەتئ ئۇلۇر مۇندا سۈلۈك ئەھلىغە كام،
ئىش بولۇر ئۆزگە قىلىغ بىرلە تامام.
(بۇ ۋادىغا يەتكەندە سۈلۈك ئەھلىنىڭ مەقسىدى ھاسىل بولىدۇ.)

لىك مەنزىلدىن خەبەر بەرمەس بىراۋ،
كىم بۇ يولدىن يانمىدى بىر راھرەۋ.
(لېكىن ئۇنىڭ مەنزىللىرىدىن ھېچكىم خەۋەر بەرمەيدۇ، چۈنكى بۇ يولغا كىتكەنلەرنىڭ ھېچ بىرى قايتىپ كەلمىگەن.)

**تەلەپ ۋادىسىنىڭ سۈپىتى**

بۇ يەنى ۋادى داغى ئىجمال ئېرۇر،
لىك تەپسىلدە كۆپ ئەشكال ئېرۇر.
(بۇ ۋادا مۇرەككەپ، ئۇنى ھەر خىل شەكىل بىلەن چۈشەندۈرۈشىدۇ.)

چۈن تەلەپ ۋادىسىغا قويساڭ قەدەم،
ئالىڭە ھەردەم كېلۇر يۈزمىڭ ئەلەم.

(تەلەپ ۋادىسىغا قەدەم قويغىنىڭدا ئالدىڭغا يۈز مىڭ خىل دەرت ـ ئەلەم دۇچ كېلىدۇ.)

ھەردەم ئاندا يۈز مالالەت يۈزلەنۇر،
ھەر نەفەس مىڭ سۇئىب ھالەت يۈزلەنۇر.

(ھەر قەدىمىڭدە يۈز تۈرلۈك جاپا، ھەر نەپىسىڭدە مىڭ تۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.)

ئىستەمەك رەنجى ـ كۆڭۈلنى زار ئېتەر،
تاپماماغلىق روھىنى ئەفگار ئېتەر.

(ئىستەكنىڭ جەۋرى ـ جاپالىرى كۆڭۈلنى زار قىلىدۇ، دىرەك تاپالماسلىق روھىڭنى ئازاپلايدۇ.)

جاننى كۆيدۈرمەك بولۇپ مەھرۇملۇق،
ۋەسلىنىڭ مىئادى نامەلۇملۇق.

(مەھرۇملۇق جاننى كۆيدۈرىدۇ، ۋىسالنىڭ ۋەدىسىمۇ تېخى نامەلۇم بولىدۇ.)

رەنج كۆشىش سانجىبان جىسمىڭغا نىش،
دۇررى ناياب ئەيلەبان جانىڭنى رىش.

(جەۋرى ـ جاپالار ۋۇجۇدۇڭغا نەشتىرىنى سانجىسا، تېپىلماس گۆھەرنىڭ ئارزۇسى جېنىڭنى يارا قىلىدۇ.)

ئىستەبان تاپماق دۇررى نايابنى،
مۇندادۇر تەرك ئەيلەمەك ئەسبابنى.

(بىباھا گۆھەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش لازىم.)

مال ـ مۈلك، ھەرنىدۇر سالىككە بەند،
تۆرت تەكبىرى پانا ئۇرماق بەلەند.

(ھەرقانداق نەرسە «سالىك» گە بەندىتۇر. مۇنداق بەندىتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتماق لازىم.)

ھەرنىكىم غەيرى تەلەبدۇر تاشلاماق،
ئۆزنى مەقسەد مەنزىلىغە باشلاماق.

(غەيرى تەلەپلەرنى تاشلاپ، مەقسەت يولىغا قەدەم ئېلىش لازىم.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قالمسا ئالەم مەتائىدىن جەھات،
ئۆزگە نەۋئ ئولغاي ساڭا ئولدەم سۇپات.
(سەندە دۇنيانىڭ مال - مۈلكىدىن ھېچنەرسە قالمىسا، ئۇ ھالدا سۈپىتىڭمۇ باشقىچە بولىدۇ.)

گەنجدىن يەتكەي ئەسەر ۋەيرانىغە،
زات نۇرىدىن يارۇغلۇق جانىغە.
(خەزىنىدىن ۋەيرانىغا تەسىر يېتىدۇ، تەڭرى نۇرىدىن روھقا يورۇقلۇق يېتىدۇ.)

ئول يارۇغلۇق شەۋق ئوتىن تىز ئەيلەگەي،
كىم تەلەپ رەخشىن سۇبۇك خىز ئەيلەگەي.
(ئۇنىڭدىن چۈشكەن يورۇقلۇق شەۋقنىڭ ئوتىنى تېزلىتىدۇ.)

ئۆزدە تاپقايسەن تەلەپنى بىرگە يۈز،
تاغلار بولغاي سېنىڭ ئالىڭدا تۈز.
(ئۆزەڭدىكى تەلەپنىڭ بىردىگە يۈزلەپ جاۋاب تاپىسەن، تاغلارمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا تۈزلىنىدۇ.)

جانىڭە يەتكەي تەلەپنىڭ راھەتى،
قالماغاي رەنجۇ تەئەپنىڭ شىددەتى.
(جېنىڭغا راھەت يېتىپ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ شىددىتى قالمايدۇ.)

دۇرغا تاپقان سارى كۆڭلۇك خاسلىق،
بولغاي ئاسانراق ساڭا غەۋۋاسلىق.
(كۆڭلۈڭ گۆھەرگە خاسلىق تاپقانسېرى ساڭا دېڭىزغا شۇڭغۇشمۇ شۇنچە ئاسان بولىدۇ.)

لەمئە كۆرگۈزگەن سارى مەھرى ۋىسال،
ئەيلەگەي شامىڭ سەھەرگە ئىنتىقال.
(ۋىسال قۇياشى نۇرىنى چاچقانسېرى، قاراڭغۇ كېچىلىرىڭ تاڭغا يۈزلىنىدۇ.)

ئالىڭا كەلسە ئەگەر فىلى دەمان،
كۆرگەسەن پاشە ھامانۇ ئول ھامان.
(ئەگەر ئالدىڭغا يىرتقۇچ پىل كەلسىمۇ ئۇ ساڭا پاشىدەك كۆرۈنىدۇ.)

گەر يولۇڭنى تۇتسا يۈز شىرۇ پەلەڭ،
بولغاي ئالىڭدا نىچۈككىم مۈرلەڭ.

(يۈزلىگەن شىر، يولۋاسلار يولۇقنى توسسىمۇ، ئۇلار سىپىنىڭ ئالدىىدا ئاقساق چۈمۈللەردەك بولۇپ قالىدۇ.)

ئەژدەھادىن يەتمىگەي كۆكلۈكگە رەنج،
ئۈيلە بولمىش بولغاي ئول مەشئۇپ گەنج.
(ئەژدىھادىن خاپىلىق تارتمايسەن، ئۇ خەزىنىلەرنى قوغداپ ياتىدۇ.)

كۇفر ئىلە ئىمانغا ئۇرغايسەن ئىلىك،
بۇ تەمەددىنكىم ئاچىلغاي بىر ئىشىك.
(كۇپىر بىلەن ئىماندىن قولۇقنى يۇساڭ، تارتساڭ، ساڭا باشقا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ.)

چۈن ئىشىك ئاچىلدى نەكۇپرۇ نەدىن،
ئىچكارى كىرگەچ قۇتۇلدۇڭ بارچەدىن.
(ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىڭ بىلەن ھەممىدىن قۇتۇلىسەن.)

كۇفرۇ ئىمان راھرەۋغە كىش ئىمەس،
ئەسل يولدا بەندراھى پىش ئىمەس.
(كۇپىر ۋە ئىمان بۇ يولنى بېسىپ ئۆتكۈچىنىڭ دىنى ئەمەس، ئۇ بۇ يولدا توسالغۇ بولالمايدۇ.)

(تۈگىدى)

www.uyghurkitap.com




موللا توختى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس

ئاقسۇلۇق مۇئەللىپ موللا توختىنىڭ بۇ ئەسىرى مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان رەھىمسىز بۇلاڭ - تالىڭى، يەرلىك مەمۇرلەرنىڭ خەلققە چاچقان ئېغىر ۋە ئادالەتسىز ئالۋاڭ - ياساقلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان تارىخىي شىكايەت.

مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ دىخانچىلىقتىن ئەسلا خەۋىرى يوق نامرات ۋە كەسپىي موللا ئادەم ئىكەنلىكىنى، تېرىغۇدەك بىر ماگدام يېرى بولمىسىمۇ، ئاقسۇنىڭ ئارال دېگەن يۇرتىنىڭ ئالۋاڭ - ياساق دەپتىرىدە ئۇنىڭ نامىغا ئۈچ خو يەرنىڭ ئالۋىڭى خەتلەپ قويۇلغانلىقىنى، ئالۋاڭ - ياساقنىڭ كۆپلۈكى، ھەتتا ئەمەلدارلارنىڭ خېنىملىرى تىرناقلىرىغا ياقىدىغان خىنە ئۈچۈنمۇ ئەلگە ئالۋاڭ چېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەسەردىن ئۇنىڭ بۇ ئالۋاڭ - ياساقلارنى تۆلىيەلمەي قاتمۇ - قات قەرزگە بوغۇلۇپ، ئائىلە بويىچە ۋەيران بولغانلىقىنى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ ئوقۇشتىن قالغانلىقىنى، بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ ناھەق ئالۋاڭنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولۇپ، ئاقسۇ ھاكىمى چۈن ۋاڭ (سولانبەگ) گە بۇ ئەرزىيەت بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئەرزنى چۈن ۋاڭغا تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن ئاقسۇ شەھىرىدىكى مازارلاردا دۇئا تەلەپ بىلەن يۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەسەردە بايان قىلىنغان موللا توختىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئەينى دەۋردە پۈتۈن ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئىدى. ئالۋاڭ - ياساقنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىرلىقى ۋە تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىقتىسادىي تالان - تاراج خەلقنى كۆپ قېتىملاپ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشكە مەجبۇر

قىلغان ئىدى، 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ 60 - يىللىرىغا قەدەر بولغان بۇ بىر تارىخىي جەرياندا، بىز خوتەن، يەركەن، قارغىلىق، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا كۆتىرىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ تارىخىي ئەھۋال ۋە ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ ئېغىرلاشقان ۋاقىتلىرىنى مولچەرلەپ، موللا تۇختىنىڭ بۇ ئەسىرىنى 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن. ئەسەردە ئېيتىلغان چۈن ۋاڭ ئادەم ئىسمى ئەمەس، ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى چىڭۋاڭ (شاھزادە) سۆزىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن ئۆزگىرىپ قالغىنى. سولانبەگمۇ بىر ئەمەلدارنىڭ خاس ئىسمى ئەمەس، بۇنىڭدىن پەقەت بىز ئاقسۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمىنىڭ سولانلاردىن قويۇلغان بەگ ئىكەنلىكىنىلا بىلەلەيمىز. شۇڭلاشقا ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ئېيتىلغان مەلۇماتلاردىن، بىز ئەسەرنىڭ يېزىلغان كونكرېت ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا مۇيەسسەر بولالمىدۇق.

ئەسەردە، بىر تەرەپتىن ئالۋاڭ - ياساقلار دەستىدىن باش كۆتىرەلمەي قالغان خەلقنىڭ ئېچىنارلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي جاھالەت بىلەن كىشەنلىنىپ قالغان خەلقنىڭ قالاقلىقى ۋە نادانلىقىمۇ ئەكس ئەتكەن. موللا تۇختى، بۇ ئەرزىنى چۈن ۋاڭنىڭ قولىغا يەتكۈزسە، ئۇ چوقۇم ئىزىنىڭ ئۈستىدىكى نائادىل ئالۋاڭنى يارلىق چۈشۈرۈپ كۆتۈرىۋېتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ ۋە چۈن ۋاڭنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ماختايدۇ. ئېھتىمال، چۈن ۋاڭنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئومۇمەن، مۇئەللىپ موللا تۇختىنىڭ بۇ ئەسىرى رايونىمىزنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا مۇھىم تارىخىي ھۆججەت تەرىقىسىدە خىزمەت قىلالايدۇ.

ئۆز دىيارىمدا مۇسافىرمەن غېرىب بولدۇم يانا،
تۇشتى باشىمغە بۇ كۈنلەر كەلدىلەر دەۋرى قازا.

قەرز ئۈچۈن، ئالبان ئۈچۈن بولدى مېنىڭ ھالىم خاراپ،
ھەزرىتى چۈن ۋاڭ بىگىم ھالىمغە رەھىم ئەتكەي يانا.

ئۈچ خو دەھىك باشىمدا ئاسماندەك تۇردىلەر،
دەھىكىمنى يوق قىلىپ ئازادە قىلسا پادىشا.

كەلسەلەر ئالبانچىلار خىنە پۇلى دەپ تۇتسەلەر،
پۇل تاپالمايمەن تېنەپ دىشۋار بولۇر ھالىم يانا.

ھەممە دەردىمدىن يامان بولدى ماڭا ئالبانچىلىق،
تاقىتىم يوقتۇر مېنىڭ ئالبانچىلار قىلدى جاپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوتقارىپ ئالبانچىلىقدىن قىلسەلەر ئازاد مىنى،
ھەزرىتىڭنىڭ ۋاقتىدا بىر يادىكار قالسۇن ماڭا.

مەن تېنەپ ئاۋارە بولدۇم نەچچە يىللاردىن بارى،
رەھىم قىلغايمۇ بېگىم ھالىم زەبۇن بولدى يانا.

ئۆيىرۈبان ئالتۇن باشىدىن قىلسەلەر ئازاد مىنى،
جەننەتۇل مەئۋا ئىچىدە جايى مەنزىلدۇر يانا.

بىر بالام بىرلەن ئىنىم بىز دەربەدەر بولدۇق يانا،
قەرز ئۈچۈن ئالبان ئۈچۈن ئاۋارە جان بولدۇم يانا.

كىچەلەر كۈندۈزلەرى ھەم دەرس ئوقۇر ئېردى بالام،
قەرز ئۈچۈن ئالبان ئۈچۈن ھەم دەرسىدىن قالدى يانا.

شەرھى موللا، شەرھى ۋە قايە ھەم ئوقۇر ئېردى بالام،
بىر غېرىب ئاۋارەلەرگە ۋاڭ بېگىم بولغاي پانا.

دەرس زايە بولدىلەر قەرز بىرلە ئالبان دەردىگە،
ھەزرىتى چۇن ۋاڭ بېگىم ئازادە قىلغايمۇ يانا.

مەن قەدىم ئالبانچى ئېمەس كەلدى ماڭا دەۋرى قازا،
ھەزرىتى چۇن ۋاڭ بېگىم ئالبانچىدىن قىلسە ئادا.

دەربەدەر بولدۇم يانا، بى خانۇمان بولدۇم يانا،
فەرزەندلەرىم ھەر بىر تەرەف زىرۇ زەلىل بولدۇم يانا.

شىئىر ئەيتماقغە نەھەددىم قۇدرىتىم يەتمەس مېنىڭ،
بۇ مېنىڭ دەردىم تولا بۇ ئەرىز مەئلۇم قىلدىما.

داغ دۇنيا قىلدىلەر، يەر بىرلە يەكسان قىلدىلەر،
بۇ فەلەكنىڭ كاجلىگى ئاخىر خاراپ قىلدى يانا.

× ×

يەنە قەرزدارلارىم قىستاپ كى ئارام بەرمادى ئالبان،
مېنىڭ ھالىمغە رەھىم ئەيلەپ كى ئازاد قىلسەلەر ۋاڭ خان.

ماڭا فەرزەندلارىم بىرلە فۇتۇبدۇر ئۈچ خو دەھىك،
خاراپ قىلدى مېنى دەھىك كى مەن قەرزدار بولۇپ قالغان.

بېگىم ئازاد قىلۇرلەرمۇ مېنى ئالبانچىدىن ۋاڭ خان،
يەنە بىرلەرگە مۇشكۈلدۇر، بېگىمگە ئەسلا بۇ ئاسان.

يەنە بىرلەرنى ئالباندىن كى ئازاد قىلسەلەر ۋاڭ خان،
ساۋابى ئاخىرەت بولغاي بۇ ئالباندىن ئامان قىلغان.

بۇ قەرز بىرلەن بۇ ئالبانغە مېنىڭ ھالىم خاراپ بولغان،
بۇ ھالىم رەھىم ئېتەرگە كۆپ ئۇمىدىم بار ئۇلۇغ ۋاڭ خان.

بۇ ئۈچ خو دەھىكىمنى يوق قىلىپ ئازاد قىلۇرغە مەن ئۇمىد تۇتقان،
كى مەرفۇلقۇلۇم قىلماق ماڭا مۇشكۈل، ساڭا ئاسان.

بۇ ئالبان دەردىگە ھەيران قۇلۇڭ موللا توختى سەرگەردان،
مېنى ئالبانچىدىن ئازاد قىلۇر دەپ مەن بېگىمدىن كۆپ ئۇمىد تۇتقان.

قەدىم ئالبانچى ئېمەسدۇرمەن، غۇلامىڭ بىر دۇئا گۇيمەن،
مېنى ئاۋۋارە جان قىلدى بۇ قەرز بىرلەن يەنە ئالبان.

ماڭا تۆرت بەش يىل بولدى قۇلۇڭ مەن دەربەدەر بولغان،
كى مەن مۇز تەر بولۇپ قالغان ئەجەب بى خانۇمان بولغان.

بېگىمنىڭ ئىلتىفاتىدا يۈرۈپ ئېردىم ئەجەپ ئوبدان،
ئەجەپ بىرنەچچە يىللاردىن تىنەبۇ ھەيران بولۇپ قالغان.

يىگىرمە نەچچە يىل مەي بەن بولۇب مەن داڭزافاڭدا ئىلتىفات بىرلەن،
بېگىمنىڭ ۋاقتىدا ئوبدان يۈرۈپ مەن ئىلتىفات تاپقان.

فەلەك كاج ئەيلەدى ياندى مېنىڭ بەختىم ئەجەپ دەۋران،
مېنىڭ كى تالىئىم كاجلىك قىلىپ بولدۇم ئەجەپ يەر بىرلەمەن يەكسان.

بېگىمنىڭ ئىلتىفاتىغە يېتىپ مەن نەچچە يىل ئەۋۋەل،
كى مەن ئۈچ تۆرت يىللاردىن ئەجەپ مەن خانەئى ۋەيران.

مېنىڭ فەرزەندلەرىم ھەربىر تەرەف زارۇ زەلىل بولغان،
بۇ قەرز بىرلەن بۇ ئالبان دەردىدە مۇبتىلا بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتا ۋە ھەم بابام كەلگەن ئىكەن دەھبەد دىيارىدىن،
نىشانە دەھىك يېتىپ كەتكەن قۇتۇبدۇر ئۇچ خو ئالبان.

خوجام پادىشا ئىززىلار ئىبراشىپ كەلگەن ئىكەن بابام،
كى مەن مۇزتەر بولۇپ قالدىم خاراپ قىلدى مېنى ئالبان.

كى مەن تۆرت بەش يىللاردىن خۇداغە ئاھ ـ ۋاھ قىلغان،
غېرىبلىق نالە زارىمدىن خۇدايىم ئىلتىفات قىلغان.

يەنە جانۇ دىلىم بىرلە كۆزۈمدىن ياشلارىم تامغان،
كېچە ـ كۈندۈز تەلەپ بىرلە خۇداغە ئاھ ـ ۋاھ قىلغان.

غېرىبلىق ئاھى بىرلەن بۇ كۆزۈمنىڭ ياشلارى غەلتان،
ئەجابەت قىلسەلەر مەندەك غېرىب ئاھىنى سۇبھان.

كۆزۈم ياشى دىلىم ئاھى خۇداغە يەتسەلەر ئەفغان،
بېگىم ئازاد قىلۇرلەرمۇ مېنى غەم قايغۇدىن ۋاڭ خان.

كېچە ـ كۈندۈز بۇ غەم بىرلە مەنەم ھەيران سەرگەردان،
يەنە قەرز بىرلە بۇ ئالبان مېنى ئاۋارە جان قىلغان.

باشىمغە تۈشتى بۇ كۈنلەر ئاجايىپ تۈرفەئى تۈرفە،
بۇ ھالىم رەھىم ئېتەرلەرمۇ ئادالەتلىك ئۇلۇغ ۋاڭ خان.

كى مەن كەلدىم مازارلاردىن شەھەرلەردە يۈرالماسمەن،
تۇتۇپ سۆدراپ خاراپ ئەيلەر بۇ قەرز بىرلە مېنى ئالبان.

ساۋابى ھەج بولۇر ئاخىر قۇلىنىڭ كۆڭلىنى ئالغان،
ھەزار يىللىق ئىبادەتدۇر غېرىبلار دادىنى سورغان.

بېگىم ئەدلى ئادالەتدىن يېتەر مەقسۇدىغە ئاسان،
خېتىمدە بولسە كۆپ نۇقسان مائاف قىلغايمۇكىن ۋاڭ خان.

خوجام پادىشالارىمدىن ئىلتىفات بولغان نىشان دەھىك،
ۋەبا يىلى ئەيتىپ كەتتى قۇتۇبدۇر ئۇچ خو دەھىك.

كى مەنغۇ يەتتە سەككىز يىل بۇ ئالبان تارتىشىپ يۈردۇم،
كى مەن مۇزتەر بولۇپ قالدىم ئەجەپ دىشۋار تۇرۇر دەھىك.

خاراپ قىلدى مېنى ئەمدى يەنە بۇ ئۈچ خو دەھىك،
بېگىم ھالىمغە رەھىم ئەيلەپ قۇلۇم قىلغايمۇكىن دەھىك.

ئارالغە دەفتەر ئېماقغە فۇتۇبدۇر بىزگە بۇ دەھىك،
قەدىم ئالبانچى ئېمەسدۇرمەن ماڭا دەۋرى قازا دەھىك.

بېگىم ئازاد قىلىپ بىزنى فۇتۇككە بىر قۇلۇم سوقسە،
ساۋابى ئاخىرەت بولغاي ئادا بولغايمۇكىن دەھىك.

بۇ خەلقلەرنى تانۇماسمەن بۇ خەلق يۇرتىنى بىلماسمەن،
يەنە قەرز بىرلە بۇ ئالبان فەرىشان قىلدىلەر دەھىك.

بۇ خەلقنىڭ يۇرتىدا يوقتۇر مېنىڭكى يەر سۆيۈم ھەرگىز،
يەنە قەرز بىرلە بۇ ئالبانگە بىچارە قىلىپ دەھىك.

كېلۇر ئالبانچىلار ئىستەپ خىنە پۇل تۆشتى دەپ قىستاپ،
مېنىڭ مۇز تەرلىكىم قىستاپ خاراپ ئەتتى مېنى دەھىك.

ماڭا تۆرت بەش يىللاردىن باشىمغە تۆشتى بۇ كۈنلەر،
بېگىم مەرفۇئ قولوم قىلسە يوقالسە ئۈچ خو دەھىك.

قولۇمدا پۇلمۇ بار چاغدا بىلمەس ئېردى بۇ دەھىك،
كى مەن مۇزتەر بولۇپ قالدىم كى ئاۋۋارە قىلىپ دەھىك.

مازارۇ ھەم ماشايخغە كى شەيىخۇ پارە خۋانىن بولسام،
مۇرادىمغە يېتەر ئېردىم ئادا بولغايمۇكىن دەھىك.

بېگىمدىن مەن تىلەيدۇرمەن كى ئالتۇن تامغە لىق دەھىك،
بېرۇرمۇ بىز غېرىبلارغە يەنە ئالتۇن نىشان دەھىك.

× ×

سەھەرلەر قوفۇپ مۇناجات ئوقۇپ،
دورۇدى نىجات ئىسمى ئەزەم ئوقۇپ.

ئىسمى زات ئوقۇپ مەن دۇئالار قىلىپ،
بۇ چۆللەر ئىچىندە ۋەزىفەم ئوقۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باياۋانلاردە مەن ئاھ ۋايلابان،
دۇئالار قىلۇرمەن رۇبائى ئوقۇپ.

تەلەپ قىلدىمۇ مەن دۇئالار قىلىپ،
بۇ قۇرئان ئىچىندە رەببنا زۇلمنا ئوقۇپ.

كېچە ـ كۈندۈز توختامايدۇر ياشىم،
يىگىرمە يەتتە ئايدىن ۋەزىفەم ئوقۇپ.

بۇ كۆزدىن ياشىم ژالەلەر ئەيلەدى،
دۇئالار قىلۇرمەن مۇناجات ئوقۇپ.

كى ئازاد قىلۇرمۇ بۇ ئالبانچىدىن،
بۇ ئالبانچىلىقتىن كى ئەفسۇس ئوقۇپ.

ئىجابەت بولۇرمۇ بۇ ئاھىم مېنىڭ،
كى مەقسۇدكە يەتكۈر مۇرادىم ئوقۇپ.

× ×

ئالبانچىلىقنىڭ دەردى تولادۇر،
ئازادە قىلسە ئەي پادىشاھىم.

ئالبانچىلىقدا ئاۋارە بولدۇم،
ئازادە قىلسە ئەي پادىشاھىم.

يۇرت خەلقىنىڭ كى ئالبان پۇلغە،
پۇل تەپ بېرەلمەي ئاۋارە بولدۇم.

ئازادە قىلسە ئالبانچىلىقدىن،
قەرزىم تولادۇر پادىشاھىم.

رەھىم ئەتسەلەرغۇ بىزدەك گەداغە،
ئەجرىنى بەرسۇن قادىر خۇدايىم.

كەلدى باشىمغە بۇ تۈرفە ئىشلار،
قانداق قىلۇرمەن ئەي پادشاھىم.

بۇ تۇرفه ئشلار تەقدىر ئشدۇر،
تەدبىر قىلۇرغه يوقتۇر ماجالىم.

سەئى سەبەبدە باردۇر ئىلاجى،
ئازاده قىلسه ئەي پادىشاھىم.

مەي مۇچلەرگه قەرزدار بولۇپمەن،
مۇزتەر قۇلىمەن ئەي پادىشاھىم.

بىرنەچچه ئايغۇ بەندىدا ياتىپ مەن،
ئۆز خۇي فەئلىم باردۇر گۇناھىم.

تەسبىھ تەھلىل ئازدىم يېڭىلدىم،
خەيرۇ شەررى تەقدىر ئىلاھىم.

بۇ سۆزنى قىلماق ھەددىم ئېمەستۇر،
ئەفۇ ئەيلەگەيمۇ ئەي پادىشاھىم.

مەن نەچچه يىلدىن قىلماي تىجارەت،
تېنەپ قالىپ مەن ئاۋۋاره بولدۇم.

مەندەك غېرىبىنىڭ كۆڭلىنى ئالسه،
مەن خالى قىلماي قىلسام دۇئايىم.

بۇ تۇرفه ئشلار باشىمدا،
ھالىمغه يەتسه ئەي پادىشاھىم.

بەرسۇن خۇدايىم ھەجىنىڭ ساۋابى،
ئول زۇلجىلالىم قادىر خۇدايىم.

دەردىم تولادۇر بۇسۆزنى قىلدىم،
رەھىم ئەيلەگەيلەر ئەي پادىشاھىم.

ھالىمنى ئېيتسام دەردىم تولادۇر،
شەفقەت قىلۇرغه ئەي پادىشاھىم.

مۇزتەر قۇلىمەن قىلسام دۇئايىم،
مەقبۇل قىلۇرغه پەرۋەردىگارىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەرگاھ ھەققىدە بولسە ئىجابەت،
بەخشىش قىلغۇرمەن ئەي پادىشاھىم.

ھەم كىچە ـ كۈندۈز قىلسام دۇئايىم،
مۇندىن بۆلەككە يوقتۇر ماجالىم.

بىرنەچچە ئايدىن بولدۇم تەلەپكار،
ھەممە ئىزىزلار قىلسۇن مەدەدكار.

مەن نەچچە ئايدىن تەلەپلەرىدە،
مۈشكۈل كۈشايىش ھەزرەتلەرىدە.

ھەر ئىككى ئالەم دۆلەتلەرىنى،
ئاباد قىلسۇن رازاق خۇدايىم.

مەن نەچچە ئايدىن ياتتىم مازاردا،
سۇلتان سىررى ھەم بۇزرۇكۋاردا.

بىر كەم قىرىق كۈن شول بۇزرۇكۋاردا،
يىگىرمە بىر كۈن ئالتۇن مازاردا.

قىرىق يەتتە كۈن مەن چىھىل يەك ئاتادا،
چاھاردە كۈن ھاجىر ئانامدا.

بىرنەچچە كۈن مەن مەھمۇد ئاتادا،
گۈنبەز ئىچىدە ياتتىم مازاردا.

ئايۋان قاشىدا چوڭ كۆل باشىدا،
تۇفراق باشىدا گۈنبەز ئىچىدە.

ھەزرەتلەرىنىڭ تەلەپلەرىدە،
مەن نەچچە ئايدىن يۈردۈم مازاردا.

دۇئا قىلغۇرمەن مەن بىر تەلەپكار،
شول بۇزرۇكۋارلار قىلسۇن مەدەدكار.

مۇزتەر قۇلمەن مەن بىر دۇئاگوي،
قىلسە ئىجابەت پەرۋەردىگارىم.

# كەلكۈن

مۇھەررىردىن:

«كەلكۈن» — ئۇيغۇر چىغاتاي شېئىرىيىتىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تېما قىلغان، كەم ئۇچرايدىغان نادىر مىسرالاردىن بىرى. بۇ ئەسەردە ئاتۇشتا بولۇپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق چوڭ بالايى ئاپەتلىك كەلكۈننىڭ تەپسىلى ئەھۋالى نەزمە يولى بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان.

ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئاتۇش تەختىيۇنلۇك داڭلىق ئۆلىما ۋە شائىر سالىھ داموللا ھاجىم نىزامىددىن ئوغلى (تەخەللۇسى — نىزامىي) بولۇپ، ئەدىپنىڭ ئەرەپ تىلى بىلەن يازغان شېئىرلار دىۋانى — «ئەرەبى دىۋان»، ئەرەپ تىلى ۋە گىرامماتىكىسىغا دائىر ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كىتاۋى — «ئۇنۋانۇ سەرىپ»، نەزمە بىلەن يېزىلغان «ئىقدولمەرجان»، «تەجۋىد تۈركى»، «مىشكات راۋىلەرىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار دىۋانى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى قالايمىقانچىلىقىدا يوقىلىپ كەتتى.

شائىرنىڭ «كەلكۈن» ناملىق بۇ نادىر ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىنى ئوغلى مۇھەممەت سالىھ ساقلاپ قالغان. ئەسەرنى بۇ قېتىم مەجمۇئەمىزگە مۇھەممەت سالىھ ئۆزى تەييارلاپ بەردى.

زامان تۈرلى جاپا ۋە زۇلم، مېھنەتلەرقىلار ئولدى،
يۈرەكلەر قان بولۇپ، دەريا كەبى ياشلار ئاقار ئولدى.

گۈلىستانى ئامانىنى ئەيلەبان دائىم خازان بەلكىم،
غەمۇ سەدگۈنە ئەندۇھ ئىشكىلىرىن ئاچار ئولدى.

مۇكەددەر قىلدى ھەر ئەيشى مۇسەففانى ئەجەبا ئول،
تامامى ھەسرەتى داغۇ بالالارغا مادار ئولدى.

ئەجەب دەھشەتلى سىلەب ئاستىن ئارتۇشتا زۇھۇرئەيلەب،
ھەمە كىشىلەردە ھەسرەتدىن فىغانۇ ئاھ-زار ئولدى.

بۇغازدىن چىقتى بۇ سىلەب ئەژدەردەك ئۇرۇب ئاھەڭ،
سەھەر ۋەختىدە قۇۋۋەتلىك ساداسى شار-شار ئولدى.

www.uyghurkitap.com



بۇتۇن ساي جىلغا ۋادىلەر تولۇپ ساھىلغا دەم ئۇردى،
تېشىپ يۇرت ئىچرە كىردى ئول زامان كىشىلەر قاچار ئولدى.

لىغىلداپ ئاقتى ئۈچ مىڭ گەز ئورۇندا قورشاب ئالدى ۋاھ،
ئۇشول دەم تەۋبە يارەببى ساداسى سەدھەزار ئولدى.

يۇلۇپ كەتكەن دەرەخلەر سانى بىر ئاللاغا مەلۇمدۇر،
ئېرىق، كۆۋرۈك، توما، ئۆستەڭ، تىگەن، تۇغلار بىكار ئولدى.

ئەجەل بايراقىنى ۋەيران قولدا تۇتتى ئۆركەشلەپ،
دەرىغا، مۇردىلەر ئەلھۆكمىللاھ بىشۇمار ئولدى.

ھاۋانىڭ گۈلدۈرى سۈنىڭ ئۇشو كۈن گۈر-گۈرى ئۆرلەپ،
پەلەك ئەۋجىگە ھەيۋەتلىك ھەمەنى قورقۇتار ئولدى.

كېلەردى ئىلگىرى ئازراق مۇنداق سەيلى ۋەھشەتلى،
ھۇجۇم قىلماس ئىدى ئەفسۇس ئەجەب بۇ زۇلمدار ئولدى.

تەئەججۇپ سەددى ئىسكەندەر كەبى مەھكەم ئىمارەتلەر،
گۆرۈلدەب تاغ مەسەللىك مەۋج ئۇرغاندا غۇبار ئولدى.

قىيامەت بولدى ياتوپان بالاسى كەلدى دەپ ئويلاپ،
بۇ تىللەر لال ئولۇب قورقۇب، يۈرەكلەر بىقارار ئولدى.

ھۇجۇم راسلاب سەھەردە ئاھ غەفلەت پەردىسىن قاپلاپ،
تۇيۇقسىز شاقىراپ ئاھىستە يۇرتلەرنى باسار ئولدى.

بۇلەر پاچچەن، تىجەن، قۇمباغ، ئازغان، ئۈژمىلىك، شالا،
تۇقايۇ، تەختىيۇن، ئارغۇ، بۇيامەت ھەم مازار ئولدى.

ئىتارچى، كۆنچ، ئاچچىق ھەمدە مەشھەد بەزى ئۇستۇن تاغ،
بازار، ئوتتۇراغ، ئۆستەڭ بويى، باغرىق ھەم ئۇچار ئولدى.

يىگىرمە بىر مۇبارەك كەنتلەردە كۈن تۇتۇب سىلەب،
داۋام ئونيەتتە سائەت مەۋج ئۇرۇب بىردەك ئاقار ئولدى.

ئېغىر بىر ھادىسە بولدى كۆتەرمەكدىن قېرىنداشلار،
سۆڭەكلەر ئۇشتۇلۇپ ئى داغ بەل پۈشتلەر دۇتار ئولدى.

ئېقسپ سۇ ئىچرە كۆزدە غەرق بولغانلار ئامىن دەب،
ئەلەيهىم رەهمەتۇللاهى تەرەپلەردىن چىقار ئولدى.

بىرىنى تام باسىب ئۆلدى، بىرىدە ئاهۇ ۋاۋەيلا،
دەرەخ ئۈستىگە قاچىب رەببى يەسسىرنى ئوقار ئولدى.

غەرق ئولدى خەبەرسىز ئەل ئەجەل دەپ بەزى مەرهۇملەر،
بىرى ئۆزىن ئىلاج ئولماي دۇغاب سۇغا ئاتار ئولدى.

ئارالۇ دۆڭدە ئۆلدى هەم دەرەختە بەزىلەر جۇتدىن،
قاچىب سۇدىن يەنە سۇدا غەرق ئولغانلار بار ئولدى.

نىدائى ئەشهەدۇ ئۆرلەب هاۋاغا، ئەلۋىداع ئەيتىپ،
شهىد ئولماقغا مۇندا ئەينى رەغبەت ئىختىيار ئولدى.

بۇلارنىڭ مۇندا چۈنكى تۇرماقى ئانداق مۇهال ئولسا،
شەهادەت رۇتبىسىدا كەتمىگى خوب ئىتىبار ئولدى.

چىرىمىداندىن كەبەن ئەيلەب ئۆزى غەسسال ئولۇب سىلەب،
قارا قۇمدىن قېزىب قەۋرى ئۆزى دەفنى قىلار ئولدى.

ئەجەب ماهىر ئالىپتۇر ئۇ بىرىنچى ئۈستىدىن تەلىم،
تۆمۈردەك تار-مار ئىلمىدا شەكسىز ئىشتىهار ئولدى.

كۆرۈڭ تېخى ئەجەل ئىلكىدە ئول جاللادى بىرەهمەت،
تەرەههۇمسىز بۆشۈكدە چوق گۆدەكلەرنى چاقار ئولدى.

تەئەججۇب قىل تومۇزدا بادى سەر-سەر بىرلە كۆب يامغۇر،
سوغوق پەسلى زىمىستاندەك تەرەپلەردىن ئۇرار ئولدى.

بىرى جاندىن، بىرى مالدىن، بىرى ئاش ۋە ئوزۇقلاردىن،
بىرى ئەسبابى خانە جاي زىمىندىن ئايرىلار ئولدى.

بىرى ۋەيران، بىرى هەيران، بىرىدە قالمدى هەيۋان،
بىردە بولمىغاچ نەرسە پەقىرۇ خاكسار ئولدى.

بۇلار هازىر تالادا، جايى بولماي ئەينى سەرگەردان،
ئولۇب، كەففە، باراڭدا قىينىلىپ ئۆيلەر تۇتار ئولدى.

بۇلارنىڭ بەزىسى ئالدى بىرىپ جاننى بۆيۈك ئارام،
ۋەتەنسىز بەزىلەر ئاشۇ ئوزۇقدىن قىينىلار ئولدى.

ئۆلەركەتتى، بۇلەر قالدى، بۇلاردىن ھال سوراش لازىم،
ئۆلەرگە خەتمە قۇرئان ھەم دۇئا خۇش يادىگار ئولدى.

كۆزۈ يازلىق ئىكىنلەر خۇش ھاۋالىق بوستانلار ھەم،
گۆزەل باغۇ چىمەن، ئالى ئىمارەت تارمار ئولدى.

يىشىم قاندەك ئىقىب، باغرىم كاۋاب بولدى ئايا ھەسرەت،
ۋۇجۇدۇم قىل مەسەللىك بۇ مۇسىبەتدىن نىزار ئولدى.

تۇماندەك دۇدى ئاھۇ داغ ھەسرەتلەر ھاۋاغا ئۆرلەب،
ھاۋا ھەتتا قارا تونىنى مۇسىبەتتىن كىيەر ئولدى.

كىيىن بۇ مۇردىلەرنى ھەر تەرەپدىن تاپتى خىشاۋەند
بۇ گىچ-گىچ قۇم ئىچىپ ئۆلگەن شەھىدلەر ئاشكار ئولدى.

بىز ئارتۇش ئەھلى ھەسرەتتىن پانا بولساق ئەيىپ قىلماڭ،
بۇ يەڭلىغ زور مۇسىبەتگە قايۇ كىملەر چىدار ئولدى.

قاراسەيلۇلئەرەم نىدۇر بۇنىڭ ئالدىدا ئى ساھىب،
قارا كۆنلەر، قارا سۇلەر، قارا ماتەم، قارار ئولدى.

قىلىڭلار ئەھلى ئارتۇش يىڭى تەمىر نائۇمىت ئولماي،
كى ئارتۇش شەۋكىتىگە بۇ مۇسىبەت كۆز تۇمار ئولدى.

كىمەرسە ئۆلمىگەن، جايۇ ئىمارەت يەردىن ئايرىلغان،
زەئىپ بىچارىلەرگە قىلسا يارdەم نىكسار ئولدى.

قازا دەفتەرنى قاتلاپ، سەيلى ئاتلاپ بەلكى تاقلاپ،
ھۇجۇم ئەسكەرلىرىنى كاتتا يايلاققا يايار ئولدى.

بىرىب ئاندا خاراب ئەتتى بۇتۇن جاي ھەم ئىكىنلەرنى،
ئۇشۇنداق كاتتا يايلاق يەرلىرىگە قۇم تىقار ئولدى.

ئىكىن جاي ئاندا تۇرسۇن بۇ قارا سۇ نەچچە يىللاردىن،
بۇ زەيناك ئەمدى تۇزگەن كۆپ زىمىنلەرنى بۇزار ئولدى.

کېرەکتىن چىقتى بۇ يەرلەر سالاھ تاپىماس نەچە يىللار،
تامام زەي شور، قارا لايدىن خاراپلىقنا دۇچار ئولدى.

ئەدەتسىز چار پايلار تەلمۈرۈپ مەيداندا مۆ-مۆ دەپ،
تىرەن پاتقاقنا پاتىپ ھىچ چىقالماستىن ئۆلەر ئولدى.

ۋەتەن ئەھلى سۆيۈملۈك يەرلىرىن ھەم يۇرتلىرىن تاشلاپ،
قوپۇپ كۆچمەن بولۇب، ئاھ دەپ تەرەپلەرگە كېتەر ئولدى.

ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئاللاغا يىغلاپ يۇرتلىرىن ئەسلەپ،
بۇلارنىڭ باشى ئۆي بولماي تالادا قاينىقار ئولدى.

كۆرۈك بۇ سۇ قاراڭغۇلۇق، مارالبېشى ھەمدە ئۆردەكلىك،
قارا قىلچىنگە بارىپ كاتتا ئاپەت تۇغدۇرار ئولدى.

قىلىڭلار كاتتا ياردەم بۇ خۇسۇستا ئى قېرىنداشلار،
ۋەتەن سۆيگەن جۇۋانمەرد بۇ جاھاندا ھۇشيار ئولدى.

كىشىكىم قىلسە ياردەم تاقىتىچە ئول كىشى بىشەك،
خۇدانىڭ رەھمىتىنىڭ سايىسىدا سايىدار ئولدى.

بۇ يولدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ غەيرەتلى باتۇرلار،
تولا كىشلەرنى ساھىلغا ئېلىپ بىردىن چىقار ئولدى.

كىرىپ سۇ ئىچرە يانماستىن، ئۆزى ئات بىرلە قالماستىن،
بۇلارنى زادى قورقماستىن بۇ سۇدىن قۇتقۇزار ئولدى.

ئىلاھى مەغفىرەت قىل بۇ غەرىقلەرگە ۋە رەھمەت قىل،
كى ئانلار بۇ ۋافاتىدا شەھىدى بەختىيار ئولدى.

ئۇ يەردە ئەيلەپ سىراپ ئەفۇ ئەيلەپ ئابى كەۋسەردىن،
بۇ يەردە دۇغ دۇغاپ سۇدىن بۇلەردە سىنەتار ئولدى.

يۈز ئۆرۈپ بۇ شەھىدلەر بىباقا دۇنيادا تۇرماقدىن،
شەھىدۇ كەربالاغە جەننەتۇلمەئۋادا يار ئولدى.

ئەمەل قىلماي شەرىئەتگە ئويۇن، كۈلكە، تاماشالار،
تولا بىزلەرنى غەفلەت كۆرپىسىدە ئۇخلىتار ئولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خۇراپات ئىچرە چۆمدۇق ئول سەلەفلار يولىدىن ئازدۇق،
زالالەت زۇلمىتى ئىچرە جاھالەت ئىنتىشار ئولدى.

شارابۇ پاھىشە بازلىق ئىشىمىز غەدرە، غەممازلىق،
ھەسەت، كىنە، ئاداۋەت، بىنامازلىق ھەم قىمار ئولدى.

بۇلاردىن كۆز يۇمۇپ لەھۋۇ لەئىبلەرنى ھىجاب ئەيلەب،
چوقۇر، ئازغۇن، ئۇزۇن ئۇيقۇ، قىلىن غەفلەت شۇئار ئولدى.

بۇ ھەقدە ئەمرى مەرۇپ نەھيي مۇنكەر بىتتى بىزلەردىن،
سۈكۈت ئەتمەك گۇنادىن ئالىمى ئىسلامدا ئار ئولدى.

سەن ئى نازىم ئۆزۈڭنى پاك قىلماي ئېيتقىنىڭ نەسۇد،
ئەمەل يوق كىمسە ئۇقبادا زەبۇن ھال خار - زار ئولدى.

قالۇر دەپ يازدى سالىھ بۇ جاھاندا كاتتا تارىخى،
كى ئالەم ئىچرە بۇ قىسسە ھەجەپمۇ نامۇدار ئولدى.

مىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش ئۈچ ھىجرى جەمادىيەسسانى ئاي،
ئىدى قۇدرەت قولى بىزگە بۇ تەقدىرنى سىزار ئولدى.

## لۇغەت

| | |
|---|---|
| سەد گۇنە | يۈز تۈرلۈك |
| مۇكەددەر | دۇغ |
| ئەيشى مۇسەففا | كۆڭۈللۈك تۇرمۇش |
| مادار | مەركىزىي نۇقتا |
| سىلەب | كەلكۈن |
| سەيل | كەلكۈن |
| پۇشت | ئارقا تەرەپ |
| ئەلەيھىم رەھمەتۇللاھى | ئۇلارغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن |
| رەببى يەسسىر | خۇدا ئاسان قىلغىن |
| شەھادەت رۇتبىسى | شېھىتلىك دەرىجىسى |
| غەسسال | ئۆلۈكنى يۇيغۇچى |
| ئىشتىھار | مەشھۇر |

| | |
|---|---|
| چوق | كۆپ، جىق، نۇرغۇن |
| نىزا | ئۇرۇق، زەئىپ |
| خىشاۋەند | ئۇرۇق - تۇققان |
| سەيلۇلئەرەم | قەدىمقى زاماندا ئەرەبىستاندا يۈز بەرگەن تارىختا مەشھۇر سۇئاپىتى |
| تەمىر | قۇرۇلۇش، بىناكارلىق، ئىسلاھات |
| ئىنكسار | ياخشىلىغى كۆپ |
| سالاھ | تۈزۈلۈش |
| قايىنقىسپ | بېشى ئايلىنىش، بېشى چۆگىلەش |
| غەرىقلار | سۇدا غەرق بولغانلار |
| سەلەفلار | ئەجداتلار |
| ئىنتىشار | تارقىلىش |
| غەدرى | خىيانەت |
| لەھۋۇلەئىب | ھاۋايى - ھەۋەس |
| بالائى ناگىھان | تۇيۇقسىز كەلگەن بالايى - ئاپەت |
| جەمادىيەسسانى | ھىجرىيە كالىندارىدا 6 - ئاي |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن



يۈرەك باغرىم پايلىمايدۇ،
يارنىڭ ئوتىغا.

ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاپ،
چەقتىم سىنى ئەزلەپ سوراپ.
تاپسام سىنى جاھان كېزىپ،
ئالسام شۇئان قەندەك شوراپ.

ئاق كۆينەكنى كىيمەيمەن،
ھاۋارەڭ بوياپ بەرگىن.
كىشى سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
مەيلىمگە قوياپ بەرگىن.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويمۇ كۆيىدۇ چىراق.
ناخشا ئېيتسام ئاڭلىماس،
يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق.

ئادەم دىگەن ھۆل نىمە،
ئوت كەتمەيدۇ يۈرەككە.
كۆيدۈرسەڭمۇ كۆيدۈرگىن،
قارىمايمەن بۆلەككە.

بارغىلىق باغ بولسىچۇ،
ئولتۇرغىلى جاي بولسىچۇ.
يار بىلەن ئات چاپقىلى،
تۈپ ـ تۈزلا بىر ساي بولسىچۇ.

ئالما پىشتى، قوغۇن پىشتى،
ئەجەپ تاتلىق پۇرايدۇ.
بىر قاقاقلاپ كۈلگەنلىرى،
يۈرەكلەردە ئوينايدۇ.

ئاق بوز ئېتىم سەمرىمەيدۇ،
ئېگىز ئوتىدا.

باقﻘا بۇلبۇل قونۇپتۇ،
گۈل بىلەن ئوينىشقىلى.
ناخشا ئېيتتىم سىزگە مەن،
باغ ئارا مۇڭداشقىلى.

باقﻘا كىرگەن چارئىلانىڭ،
بوينىغا زەنجىر سالاي.
باشتا بەرسەم مەن كۆڭۈلنى،
ئەمدى قانداق ئايرىلاي؟

باغدىكى سېرىق قۇشقاچ،
ئاسمان بويلاپ ئىگىز ئۇچ.
تامام بولدى سۆزلىرىم،
ئامان بولۇڭ، خەير ـ خوش!

بەختى بولسا گۈلنى ئالسۇن،
مەيلى بولسا غۇنچىنى.
بولسا جېنىم ساق ـ سالامەت،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
خەق مېنى ساراڭ دەيدۇ،
سېنىڭ دەردىڭدە مەن ئاغرىق.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
مەن ئۆزەم خىجالەتتە.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
سورىغىم قىيامەتتە.

بۇغداينى ئالا قىلغان،
يۆگىمەچ بىلەن لويىلا.
مەن ساڭا نىمە قىلدىم،
ئولتۇرۇپ تازا ئويلا.

بىزنىڭ يارنىڭ يوللىرى،
ئالتە داۋان، يەتتە خادا.

يارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن،
مەيدەمدە بار مۇشتەك گادا.

بېھىشكە كىرسەڭ بىللە مەن،
دوزاقتا كىرسەڭ ھەم يانا.
دوزاقتا كۈل بوپ كۆيگىچە،
كۆيىمەن يارىم ساڭا.

دەريالارغا كەلگەن سۇ،
ھەر توقايدا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

دەرىزەڭنىڭ ئارقىدا،
ئېچىلىپتۇ تاۋاگۈل.
كۆيۈپ كەتتى بۇ يۈرەك،
قانداق قىلاي ھاۋاگۈل.

دۇتارنى چېلىۋەرسەم،
تۈگىمەس مېنىڭ پەدەم.
ئارا يىراق بولسىمۇ،
ئۈزۈلمەس مېنىڭ ۋەدەم.

دۇتارنى ئۆزەم چېلىپ،
سۇنسا ئۆزەم يەملەيمەن.
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
كەتسەم ئەمدى كەلمەيمەن.

ئىگىز يەرگە چىقماڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تال بويۇڭنى ئەگمە يارىم،
سۆيۈشتى دەيدۇ.

ئىگىز يەرگە چىققان بىلەن،
كۆرۈشكەن ئەمەس.
تال بويۇڭنى ئەككەن بىلەن،
سۆيۈشكەن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئېقىن دەرياني كەچۈرگەن،
قارلىق تاغدىكى مۇزدۇر.
مېنى مۇنداق كۆيدۈرگەن،
قاراقاشىڭ بىلەن كۆزدۇر.

ئېتىڭگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
سەن ئۇچۈن كەلسە بالا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
ئەگەرى يوق يۈگەنسىز.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
چىرايىڭدىن بىلگەنسىز.

گۈللەر تىرىدىم تۈزدە،
ئاچىلدۇ كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز گۈلدە،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

خەق ئاراسى بولمىسا،
كۆرۈپ تۇرسام پاتمۇ - پات.
يۈرىگىمگە قان ئۇيۇپتۇ،
لەيلى گۈلدەك قاتمۇ - قات.

خويمۇ ئوبدان سىرلاپتۇ،
ئەگىز ئوردا تەختىنى.
خالايىقلار تىلەڭلەر،
ئەككىمىزنىڭ بەختىنى.

ئىشىگىڭدىن مەن ئۆتەرمەن،
يۆتىلىپ، گۈل كۆتىرىپ.
گاھ ئۈمىتلىك ئۆتەرمەن،
گاھى ئۈمىتنى ئۈزۈپ.

ئىشىك ئالدى قىزىلگۈل،
ئاتنى باغلاڭ مىرزا قول.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

ئىشىك ئالدىدا ستەدە،
ئاتقا سىلىپ بەر بەدە.
خۇما كۆزىنىڭ دەردىدە،
بولدى يۈرىگىم زەدە.

ئىشىك ئالدى تالىڭىز،
يىراقتا قاپتۇ يارىڭىز.
يارىڭىزنى كۆرگىچە،
تىرناقچە قاپتۇ جانىڭىز.

ئىشىگىڭدىن ئۆتكەنگە،
كۆيۈپ قالدۇ دەمسەن؟
كۆيۈك ئوتى يامان ئوت،
ئۆلۈپ قالدۇ دەمسەن؟

جانغا كۆيەر يار بولسا،
يۈرەكلىرىڭ ئازادىدۇر.
سايرىسا بۇلبۇل بولۇپ،
جانىنىڭ ھۇزۇر، ئارامىدۇر.

كەتمەن كۆتىرىپ بارىپ،
ئاچقان سۇلىرىڭ ئازغۇ.
بىزنى يامان دەپ بىرىپ،
تۇتقان يارلىرىڭ تازغۇ.

كەپتىرىڭگە دان بەرمەي،
ئاچتا ئۆلسۇن دىدىڭمۇ؟
ئايدا، يىلدا كەپ قويۇپ،
ئوتتا كۆيسۇن دىدىڭمۇ؟

كېچە كەلدىم شۇ دالانغا،
سەرۋى بويلۇق يار كەلمىدى.
سەرۋى بويلۇق يارنى دەپ،
كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

كېچه بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك باشىدا قارغا.
بارساڭلار سالام دەڭلا،
بىزنى سورىغان يارغا.

كېچىلەپ ئۆتۈپ كەتتى،
بەش هارۋىدا يۇلغۇنچى.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
مېنىڭ يارىم گۈل غۇنچى.

كۆل بويىدا بوستاندا،
ئۈندىمىكىن تال، تېرەك؟
يامانلىغان يارىمغا،
بولدىمىكىن يار كېرەك؟

كۆزىڭىزنىڭ قارىسى،
قارىمۇقنىڭ دانىسى.
مېنىڭ بىر ئۇز يارىم بار،
قارچۇغىنىڭ بالىسى.

مانتا سالدىم قاسقانغا،
بىلله يەيلى داسقاندا.
يامان چاغدا ئايرىلدۇق،
ئاشىقلىق ياراشقاندا.

مەن ئاتىمنى سالمايمەن،
دەريادىكى لۆم ـ لۆمگە.
هەسرەت بىلەن يىغلايمەن،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

مەن بازارغا بارمىسام،
نەقەدە تۇرماس بازا.
مەن يارىمنى كۆرمىسەم،
گالدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

مەن بېلىمنى باغلىۋالدىم،
قىل بىلەن هەم سىم بىلەن.

سەن كېتەر سەن، مەن قالۇرمەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن؟

مەن ئۆزەم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ، سۇغا سالساڭ،
كۆيمەن يەنە ساڭا.

مەن قېشىڭغا بارغاندا،
چىقالمىغان تېغىم بار.
ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق،
يۈرىگىمدە دېغىم بار.

مەن بىرگەپ قىلاي سىزگە،
خۇشخەۋەر بېرىلىڭ بىزگە.
كۆڭلۈمدە ئاداۋەت يوق،
ئاشىق بولىمەن سىزگە.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
ئاق توخۇم پەيىنگىدە.
يار مېنى كۆردىمىكىن،
ئوسما قويۇپ ئەيىنگىدە.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئالتە كۈنلۈك ئۆمرۈڭنى،
ئۆتكۈزگىن مېنىڭ بىلەن.

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئۈنۈمدىن تونالامسەن؟
مەن كۆيگەن شۇ ئوتلاردا،
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن؟

ئوك قولۇڭدا ئاغامچا،
سالمىنى سالالامسەن؟
سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
چاي قۇيۇپ ئالالامسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنڭ يېنىمدىن ئاي چىقادۇر،
سول يېنىمدىن كۈن ماڭا،
ئايغا باقسام كۈن قالادۇر،
ئاھ مېنىڭ دەردىم تولا.

ئۇتلىرى قىلدى كاۋاپ،
باغرىمنى يېرىپ باقسىلا.
سۇ قۇيۇپ ھېچ ئۆچمىدى،
چارىسىنى تاپسىلا.

چىلان باققا كىرمەڭلەر،
چىلان باغدا ئىلان بار.
چىرايلىقنى سۆيمەڭلەر،
چىرايلىقتا پىلان بار.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئايرىلغان شۇ يارنىڭ،
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

سەن بۇلۇڭدا ياتقاندا،
پەنجىرەڭدىن ئاتاي تاش.
باغرىم سۇ بولۇپ ئاقتى،
بىر باقساڭچۇ قەلەمقاش.

سەھەردە ئۇيقۇدا ياتسام،
ئاتنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ،
ياگېپىڭ يوق، ياسۆزۈڭ،
يۈرەككە ئوت سېلىپ كەتتىڭ.

سۇنى سەپتىم سۇپىغا،
گۈلنى سالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مېنى قويۇپ ئوتىغا.

سۇ بېشى ئەگمە بۇلاق،
سەكرەپ ئۆتەلمەس ئارغىماق.
سەن مېنى خىل كۆرمىسەڭ،
ئەينەكتىكى ئەپتىڭگە باق.

سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ،
سۇنى لېيىتقان ئۆزىڭىز.
ياخشى ـ يامان سۆز قىلىپ،
كۆڭۈل سوۋۇتقان ئۆزىڭىز.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

تاماكىنى تارتقان بىلەن،
غىزا بولمايدۇ.
چۈشىدە كۆرگەن بىلەن،
كۆڭۈل قانمايدۇ.

تاغدىن چۈشتى تاق ئېيىق،
سۇدىن چىقتى ئاق بېلىق.
نەدىن كەلدى بۇ لايىق،
قاراپ قالدى خالايىق.

تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن.
ئاساي تىل تۇمار.
تىل سالغانغا قارىمىسۇن،
كۆزلىرى خۇمار.

تاغمۇ ـ تاغلارنى كەزدىم،
دوستلار بارمىكىن.
دوست ئاغرىغى يامان ئىكەن،
دورا بارمىكىن.

ئۇلۇق ـ ئۇلۇق سۇ بويىدا،
سۇدىن نەپ ئالسام.
دوستلار ئۇچۇن بىلىنمەيدۇ،
شۇنچە دەرت تارتسام.

ئۇشبۇ خەتنى مەن يازدىم،
كوپ جايلىرىدا ئازدىم،
ئازسامىمۇ ئازغاندىمەن،
غەمنىڭ ئۇستىدە يازدىم.

شايى چاپىنىم بولسا،
شامال چىقسا كەيسەممەن،
كۆڭلۇمدىكى يار بولسا،
ھەر كۇنلۇگى كۆرسەممەن.

شاخلاپتىمۇ، شاخلاپتۇ،
هاي ـ هاي تېرەك شاخلاپتۇ.
ئاشۇ تېرەك ئاستىدا،
يارىم مېنى ساخلاپتۇ.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە ـ كۇندۇز بوينۇمدا.
مەن يارىغا ساقلىدىم،
بىر جۇپ ئالما قوينۇمدا.

يارىم بولساڭ سەھەركەلگىن،
قورقماي ئۆلۇمدىن.
مەيلىڭ بولسا ئۇزگەچ كەلگىن،
جۇخار گۇلۇڭدىن.

يارغىنەم گۇل بېرىدۇ،
باغدا تۇرۇپ گۇل ئېچىدە.
گۇلنى مەن قانداق ئالاي،
شۇنچە خالايىق ئېچىدە.

يارىم كېلىدۇ باققا،
ئېچىم كۆيىدۇ پا ـ پا.
لەپ قىلىپ تەتۇر قاراپ،
مېنى قىلدۇ خاپا.

يارىم ياتىدۇ يالغۇز،
گۇلنىڭ تۇۋىدە نەمدە.
مۇڭداشقىلى يارى يوق،
ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە،

يارنى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئېچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
چاغلىماي كۆڭۇل بېرىپ،
ئەمدى دەرتتە قاپتىمەن.

يارىم دۇتار چالىدۇ،
خۇمار بولدۇم دۇتارىغا.
دۇشمەنلەر كۆرمىسۇن دەپ،
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

يارىم ماڭا قارايدۇ،
بۇغداي نېنى ياقمايدۇ.
بۇغداي نېنى ياققاندا،
چوڭ ساندۇقتا ساقلايدۇ.

يارىمنىڭ ئېتى ئايسى،
ئۆيىنىڭ ئارقىسى مايسى.
نىمە ئۇچۇن سۆزلىمەيسەن،
ۋەدە قىلغىنىڭ قايسى؟

يارىم كېلەدۇر يورغىلاپ،
ئالدىغا باردىم توغرىلاپ.
نەچچە جۇپ قىزنى قويۇپ،
سۆيدۇم سېنى مەن ئارىلاپ.

يانداي بۇلاق قاينىغاندەك،
يارىمنىڭ كۆزى.
شكەر، ناۋات بىلىنەدۇر،
سۆزلىگەن سۆزى.

يارىم ئۆتتى يانىمدىن،
كۆيدۇرۇۋەتتى جانىمدىن.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدىم،
كۆيگەن گۇزەل يارىمدىن.

www.uyghurkitap.com

يۈرىگىم غەلۋىرگە ئوخشاش،
قويسىلا تۇرماس تېرىق.
دەرت ـ ئەلەم، قايغۇ بىلەن،
بولدى چىرايىم ساپ-سېرىق.

يۈرەگىم چاكى ـ چاك كەتتى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەرمەنمۇ؟
ئوتتۇڭدا زار ـ زار يىغلاپ،
ئەجەل يەتمەي ئۆلەرمەنمۇ؟

هاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن يوق،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

هاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
يامغۇر تامچىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نىمە قىلغان،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

هاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى، شامال ئاچتى.
ئىچىم دەرتكە توشقاندا،
كۆڭلۈمدىكى يار ئاچتى.

ئەركىن بازاردىن ئات ئالدىم
دۈمبىسى ئالا.
ئاستانىدىن قىز ئالدىم،
ئالتۇندەك بالا.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى خامان،
پۇر ـ پۇر ئۇچىدۇ سامان.
قارا قاشىنىڭ ئوتلىرى،
دوزاق ئوتىدىن يامان.

ئەتىياز شامالدا،
ئۇششۇپ قاپتۇ غورىلار.

چەكتى يۈرەك كۆپ ئازاپ،
قايدا باردۇر دورىلار؟

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
تاغنىڭ ئارقىدا يۇرتۇڭ.
پىژ ـ پىژ قىلىپ يۈرەكتە،
ئۆچمەيدۇ سېنىڭ ئوتۇڭ.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
مەن يارىمنى ياد ئەتسەم،
گېلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

قاپقارا كۆيدۈرمە قاش،
باغدا تېپىشقان باغرى تاش.
ئاقتى كۆزۈمدىن قانۇ ـ ياش،
ئەمدى بولايلى چىن ئاداش.

قىزىلگۈل ئاراسىدا،
ئۆيىڭىز بارمىدى يارىم؟
نىمانچىلا قارايسىز،
سۆزىڭىز بارمىدى يارىم؟

قوم سېرىلدى قوم تاققا،
بىر سېرىلدۇق گۈل باققا.
ۋەدىسى يالغان يارىم،
هېچ كەلمەيدۇ بۇياققا.

قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
يۈرەكلەر كاۋاپ بولدى،
قانداق قىلىمىز يارىم؟

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن،
يارىم سېنىڭ جاڭزاڭنى.
ئاڭلايمەن ئاۋازىڭنى،
بىر كۆرمەيمەن ياڭزاڭنى.

قوغۇنلۇقتا قارىسام،
تولا ئىكەن خەمىگى.
يارىم قالدى يىراقتا،
خېلى باردۇر كەلمىگى.

قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
سەنمۇ تېرىغىن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قوغۇنلار پىلەكلەردە،
يات قوللار ئۈزەلمەيدۇ.
يارىم، رىشتىمىز مەھكەم،
مەلئۇنلار ئۈزەلمەيدۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇختەر مەخسۇت

## ئىسلامبەگ

### (خەلق داستانى)

باغدا گۈللەر ئېچىلدى،
چۆللەر بولدى بوستانى.
رىۋايەتتە ئاڭلاندى،
ئىسلامبەگنىڭ داستانى.

× ×

ئىسلام سۆيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشنى - تاشلارغا چاقۇر.
ئىسلامبەگ كەپتۇ دىسە،
داپنى - داپلارغا چاقۇر.
ئاخشام كەلگەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆتەيلەننىڭ ئىچىدە،
ئىسلامبېگىم سۇمباتلىق.
مىسران تېغى دىگەن جاي،
خويمۇ ئوبدان جاي ئىكەن.
چامباشچىلىق سېھرىگە،
ئىسلامبېگىم باي ئىكەن.
مىسران تېغى كەيندىن،
تارام -تارام سۇ ئاقار.
ئىسلامبېگىم غەيرەتلىك،
قىلىچ ئويناپ باش چاپار.
ئىسلامبەگ قىلىچنى،
جەڭدە چېپىپ قان قىلدى.
چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ،
ھەممە يەرگە داڭ قىلدى.
كۆرسەتتى ئۇ باتۇرلۇق،
يالماۋۇزغا، چېرىككە.
تاغ - سايلارنى توشقۇزدى،
دۆۋە - دۆۋە ئۆلۈككە.
ئىسلام شۇنداق ئەر ئىدى،
ئەل - يۇرتقا خوپ تونۇلغان.
ئەلگە قىلغان ھىممىتى،
داستان بولۇپ توقۇلغان.

× ×

سۇلتان ھەزرەت خوتەندىن،
چىققان بىر باتۇر ئىدى.
چېرىكلەرگە جەڭ باشلاپ،
ئىسلامبەگنى چىللىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىسلامبېگىم قوپسىلا،
قىلىچلىرىنى ئالسىلا.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا،
غەزەپ بىلەن سالسىلا.
كۆكرەك كېرىپ ئىسلامبەگ،
كىردى مەيدان ئىچىگە.
تىترەپ كەتتى چېرىكلەر،
ئۇنىڭ تاغدەك كۈچىگە.
جەڭ قىلدى ئۇ مەرتلەرچە،
ئارغىماقنى ئوينىتىپ.
سۈردى يۈزمىڭ چېرىكنى،
داللارنى بويلىتىپ.
پولات شەمشەر قىلىچى،
يۈزلەپ - يۈزلەپ جان ئالدى.
ئىسلامبەگ يۇرت ئىچىدە،
قەھرىمان دەپ نام ئالدى.
قانچە - قانچە چېرىكلەر،
ئىسلامبەككە باش ئەگدى.
قازا كېلىپ غايىپتىن،
ئاڭا ئۈچ پاي ئوق تەگدى.
يارىسىنى شۇ ھامان،
دوستلىرىغا تاڭدۇردى.
جەڭگە كىرىپ قايتىدىن،
قىساسىنى قاندۇردى.
ئىسلامبېگىم تۇتۇلدى،
ئاخىر جەڭدە بىر كۈنى.
قەستلەپ كەلگەچ ئۈزۈندىن،
دارىن دىگەن شۇم ئۇنى.
سالدى ئۇنى چۇشەكەپ،
تۆمۈر قەپەز ئىچىگە.
ئېلىپ ماڭدى تۆيدۇرماي،
خوتەن شەھرىگە كېچىدە.
يامۇلدىكى ئامباللار،
خوشال بولدى شۇ ھامان.
ئىسلامبەگنىڭ ئىشلىرى
بەربات بولدى دەپ تامام.

قاغىسىمۇ چېرىكلەر،
ئىسلام خازان بولسۇن دەپ.
ئاۋام خەلق تىلىدى،
ئىسلام ئامان بولسۇن دەپ.
قۇتۇلدۇردى دوستلىرى،
ئۇنى ئاخىر زىنداندىن.
قىلىچ تۇتۇپ ئۇ يەنە،
ئورۇن ئالدى مەيداندىن.
ئەلنى يىغىپ ئىسلامبەگ،
قىلدى شۇنداق خىتابىنى:
يوقىتىمىز جەڭ بىلەن،
كەلگەن زۇلۇم - ئازابىنى.
يىغلىماڭلار خوتەنلىك،
ئاخىر راۋاج تاپىمىز.
چېرىكلەرنىڭ بېشىنى،
قىيما قىلىپ چاپىمىز.
دارىن بىلەن جەڭ قىلدۇق،
زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ.
تۈگەتىمىز چېرىكنى،
قەھرىمىزدە كۆيدۈرۈپ.
شەھىت بولساق جەڭلەردە،
رەسۇل قىلغاي شاپائەت.
جەننەت بىزگە يار بولۇپ،
ئاۋام كۆرگەي پاراغەت ...

× ×

ئىسلام سۆيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشنى - تاشلارغا چاقۇر.
كەپتۇ دىسە ئىسلامبەگ،
داپنى - داپلارغا چاقۇر.
ئاھ، ئىسلامبەگ يېتىپتۇ،
يېنى يەرگە پېتىپتۇ.
ئاغزىڭنى ئاچ سۇ بېرەي،
تامغاقلىرىڭ قېتىپتۇ ...

× ×

ئىسلامبەگنىڭ داستانى،
جەڭدە بولغان ھىكايەت.
يېزىلغاندۇر داستانغا،
ئۇنىڭ ئىشى نىھايەت.
ئىسلامبېگىم كەتتىلەر،
ئارمان بىلەن دۇنيادىن.
روھى قۇۋۋەت تاپسۇن دەپ،
بىز تىلەيمىز خۇدادىن.
ئىسلامبەگدەك بولۇڭلار،
ياۋ بېشىنى تۆكۈڭلەر.
ئىسلامبەگنىڭ قەۋرىسىگە،
دۇئا قىلىپ ئۆتۈڭلەر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئارا تۇرۇك ناھىيىسىدىن** **يەھيا ئەيىندىن**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇختەر مەخسۇت**

## مېلىس ناخشىلىرى

چاكاندىكىنى سوقۇپ سالساڭ،
قازاندا چايىڭ بولمامدۇ؟
ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلسەڭ،
ساۋابى ئاندىن بولمامدۇ؟

قىزىل گۈل تۈۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ ئاۋارە بولدۇممەن.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
كۆيۈپ ئاۋارە بولدۇممەن.

پىغانلار كەلدى جانىمغا،
ئۇيانىمدىن - بۇيانىمغا.
ھەسرەت چېكىپ ئۆتەرمەنمۇ،
يىغلاپ مەن خۇدايىمغا.

ئاتىدەك مېھرىۋان قايدا،
ئانىدەك غەمگۇزار قايدا.
غېرىپلىق ماڭا يەتتى،
قېرىنداشلىرىم قايدا؟

ئاتامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى،
ئانامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى.
كىچىك تۇرۇپ باشىمغا،
تۈمەنىڭ بالا كەلدى.

جاھانغا پاتمىغان سەكە،
قازانغا قانداق پاتقانسەن؟
قازانغا پاتساڭ پاتقانسەن،
تۇۋاقنى قانداق ياپقانسەن؟

ئالا ئاتنىڭ تاقاسىدىن،
چاپاننىڭ ياقاسىدىن.
شەرىمدىن كېتەي دەيمەن،
ۋاپاسىزنىڭ جاپاسىدىن.

يۇقۇرى مەلىدە ناخشا ئېيتسام،
تۆۋەن مەلىدە تىڭشايدۇ.
چىمەن دوپپا كىيىپ ئالغان،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايدۇ.

سانالىق سەككىز ئاي بولدى،
جۇدا بولدۇم ۋىسالىڭدىن.
يۈرەكىم خۇن بولۇپ ئاقتى،
سېنىڭ ئىشقى پىراغىڭدىن.

كەتتى دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما،
كەتمىسەم نالەش ساڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېيتاي،
ياغلىغىڭ قالسۇن ماڭا.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
سايلاردا گۇگۇكلاپتىمىز.
بىۋاپا سەن يار ئۈچۈن،
زارۇ - زار يىغلاپتىمىز.

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە - كۈندە كەلگىلى.
ئايدا - يىلدا بىر كېلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

سايدا ئۈنگەن ساي دەرەخنىڭ،
سايىسى سايغا چۈشەر.
شۇ جوگاننىڭ مەيلى بولسا،
بىر كۈنى قولغا چۈشەر.

ياغلىغىمنى كۆك بوياتتىم،
بىر يېقىنى ھاۋارەڭ.
يېڭى باغدا ئالماپىشتى،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

كۆككىنە كۆينەك كىيىپسىز،
كۆپلەنگۈچى باردۇر ساڭا.
ھەپتىدە كۆرسەم بويۇڭنى،
ھەر كۈنى ناشتا ماڭا.

ئاقىنە كۆينەك كىيىپسىز،
كۆككىنە جىيەك تۇتۇپ.
يوتا سالمىدىڭۇ جوگان،
قاپىسىزغۇ ئېگەك تۇتۇپ.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۈرۈرمەن،
مەن غېرىپ تاغ باشىدا.
يۈرۈشۈم پاشا ئەمەسمۇ،
ئولتۇرسام يار قاشىدا.

مەن كىچىك نادان ئەمەسمەن،
قەدرىڭنى بىلمىگىلى.
گۈل قىلىپ باشىمغا سانچاي،
بۇ جاھاندا ئۆلمىگىلى.

زەپەرەڭ نەدە بولۇر،
سۈدىن تووەن لايدا بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ ئەقلى بولسا،
يارنىڭ كويىدا بولۇر.

بۇ مېلىس مېلىس بولامدۇ،
بىزنىڭ يارنى چىللىماي.
بىزنىڭ يار مېلىسقا كەلسە،
ئالما قىلىپ ئوينىتاي.

كىچىككىنە كەپەم بولسا،
سارايىنىڭ كېرەگى يوق.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا،
بايلىقنىڭ كېرەگى يوق.

خەت يېزىپ نامە ئەۋەتتىم،
مېھرىۋان يارىم ساڭا.
ئوقۇتۇپ سەن ئاڭلىساڭ،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

كېچە - كۈندۈز يىغلىماقتىن،
ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا.
بۇ مېنىڭ يىغلاغىنىمنى،
كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
يار ئۆتى يامان تۇرسا،
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟

ئۇيغۇركىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەجەپ ئوخشاپتۇ بۇ بۇغداي،
كۆرۈنگەن خامانمىدۇ؟
ئالتە ئاي بولدى كۆرمىدىم،
سۆيگەن يارىم بارمىدۇ؟

ماچاڭ ① يولى يانتاقلىق،
پۇتقا سانچىسا جان تاتلىق.
شۇ كۈنلەردە يار تۇتسام،
ئۆلۈپ كەتتى رەھمەتلىك.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى چىنە-پىيالىگە.
كەلمەمدۇ رەھمىڭ سىنىڭ،
مەندەك يېتىم بىچارىگە.

ئاق جۈجەمنىڭ شېخىنى،
قارا جۈجەمگە ئۇلىسام.
كۆڭلى قارا ئالدامچىنى،
بۇ جاھاندا قويمىسام.

ساغىرىپ ئۆلمەس كىشى،
ياردىن ئايرىلغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەسمەن يارىم،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

ئالتە ئاي يوللار مېڭىپ،
پۇتۇمدا دەرمان قالمىدى.
قارچۇغام قولۇمغا چۈشتى،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

دىل ئىكەننى بىلمىدۇق،
دىلۋار ئىكەننى بىلمىدۇق.
مىسقىلى مىڭ تەڭگىلىك،
گۆھەر ئىكەننى بىلمىدۇق.

قالىغاچ ئۆزى قارا،
ئۇچىسا ئۇنىڭ باغرى ئالا.
ئالتە ئاي ئوتىدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

يارى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ،
قىينىسا بىلمەيتىمەن.

ئالمىلىق باققا كىرىپ،
بىر ئالمىنى دەمدۇ كىشى.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
دىۋانىنى دەمدۇ كىشى.

قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
دەتىنىڭ تولىسى مەندە.
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە.

كەرچى، كۆكيار تاغلىرى،
ئىپار پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچان كۆڭلۈمدىن كېتەر،
چىنىگە قۇيغان چايلىرى.

دەت كەلدى، پىغان كەلدى،
مەن ئەمدى ساقايماسمەن.
يارىمدىن خەۋەر ئالسام،
ساقىيۇرمەن، ئۆلمەسمەن.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
سەن بىلەن نىمە پەرۋايىم.
قول سىلىپ چىقىپ كەتسەم،
شەر-شەردە مېنىڭ يارىم.

① ماچاڭ - پىچان ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىراقلار ئۆچۈپ قاپتۇ،
پەرلەپ قويسا بولمامدۇ؟
بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا بولمامدۇ؟

تۇر ئۇستىدە تۇرۇپمەن،
قانداق ئېيتاي ناخشىنى.
بىزنىڭ يارلار كەلمىسە،
كىمگە ئېيتاي ناخشىنى.

قولۇمدىكى قۇشۇمنى،
پىشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
مېلىس ئېيتىپ تۈگەتتىم.

ئىزلىمەس كۆڭلۈم مېنىڭ،
ئىزلىگەننىڭ يارى بول.
كىم سېنى يارىم دىسە،
بېرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول.

قېشىڭىزنىڭ قارىسى،
قارامۇقنىڭ دانىسى.
ساڭا مېنىڭ ئەل بولمىغىم،
ئاسمان ـ زىمىن ئارىسى.

تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانچىلۇر.
شۇ مېنىڭ خەستە كۆڭلۈم،
يارنى كۆرسە ئاچىلۇر.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
گېلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

تاغ. تۆۋىدە ئۆيۈم بار،
لەمەن قالاپ چوغۇم بار.

كۈندە ـ كۈندە كەلسىڭىز،
قوم چۆگۈندە چېيىم بار.

يار كېلىپمۇ ياتىدۇ،
ئاتنى باغلاپ ياتىدۇ.
ئاتىغا بانا قىلىپ،
يارنى ساقلاپ ياتىدۇ.

ئاسمانغا چىقالامسەن،
بۇلۇتنى مىنالامسەن؟
ئۆزى كەلمىگەن يارنى،
چىللاپ كەلتۈرەلامسەن؟

ئېگىز تاغلار تۇمانسىز،
كۆيۈپ قالدىم تۇيماسىز.
سىزنى بىزگە قوشمىغان،
نىيىتى يامان ئىمانسىز.

ئىشىگىڭدىن ئۆتكەنگە،
شۇ كۆزۈڭنى سالدىڭمۇ؟
ئونبەش كۈنلۈك ئالەمدە،
شۇ كويلارغا سالدىڭمۇ؟

ساماۋەرىم بولسىدى،
چايلار قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكۈچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ئىشىك ئالدى قوم بولسا،
زىلۋا تېرەك ئۆسمەمدۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

مېلىسلارنى ئوينايمىز،
ئارلىقتىكى قىرماقتا.
بىزنىڭ يارلار ئويناپدۇ،
بارماقتىكى تىرناقتا.

داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ،
مېلىسلارنى ئوينايمىز.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ھېرىپ قالدۇق توختايمىز.

ئاسماندا تولۇن ئايىم،
تۇرپاندا مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
گۇل قىسقان مېنىڭ يارىم.

مۇنارىمغۇ، مۇنارىم،
كۆردۈڭمۇ مۇنارىمنى.
ئىزلەپمۇ تاپالمايسەن،
مېنىڭدەك مۇنايىمنى.

سۇ بېشى سىڭگىم ئارا،
لەمجىن بىلەن خاندۇ ئارا.
سەككىز ئاي ئوتىدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

ھاۋادىن يېغىن ياغسا،
ئۆيگە تامىدۇ تامچا.
سەن يارنى خىيال قىلسام،
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن يوق.
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتۇر يۇلتۇزدەك.
يار قېشىغا مەن بارسام،
ياتار ئۇ قىزىلگۇلدەك.

قاشىنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.

يېڭى يار تۇتقان كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

قارا قاشىم بار مېنىڭ.
قارا قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

ئېرىقنىڭ ئىچى ئالا،
بىزنىڭ ياركىچىك بالا.
كىچىك بولسا چوڭ بولا.
ھەركىم كۆيگىدەك بولا.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن،
باشقۇردۇم يۈگەن بىلەن.
يۈرىگىم كاۋاپ بوادى،
سىزگە ئېيتمىغان بىلەن.

ئاتنى مىندىم يۈگەنسىز،
پۇت-قوللىرىم كېلەڭسىز.
ئۆزەڭ بىلىپ كەل دىسەم،
شۇنداققىنا كېلەمسىز؟

كۆردۈڭمۇ قەلەم قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئىچ دىسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

يارىم ئۆتتى يانىمدىن،
كۆيۈپ ئوتتى جانىمدىن.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدىم،
جاندىن ئەزىز يارىمدىن.

بېغىڭغا كىرىپ ئېلىپ،
ئۆرۈك ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

بۇ دالان ئىگىز دالان،
پەنجىرى كىسەك دالان.
بىزنىڭ يارنىڭ خالتىسى،
ئۈزۈم، ياڭاق، قەن، چىلان.

ئېچىلمىغان گۈللەردىن،
ئېچىلسا تىكەن ياخشى.
بىۋاپا يار سۆيگەندىن،
تەنھا يۈرگەن مىلك ياخشى.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
كۆرۈنگەن دالا-تۈزگە.
كۆرسەڭلەر سالام دەڭلەر،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

يارىم ساڭا گۈل بېرەي،
ماڭا كەلدى بۇ تەلەي.
كۆڭلۈمدىكى سەن تۇرساڭ،
ئۆلەيمۇ كۆڭۈل بەرمەي؟

قىزىلگۈلدىن باشقىنى،
باقما كىرىپ ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار،
باشقىسىنى سۆيمەيمەن.

شايى-شايى ئەمەسمۇ،
ئەتلەس پۇلغا كەلمەسمۇ.
بىلمەي دوست بولۇپ قاپتۇق،
بىۋاپاكەن ئەمەسمۇ.

ئاغرىنمىغىن مېنىڭدىن،
ئانچە-مۇنچە ئويلاپ قوي.
بارچە گۇنا ئۆزەڭدە،
پىشانەڭنى سىلاپ قوي.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
ئەتلەس كۆينەك ئۇچاڭغا.

كۈندە نەچچە كېلمەمەن،
قەلەندەردەك كوچاڭغا.

تار كوچاڭدىن ئۆتمەيمەن،
دەرىزەڭدىن پاتمايمەن.
كۆيگىنىمنى بىلمىسەڭ،
مۇرادىمغا يەتمەيمەن.

ئېيتىڭلار مېنى يارغا،
چىقىڭلار مېنى يارغا.
ئاخشا ئېيتقان گۇنايىمغا،
ئېسىڭلار مېنى دارغا.

مېھرىڭ بىلەن قارايسەن،
زۇلپۇڭ بىلەن باغلايسەن،
مەن ساڭا نىمە قىلغان،
ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن؟

گۈليار-گۈليار ئەمەسمۇ،
تېگى مەيدان ئەمەسمۇ.
بىزنى ۋەيران قىلغانلار،
ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.

بىۋاپالىق قىلدىڭ سەن،
سېنى ھەرگىز دىمەسمەن.
ئالسا خۇدا جاننى،
دەردىڭدە مەن ئۆلمەسمەن.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
چىمەندىكى بۇلاققا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەجەپ قالدىم يىراققا.

خەلقى ئالەم ئالدىدا،
قالدىم ئەمدى سوراققا.
مەن قاچانمۇ يېتەرمەن،
يارىم بىلەن مۇراتقا.

ئۆستەڭ بويىدا تاللار،
ئاللا سالىدۇ باللار.
ئاللىسىغا كۆيمەكلەر،
ئوتقا سالىدۇ باللار.

ئېشەكچى دىمەڭ بىزنى،
قەشقەر يولىدا كارۋان.
سارغايدى دىمەڭ بىزنى،
يار دەردىدە سارغايغان.

ئىشكىنى قىيا ئاچقىن،
بوينۇڭنى كۆرۈپ ئالاي.
بوينۇمنى قىسىپ تۇرۇپ،
دەردىمنى تۆكۈپ ئالاي.

ئىلخودىن كەلگىچە،
تېرەككە يولەنگەنسەن.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرۈپ،
نىمشقا تۆرەلگەنسەن؟

بۇگۈن ئايغا ئونسەككىز،
لېۋەن يار ئەجەپ كەپسىز.
باشقىلاردىن ئاڭلىسام،
سىز مېنى يامان دەپسىز.

پېشايۋاندا تۇرۇپسەن،
شەرەت قىلىپ ئاتتىم تاش.
كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ،
كۆڭلى قارا، باغرى تاش.

يانغاننى چىراق دەڭلەر،
كۆيگەننى پىراق دەڭلەر.
ئۆزى كەلمىگەن يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلەر.

ئۆستەڭ بويىدا شاتۇت،
غۇنچە بويلۇقنى يار تۇت.
غۇنچە بويلۇق يارىڭغا،
ئالما بىلەن ئانار تۇت.

ئوما بولدى ئوغاق سال،
چاچلىرىڭغا تاغاق سال.
يارىڭ ماڭسا سەپەرگە،
ئويناپ كۈلۈپ يولغا سال.

ئاسماندىكى ئايىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
دەرتلەرنى تولا تارتقاچ،
ئاۋالقىدەك ھالىم يوق.

كۆيدۈمغۇ مەن كۆيدۈمغۇ،
يارىم ساڭا كۆيدۈمغۇ.
كۆيگەنگە ئىشەنمەسەن،
دەرت-كويۇڭدا يۈردۈمغۇ.

ئەجەپمۇ كۆيسەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
تەلمۈرۈپ كۆزۈم سەندە،
بىر قارساڭ ئۆلەمسەن؟

ئىگىز تاققا چىقتىممەن،
سىرىلدىم چۈشەلمەيمەن.
قىلىغىڭغا كۆيدۈممەن،
ۋەدەڭگە ئىشەنمەيمەن.

ئاي مەسەللىك يارىم سەن،
كۈن مەسەللىك يارىم سەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
بۇ دۇنيادا بارمۇ سەن؟

چاينى ئىچتىم جوزىدا،
تولدۇردۇم پىيالىدا.
سوراپ بېقىڭ يارىمدىن،
كىم باردۇر خىيالىدا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى پىيالە-چىنىگە.
ئەجەپ رەھىمىڭ كەلمىدى،
مەن غېرىپ بىچارىگە.

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.
ناز بىلەن قاراپ قويساڭ،
جانغا-جان قوشۇلغۇدەك.

ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
ئۆقەتنىڭ ۋاقتى.

ئىگىز - ئىگىز دالانلارغا،
شوتا قويۇڭلار.
قىز-چوكانلار توختاپ قاپتۇ،
پوتا سېلىڭلار.

قۇرۇق ئۈزۈم ئېرىپ يۈرۈپ،
ئۇنۇتتۇڭ مېنى.
زىنداندىكى گۇناھكاردەك،
قۇرۇتتۇڭ مېنى.

قاتا-قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دارىغى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن،
يولنىڭ يىراغى.

لەمجىنلەردىن ئۆتمىگۈچە،
خاندۇ كۆرۈنمەس.
ئاقبوز ئاتنى مىنمىگۈچە،
يارىم كۆرۈنمەس.

قوشقۇۋۇقتىن قىز چىقىدۇ،
غۇلۇپنى تولغاپ.

ئالما بىلەن سېلىپ تازا،
يىغلىتىپ ئويناپ.

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ قىز،
ئەتە كېلەرمىز.
ئالتە پارچە ناۋات شېكەر،
ئالغاچ كېلەرمىز.

ئۆچتىن-ئۆچتىن ئىزمە تۆگدۇم،
گۆھەر ئەمەسمۇ.
بىرنى كۆرۈپ، بىردىن كەچكەن،
سەن يار ئەمەسمۇ.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
گوبى ئەمەسمۇ.
گوبىدىكى بىزنىڭ يارغا،
ئۇۋال ئەمەسمۇ!

مەن يارنى كۆردۇم،
مەستانە بولدۇم.
خەقتىن يوشۇرۇپ،
ئاشكارا بولدۇم.

ئاشكارا قىلغان،
قارا كۆزۈڭدۇر.
ئاۋارا قىلغان،
شىرىن سۆزۈڭدۇر.

بارماك دەيدۇ، تۇرماك دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزەمنىڭ.
سەكسەن تاياق ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزەمنىڭ.

ئالتۇن غۇلۇپ سەكسەن يەردە،
كىلىتى مەندە.
بىزنىڭ يارلار كەتكەن بىلەن
كۆڭلى مېنىڭدە.

ئىگىز-ئىگىز تاغ باشىدىن،
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە،

ئېگىلمەڭ قىز، ئېگىلمەڭ قىز،
ئەرتە كېلەرمىز.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدىن،
ئالغاچ كېلەرمىز.

بىزنىڭ يارلار ئوبدان يارلار،
مېلىس ئوينايدۇ.
شۇنداق ئوبدان يىگىتلەرگە،
پوتا سالمايدۇ.

ئاتىم بولسا، ئاتىم بولسا،
ئالا ئاتىم بولسا.
سەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتىم بولسا.

هاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن،
يامغۇر تامچىلۇر.

سەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

ئىگىز-ئىگىز تاغ باشىدا،
چىراق كۆيەدۇر.
چىراق ئەمەس يارىمنىڭ ئوتى،
باغرىم كۆيەدۇر.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
مىنگىنىم نەدە؟
غانجۇغامدا بەش جىلىڭ شاراپ،
ئىچكىنىم نەدە؟

قارا ئاتىم، قارا يايلا،
قارا ئاغامچا.
ئىگە توقۇم يولدا قالدى،
بېلىمدە قامچا.

يامان يولۋاس يولدا ياتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتىسىدىن قاغىش ئالغان،
ئىلگىرى كەلمەس.

توپلىغۇچى: ئەخمەت هۆسەيىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلاق (ئومۇمى 13 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
1984 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

كىتاپ نومۇرى: M10098·896

源　泉 (维吾尔文，丛刊，总第13期)

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 16·5
1985 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—9،000　باھاسى: 1.25 يۈەن